نۇرمۇھەممەد ئۆمەر ئۇچقۇن

ئەرلەرگە 101 تەكلىپ

# كۆزۈڭنى ئاچ، ئۆزۈڭنى تاپ

# ئەركەكلەر



شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى

كۆزۈڭنى ئاچ، ئۆزۈڭنى تاپ ئەركەكلەر

شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى

ھۆسنخەتنى يازغۇچى
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى
نۇرمۇھەممەد ئۆمەر ئۇچقۇن

تاغدىن چۈشكەن لاي سۈيى،
سۈزۈپ ئىچەر ئەر بارمۇ؟
نازۇك باشغا كۈن چۈشتى،
ئېلىپ قاچار ئەر بارمۇ؟

— «نۇزۇگۇم قوشاقلىرى»دىن

دۇنيا بار كۈچى بىلەن: «ئەر» دەپ ۋارقىرىماقتا؛
ئەقىدە ـ ئەخلاق ئەرلەر ئۈچۈن چوڭقۇر ئاھسىنماقتا؛
قىز ـ ئاياللار: «ئەركەكلەر، قېنى سىلەر؟» دەپ ئاچچىق سۈرەن سالماقتا؛
باللار: «دادىلار، سىلەر نەدە؟» دەپ تىپىنەپ ـ تەمترەپ ھەريان تەلمۈرمەكتە...
ئەرلەر، زاتى ئەركەكلەر! قېنى سىلەر؟...

ISBN 7-5372-4231-3
（民文）定价：18.00 元

ISBN 7-5372-4231-3
9 787537 242318

www.uyghurkitap.com

ھۆرمەت بىلەن ______________ دىن ______________ گە تەقدىم!

ئۆز ئەقلى بىلە دۇنيانى ئىزلىگۈچىلەر — ئىنسانلارغا سىرلىق قەلب،

ئائىلە، پەرزەنت، ئانا ئىل، ئاشىق-مەشۇق، ئۆمۈر يوللىرى — تەبىئەت بولۇۋاتقان

بارلىق ئىشلارغا كۆزىتىش - كۆز ئەجر - رەھمەتلىرى، ھەممىسىنىڭ ئىنسانىي

كامالەتى ھەققىدىكى ئىزدىنىشلىرىمىزگە ئىلھام يول بولسۇن!

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

نۇرمۇھەممەد ئۆمەر ئۇچقۇن

ئەرلەرگە 101 تەكلىپ —

# كۆزۈڭنى ئاچ، ئۆزۈڭنى تاپ

# ئەركەكلەر



شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

给夫妻 101 条忠告.2/努尔买买提·吾买尔编. —乌鲁木齐:新疆人民卫生出版社,2006.9
ISBN·7—5372—4231—3

Ⅰ.给… Ⅱ.努… Ⅲ.婚姻—通俗读物—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.C913.13—49

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2006）第 116683 号

**书　　名**:给夫妻 101 条忠告.2
**作　　者**:努尔买买提·吾买尔
**策 划 者**:艾则孜·阿塔吾拉·萨尔特肯
**责任编辑**:亚力坤·阿布都萨拉木
**责任校对**:佐合拉·斯迪克
**出　　版**:新疆人民卫生出版社出版
**社　　址**:乌鲁木齐市龙泉街 66 号
**印　　刷**:乌鲁木齐光彩印刷厂
**发　　行**:新疆新华书店发行
**版　　次**:2006 年 9 月第 1 版 2006 年 9 月第 1 次印刷
**开　　本**:850×1168 毫米 32/1 11.625 印张 185 千字
**印　　数**:1—10000 定价:18.00 元

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بېكىتى ئادرېسى

# ئاپتوردىن

— يېقىن خىش ـ ئەقرىبالىرىڭنى ئاگاھلاندۇر-
غىن.
سۇرە «شۇئەرا» سۇرىسى، 214 ـ ئايەت

زېمىنغا تۇنجى بولۇپ ئاپىرىدە قىلىنغان ئىنسان — ئادەم ئاتا، يەنى ئەر بولدى. ياراتقۇچىنىڭ ئۇنى زاتى ئىنسانىنىڭ بىر-دىنبىر ئاتا يىلتىزى قىلىپ يارىتىشىدا ۋە ھەتتا پەرىشتىلەرنىمۇ ئۇنىڭغا سەجدە قىلدۇرۇشىدا بەلكىم كارامەت ھېكمەتلەر بولۇشى مۇمكىن. زېمىنگە بولغان مەسئۇلىيەت، ھوقۇق، بارلىق جاھ-دار- شەيئىلەردىن پايدىلىنىش ئىمكانىيىتى، يەنى يۈكسەك ئە-قىل- پاراسەت، ئائىلە ـ جەمئىيەت تۈزۈشتىكى يادرولۇق ئامىل بولمىش ئايال ۋە قەلبلەرنى بىر ـ بىرىگە چەمبەرچەس باغلاپ تۇرغۇچى مۇھەببەت ئۇرۇقلىرىنى ئەرنىڭ قولىغا تاپشۇرۇشتا ئەرگە بولغان ئىشەنچىنىڭ قانچىلىك بۈيۈكلۈكى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇرىدۇ. دېمىسىمۇ، ئەر ـ ئايالنىڭ باشپاناھى، ئائىلى-نىڭ تۈۋرۈكى، جەمئىيەتنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچى. ئەر-لەر جۇشقۇن جەمئىيەتنىن شادلىق سادالىرى ئۈزۈلمەيدۇ. زەيپا-نە، لايغەزەل ئەرلەر قاپلىغان جەمئىيەت مەنىۋى، ئەخلاقىي، ئىقتىسادىي كرىزىسىنىڭ پاتقىقىدا قالىدۇ. ئەرلەر كاردىن چىققان جەمئىيەتتە ئاياللار ئۆزلىرىنىڭ تېتىقسىز، بىمەنە قىيا ـ چىيا-

لىرى ئارقىلىق ئەرلەردىكى ئەسلى يۈكسەكلىك، مۇكەممەللىك
ۋە پاراسەت ـ پەزىلەتلەرنىڭ نىمجان ھالىنىڭ بېشىغا دەسسەپ
ئوينايدۇ. تاپتىن چىققان بۇزۇقچىلىقلار ئارىسىدىن ئەرلەرنىڭ
ھالىدىن كەتكەن بىچارە تۇرقى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بىز دەسسىسە
يەر تىترەيدىغان، ئەقىل ۋە ماھارەتتە ھەممىنىڭ ئەقلىنى لال
قىلىدىغان يېتۈك ئەرلەرنىڭ ئورنىدا خېنىم چىراي، لاتا بەل،
بوشاڭ، چۈشكۈن ئەرلەرنى تولا كۆرىدىغان بولۇپ قالدۇق. جەم-
ئىيەت ئېغىر ئەخلاقىي كرىزىسلەرنىڭ توپانىدا چايقىلىپ تۇرۇۋا-
تىدۇ. بۇ بالايى ـ ئاپەتلەرنىڭ سەۋەبىنى نەدىن ئىزدەيمىز؟
مەسىلە دەل ئەرلەردە، بىزنىڭ ئەقىدە ـ ئېتىقادىمىز، يا-
شاش ئۇسۇلىمىز، تۇرمۇش ئادىتىمىز ۋە ئۇ كەلتۈرۈپ چىقارغان
ئامىللاردا. ئەرلەر تۈزەلسە ئائىلىلار ئوڭشىلىدۇ، جەمئىيەت ساغ-
لاملىشىدۇ، پەرزەنتلەرنىڭ چىرايى نۇرغا توشىدۇ، سائادەت زى-
يالىرى بوسۇغىمىزنى يۇيۇپ تۇرىدۇ.
كىتاب مۇشۇنداق بىر زۆرۈرىيەت ۋە سەممىي ئىنتىلىش
سەۋەبىدىن يېزىلدى. مېنىڭ باشقىلارغا ئەقىل ئۆگەتكۈدەك سالا-
ھىيىتىمنىڭ يوقلۇقى ئېنىق. ئەمما مەن ھەربىر ھەرپنى يېزىۋات-
قىنىمدا پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە تەئەللۇق ۋە شۇلار سەممىي ئىتا-
ئەت قىلىشى بەرھەق بولغان مۇقەددەس ۋەز ـ كالاملارنىڭ ئاھا-
ڭىنى تىڭشاپ تۇردۇم ـ دە، غەرەزسىز ئويلىرىمنى ئايانماي بايان
قىلىپ چىقىشنى لايىق تاپتىم. دېمەككى، مەن ئەمدىلا مۇستەقىل
تۇرمۇشقا قەدەم قويغان بىر تەنتەك ياشنىڭ ئەمەس، بىر ئەر
كىشىلىك تۇرمۇشتا دىققەت قىلىشى زۆرۈر بولغان ئىش ـ كۈش-
لەرنىڭ زۇۋانىنى يەتكۈزدۇم. لايىقىدا يەتكۈزەلمىگەن بولسام،

قولۇم كۆكسۇمدە، تەنقىدكە تەشنامەن.

مەن شۇنىڭغا شەكسىز ئىشىنىمەنكى، ئەر تۈزۈلىدۇ، مۇكەممەللىشىدۇ، ئورنىدىن دەس تۇرىدۇ. چۈنكى، يارانقۇچى سالغان ئوت ئۆچمەيدۇ ھەم كۆچمەيدۇ! سالام، ياخشى يولغا ماڭغان كىشىلەر[1].

نۇرمۇھەممەد ئۆمەر ئۇچقۇن

2006 ـ يىل سىنتەبىر ئۈرۈمچى

[1] ئابدۇقادىر داموللام



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

1. يىگىتلىكتىن ئاتلىغان ئەرگە ........ 1
2. يىگىت يەڭگە ساپالىق بولسۇن ........ 5
3. ھەربىر كۈنۈڭ توي بولسۇن ........ 13
4. نىكاھ چۈشىنىش ئاساسىدا باشلانسۇن ........ 18
5. ئايال تەربىيىگە موھتاج ........ 22
6. ئايالىڭىزنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتكە سەل قارىماڭ ........ 27
7. يول قويۇڭ، ئەمما چېكىدە بولسۇن ........ 32
8. نىكاھ ھايا پەردىلىرىنىمۇ يىرتىۋەتمىسۇن ........ 36
9. خىزمەت بىلەن ئائىلىنى مۇۋاپىق ماسلاشتۇرۇڭ ........ 40
10. خوتۇن دېگەننى كۈنلىگۈلۈك ........ 43
11. دادا بولۇشنىڭمۇ ۋاقتى بار ........ 46
12. ھامىلىدار ئايالىڭىزنىڭ ھالىغا يېتىڭ ........ 49
13. يېڭى جانغا مۇبارەك! بالىڭىزنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىڭ ........ 53
14. ئەرلەردەك كىيىنىپ يۈرۈڭ ........ 55
15. سەمىمىي نەسىھەت، ھاراق ئىچمەڭ. . . ........ 57
16. تاماكا چەكمەڭ، تاماكا تاشلاڭ ........ 63
17. قىماردىن نېرى تۇرۇڭ ........ 68
18. بەدنىيەتلىك قىلما، ئەر ........ 71
19. ئاياللارنى پەس كۆرمەڭ ........ 74

20. ئايالىڭىزنى ماختاپ قويۇشنى ئۇنتۇماڭ ........ 77
21. نىكاھ مۇھەببەتنىڭ قەبرىسى ئەمەس ........ 81
22. ئاز ئۇخلىغىن، ئەركەكلەر ........ 83
23. بىكارچىدىن نېرى تۇر ........ 85
24. دوستىڭىز بولسۇن ........ 88
25. ئايالىڭىزنىڭمۇ دوستلىرى بولسۇن ........ 91
26. ئەرلەرنىڭ ئەڭگۈشتىرى — قەتئىيلىك ........ 93
27. سەمىمىي راستچىل بولۇڭ ........ 96
28. دۇنيا ئەمەلىي ئىشلەيدىغان ئەرلەرگە موھتاج ...... 98
29. سىزدە ھەرقانداق ئىشقا نىسبەتەن ئېنىق ئۆلچەم بولسۇن ........ 100
30. زەھەر يېمەي تاماق يەڭ ........ 105
31. سوغۇق ئىستېمالنى ئاز قىلىڭ ........ 110
32. بالىلىرىڭىز ئالدىدا ھايا بىلەن يۈرۈڭ ........ 113
33. ھەربىر ھەرىكىتىڭىز ئۈلگە بولسۇن ........ 116
34. غەيۋەتخور خوتۇنلارغا ئوخشاپ قالماڭ ........ 118
35. قۇرۇق پوپوزا قىلىشنى تاشلاڭ ........ 120
36. يۇمۇرىستىك بولۇڭ، ئەمما لاۋزىلىشىپ قالماڭ ... ... 122
37. مېھرىڭىزمۇ، قەھرىڭىزمۇ بولسۇن ........ 126
38. دىققەت قىلىڭ، خوتۇن ئومۇمنىڭ مۈلكى ئەمەس ...... 131
39. خوتۇنىڭىز بىلەن ئايرىم يېتىپ ئادەتلىنىڭ ...... 134
40. مەنسەپكە توغرا مۇئامىلە قىلىڭ ........ 137
41. قېرىنداشلىرىڭىزغا ئىگە بولۇپ قويۇڭ ........ 142
42. ئىشلاردا ئاتا ـ ئانىڭىز بىلەن مەسلىھەتلىشىڭ ... ... 144
43. بالىلىرىڭىزنى ئېلىپ ئاتا ـ ئانىڭىزنى يوقلاپ تۇرۇڭ ........ 148

44. بالىلىرىڭىز ئەركە ئۆگىنىپ قالمىسۇن .......... 152
45. ئەنئەنىۋى ھېيت ـ بايراملارنى داغدۇغىلىق
تەبرىكلەڭ .............................. 156
46. سىز قەيەرگە بارماقچى؟ ...................... 160
47. كۈندىلىك پىلانىڭىز ۋە ھېساباتىڭىز ئېنىق
بولسۇن .............................. 166
48. پىخسىقلىق ئەيىب ئەمەس .................... 169
49. باشقىلارنىڭ ئىشەنچىنى يەردە قويماڭ ........... 170
50. مۇئامىلىدە ئادىل بولۇڭ ...................... 174
51. ئەر ـ خوتۇنلار، ئالمىشىپ قالماڭلار ........... 176
52. ئائىلە بويىچە دەم ئېلىشقا ۋاقىت چىقىرىڭ ...... 182
53. مەغلۇبىيەتكە توغرا مۇئامىلە قىلىڭ ............ 185
54. ئاچچىقىڭىزنى ئۆيدىكىلەردىن ئالماڭ ........... 189
55. مۇۋاپىق چېنىقىپ بېرىڭ ...................... 193
56. ساياھەت قىلىڭ .............................. 197
57. ھەدېسىلا قۇسۇر ئىزدىمەڭ .................... 201
58. ئۆگىنىشتە كېچىكىش يوق ...................... 203
59. مايلىق تاماقلارنى كۆپ يېمەڭ .................. 205
60. پۇل تېپىڭ .................................. 208
61. ئۈزلۈكسىز يېڭى نىشان بەلگىلەڭ .............. 219
62. ھالال ـ ھارامنى ئايرىشنى بىلىڭ .............. 221
63. تەۋەككۇل قىلىپ بېقىڭ ........................ 224
64. بىراۋ بىلەن توۋلىشىپ بېقىڭ .................... 227
65. ئىشنىڭ ناچىرى يوق، ئادەمنىڭ ناچىرى بار ...... 231
66. يېرىم يولدا توختاپ قالماڭ .................... 234
67. ھۈنەرسىز ئەر ھوسۇلسىز يەرگە ئوخشايدۇ ...... 236

68. رەھىمسىزلىك ئەرلەردىكى مۇھىم پىسخىك ساپادۇر...238
69. تەنقىدكە توغرا مۇئامىلە قىلىڭ .................. 241
70. قۇرۇق سۆز ـ چۆچەكلەرگە ئېرەن قالماڭ ...... 244
71. ئايالىڭىز بىلەن ئازارلىشىپ قالسىڭىز ........... 246
72. ئەنئەنە بىلەن يېڭىلىقنى مۇۋاپىق ماسلاشتۇرۇڭ... 249
73. ئايالىڭىزدىكى ئۆزگىرىشلەرگە دىققەت قىلىپ
قويۇڭ ........................................ 256
74. تۇرمۇشىڭىزغا باشقىلار چېپىلىۋالمىسۇن........... 258
75. خىزمەتلا بىردىنبىر دۇنيا ئەمەس ................ 260
76. ئاياللارغا چاقچاق قىلىشتا دىققەت قىلىڭ ......... 263
77. ئۆينى قەبرە ياكى قىبلە قىلىۋالماڭ .............. 266
78. شىرىن كۇنلەرنى ۋە ئازابلىق كۇنلەرنى ئەسلەپ
قويۇڭ ........................................ 270
79. كىيىم كىيىڭ، كېپەن كىيمەڭ..................... 272
80. ھاياتلىقنى بوغمايلى............................. 278
81. ئاياللار نېمىشقا تالاغا قاراپ قالىدۇ؟ ............. 283
82. پەرزەنتلىرىڭىزنىمۇ ئەگەشتۇرۇۋېلىڭ ............... 288
83. ئەر ـ خوتۇنلار ئارا جېدەلدە ئىنتىكلىك قىلماڭ ... 281
84. ئازارلاشقاندا ئايرىلىپ تۇرۇپ بېقىڭ ............... 294
85. بالىلىرىڭىز يېتىم بولمىسۇن ...................... 297
86. ئاجراشقاندا چۇپەيلىك قىلما ...................... 300
87. خوتۇندىن ئايرىلىڭ، ئىشەنچتىن ئايرىلماڭ ...... 307
88. بويتاق ئەرمۇ ئۆلۇپ قالمايدۇ ......................... 310
89. بىر مۇشت يەپلا يېتىۋالماڭ ........................ 312
90. قايتا نىكاھمۇ بولۇپ قويىدۇ ....................... 315
91. كونا خامانىنى سورىماڭ............................. 319

www.uyghurkitap.com

92. ئۆگەي دادا بولۇپ قالسىڭىز... ........ 322
93. بالىڭىز ئۆگەي دادىنىڭ قولىغا قالسىچۇ... ........ 325
94. ئائىلىڭىزنى پۇلدىن قىسماڭ ........ 327
95. قەرزلىرىڭىزنى ۋاقتىدا تۈگىتىپ مېڭىڭ ........ 330
96. قوشنىلار ئارا ئەپ ئۆتۈڭ ........ 332
97. پەرزەنتلىرىڭىزدە مۇستەقىل قاراش يېتىلدۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىڭ ........ 334
98. بالىلىرىڭىزنىڭ توغرا تاللىشىغا ھۆرمەت قىلىڭ ........ 337
99. ياشانغاندا جەمئىيەتتىن ئايرىلىپ قالماڭ ........ 342
100. ھاياتىڭىزدىن ھېساب ئېلىپ بېقىڭ ........ 344
101. بىزگە ئاقساقاللار بەك كېرەك ........ 351
تۈگەنچە ........ 356

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# 1. يىگىتلىكتىن ئاتلىغان ئەرگە

بۇرادەر، مۇبارەك بولسۇن! بويتاقلىق، يالغۇزلۇققا خاتىمە بېرىپ، كېيىنكى تۇرمۇشىڭىزنى يەنە بىر ھالال جۈپ بىلەن ئۆتكۈزۈشكە بەل باغلاپ، بۈگۈنكى بۇ خۇشناۋا سورۇننى ھازىرلىغىنىڭىزنىڭ ئۆزىلا تەبرىكلەشكە ئەرزىيدۇ. مەن جاھاندا بويتاقلار، تۇللار، يېگانە ـ ساياقلار قانچە ئازلىسا شۇنچە خۇش بولغۇچىلاردىن. يالغۇز تۇرمۇش كىشىنى ئوڭايلا بەربات قىلىۋېتىدۇ. يەنە كېلىپ كىشىنىڭ تۇرمۇشى رەتسىز، مەنىۋى دۇنياسى زىددىيەتچان، داۋالغۇش ئىچىدە تۇرىدىغان گەپ. توي، نىكاھ ۋە ئايال ھەر قانداق كىشىنىڭ غەم ـ غۇسسىلىرىگە خاتىمە بەرگۈچى خاسىيەتلىك مەرھەمەتتۇر. بۇ مەرھەمەتنىڭ ئىللىق، ئارامبەخش تۈيغۇلىرى تويلاشقۇچى ئىككى تەرەپنىلا ئەمەس، ئەل ـ جامائەتنىمۇ، تونۇش ـ بىلىش، دوست ـ يارەنلەرنىمۇ تەبىئىي ھالدا يېقىنلاشتۇرۇپ، كىشىلەر ئارىسىدىكى مېھىر ـ مۇھەببەتنى چىڭىتىدۇ. بۇ مەندىن بىز «تويلار مۇبارەك» دەپ جار سېلىشقا ھەقلىقمىز.

نىكاھتىن بۇرۇن بەلكىم نۇرغۇن ئىشلارنى ئويلىغانسىز يا-كى كۆڭۈل قىزىقچىلىقىدىلا، ياشىنىڭ چوڭىيىپ قالغانلىقى تۈپەيلىلا ۋە ياكى ئاتا ئانىڭىزنىڭ زورىدىنلا بۇ تويغا يۈزلىنىپ تۇرغانسىز ـ دە، «بولغىنىنى كۆرەرمەن» دەپ نىكاھنى غايىب قايىنامىنىڭ دولقۇنلىرىغا تاشلاپ بەرگەنسىز. ئەمما مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مەيلى كېلىنچەكنى ياقتۇرۇڭ ـ ياق-

تۇرماڭ، ئۇنىڭ خۇي - پەيلىنى بىلىڭ - بىلمەڭ، ئۇنىڭ بايلىقىنى، نەسەبنى، چىراينى ياكى دىيانىتىنى دەپ ئالغان بولۇڭ، ئۇ بەربىر سىزنىڭ نىكاھىڭىزغا ئۆتىدۇ. دېمەككى هازىر-غىچە يالغۇز ياشاپ كەلگەن، بىر ئۆزۈڭىزنىڭلا غېمىنى يەپ كەلگەن بولسىڭىز ئەمدى يەنە بىر ئىسسىق جاننىڭ غېمىنى يەپ، گېپىنى قىلىشىڭىز كېرەك. ئۇنى قانات ئاستىغا ئېلىشتىن، ئائىلىدىن ئىبارەت مەسئۇلىيەت يەلكىڭىزگە مىنگىشىدۇ. سىز بۇلارنى ئەستايىدىل ئويلاندىڭىزمۇ - يوق، بۇنىسى بىزگە، سو-رۇن ئەھلىگە نامەلۇم. ئەمما بۇ مۇبارەك زىياپەتنىڭ هەربىر داخىلى داستىخانلىرى سىزگە، كېلىنچەككە بەخت تىلەيدۇ. كەل-گۈسۈڭلارنىڭ شادلىق، خۇشاللىق تەنتەنىلىرى بىلەن ئۇرۇلىپ تۇرۇشىنى، نىكاھىڭلارنىڭ هايا، ئەخلاق، هۆرمەت، ئىشەنچ ئاساسىغا قۇرۇلۇپ، هارامدىن، زىنادىن، بۇزۇقچىلىقتىن، جەڭگى - جېدەلدىن يىراق تۇرۇشى هەققىدە دۇئا قىلىدۇ. پەي-غەمبەر ئەلەيهىسسالام ئۆيلەنگەن بىر جۈپ ئۇچۇن: «ئاللا ئائى-لەڭنى ساڭا مۇبارەك ئەيلىسۇن، ئۇستۇڭلارغا پەيز ۋە بەرىكەت ياغدۇرسۇن، ئىككىڭلارنى خەير ۋە ياخشىلىق ئۇچۇن بىر ئورۇنغا كەلتۇرسۇن» دەپ تىلەك تىلىگەنىكەن. بىز هەممىمىز شۇنىڭغا هەمجورمىز.

نىكاھ بىر ئەركەكنىڭ هاياتىدا ئىنتايىن مۇهىم جەريان. ئۇ سىزنى يىگىتتىن ئەرگە ئۆزگەرتىدۇ. يەلكىڭىزدىن باللىق-نىڭ ساددا هەۋەسلىرىنى، يىگىتلىكتىكى ئەركە - شوخلۇق، تەنتەكلىكلەرنى چۈرۈۋېتىش كېرەكلىكىنى ئەسكەرتىدۇ. ئاخۇ-نۇمنىڭ نىكاھ پەتىسىدە سورىغان سوئالىغا ناهايىتى كۈچلۈك هاياجان ۋە تەسۋىرلىگۈسىز هودۇقۇش ئىلكىدە: «ئالدىم» دەپ

جاۋاب بېرىۋاتقىنىڭىزدا سىز يالغۇزلا بىر خوتۇننى ئەمەس، بەلكى ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق جاننىڭ تۇرمۇش غېمىنى، بىر ئائىلىنى، بىر نازاكەتلىك ئايالنىڭ ئىززەت ـ نەپسى، شەرم ـ ھاياسىنى، بىر لاياقەتلىك ئەر، مەسئۇلىيەتچان دادىنىڭ بالا، ئايال، ئائىلە، جەمئىيەت ئالدىدىكى بۇرچىنىمۇ تەڭ زىممىڭىزگە ئالغان بولىسىز. تۇرمۇشتىن تەنتەكلىك، بالىلىق، يېنىكلىك، شاللاقلىق كۆتۈرۈلۈشى كېرەك. ھەربىر قەدەم قاتتىق ئويلىنىش ئاساسىدا بېسىلىشى، بېلىڭىز چىڭ، ئىرادىڭىز مۇستەھكەم، مەيدىڭىز تىك بولۇشى كېرەك. خوتۇن ئالغۇچىغا بولغۇچىغا بىكاردىن بىكار پوتا باغلىمايدۇ. ئۇ ئىشتانباغنى چىڭ باغلا دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى بىلىڭ چىڭ بەردەم، چىدامچان، قەتئىي بول دېگەنلىك.

كىشىلەر خوتۇن ئالغان، ئەرگە تەككەنلەرنى «ئەمدى ئادەم بوپسىز» دەپ قويىدۇ. دېمەككى، سىز ئەمدى كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ يېپيېڭى، جاپا بىلەن خۇشاللىق ئارىلىشىپ كەتكەن رەڭدار يولغا رەسمىي قەدەم باستىڭىز. خۇشاللىنىڭ، مەغرۇرلىنىڭ، شۇنداقلا چوڭقۇر شۈكرى ھەمدۇ ئېيتىڭ، نۇرغۇن ئادەم يېشى بىر يەرلەرگە بېرىپ قالسىمۇ، تېخى خوتۇن ئالالمايۋاتىدۇ، مۇۋاپىق لايىق تاپالمايۋاتىدۇ ياكى تۇرمۇشنىڭ بۇ ھەقىقىي يۈزىگە يۈزلىنىشتىن قورقىۋاتىدۇ. خوتۇننى كىشەن، ئائىلىنى زەنجىر دەپ قارايدىغانلارمۇ يوق ئەمەس. ۋەھالەنكى، سىز بۇ مۇقەددەس سۈننەتكە دادىللىق بىلەن يۈزلەندىڭىز ھەقىقەتەنمۇ ياراتقۇچىنىڭ ھالاللاپ بەرگەن نېئمەتلىرىنى تەرك ئېتىش ياخشى بەندىنىڭ ئىشى ئەمەس. ئەمدى مۇشۇ مۇرۇۋۋەتلىك ئىشىڭىزنى قانداق قىلىپ ئاخىرىغىچە مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېلىپ چىقىش ئۈستىدە

ئىزدىنىڭ. يىگىتلىك شوخلۇقلىرىڭىزدىن قايسىسىنى تاشلاپ، قايسى خىل خاراكتېرىڭىزنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىسىز؟ ئاياللىرىڭىزنى قانداق كۈتىسىز؟ ئاياللىرىڭىزدىن نېمىلەرنى كۈتىسىز؟ بۇ ئائىلىنى جەڭگى - جېدەل، ماجىرا - نىزانىڭ پاتقىقىغا پاتۇرۇپ قويماي گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن قانداق قىلىش كېرەك؟...

«ئالدىم» دېگەن جاكاردىن كېيىنلا مۇشۇ ھەقتە ئويلاپ قويۇڭ. بۇ سوئاللار سىزنى تەنتەنە سادالىرى ئىچىدە خۇدىڭىزنى يوقىتىپ قويۇشتىن ساقلاپ قالىدۇ ۋە تەمكىن - سوغۇققانلاشتۇ-رىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ، بىر ئەر، بىر ئائىلە ئۈچۈن تەمكىن سوغۇققانلىق بەك كېرەك. ئايال كىشى ئەردىن سالماق سۈپەتنى كۆرۈشنى تېخىمۇ خالايدۇ.

ھېكمەتلەردە يەنە ئايال كىشى ئەرنىڭ ئىمانىنىڭ يېرىمى دېيىلىدۇ. سىز ئۆز ئىمانىڭىز، تېنىڭىز، روھىڭىزنىڭ يېرىمى-نى قانداق كۈتۈۋالىسىز؟ ئەگەر بۇ يېرىم ئىمان تېخىمۇ يېرىم-ياتا بولسىچۇ؟ ۋە ياكى سىز ئۇنىڭدىنمۇ ئۆتەر ھالدا «يالتىراق نوچى» بولسىڭىزچۇ؟

يېپيېڭى دۇنيا، يېپيېڭى ھەمراھ سىزگە قول سۇنۇپ تۇ-رۇپتۇ. چوڭقۇر تىنىۋېلىڭ ۋە ئۆزىڭىزگە «سەۋرچان، قەتئىي، رەھىمدىل ئەمما تەلەپچان بول» دەڭ. پۇتىڭىزنى تېخىمۇ چىڭ باغلاڭ، مەيدىڭىزنى رۇسلاڭ. بۈگۈن سىز راسا كېرىلىدىغان، كۆلىدىغان كۈن!

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## 2. يىگىت يەڭگە ساپالىق بولسۇن

بۇرادەر، توي ئاخشىمى يېقىنلىشىشتىن بۇرۇن سىزدە ئوبدان روھىي تەييارلىق بولسۇن. ھەددىدىن زىيادە جىددىيلىشىپ ياكى ھاياجانلىنىپ، قورقۇپ كەتمەڭ. سىز جازا مەيدانىغا ياكى سوتچىنىڭ ۋە ياكى پادىشاھنىڭ ئالدىغا كېتىۋاتمايسىز، بەلكى بىر مېھرىنىڭ، ئىللىق سۆيگۈنىڭ ۋە سىزنى ھودۇقۇش، جىددىيلىشىش، تەمتىرەش ئىچىدە كۈتۈۋاتقان چىرايلىق مەلىكىڭىزنىڭ قېشىغا كېتىۋاتىسىز. ئەمما كۆرەڭلىكنى، مۇغەمبەرلىكنىمۇ تاشلاڭ ۋە بەلكى يىگىت بولغۇچى بىلەن ئاز ـ تولا باش قوشۇۋېلىڭ. بەلكىم بۇ گەپكە مىيىقىڭىزدا كۈلۈپ قويارسىز، ئۆزىڭىزنىڭ تەجرىبىڭىزگە، تۇيغۇڭىزغا ۋە كىتابىي بىلىملىرىڭىزگە، باشقىلاردىن ئوغرىلىقچە ئاڭلىۋالغان گەپلەرگە ئىشىنىپ قانداق قىلىش ھەققىدە كۆڭلىڭىزدە شېرىن چوت سوقارسىز. ئەمما بۇ مەشىق مەيدانى ئەمەس، تەجرىبىخانا، كىتابىي كالامپايلارنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە قىلسا بولۇۋېرىدىغان ئىش تېخىمۇ ئەمەس، بىراۋدىن ئاڭلىۋېلىپلا شۇ بويىچە ماڭسا بولۇۋېرىدىغان تاغنىڭ چىغىر يولىمۇ ئەمەس. بۇ نىكاھ، توي ئاخشىمى ـ ئېھتىيات سىزنىقى. بۇ ئېھتىيات سىزنىقىدىن ئۇستىلىق بىلەن ئۆتۈش سىزنىڭ قەددىڭىزنى تىك قىلىدۇ. شۇڭا يوغانچىلىق قىلماي يىگىتىڭىزگە قۇلاق سېلىڭ. ئەگەردە يىگىت بولغۇچى ھەر ئىشنى ئەقىل بىلەن بېجىرىدىغان تەدبىرلىك يىگىت بولسا، توي ئاخشىمىدا دىققەت قىلىدىغان ئىشلار توغرىلىق سىزگە تەلىم

بېرىدۇ. جىنسىيەت، ئەر - ئاياللىق مۇناسىۋەتتىكى نازۇك ئىش-
لار ھەققىدە تەلىم سورايدىغان، تەلىم بېرىدىغان ياخشى چاغ مانا
شۇ. بەكلا بۇرۇن بۇ ھەقتە ساۋاتلىق بولۇۋېلىش سىزنى يامان
ئوي، ھارام خىيال ۋە غەيرىي ئۇرۇنۇشلارغا ئېلىپ بېرىشى
مۇمكىن. توي ئاخشىمىنىڭ ئالدىدىكى تەربىيە ۋە نەسىھەتلەرلا
سىزدە ساغلام، ئەمەلىي ۋە پايدىلىق ئالاقە ئادىتى ئورنىتىپ،
سىزنىڭ تۇرمۇشىڭىزنى، روھىي دۇنيايىڭىزنى مالىماتاڭ قىلى-
ۋەتمەيدۇ. سىزنى كۆتۈلمىگەن گاڭگىراشلاردىن خالاس قىلىدۇ.
شۇڭا تويدا يىگىت بولغۇچىنى ئىنتايىن ئاقىلانىلىق بىلەن تاللاش
كېرەك. يىگىت قېشىڭىزدا سىزنىڭ يېقىلىپ چۈشمەسلىكىڭىزنى
قوغداپ ماڭغۇچى ھاسا - تاياق ياكى قاراۋۇل ئەمەس، سىزگە
تۇرمۇش ۋە كىشىلىك ئالاقە، ئەر - خوتۇنچىلىق مۇناسىۋەتلىرى
ھەققىدە ساۋاق بەرگۈچى؛ يىگىت پوتا باغلىغۇچى ئەمەس، ئەر-
خوتۇن ئارىسىدا ساغلام رىشتە باغلىغۇچى بولالىشى كېرەك.
بولمىسا ئۇنىڭ كاستيۇم - بۇرۇلكىنى قاتۇرۇپ كىيىپ، پوتا
باغلاپ، گۈل تاقاپ تۇرۇپ، كەلدى - كەتتىنى ئۈزىتىپ قويىدى-
غان كۆتكۈچىدىن، ئەر - خوتۇننى بىر ئۆيگە سولاپ قويۇشتىن
باشقىنى بىلمەيدىغان قورۇقچى نەۋكەردىن ھېچقانداق پەرقى بول-
مايدۇ. بىزدە تويى بولغۇچىغا يەتكۈچە ھاراق ئىچۈرۈپ غەرق
مەست قىلىپ ياتقۇزۇپ قويىدىغان، يەپ - ئىچىشكىلا، تانسا -
ئۇسسۇل ئويناشقىلا زورلاپ توي بولغۇچىنىڭ پسىخىك توقۇنۇش-
لىرى توي ھەققىدىكى ئىدىيىۋى تەييارلىقلىرى بىلەن كارى بول-
مايدىغان يىگىتلەر ساماندەك. مەن پات - پات توي كېچىسىنى
خوتۇننىڭ ئىسسىق قويىندا ئەمەس، غەرق مەست ھالدا كوچا-
كويلاردا، لاي - پاتقاق ئارىسىدا رەسۋالارچە بۇلغىنىپ يېتىپ
ئۆتكۈزىدىغان، ئۆزى مەست بولۇپ قېلىپ كېلىنچەكنى باشقىلار

خوتۇن قىلىدىغان، ھەتتا رېستورانلاردىلا جېدەل ـ ماجىرا سەۋەبى-
دىن ئۆلۈپ كېتىدىغان نۇرغۇن جۈپتەكلەرنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭ-
لاپ قالىمەن. «لەنەت! دەيمەن شۇلارغا ھەمدە شۇلارنىڭ
يىگىت ـ يەڭگىلىرىگە! يىگىت ـ يەڭگە، ئەر ـ خوتۇن بولغۇچى-
نىڭ بىر كۆڭۈلۈك تۇرمۇشىنىڭ پاكىزلىق ئىچىدە راھەتبەخش
باشلىنىشىغىمۇ ياردەم بېرەلمىسە ئۇنىڭ بولغىنىدىن بولمىغىنى
ياخشى. يىگىت تويى بولغۇچىغا ھۆجرىغا كىرگەندىن كېيىن
قانداق قىلىش، كېلىنچەكنىڭ كۆڭلىنى قانداق ئېلىش، ئورتاق
ھېسسىي ئىنتىلىشنى قانداق قولغا كەلتۈرۈش، مۇناسىۋەتنىڭ
ئالدى ـ كەينىدىكى ئەخلاقى ئادەتلەر، تازىلىق ئۆلچەملىرى ۋە
بۇندىن كېيىن تۇرمۇشتا ئۇچرايدىغان مەسىلىلەر ۋە ئۇنى ھەل
قىلىش ھەققىدە جەزمەن ئېنىق، سىستېمىلىق تەربىيە ئىشلىشى
لازىم. ساپالىق يىگىتلەرنىڭ بولۇشى نىكاھنى توغرا يولغا سې-
لىشنىڭ ئىنتايىن مۇھىم ۋاستىسى. ئەمما تولىمىزنىڭ نىكاھى
ھېچقانداق تەربىيە ـ تەلەپسىز باشلانغان. شۇنىڭ بىلەن نىكاھتىن
ئىبارەت بۇ مۇرەككەپ داۋاندا بەزىمىز يىقىلىپ ـ قوپۇپ، بەزى-
مىز ئۆمىلەپ، قاقشاپ، زارلاپ، باتناپ، ۋايساپ كېلىۋا-
تىمىز... تويىنىڭ ئەتىسىدىن باشلاپ يىگىتلەرنىمۇ، يەڭگىلەرنىمۇ
تاپقىلى بولمايدۇ. ئەسلى ئۇلار ئىككى ياشنىڭ خاتىرجەم بىر
ئائىلىگە كىرىشىدە تەربىيىچى، يېتەكچى، مەسلىھەتچى، ياراش-
تۇرغۇچى بولۇشى كېرەك. يىگىت ـ يەڭگىلىك مەسئۇلىيىتى-
نىڭ ئايدىڭلاشماسلىقى ۋە بۇ خىل بۇرچ تۇيغۇسىنىڭ ئىزچىللاش-
ماسلىقى نىكاھلىرىمىزنىڭ دەسلەپتىلا تايانچىسىز، تەربىيە-
سىز، تەييارلىقسىز ھالدا باشلىنىشىغا سەۋەب بولۇۋاتىدۇ. بۇ-
نىڭ زىيىنىنى توي قىلغۇچى بىر جۈپ ياش مەڭگۈ تارتىدۇ،
ئەلۋەتتە.

مەن تاشقورغان تاجىكلىرىدا مۇنداق بىر ئادەمنىڭ بارلىقىنى ئاڭلىغانىدىم: توي قىلماقچى بولغان بىر جۈپ ياش تويىنىڭ ئالدىدا بىر جۈپ ئەر - ئايالنى تۇتۇق ئاتا، تۇتۇق ئانا قىلىپ تاللايدىكەن. تۇتۇق ئاتا - ئانىلار بىر جۈپ ياشقا نىكاھنىڭ ئالدى- كەينىدىكى بارلىق ئەدەپ - ئەركان ۋە يۈز بېرىش ئېھتى- ماللىقى بولغان بارلىق ئىش - كۈشلەر ھەققىدە تەپسىلىي ساۋاق بېرىدىكەن، تويغا يېتەكچىلىك قىلىدىكەن، تويدىن كېيىن ئۇلا- رنىڭ مۇناسىۋىتى ئۈزۈلمەيدىكەن، بەلكى توي قىلغان بىر جۈپ ئۇلارنى ئۆز ئاتا - ئانىسى ھېسابىدا ھۆرمەتلەپ دائىم يوقلاپ تۇرىدىكەن. ئۇلارمۇ توي قىلغان بىر جۈپنىڭ نىكاھىدىكى ھەر قانداق مەسىلىگە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىپ، مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىدىكەن. ئەر - خوتۇن كېلىشەلمىسە تۇتۇق ئاتا، تۇتۇق ئانىلار ئويلىشىپ كۆرۈپ، ئىككى تەرەپنى مۇرەسسەلەشتۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىدىكەن. ئائىلىنىڭ ئازراقلا زىددىيىتىمۇ جاھانغا پۇر كەتمەيدىكەن. ئاجرىشىش نىسبىتىمۇ يۇقىرى بولمايدىكەن. بەلكىم ئاشۇ تۇتۇق ئاتا - ئانىلار بىزدىكى يىگىت - يەڭگىلەر بىلەن ئوخشىشىپ كېتەرەك. ۋەھالەنكى، بىزنىڭ يىگىت - يەڭگى- لەرنى تويىنىڭ ئەتىسىدىن كېيىنلا ئىزدەپ تاپقىلىمۇ بولمايدۇ. بىزدە يېيىشىپ - ئىچىشىپ، ئوينىشىپ بېرىدىغان يىگىت - يەڭگىلەر ئويلىشىپ بېرىدىغانلاردىن مىڭ ھەسسە ئارتۇقتۇر.

يىگىت - يەڭگە تويدىن كېيىنكى ئەر - خوتۇن ئوتتۇرىسى- دىكى ھەرقانداق بىر چۈشىنىشمەسلىك، ئارازلىق، زىددىيەت- نىزالارنى ئاتا - ئانىلار، دوست - بۇرادەرلەرگە، ئەل - جامائەت- كە بىلىندۈرمەي ھەل قىلغۇچىلار، ياراشتۇرغۇچىلار، ھەر ئىك- كى تەرەپنىڭ ئاجىزلىق، كەمچىلىكىنى تەھلىل قىلىپ، ئائىلە- نى ساقلاپ قالغۇچىلاردۇر. يىگىت - يەڭگە پولۇ يەپ، ئالغۇلۇق-

نى ئېلىپ بولۇپلا توپى بولغۇچىلارنى ئۇنتۇپ كەتمەسلىكى كې-
رەك، بەلكى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئورنىدا ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى
تەرتىپكە سېلىشى، نومۇسسىزلىقلىرىنى ئىشكىنىڭ سىرتىغا چىـ-
قارماسلىقى كېرەك. بۇ مەنىدىن ئۇنىڭ رولىنى ھەر قانداق
ئادەمنىڭكىدىن چوڭ ۋە مۇھىم دېيىش مۇمكىن. ئەگەردە بىزدى-
كى يىگىت ـ يەڭگىلەردە مۇشۇنداق بۇرچ، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى
بولىدىغان بولسا، شۈبھىسىزكى، ئەر ـ خوتۇن ئوتتۇرىسىدىكى
ئەرزىمەس ئىشلار سەۋەبىدىن بولىدىغان سۈركىلىش، جېدەل ـ
نىزالار نەچچە ھەسسە ئازلىغان، ئائىلە ماجىرالىرى، ئاجرىشىپ
كېتىش ھادىسىلىرى كېمەيگەن، پەرزەنتلەرنىڭ يېتىم بولۇش
نىسبىتى تۆۋەنلىگەن، ئەخلاقىي، ئىجتىمائىي كرىزىسلار زور
دەرىجىدە كونترول قىلىنغان بولاتتى. ئائىلە مۇستەھكەم بولات-
تى، ئەرمۇ ـ ئايالمۇ خاتىرجەم، ئىناق ھالدا بەخت، مۇۋەپپەقى-
يەت تامان قەدەم باسقان، سائادەت نۇرلىرى بېشىمىزدىن كەتمى-
گەن بولاتتى. ئەپسۇس، مىڭ ئەپسۇسكى، مەن تېخى يېقىندىلا
توي قىلغىلى ئۈچ يىل بولاي دەپ قالغان بىرىنىڭ «ئەر ـ خوتۇن
مۇناسىۋەت ئۆتكۈزسە يۇيۇنمىسىمۇ بولار» دېگىنىنى ئاڭلاپ نېمە
دېيىشىمنى بىلەلمەي ھاڭۋېقىپ تۇرۇپلا قالدىم. ئۇنىڭچە زىنا
قىلسا، پاھىشە ئوينىسا ئاندىن يۇيۇنۇش كېرەك بولىمىش. ئوت-
تۇرىسىدا نىكاھ بار ئەر ـ خوتۇنلار يېقىنچىلىق قىلسا يۇيۇنمى-
سىمۇ بولىدىكەن. راستتىنلا نېمە دېيىشىمنى بىلەلمىدىم. توي
قىلغىلى ئۈچ يىل بولغان ئىككى مەخلۇق پاسكىنا ئاياغلىرى
بىلەن يەنە بەخىرامان زېمىندا پېتىراپ يۈرسە ئائىلىدە، بۇ
ئەل ـ جەمئىيەتتە بەرىكەت قالامدۇ؟ ئۇ بۇزۇقچىلىقنى سۇ بىلەن
تازىلاشنىڭ ئەسلا مۇمكىن ئەمەسلىكىنى، ئەر ـ خوتۇنلار ئارا
يېقىنچىلىقتىن كېيىن جەزمەن غۇسلى قىلىپ پاكلىنىش كېرەك-

لىكىنىمۇ بىلمەيدىكەن. مۇشۇنچىلىك ئەڭ ئەقەللىي ئەدەپ ـ ئەركان، پاكلىنىش مىزانىنى بىلمەيدىغان ئادەم ئەر ـ خوتۇن ئارىسىدىكى يەنە قانداق مۇھىم، زۆرۈر ئىشلارنى بىلىشى مۇم-كىن؟ بىزدە مۇشۇنداق ئىش قىلىپ بىر قېتىم نىكاھ ئوقۇپ قويسىلا، بىز ئەر ـ خوتۇن دەپ ھەر قانداق قىلىق ـ ھەرىكەتلەر بىلەن كارى يوق غەپلەتتە پاسسىلىقتا، بۇزۇقچىلىقتا مىلىنىپ يېتىشۋېرىدىغان ئاڭقاۋ جۇپلەردىن قانچىلىك باردۇ؟ نىكاھ بەزىدە كىچىككىنە گەپ ـ سۆز، ھەرىكەتلەر ۋە غەزەپلىنىشتىمۇ يوق بولىدۇ. ئۇنىڭ نازۇكلۇقى ھەر قانداق نەرسىنىڭ نازۇكلۇق دەرىجىسىدىن نەچچە مىڭ ھەسسە ئېشىپ چۈشىدۇ. نىكاھ، تالاق ئۆلچىمى بويىچە كەسكىن ئايرىيدىغان بولساق، بەلكىم نۇرغۇن ئەر ـ ئاياللاردا ئاللىقاچان نىكاھ مۇناسىۋىتى يوقالغان چىقىشىدا گەپ يوق. نۇرغۇنلىرىمىز توختىماي پاسسىلىق قىلىۋاتقاندىمىز؟ نۇرغۇنلىرىمىزدا ئاللىقاچان نىكاھ مۇناسىۋىتى يوقالغان بولۇشى مۇمكىن؟ نۇرغۇنلىرىمىز ھارامدىن بالا تېپىپ، ھارامدىن ئەر-خوتۇنچىلىق قىلىپ، ھارامدىن ئۆي تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان بولۇشى-مىز مۇمكىن؟ بۇنىڭ سەۋەبى زادى كىمدە؟ سەۋەب بالىسى يالى-ڭاچ قالمىسا، ئاچ قالمىسىلا چوڭ بولدى دەپ ئويۇنىنى ئويناۋې-رىدىغان بىغەم ئاتا ـ ئانىلاردىمۇ؟ ئىنسانلار جەزمەن رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك ئەدەپ ـ ئەخلاق ئەركانلارنى كار قىلمايۋاتقان جەمئىيەتتىمۇ؟ ھەدېسە ئەركىنلىكنىلا، ئائىلىدىن، ئاتا ـ ئانى-نىڭ تىزگىنىدىن، ئەخلاقنىڭ «زەنجىر ـ كىشەن» ى، تۈزۈمى-نىڭ كونتروللۇقىدىن چىقىشنىلا ئىزدەيدىغان، جاھاننىڭ ئەپ-تى- رەپتى بىلەن كارى يوق يوغىناۋاتقان باللىرىمىزدىمۇ؟...

ھەممىمىز ھەر نېمە دەيمىز. توي قىلمىغان بىر ياشنىڭ ئەخلاقسىز بىمەنىلىكى، ئادىمىي خىسلەتكە يات بىھاياللىقىغا ئاتا-

www.uyghurkitap.com

ئانا، مەكتەپ، جەمئىيەت جاۋابكار. ئەمما توي قىلغان بىراۋنىڭ
مەنىۋى پۇچەكلىكىگە ئۇنىڭ ئۆزى، ئاتا ـ ئانىسى، ئايالىدىن
باشقا چوڭ جەھەتتىن يىگىت ـ يەڭگە جاۋابكار بولۇشى كېرەك.
ئەسلىدە نىكاھ دېگەن نىكاھ ھەققىدە ساغلام، ئېنىق، توغرا
چۈشەنچىگە ئىگە، گۇناھ، جىنايەت ئېڭى، ھالال ـ ھارامدىن،
ياخشى ـ ياماندىن قورقۇش تۇيغۇسى يېتەرلىك شەكىللەنگەن،
ئېغىزى، نەپسى، كۆزى ۋە مېڭىسىنى ئەقىل بىلەن جايىدا كونت-
رول قىلالايدىغان لاياقەتلىك بەندىگە ئوقۇلىدىغان نەرسە. ئۇ
كىملا ئۇدۇل كەلسە كۆزنى يۇمۇپ تۇرۇپ ئوقۇپ قويۇۋېرىدىغان
ھاپىزنىڭ قوشىقى ئەمەس ئىدى. نىھايەتكى... بالىلىرىمىز
مەدەنىيەت، تىل ئامىللىرى گىرەلەشكەن ئېتىقادسىزلىق ئەۋج
ئالغان مۇھىتتا ياشاۋاتىدۇ. مۇنداق شارائىتتا نىكاھتىن ئالدىن
تەييارلىنىشقا تېگىشلىك روھىي، ئىدىيىۋى تونۇش ـ تەييارلىق-
لارنى يىگىت ئارقىلىق ھەل قىلىمىساق بولمايدىغان يەرگە يەتتى.
يىگىتنىڭ ۋەزىپىسى سەۋزە ـ گۇرۇچ، رېستۇران تېپىش ئە-
مەس، تويى بولغۇچىدا نىكاھ، نىكاھنى داۋاملاشتۇرۇش، ساق-
لاش، پەرۋىش قىلىش قارىشى يېتىلدۈرۈشتىن ئىبارەت. بىز
يىگىت ـ يەڭگىلەرگە مانا مۇشۇنداق بىر مەسئۇلىيەتنى ئارتالىغ-
نىمىزدا ۋە يىگىت ـ يەڭگىلەر بۇنى بىر خىل ئەقەللىي بۇرچ
دەپ سەمىمىيلىك بىلەن ئۆز ئۈستىگە ئالغىنىدا ئاندىن نىكاھتا
لەززەت، ئائىلىدە ئىززەت، ئەر ـ خوتۇندا قانائەت قارار تاپىدۇ.
ھەر قانداق بىر كۆڭۈلسىزلىكىمىز كوچىغا چىقىپ قالمايدۇ،
يۈزلىرىمىزمۇ، ئابرۇيىمىزمۇ چۈشۈپ كەتمەيدۇ، ئەر ـ خوتۇنلار
ئوتتۇرىسىدىكى چۈشىنىش تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ. نىكاھ-
تىن كىشىنى خۇشاللىققا ئۈندەيدىغان شادلىق گۇللىرى پورەك-
لەپ ئېچىلىدۇ.

دېمەنكى، بۇرادەر يىگىتىڭىزنى تېپىڭ، ئەمما ساپالىق بولسۇن، سىزنى يېتەكلىيەلىگۈدەك بولسۇن! يىگىت سىزنى ئويۇنغا، شەھۋەتكە، شۆھرەتكە باشلايدىغان، ئەڭ ئەقەللىي ئەخلاقىي-ئېتىقاد مىزانلىرىدىنمۇ خەۋەرسىز ئىككى پۇتلۇق مەخلۇق ئەمەس، ئەيىبىنىمۇ، غايىبىنىمۇ ئەيمىنىشنى بىلىدىغان، سىزنى سالىھلىق يولىغا باشلىيالايدىغان روھى پاك بەندە بولسۇن.

يىگىتلەر، يەڭگىلەر، ئىشقىلىپ بىر ئاماللارنى قىلىپ تويى بولغۇچى ئىككى ياشنى بىر ھۇجرىغا سولاپ قويۇپلا قاچماڭلار. ئۇلار بىر ئەر - خوتۇن قانداق قىلغاندا ئەسلىدىكى مۇھەببەت-سۆيگۈسىنى ئاجىزلاشتۇرماي ساقلاپ ئەپ ئۆتەلەيدۇ، توقۇنۇشلاردىن قانداق قىلغاندا ساقلانغىلى بولىدۇ، بۇرۇنقى بىلەن تامامەن ئوخشىمايدىغان يېڭى تۇرمۇشتا نېمىلەرنى جەزمەن قىلىش، نېمىلەرنى جەزمەن قىلماسلىق كېرەك. . . دېگەنلەرنى تولۇق بىلىپ كەتمەسلىكى ۋە ھەتتا بۇ جەھەتتىكى ئەڭ ئەقەللىي تەلەپ، ئۇقۇملارنىمۇ چۈشەنمەسلىكى مۇمكىن. ئۇلارغا يول كۆرسىتىڭلار، ساۋاق بېرىڭلار، سەممىي مەسلىھەت بېرىڭلار. نىكاھ توغرا، ساغلام بىلىش - تونۇش ئاساسىغا قۇرۇلغاندىلا ئاندىن «مۇھەببەت، نىكاھ، جىنسىيەت، تەربىيە، ئەخلاق ۋە ماددىي تۇرمۇش جەھەتتە ساغلام، يېتىلگەن، گارمونىيىلەشكەن پازىل ئائىلىگە»[1] ئېرىشكىلى بولىدۇ.

[1] ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە» شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2002 - يىل 10 - ئاي نەشرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# 3. ھەربىر كۈنۈڭ توي بولسۇن

نىكاھ ئوقۇلۇپ، قىز كۆچۈرۈلۈپ بولغاندىن كېيىن، ئەر-
نىڭ ھودۇقۇش ۋە تەقەززالىق ئارىلاش كۈتىدىغىنى، يۈزلىنىدى-
غىنى توي ئاخشىمىدۇر. شۈبھىسىزكى، بۇ بىر ئەرنىڭ ھاياتىدا
ئىنتايىن مۇھىم، ئۇنتۇلغۇسىز كېچىدۇر. ئۇنى قانداق كۈتۈۋې-
لىش ۋە قانداق ئۆتكۈزۈش بىر ئەر ئۈچۈن خېلى چوڭ سىناق.
بەلكىم تويدىن بۇرۇن ھالالدىن بولمىغان يېقىنچىلىق مۇناسىۋىتى
ئۆتكۈزۈپ باققانلار «چەكلەنگەن مېۋە» نى يەپ باققانلار (بۇنداق
ئەرگە چەكسىز لەنەتلەر بولسۇن) بۇ كېچىنى ئويۇن ئورنىدا
كۆرۈشى ياكى بېسىقىپ تۇرغان ھايۋانىي نەپسىنى ئەركىن قاندۇ-
رىدىغان توسقۇنسىز كېچە دەپلا قارىشى مۇمكىن. بىز بۇلارنىڭ
نىكاھ ئالدىدىكى تەنتەك شاللاقلىقىغا چوڭقۇر ئەپسۇسلىنىمىز.
شەك ـ شۈبھىسىزكى، بىر قىز بىر ئەر ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئىز-
زەت- نەپسىنى، شەرم ـ ھاياسىنى ئۇن نەچچە ھەتتا يىگىرمە
نەچچە يىل ئاۋايلاپ ساقلايدۇ. ئۆزىنى ياتنىڭ كۆزىدىن، ھارام
نىيەتتىن ئامالنىڭ بارىچە ئېلىپ قاچىدۇ. ئىپپەت ـ ھايا خۇد-
دى چىرايلىق قۇتىغا سېلىپ قويۇلغان، بارچىنىڭ مەيلىنى تارتى-
دىغان ئەمما كۆرگىلى بولمايدىغان خۇش پۇراق بۇيۇمغا ئوخشاي-
دۇ. ئىبن تۇفائىلنىڭ «ھەييەبىننى يەقزان ھەققىدە قىسسە»
ناملىق ئېسىل ئەسىرىدە يەقزاننىڭ ئادەمنىڭ جېنىنى ئىزدەپ
نۇرغۇن تەجرىبىلەرنى ئېلىپ بارغانلىقى سۆزلىنىدۇ. يەقزان مال
بوغۇزلانغاندا چىققان ئىسسىق، بىلىنەر ـ بىلىنمەس سۇس ھور-

دىن كېيىنلا مالنىڭ جىمىپ قالغانلىقىنى كۆرىدۇ ۋە دەرھال
مالنىڭ ئىسسىق يۈرىكىنى ئېلىپ يېرىپ كۆرىدۇ. چوغدەك
ئىسسىق يۈرەكتىن ئۈنىڭدىنمۇ ئۆتە ئىسسىق، بىلىنەر ـ بىلىنـ
مەس سۈس ھور كۆتۈرۈلۈپلا لىغىلداپ تۇرغان يۈرەك جىمىپ
قالىدۇ. مالدىكى، يۈرەكتىكى ھارارەتمۇ ئاشۇ ئىسسىق، سۈس
ھور چىقىپ كەتكەندىن كېيىنلا سوۋۇشقا باشلايدۇ. يەقزان بۇنى
«جان» دەپ ھېسابلايدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاشلا بىر قىزنىڭ ئىپپە
تى ئۇنىڭ قىزلىق قىممىتىنىڭ جېنىدۇر. ئۇ ھەممىنىڭ مەيلىـ
نى تارتىدۇ، ئەمما ئىپپەتنى كۆرگىلى بولمايدۇ، ئۇ ئەتراپقا
خۇش پۇراق ھىد تارقاتمىغان بىلەن ھەممىنى مەست قىلىدۇ،
قىزلارنى ئىسسىق، ئىللىق، قىممەتلىك قىلىدۇ. ھالال قىلىپ
ئۆلتۈرۈلمىگەن مەكروھ بولغان مالنىڭ گۆشىنى يېگىلى بولامـ
دۇ؟ ھارام بولغان قوينى كىم يەيدۇ؟ يېسەك گالدىن ئۆتۈشىدە
گەپ يوق. ئەمما ساغلام ئەقىل ـ ئېتىقاد بۇنى رەت قىلىدۇ.

بىر كۈنى بىر بۇرادىرىمىز قوي گۆشىنىڭ ھالال ـ ھارىمـ
مۇ بارمۇ دېگەن گەپتە بىرسى بىلەن مۇنازىرىلىشىپ قېلىپ
مۇنداق دەپتۇ:

— قوينىڭ ئۆزى ھالال، ئەمما ھارام يېيىش ئۇسۇلدا مەۋ
جۇت: 1. بوغۇزلاشتا؛ 2. پىشۇرۇشتا؛ 3. يېيىشتە.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ مۇنداق دەيدۇ: «خوتۇن ئەسلى بىر
گۆشتۇر. گۆشنى ئوبدان ساقلىمىسا پۇراپ قالىدۇ». گۆشنى
قانداق يېيىشنى بىلمىسە ھالالمۇ ھارامغا ئۆزگىرىپ قالىدىغان
گەپ.

شۇنىڭغا ئوخشاشلا بىر قىزنىڭ ئىپپىتى ئەسلى پاك، ھالال
ۋە مۇقەددەس كېلىدۇ. ئىپپەتكە بولغان تونۇش، ساداقەت دەرد
جىسىنىڭ ئوخشىماسلىقى قىزلارنى، ئوغۇللارنى تۇرلۇك ـ تۇـ

مەن يوللارغا سۆزەيدۇ. نىكاھتىن ئىلگىرىكى ھەر قانداق يىقىن-
چىلىق ھەر ئىككى جىنىسقا ئازاب - ئوقۇنۇشتىن بۆلەك نەرسە
ئېلىپ كەلمەيدۇ. ئۆزىنىڭ قىزلىق پاكلىقى، شەرم - ھاياسىنى
پاكىز ساقلاپ، ئۆز نەپسى - لەۋزىنى تاپشۇرغان ئېرىگە يەتكۈزۈپ
بېرەلىگەن قىزلار ئەڭ سۆيۈملۈك، بىباھادۇر. شۇنىڭغا ئوخ-
شاشلا نىكاھقىچە يات جىنىسقا يامان ئوي، شەھۋەت نىيىتىدە
بولماي پاك پېتى ئۆزىنى تىزگىنلەپ كېلەلىگەن يىگىتلەرمۇ
ماختاش، تەرىپلەش، ئەزىزلەشكە ھەممىدىن بەكرەك لايىقتۇر.
شائىر غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد خەلقىمىزنىڭ نىكاھتىن بۇرۇن
ئېپپىتىنى يوقاتقان قىزلارغا ئەيىب قويۇشتەك ئېسىل ئەنئەنىسى-
گە يانداش ئاھاڭدا، ئەرلەردىنمۇ ئېپپەتسىز كىشىلەرنىڭ بولىدى-
غانلىقىنى ئىزاھلايدۇ.

بۇرادەر، سىز ئۆزىڭىزنى ھالا بۇگۈنگە، توي كۈنىگە قەدەر
تىزگىنلەپ كېلەلىگەن بولسىڭىز، سىزگە كۆپتىن - كۆپ رەھ-
مەتلەر ياغقاي.

توي ھارامنى ھالال قىلغۇچى بۈيۈك نېئمەتتۇر. توي ئاخشى-
مى ئۇزاقتىن بېرى بىر - بىرىنىڭ ئوتىدا كۆيۈپ، مېھىر
دەرياسىدا ئېقىپ، ئاشىقلىق قوقاسلىرىدا پۇچىلىنىپ كەلگەن
ئىككى ياشنىڭ ئارىسىدىكى تام - توساقلار كۆتۈرۈۋېتىلگەن،
رەھمەت ياغقان ئاخشامدۇر. شۇڭا ئۇنى قەدىرلەڭ ۋە گۈزەل،
مەنىلىك ئۆتكۈزۈشكە تىرىشىڭ. توي ئاخشىمى ئۇنتۇلغۇسىز
ئەسلىمىلەر قالمىغان نىكاھلىق تۇرمۇش خۇددى تۇزسىز تاماققا
ئوخشاش كۆڭۈللەرنى غەش قىلىدۇ. شۇڭا يېنىكلىك، قوپال-
لىق، رەھىمسىزلىك، ئالدىراڭغۇلۇقتىن، شەخسىيەتچىلىكتىن
ئامالىنىڭ بارىچە نېرى تۇرۇڭ. توي كۈنى بەلكىم قىز - كېلىن-
چەك بىر كۈن ئاچ قېلىشى، ھېرىپ كېتىشى ۋە ياكى بەك

جىددىيلىشىشتىن تەمتىرەپ كېتىشى مۇمكىن. شۇڭا ئالدى بىلەن ئۇنىڭدىن مۇلايىملىق بىلەن ئەھۋال سوراڭ ۋە كۆڭۈلنى كۆتۈرىدىغان، ھەر ئىككى تەرەپكە خۇشياقىدىغان گەپلەرنى قىلىپ، قارشى تەرەپنىڭ كەيپىياتىنى نورماللاشتۇرۇڭ. ھە دېسىلا ئۇخلاش، يېتىش، بىرگە بولۇشنىڭ گېپىنى قىلماڭ. مۇنداق قىلىش قارشى تەرەپنى ئوڭايلا «توي - جىنسىيەت ئۈچۈنلىمۇ» دېگەن ئويغا ئەكىلىپ قويۇشى مۇمكىن. ھەتتا بەزى قىزلاردا قارشىلىشىش كەيپىياتى شەكىللىنىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. قىزلارنىڭ ھالىغا يېتىش، ئۇلارغا مېھرىبانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق قارشى تەرەپنىڭ سەمىمىي رازىلىق ئاساسىدىكى ئىتائىتىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ. سىز بۇ نۇقتىغا ھەرگىز سەل قارىماڭ. توي ئاخشىمى - جىنسىيەت ئاخشىمىلا ئەمەس. سىز بەلكىم، تېخى ۋاقىت ئۇزۇنغۇ، باشقا گەپلەرنى كېيىن قىلىشساقمۇ كېچىكمەيمىز، دەپ ئويلىشىڭىز مۇمكىن. ئەمما ئايال بىلەن سەمىمىي سىردىشىش، مۇمكىن بولسا بىر - بىرىنىڭ مىجەزىنى ياقتۇرىدىغان - ياقتۇرمايدىغان ئىشلىرى، قىزىقىشى، ئەر - ئايال بىر - بىرىدىن كۈتىدىغانلىرىنى بىر - بىرىگە ئىزھار قىلىش كېرەك. بىر ئەر توي ئاخشىمى ئايالىنىڭ ھەر تەرەپلىمە قايىللىقى ۋە ھۆرمىتىگە ئېرىشەلىسە، بۇ ھال ئەر - خوتۇن ئارىسىدىكى مۇھەببەتنى ۋە ھۆرمەتنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ. ئايالىڭىزنىڭ ھېسسىياتىنى ھۆرمەتلەڭ، ئۆزىڭىزنىلا ئويلىماڭ. ئايالىڭىزنىڭمۇ چىن سۆيگۈ - ھېسسىياتىنى قوزغاشقا تىرىشىڭ. ھەدىستە دېيىلگەندەك: «بىر كىشى ئايالىغا مۇھەببەت بىلەن قارىسا ۋە ئايالى ھەم ئۇنىڭغا شۇ كەيپىياتتا يۈزلەنسە، ئاللاھ تائالا ئىككىلىسىگە رەھمەت نەزىرى بىلەن قارايدۇ ۋە قوللىرىنى قوللىرىغا قويغاندا ئىككىلىسىنىڭ گۇناھلىرى بارماقلىرى ئارىسىدىن

تۆكۈلۈپ كېتىدۇ» . مەيلى ھەرقانداق ئىش قىلماڭ ئوك تەرەپ-تىن باشلاڭ. بىر - بىرىڭلارنىڭ ئۆياتلىق يەرلىرىگە ھەرگىز قارىماڭلار. يېقىنچىلىقتىن كېيىنلا پاكلىنىڭ ۋە رەپىقىڭىز بى-لەن بۇندىن كېيىنكى تۇرمۇشىڭىز ھەققىدە پاراڭلىشىڭ. سىزمۇ ئايالىڭىزمۇ بىسىم ياكى ھاردۇق ئەمەس، يەڭگىللىك، ئازادى-لىك، راھەت ھېس قىلالىساڭلار ۋە يانمۇ - يان يېتىپ ھاياتلىق-تىكى پاكلىق، ۋاپا، چىن سۆيگۈ ئاساسىغا قۇرۇلىدىغان بۇ بۈيۈك نېئمەتنىڭ بەخت بولاقلىرىغا چۆمۈلسەڭلار بەخت - لەز-زەت دېگەن شۇ ئەمەسمۇ؟ . . .

ئەمما، بۇندىن كېيىنمۇ توي كېچىسىدىكىدەك قىزغىنلىق، كۆيۈنۈشنى يوقىتىپ قويماڭ. ئايالىڭىزنىمۇ، ئۆزىڭىزنىمۇ تاش-لىۋەتمەڭ. بەخت تۇيغۇسىغا ئارقىڭىزنى قىلىۋالماڭ. ئۇلۇغ مۇتەسەۋۋۇپ جالالىدىن رۇمى ئوغلى ۋەلەدنىڭ تويىدا شۇنداق پىچىرلىغانىدى: «بۈگۈن سېنىڭ نىكاھ ئايىمىڭدە، كۆزۈم ۋە كۆڭلۈمنىڭ نۇرى بولغان پاتىمە - بانۇنى ياخشى كۆرگەيسەن، دەپ ساڭا تاپشۇردۇم. چۈنكى. بۇ سەن ئۈچۈن زور سىناشتۇر. ئۈمىد شۇكى، ئۇنىڭغا دائىم ئادالەت مۇقامىدا مۇئامىلە قىلغاي-سەن. ھىممەت - ھىمايىتىڭنى ئۇنىڭدىن ئايىمىغايسەن. ئاتاڭ-نىڭ يۈزى - ئۆز يۈزۈڭ، پەرزەنتلىرىڭنىڭ نامى - نومۇسى يورۇق ۋە ساپ بولسۇن دېسەڭ، ئايالىڭ بىلەن ئۆتكەن ھەربىر كۈنۈڭ - توي، ھەربىر كېچەڭ — نىكاھ ئاخشىمى بولغاي» . بۇ سىزنىڭمۇ ئېسىڭىزدە چىڭ ساقلىشىڭىزغا ئەرزىيدۇ.

## 4 . نىكاھ چۈشىنىش ئاساسىدا باشلىنسۇن

بۇرادەر، توي قىلدىڭىز. دېمەككى ئىلگىرىكى تۇرمۇش بىلەن تۈپتىن ئوخشىمايدىغان يەنە بىر يېڭى ئائىلە مۇھىتى ۋە ئائىلە مۇناسىۋىتى شەكىللەندى. بۇ ئائىلىنى قانداق قىلىپ چىڭ تۇتۇپ تۇرۇش ئەڭ زور دەرىجىدە سىزگە، ئاندىن قالسىلا ئايالىڭىز ۋە سىزلەرنى ئوراپ تۇرغان مۇھىتقا باغلىق. سىز بۇ ئوخشىماسلىقنى ئەڭ ئالدى بىلەن ئايالىڭىزدىن بايقىشىڭىز مۇمكىن. بەلكىم ئۇ تويدىن بۇرۇن سىز تەسەۋۋۇر قىلغاندەك ئۇنچىۋالا چىرايلىق، ئەدەپلىك، كەم ـ كۈتىسىز، چېۋەر، ئەقىللىق، دىيانەتلىك بولماي قېلىشى مۇمكىن.

بۇ بىر مۇقەررەر ھەمدە تەبىئىي ھادىسە. چۈنكى، تويدىن بۇرۇن يىگىت ـ قىزنىڭ ئۆز ئارا ئۇچرىشىش ۋاقتى ئىنتايىن ئاز، ھەتتا بەزىدە يوق بولىدۇ. سىز ئۇنىڭ بىردەملىك ھالىتىنى، سىزنىڭ ئالدىڭىزدا ئۆزىنى ھەر تەرەپتىن قاتتىق چەكلەپ، تۈزەپ تۇرغان، ئەڭ ئېسىل تەرىپىنى نامايان قىلىۋاتقان ھالىتىنى كۆرىسىز. دېمەككى، تويدىن ئىلگىرىكى ھەر قانداق تەرەپ ئۆزىنىڭ ئەڭ ياخشى تەرەپلىرىنى كۆرسىتىپ بولىدۇ. كەمچىلىك ـ نۇقسانلىرىنى ئامالىنىڭ بارىچە قارشى تەرەپتىن يوشۇرىدۇ. نىكاھتىن ئىلگىرىكى يىگىت ـ قىز خۇددى چىرايلىق، رەڭدار پەيلىرىنى يېيىپ، كۆز ـ كۆز قىلىپ تىنىمسىز جورە ئىزدەۋاتقان تورغا ئوخشايدۇ. ئەمما رەڭدار پەي تورغا مەڭگۈلۈك

باقمۇەندە ئەمەس. ئۇنىڭ قوتۇر ئەتلىرى كۆرۈنۈپ قالىدىغان چاغلىرىمۇ بولىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاشلا چىرايلىق نازىنىڭىزنىڭ كۆرۈمسىز تەرەپلىرىنىڭ، كەم - كۈتىسىز پەرىشتىڭىزنىڭ ناچار قىلىق - ئادەتلىرى بولۇشى تەبىئىي. شۇنداقلا سىزدىمۇ تويدىن بۇرۇن ئاشكارىلىمىغان بەزى بەدقىلىق ئادەتلەر قارشى تەرەپنى تويدىن كېيىن ئاز - تولا ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ قويۇشى مۇمكىن. تويدىن كېيىنكى شېرىن دەملەرنىڭ مەستخۇش كەيپى تارقىغاندىن كېيىن ھەر قانداق بىر ئادەم قارشى تەرەپنىڭ ئادەتكە ئايلانغان قىلىق - ھەرىكەتلىرى بىلەن كۈندە دېگۈدەك ئۇچرىشىپ تۇرىدۇ. بۇ چاغدا سىز تەبىئىيلا قارشى تەرەپنىڭ كەم - كۈتىسىز، مۇكەممەل، چېچەن، تاماققا ماھىر، رەتلىك، ئىللىق چىراي، خۇشپېئىل، ئەستايىدىل، ئوچۇق - يورۇق، قىزغىن، چىقىشقاق، تەقۋا، ئىنائەتچان، جانلىق. . . ئەمەسلىكىنى بايقاپ يېتىسىز. بۇ جەزمەنكى شۇنداق بولىدىغان ئىش. ئەمما بىزدە تويدىن بۇرۇن ئىككى كۆزۈڭنى يوغان ئاچ، تويدىن كېيىن بىر كۆزۈڭنى يۇم دەيدىغان ھېكمەت بار. دېمەككى، بۇنى قارشى تەرەپنىڭ ئاجىزلىقى، ساختىپەزلىكى، ياسالمىلىقى ياكى ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكى دەپ قارىماستىن ئۇنىڭ ئەسلى، ھەقىقىي خاراكتېرىنىڭ ئاشكارىلىنىشى، بۇ خىل خاراكتېرنى ئاندىن ئايالىڭىزنىڭ ھەقىقىي بەشىرىسى دەپ بىلىڭ ۋە ئۇنىڭغا ئىلمىي، سەمىمىي مۇئامىلە قىلىڭ. بۇنىڭ ئۇچۇن مۇۋاپىق پۇرسەت تېپىپ، ئايالىڭىز بىلەن تەپسىلىي سىردىشىپ چىقىڭ.

ئايالىڭىزدىن نېمىلەرنى كۈتىسىز؟ ئۇ ئەتىگەندە قانداق - قانداق ئىشلارنى قىلسا بەكرەك خۇش بولىسىز ھەمدە ھەر ئىككى تەرەپكە پايدىلىق ئىشلار قايسى؟ قايسى خىل تاماقلارنى ياخشى

كۆرسىز؟ نېمىنى ياقتۇرمايسىز؟ ئۇنىڭ قانداق كېيىنىشى سىز-
نى خۇش قىلىدۇ؟ قانداق كىيىملەرنى كىيمەسلىكى كېرەك؟
سىزگە ياردەملىشىپ نېمە - نېمە ئىشلارنى قىلىشىپ بەرسە
بولىدۇ؟ قايسى نەرسىلىرىڭىزگە چېقىلماسلىقى كېرەك؟ ئاتا -
ئانىڭىز بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە قانداق قىلسا رازى بولىسىز؟
پۇراقلىق بۇيۇملاردىن قاندىغىنى ياقتۇرسىز؟ ... دوستلىرى
بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە قانداق قارايسىز؟ ...

ئەر - خوتۇن ئوتتۇرىسىدىكى ئارازلىشىش ئەمەلىيەتتە چوڭ
ئىشلاردىن كېلىپ چىقمايدۇ. بەلكى ئەڭ ئادەتتىكىچە، ئۇششاق
ئىش - كۇشلارغە سەۋرسىزلىك قىلىش چوڭ - چوڭ جېدەللەر-
نى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇڭا، ئەڭ ياخشىسى يۇقىرىقىغا ئوخ-
شاش ھەر ئىككىيلەننىڭ قىزىقىشى ۋە مەنپەئىتىگە، كۆڭۈل
مايىللىقىغا بېرىپ تاقىلىدىغان ئىشلارنى ھەر ئىككى تەرەپ كەڭ-
كۇشادە سۆزلىشىپ ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلغانغا، ئاندىن كې-
يىن شۇ بويىچە ئىش كۆرگەنگە ھېچنەرسە يەتمەيدۇ. بۇنداق
بولغاندا، بىر - بىرىنىڭ ئارزۇ - قىزىقىشى ۋە نەپسى - خاھى-
شىنى ئورتاقلاشتۇرغىلى، قارشى تەرەپنىڭ ئوي - كويىنى چۈ-
شىنىپ، بىر - بىرىگە ئازار بېرىدىغان ئىشلاردىن ساقلانغىلى
بولىدۇ ھەمدە بىر ئورتاق ئادەت، ئەمەل - ئۆلچەم تۇرغۇزغىلى
بولىدۇ. بۇنداق ئۆلچەمنىڭ بولۇشى ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئىش-
ھەرىكىتىنى، ئوي - خىيالىنى تەرتىپكە سالىدۇ. قارشى تەرەپ
ياقتۇرىدىغان ئىشلار ئارقىلىق ئارىدىكى كۆيۈنۈشنى تېخىمۇ كۈ-
چەيتكىلى، ياقتۇرمايدىغان ئىشلار ئارقىلىق نىزادىن نېرى تۇر-
غىلى بولىدۇ. بىر - بىرىنى چۈشىنىش ئاساسىدىكى ھۆرمەت،
مۇئامىلە ۋە ئالاقە شۇبھىسىزكى، ھەر قانداق ئىشنى مۆلچەرلىگۈ-

سىز دەرىجىدە ئوڭاي، قولاي قىلىنىۋېتىدۇ. چۈشىنىشتىن ئورتاق تىل، تۇتاش دىل تېپىلىدۇ. بەختلىك ئائىلە دەل مۇشۇنداق تىل ـ دىلدىكى بىرلىك ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ.

تۆۋەندىكى بىر تەربىيەتلىك ئايالنىڭ ھۇجرىغا كىرىپ كەلگەن ئېرىگە ئېيتقان سۆزلىرى:

— جانابىم! مەن سىزنىڭ تەبىئىتىڭىز ۋە مىجەزىڭىزدىن بىخەۋەر بىر قىزمەن، ئېھتىمال سىزنىڭ ياقتۇرۇشىڭىزنى ۋە خۇش كۆرۈشىڭىزنى ماڭا ئېيتسىڭىز سىزنىڭ رازىلىقىڭىزغا قاراپ ئىش قىلىمەن، خىزمىتىڭىزدە بولىمەن. يەنە ياقتۇرمايدىغان نەرسىلىرىڭىزنى ھەم ئېيتسىڭىز، ئۇلاردىن ساقلىنىمەن، رەنجىشىڭىزنىڭ ئالدىنى ئالىمەن. سىز ھەم باشقا بىر ئايال بىلەن مەن ھەم باشقا بىر ئەر بىلەن تۇرمۇش قۇرۇشىمىز مۇمكىن ئىدى. لېكىن، تەقدىرنىڭ ھۆكۈمى شۇ ئىكەن، بىرگە ئائىلە قۇردۇق. بۇ ئىلاھى ئەمرنى يا لۇتفى ۋە كەرەم بىلەن قوبۇل قىلىش ياكى ھەقنىڭ بۇيرۇقىنى بىجىرىش. ئاللاتائالادىن ئىككىمىزنى ھەم مەغپىرەت قىلىشنى سورايمەن!

ھەر ئىككى تەرەپكە ئازادىلىك ۋە راھەتبەخش تۇيغۇ بېغىشلايدىغان مۇنداق گەپلەرنى سىزمۇ قىلالايسىز ھەمدە شۇ ئارقىلىق ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلالايسىز. شۇنداق قىلالىسىڭىز، جەزمەنكى بەخت بوسۇغىڭىزدىن داجىماي ياتىدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# 5. ئايال تەربىيىگە موھتاج

ئالدىنقى سەھىپىلىرىمىزدە قەيت قىلىپ ئۆتكەندەك، نىكاھ ئەر ـ ئايالنىڭ گىرىم، پەردىلىرىنى يىرتىپ تاشلايدۇ ـ دە، ئىككىيلەننىڭ ئەسلى تۇرمۇش قارىشى، ئادىتى، مىجەزى بىر ـ بىرىگە ئاشكارىلىنىدۇ. سىز بەلكىم ئۆزىڭىز ئويلىغاندەك، ئارزۇ قىلغاندەك خوتۇنغا ئېرىشكەنسىز ياكى ئالغىنىڭىز تەسەۋۋۇرىڭىزدىكىنىڭ ئەكسىچە بىر ئايال بولۇپ چىققاندۇ. نېمە ۋە قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر سىز ئۇنى بىر نەچچە يۈز ئەر ـ ئايالنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشى بىلەن ۋەدە ـ قەسەم بېرىپ ئۆز ئەمرىڭىزگە ئالدىڭىز. نىكاھ ئەر بىلەن ئايالنىڭ رازىلىق ئاساسىدىكى بىرگە ئۆي تۇتۇشقا بەرگەن ئەھدۇ ـ ۋەدىسى بولغان ئىكەن، ئەشۇ ۋەدىگە ۋاپا قىلىپ ھاياتنىڭ ئاخىرقى دەقىقىلىرىگە قەدەر بىرگە ياشىماق ئۈچۈن ئىجتىھات قىلماق لازىمدۇر. يەنى ئەرمۇ، ئايالمۇ ئۆزلىرىنىڭ كەمچىلىك تەرەپلىرىنى سەممىيلىك بىلەن تېپىپ چىقىپ تۈزىتىشكە، ئۆزلىرىنى ھەر تەرەپلىمە تەربىيىلەشكە تىرىشىشلىرى لازىمدۇر. بولۇپمۇ ئايال كىشىنى تويدىن كېيىنكى تەربىيىلەش، كەمچىلىك، ئاجىزلىقلىرىنى تولۇقلاشقا ھىممەت كۆرسىتىش ئەر بولغۇچى ئۈچۈن بەكلا مۇھىمدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاياللارغا ياخشى نەسىھەت قىلىڭلار» دەپ ھەممىمىزنى ئاگاھلاندۇرغان. بىزدە ئىنتايىن قوپال مۇنداق بىر ماقال بار: «خوتۇن ئالساڭ جالاپ ئال، ئوڭشۇۋېلىش ئۆزۈڭدىن» . بۇ سېنى جالاپ ئال دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى پەزىلەت-

سىز، بەدقىلىق، يامان خۇيلۇق ئايال بولسىمۇ، ئۇنى ياخشى يولغا يېتەكلەپ، سالىھ ئاياللاردىن قىلىش بىر ئەر بولغۇچىنىڭ جەزمەن قىلىشقا تېگىشلىك ئىشى دېگەنلىك. ئەگەر ئايالىڭىز كۆڭ چىققۇچە كېرىلىپ ئۇخلاۋېرىپ ئادەتلەنگەن بولسا، تويدىن كېيىن مۇنداق قىلىشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى، سەھەر تۇرۇشنىڭ سائادەت ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتسىڭىز ياكى سىز بالدۇر تۇرسىڭىز جەزمەنكى، ئۇ ئادەتلەنگەن بۇ يامان خۇيدىن ئۇزاققا قالمايلا قايتىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ سىز ياقتۇرمايدىغان چاكىنا دوستلىرى بولسا ئۇنىڭغا ئۇلاردىن ئاستا - ئاستا يىراقلىشىش كېرەكلىكە-نى، نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلىش كېرەكلىكىنى سەممىيلىك بىلەن ئەسكەرتىڭ. جەمئىيەتنىڭ مەنىۋى ئېكولوگىيىسىنىڭ بۇلغىنىشىغا ئەگىشىپ ھەررەڭ - سەررەڭ كىيىنىپ، ئالىپتە بويىنىۋالىدىغان، ئوقۇش بىلەنلا بولۇپ ئاياللىق مەزمۇناتتىن ئايرىلىپ قېلىۋاتقان، يەنى تاماق ئېتەلمەيدىغان، كىيىملەرگە ئوڭلاپ دەزمال سالالمايدىغان، تۇرمۇشتىكى ئەڭ ئەقەل-لىي ئەدەپ - ئەركانلارنىمۇ بىلمەيدىغان ئاتالمىش قىزلىرىمىز كۆپىيىپ كېتىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئەمدى ئۆز - ئۆزىگە، ئېرىگە، پەرزەنتلىرىگە (مەيلى بولسۇن - بولمىسۇن) ئائىلىسىگە، جەم-ئىيەتكە مەسئۇل بولۇش كېرەكلىكىنى، شۇڭا قانداق كىيىملەر-نى كىيىپ، قانداق كىيىملەرنى كىيمەسلىكى، يۈرۈش - تۇ-رۇش، گەپ - سۆزلەرگە قانداق ئەھمىيەت بېرىشى ھەققىدە بەزى كۆز قاراشلىرىڭىزنى ئېيتىپ قويۇڭ. مۇنداق دېگەنلىك، ئۇنىڭ ھەربىر قىلىق، ھەربىر ئىشىغا ئارىلىشىڭ دېگەنلىك ئەمەس. يېڭى توي قىلغانلار بۇ نۇقتىلارنى جەزمەن ئاز - تولا ئەسكەرتىپ قويۇشى كېرەك. بولمىسا، ئايال كىشى نېمە قىلسام بولۇۋېرىدى-غان ئوخشايدۇ، دەپ تاپتىن چىقىپ كېتىشى ئائىلىدىكى بىجىرى-

لىشى كېرەك بولغان ئىشلار جايىدا بېجىرىلمەسلىكى، بەدقى-
لىق، ئەخلاقسىز ھەرىكەتلەر بارا ـ بارا ئادەتكە ئايلىنىپ قېلىشى
ۋە سىزمۇ بۇلارغا كۆنۈپ قېلىشىڭىز، بىھايالىقنى، نۇقسانلارنى
ھار ئالمايدىغان بولۇپ قېلىشىڭىز، بۇ خىل ئەسكى ئادەت پەر-
زەنتلىرىڭىزگە قەدەر مىراس قېلىشى مۇمكىن. ئايال كىشى
تاماق ئېتەلمىسە ئېتىشنى ئۆگەنسۇن، بۇ قىلغىلى، ئۆگەنگىلى
بولمايدىغان ئىش ئەمەس. گەپ ئەرنىڭ ئۇنى شۇنداق قىلىشقا
قايىل قىلىش ـ قىلالماسلىقىدا. . .
ئاياللىڭىزنى تەربىيىلەڭ، ئۇنى ئېلىپ بولۇپلا تاشلاپ قويى-
ماڭ ياكى ئۇنىڭدىن قۇسۇرلا ئىزدىمەڭ، بەلكى بولمايدىغان يەر-
لىرىنى تۈزىتىشكە بۇيرۇڭ. ئاياللىڭىزنىڭ ياخشى ـ يامانلىقى،
سىزنى رازى قىلىش ـ قىلالماسلىقى تويدىن كېيىن ئۇنى تەربى-
يىلەش، ياخشىلاشقا كۆچىگەن ـ كۆچىمىگەنلىكىڭىز بىلەن زور
دەرىجىدە مۇناسىۋەتلىك.
بىر تەربىيەتلىك ئايال ئېرىنى قانداق كۈتۈشنى، ئېرىنىڭ
بەدقىلىق ئادەتلىرىگە قانداق تەنبىھ بېرىشنى، ئېرى بىلەن ھەم-
كارلىشىپ ئائىلىنىڭ يۈكىنى قانداق يېنىكلىتىشنى، قېيناتا ـ
قېيىنئانا، قولۇم ـ قوشنا، دوست ـ بۇرادەرلەر بىلەن قانداق
مۇئامىلە قىلىشنى، ئېرىنىڭ تايىنى يوق باردى ـ كەلدىلىرىنى
قانداق قىلىپ يوق قىلىشنى، پەرزەنتلەرگە قانداق مۇئامىلە قى-
لىش، ئۇلارنىڭ ساغلام، ئەقىللىق، ئەخلاقلىق، ئېتىقادلىق
چوڭ بولۇشى ئۈچۈن قانداق ئاساس سېلىش كېرەكلىكىنى بىلى-
دۇ. ئەگەر بىلمىسە ئۇنى ئۆگىنىش، ئەمەلىيەتتە سىناشقا تىرى-
شىدۇ. تەربىيەتلىك ئاياللارنىڭ كۆڭۈل قويۇپ تىزگىنلىشى،
تەشكىللىشى ۋە چېۋەر قوللىرى ئارقىلىق ياساپ ـ تارىشىدا ئەر
پاكىز، رەتلىك، ئىقتىسادچىل، تەلەپچان، قەتئىي زاتقا ئۆزگى-

www.uyghurkitap.com

ـرىدۇ. ئائىلىگە بەرىكەت ياغىدۇ. پەرزەنتلەر ئىللىق ئائىلە مېھـ
ـرى ئاستىدا ساغلام، جۇشقۇن چوڭ بولىدۇ. ئېرى بىلەنمۇ،
بالىلىرى بىلەنمۇ كارى يوق، گەپ ـ سۆز، يۇرۇش ـ تۇرۇشى
بىمەنە ئاياللارنىڭ ئېرى زەيپانە، ئۆيى ۋەيرانە، بالىسى سەرسانە
بولۇپ كېتىدۇ.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئىنتايىن توغرا ئېيتقان: «نەچچە مىڭـ
لىغان ئەرلەر يولدىن ئېزىپ، خوتۇنلار سەۋەبىدىن پەيلىرى ئۆـ
زۇلگەن؛ قانچىلىغان يۈزى يورۇق، ئابرۇيلۇق كىشىلەر خوتۇنلار
سەۋەبىدىن يەر بىلەن تەڭ بولغان؛ تۇمەنمىڭ مەشھۇر مەرد باتۇرـ
لارنى خوتۇنلار يەرگە تىرىك كۆمگەن». ۋەھالەنكى، ئاشۇ بەدنىـ
يەت، ئەخلاقسىز، جاھاننى بۇلغىغۇچى شەرمەندە ئاياللارنىڭمۇ
كەينىدە ئەر بار، ئۇنى بېشىدىن تارتىپ ئۆز ئىتائىتىگە ئالالمىـ
غان، تەربىيە قىلىپ بەد قىلىقلىرىنى تۈزىمىگەن، ھارام شاخلىـ
ـرىنى ئالمىغان، بولۇشىغا قويۇۋەتكەن، ئاتالمىش چەك ـ چېگرىـ
ـسى يوق ئەركىنلىكنى بەرگەن بوشاڭ ـ قاشاڭ ئەر بار. ئۇنىڭمۇ
ئالدىدا كىچىكلىكىدىن تارتىپ قىزىغا ئەخلاق ـ دىيانەت، شەرمـ
ھايا، ئىنساب ـ ئىتائەت ئۆگەتمىگەن يارامسىز دادا بار، ئۇنىڭ
قېشىدا ئاچا ـ سىڭىللىرىغا ۋە ئۇلارنىڭ يۇرۇش ـ تۇرۇشىغا
مەسئۇلىيەت نەزىرى بىلەن قاراپ قويۇشنىمۇ بىلمەيدىغان ئاتالـ
ـمىش ئاكا ـ ئۇكا، دېمەككى زاتى ـ پۇشتى ئەر بار. ياخشىلىق
ھەققىدە تەربىيە قىلىشنى بىلمىگەن ئەر جەزمەنكى يامانلىق ھەقـ
قىدە تەربىيە ـ ساۋاق ئالىدۇ. ئىتائەتكە كىرمىگەن، تەربىيىسىز
ئايال خوخا ـ تىكەنگە ئوخشايدۇ. ئاياللارنى تەربىيىسىز، پەرـ
ۋىشسىز، ئىلىمسىز تاشلاپ قويغان، ئەتىگەندە ئۆيدىن چىقىپ
كەچتە ئۆيگە كىرسىلا، بىلىكىگە ئېسىلىپ ـ سۆركىلىپ ماڭسىـ
لا، توغۇپ بەرسىلا، كىر ـ قېتىنى يۇيۇپ، تامىقىنى ئېتىپ

بەرسلا خوتۇنۇم بار دەپ ئولتۇرۇۋېرىدىغان، ئۇنىڭ ياخشى ـ يامان تەربىيىنى ئىدىتلاپ تۇرمىغان ئەر خوخا ـ تىكەندىن زەخىم يېمەي قالمايدۇ. مېۋىلىك دەرەخنىمۇ چاتاپ ـ پۇتاپ، پەرۋىشلەپ تۇرۇش كېرەك. ئايالىڭىزنىمۇ تەربىيىلەپ، ياخشى ئەمەللەرنى ئۆگىتىپ، دىلىنى، تىلىنى، دىنىنى، قېنىنى تازىلاپ تۇرۇڭ. تەربىيەتلىك ئايال ئەڭ ئاخىرىدا ئېرىنى سائادەتمەن قىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## 6. ئاياللىرىمىزنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتكە سەل قارىماڭ

بۇرادەر، تۇرمۇشلۇق بولغاندىن كېيىن ئاياللىرىمىز بىلەن ئۆزىمىز، ئۆز ئائىلىمىز بىلەن باشقا ئائىلىلەر، ئاياللىرىمىز بىلەن ئاتا ـ ئانىمىزنىڭ، شۇنداقلا ئۆزىمىز بىلەن قېيناتا ـ قېينانىلىرىمىزنىڭ مۇناسىۋىتىنى ماھىرلىق بىلەن بىر تەرەپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئائىلە ـ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر چەمبىرىكى ئۈستىگە قۇرۇلغاچقا، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى لايىقىدا ھەل قىلماي بولمايدۇ، شۇلارنىڭ ئىچىدە ئاياللىرىمىزنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەت سىز سەل قارىماي، ئەستايىدىل ھەل قىلىدىغان ئىشلارنىڭ بىرىدۇر.

قېيناتا ـ قېينانىمىز نەچچە يىل ئەتىۋارلاپ، جېنىدىن ئەزىزلەپ باققان قىزىنى سىزگە ئىشىنىپ ئامانەت قىلدى. ئۇنى كۆچىنىڭ بارىچە پەزىلەتلىك قىلىپ تەربىيىلەپ يېتىشتۈردى. سىزنىڭ نەزىرىڭىز چۈشكۈدەك چوڭ قىلغان ئىكەن، ئۇلارنىڭ مېھنىتىدىن ۋە ئاياللىرىمىزغا سىڭدۈرگەن ئەجرىدىن مەمنۇن بولمىقىڭىز لازىمدۇر ۋە ئۇلارغا تېگىشلىك ئىززەت ـ ئىكرام، ھۆرمەت بىلدۈرمىكىڭىز شەرتتۇر. شۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئاياللىرىمىزنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا نەزىرىڭىزنى ئاغدۇرۇپ قويۇڭ:

**1. ئۇلارنى ئۆزىڭىزنىڭ نىكاھتىكى سەممىيىتىڭىز ۋە تۇر-مۇشتىكى پەزىلىتىڭىز بىلەن خاتىرجەم قىلىڭ.**

كۆپ قىسىم ئاتا ـ ئانىلار قىزلىرىنى رازىلىق بىلەن ئەرگە بېرىدۇ، توينى خۇشاللىق، تەنتەنە بىلەن قىلىدۇ، ئەمما يەنىلا قىزىنىڭ يەنە بىر يېڭى، ناتونۇش ئائىلىدىكى تەقدىرىدىن ئەنسى-رەپ ئەندىشىدە قالىدۇ. ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بۇ خىل غەم يېيىش پسىخىكىسىنى توغرا چۈشىنىشكە بولىدۇ. شۇڭا ئەڭ ياخشىسى تويدىن كېيىن بىر مەزگىل ئۆتكۈچە پات ـ پات بېرىپ ئاياڭىز-نى ئۇلار بىلەن كۆرۈشتۈرۈپ تۇرۇڭ. بارغاندا ئىلاجىنىڭ بارىچە ئاز ـ تولا نەرسە كېرەك ئالغاچ بېرىشنى ئۇنۇتماڭ. ئۇلار بىرەر نەرسىگە ھاجەتمەن ئەمەس، ئەمما قىزىنىڭ ئېرى ئالغاچ كەلگەن بىر سىقىم گازىرمۇ ئۇلاردا خاتىرجەملىك، پەخىر ۋە ئىپتىخارلى-نىش تۇيغۇسى ئويغاتماي قالمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆيىدە ھەددىدىن زىيادە تارتىنىپمۇ كەتمەڭ، ئەمما بەك كېرىلىپ ئەدەپسىزلىك قىلىپمۇ سالماڭ. ھەربىر ھەرىكىتىڭىزدە ئۇلارغا بولغان ھۆر-مەتنى ئىپادىلەشنى ئۇنۇتماڭ. بۇ سىزنىڭ ئۇلاردا ياخشى تەسىر قالدۇرۇپ، نىكاھ مۇناسىۋىتىڭىزنى پۇختىلاشتا مۇھىم ئەھمى-يەتكە ئىگە.

**2. ئاياڭىزنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ھەر قانداق يامان گېپىنى قىلماڭ.**

ئاياڭىزنىڭ ئائىلىسى مەيلى نامرات ياكى باي بولسۇن، ئېسىل نەسەبلىك ياكى ئادەتتىكىلا بىر ئائىلە بولسۇن، ئىتتىپاق-سىز، جېدەل ـ ماجىراغا تولغان ئائىلە بولسۇن ياكى قىيىناتا-قېيىنانىلىرىڭىزنى ۋە ياكى ئاياڭىزنىڭ ھەر قانداق بىر قېرىندى-شىنى ياقتۇرۇڭ ـ ياقتۇرمايدىغان بولۇڭ. . . ئۇ ھامان ئاياڭ-ىزنىڭ نەسەب ـ نىشانىغا، غۇرۇرىغا، ئىززىتىگە مۇناسىۋەتلىك

www.uyghurkitap.com

ئىش. يەنە كېلىپ ھېچكىم ئۆز قان ـ قېرىنداشلىرى ھەققىدىكى يامان گەپنى ئاڭلاشنى خالىمايدۇ. مانا بۇ ئىنساننىڭ تەبىئىتى. شۇڭا ئەڭ ياخشىسى ئايالىڭىزغا ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ بولمايدىغان تەرەپلىرى توغرىلىق سۆز ئاچماڭ. ئۇ يوق يەردە بۇ ھەقتە تېخىمۇ گەپ قىلىپ سالماڭ. سۆزگە سولاق يوق. بىر كۈنلەر كېلىپ ئۇ گەپلەر كۆپۈپ ـ يوغىناپ ئايالىڭىزنىڭ قۇلىقىغا يېتىپلا قالسا بۇ ئاراڭلارغا ساقايماس نىزا سالىدۇ. يەنە كېلىپ غەيۋەت قىلىش ياخشى خىسلەت ئەمەس. مۇنداق سېسىق ئىللەتتىن نېرى تۇرغىنىڭىز ياخشى.

3. ئۇلاردىن پايدىلىنىمەن دېمەڭ.

سىز بەلكىم جورە تاللاشتىكى مال، مەنسەپ، چىراي، دىيانەتتىن ئىبارەت تۆت سۈپەتنىڭ مەلۇم بىرىنى تاللىغانسىز. ئەگەر سىز مەن ئېنىق، مەقسەتلىك ھالدا بۇلارنىڭ بىرىگە ئېسىلىۋالمىدىم دېسىڭىزمۇ يەنىلا بۇ خىل تۆت سۈپەتنىڭ بىرى قېيناتا ـ قېينانىڭىزدىن تېپىلىدۇ. مەيلى ئۇ باي، زەردار، مەنسەپدار بولسۇن ياكى ئىلىمدار بولسۇن. ئەڭ ياخشىسى ئۇلارنىڭ پۇلى، يۈزى، ھوقۇقى، ئىلمى بىلەن ئۆزىڭىزگە يۆلىنىدىغان تاغ تىكلىمەڭ. ئۇلار بىلەن ئەڭ ياخشىسى ھەر قانداق ئىقتىسادىي ئېلىم-بېرىم قىلماڭ. قېيناتا ـ كۈيئوغۇللار ئارىسىدىكى ئېلىم ـ بېرىم كۆپ ھاللاردا ئارىغا كۆڭۈلسىزلىك سېلىش بىلەن ئاخىرلىشىپ كەلگەن. ئاراڭلاردىكى ساغلام، ئۆدۈل مۇناسىۋەت قەرزدارلىق، ھەقدارلىق مۇناسىۋىتىگە ئالمىشىپ قالمىسۇن. ئېلىم- بېرىم مۇناسىۋىتى ئوڭايلا ئاراڭلاردا بېسىم، توساق تام شەكىللەندۈرۈپ قويىدۇ. ئۇلارنىڭ يۈز ئابرۇيى، ھوقۇقى ياكى ئىلمىنى دەستەك قىلىپ مەلۇم بىر ھاجىتىڭىزنى راۋا قىلىشنىڭ كويىدىلا بول-

ماك. بۇنداق قىلىسىڭىز ئۇلاردا سەمىمىيەتىڭىزگە، نىكاھلى-
نىشتىكى پوزىتسىيىڭىزگە قارىتا شۈبھە، گۇمان، ئىقتىدارىڭىز-
غا نىسبەتەن سوغۇق قاراش، قىزنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالىغا
نىسبەتەن شۈبھە تۇغۇلۇپ قالىدۇ. ئۇلارغا ئۆزىڭىزنى تايىنىش-
چان، ئاجىز، ئىش بېجىرەلمەس قىلىپ كۆرسىتىپ قويماڭ.
بولمىسا ئۇلار سىزدىن ئۈمىدسىزلىنىپ قېلىشى مۇمكىن.

**4. ئۇلارنى يوقلاپ تۇرۇڭ، ئەمما بەكلا تولا بېرىپ بىزار
قىلىپمۇ قويماڭ.**

بىزدە مۇنداق ئىككى خىل كۈيئوغۇللار كۆپ ئۇچرايدۇ:
بىرى خوتۇنىنى ئېلىۋالدىمۇ، ھېيت - بايراملاردىن باشقا چاغلاردا
قېيناتا - قېينانىلىرىنىڭ بوسۇغىسىدىن ئاتلاپمۇ قويمايدۇ. ئايا-
لى ئاتا - ئانىسىنى يوقلاپ كېلىمەن دېسىمۇ قولىقىغا مۇشت
بىلەن ئۇرغاندەك ئاڭلىنىپ، چىرايى تۇتۇلۇپ، دۈشمىنىنىڭ
قېشىغا ئۇزىتىپ قويغاندەك يالغۇز ئۇزىتىپ قويىدۇ، بارغىلى
ئۇنىمايدۇ. يەنە بەزىلەر قېيناتىسىنىڭ ئۆيىگە بەك تولا بېرىۋالى-
دۇ ۋە ھەتتا ئۇلارنىڭ ئۆيىدە تولا قونىدۇ...

بۇ ھەر ئىككى خىل ئەھۋال ئەرنىڭ ئۆزىگىمۇ، ئايالىنىڭ
يۈزىگىمۇ سەت، ئۇياتتۇر. كۈيئوغۇل كەلمىسە قېيناتا - قېينانا
بولغۇچىنىڭ جەزمەنكى كۆڭلىگە كېلىدۇ. بىرەر ئىشنى خاتا
قىلدۇقمىكىن دەپ ئۆزلىرىچە خۇدۇكسىرەشتە قالىدۇ ياكى قىزى-
نىڭ ئائىلىسىدىن غەم يەپ قالىدۇ. يەنە كېلىپ كۈيئوغۇل
بولغۇچىنىڭ ئايالىنىڭ شۇنچە يىل بېقىپ قاتارغا قېتىپ قويغان
قېيناتا - قېينانىسىنى يوقلاپ ھال سوراپ قويۇشى ئەقەللىي قەرز
ئىشتۇر. قېيناتىسىنىڭ ئۆيىگە تولا بېرىۋېلىش، بالا - چاقىسى-
نى ئۇلارنىڭ ئۆيىگە بەك تولا ئاپىرىپ قويۇش بولسا ئۇلارغا يۈك،
بېسىم پەيدا قىلىپ قويىدۇ. ھېچقانداق بىر ئاتا - ئانا بولغۇچى

كۆيئوغلى كەلسە پەرۋايى ـ پەلەك ھالدا ئۆز ئىشى بىلەن بەند بولالمايدۇ. ئۇنى كۈتۈش، ئۇنىڭ ئالدىدا ئەدەپ بىلەن ئولتۇرۇش، ئۇنى قورۇندۇرۇپ قويماسلىقتا بار كۈچى بىلەن تىرىشىدۇ. كۆيئوغلىنىڭ ھەدېسىلا ئىشىكىدە پەيدا بولۇشى ۋە ھەتتا قونۇپ قېلىشلىرى ئۇلارنىڭ قېرىلىق، ئاجىزلىق يەتكەن، ئازادە، ئارامخۇدا دەم ئېلىشى كېرەك بولغان تۇرمۇشىنى جىددىيلەشتۈرۈۋېتىدۇ. ھەتتا كۆيئوغلىدىن بىزار بولۇشىمۇ كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇڭا دىققەت قىلىڭ، ئۇلارنى پۈتۈنلەي تاشلىۋەتمەڭ. شۇنداقلا كۆزىگە، ئارقىسىغىمۇ كىرىۋالماڭ. كېلىشىمۇ، كېتىشىمۇ، تۇرۇشىمۇ نورمال بولغىنى ئەڭ ياخشى.

## 7. يول قويۇق، ئەمما چىكىدە بولسۇن

ئادەمدە ئۆزلۈك، شەخسىيەتچىلىك ئىككى بىر قەدەر كۈچلۈك بولىدۇ. 20 ياشلار ئەتراپىدىكى ۋە ئۇنىڭدىن ھالقىغان بىر ئادەمدە ئوقۇش، خىزمەت قىلىش، جەمئىيەت بىلەن ئۇچرىشىش جەريانىدا ئۆز كۆڭلى، خاھىشى بويىچە ئىش قىلىش ئادىتى تېخىمۇ كۈچلۈك بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىجتىمائىيلىشىش دەرىجىسى كۈنساناپ كۈچىيىپ بېرىۋاتقان جەمئىيەت كىشىلەردىن مۇستەقىل پىكىر يۈرگۈزۈپ، قەتئىي، ئۆزۈمچىل بولۇشنى كۈچلۈك تەلەپ قىلىدى. بۇنىڭغا قېتىلىپ كەلگەن ئەر - ئاياللار باراۋەرلىكى، ئاياللار ئازادلىقى ھەرىكىتىنىڭ شۇئار - چۇقانلىرى ئاياللارنى تېخىمۇ روھلاندۇردى - دە، ئۇلاردا ئامالىنىڭ بارىچە ئەركىن، دەخلىسىز تاللاش، تۇرمۇشتا خالىغىنىنى، ئۆز ھېسسىياتىغا ياققىنىنى قىلىشنى ئەۋزەل بىلىدىغان خاھىش ئومۇميۈزلۈك باش كۆتۈردى.

قەدىرلىك بۇرادەر، سىزنىڭ ئايالىڭىزمۇ مۇشۇ دولقۇندا ئۆسۈپ يېتىلدى. بالىلىرىڭىزمۇ مۇشۇ دولقۇندا تۇغۇلدى ياكى تۇغۇلىدۇ. دېمەك، «ئەركىن تاللاش» ھەممىمىزنىڭ قۇلاق - مېڭىمىزگە توختاۋسىز تەسىر كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. ئايالىڭىز، بالىڭىز ھەتتا سىزمۇ بۇ خىل تاللاشقا مايىل بولۇپ قالغانسىز ياكى قالىدىغانسىز. ئەمما، ھەممىلا نەرسىنى ئەركىن تاللاۋېرەمدۇق؟ تۇرمۇشتا راستىنلا نېمىنى خالىساق شۇنى قىلىۋېرەم-

دۇق؟ تاللاشلا بولۇپ شاللاش بولمىسا، يول قويۇشلا بولۇپ چەكلەش بولمىسا، قويۇۋېتىشلا بولۇپ تىزگىنلەش بولمىسا، شۈبھىسىزكى بۇ ياخشىلىقنىڭ بېشارىتى ئەمەس. ھاياتتا بۇزغىلى بولمايدىغان تەڭشەك بار. تاياقنىڭمۇ ئىككى ئۇچى بار، ھەر قانداق ئىشنىڭمۇ ئېچىلىدىغان - يېپىلىدىغان، تاللايدىغان - شاللايدىغان، بارىدىغان - يانىدىغان، ئالىدىغان - قويىدىغان تەرەپلىرى بولىدۇ. ھەر قانداق نەرسىنىڭ مەلۇم تەرىپىنىلا كۆ-چەپ تەكىتلەش نادامەتكە ئېلىپ بارىدۇ.

ئەر - ئايال ئائىلە مۇناسىۋىتىدىمۇ دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك تەڭشەك بار.

ئايالىڭىزنىڭ خاھىشى، ئارزۇسىغا ھۆرمەت قىلىڭ، يول قويۇڭ. ئەمما، دىققەت قىلىڭ، ئۇ چېكىدىن ئېشىپ كەتمىسۇن. يەنى ئۇ دوستلار يىغىلىشىغا بېرىشى مۇمكىن. ئەمما دىققەت قىلىڭ، ئۇ غەيۋەتخور، ھاراقكەش، چاپىنىڭ، ئۇلتۇرۇشنىڭ كەينىدىنلا سوكۇلدايدىغان، ئائىلىنى، ئەرنى، بالىنى ئوڭايلا ئەستىن چىقىرىپ قويىدىغان پەسەندى خوتۇنلارغا ئايلىنىپ قالمى-سۇن. دوستلىرى بولسۇن، ئەمما چەكلەڭ. زىيانى ئەمەس رىيا-نى، زىنانى، ياسىنىش - تارىنىش، ئويۇن - كۈلكىنىلا ئۆزگىتى-دىغان، ئۇنىڭ روھىيىتىنى ئەرزىمەس ئالدىراشچىلىقلار بىلەن قۇرغاقلاشتۇرۇۋېتىدىغان مودا سۆپەت گىرىم مودىللىرى ئۇنىڭ ئەتراپىنى بىر ئالمىسۇن. شۇنداقلا بولۇپ قالسا ئۇ ئەتىدىن - كەچكىچە كوچىمۇ - كوچا قاتراپ يۈرىدىغان ۋە يەنە توختىماي ۋاتىلداپ سەپسەتە ساتىدىغان يىرگىنىشلىك ئازغۇنغا ئايلىنىپ قالىدۇ ۋە ھەتتا سىزنىمۇ قايدۇرۇۋېتىدۇ، كەينىگە سىلىپ سو-كۇلدىتىپ مەنىسىز ئىشلارنىڭ جاڭگىلىدا تالان - تاراج، خاراب

قىلىۋېتىدۇ. ئايالىڭىزنى ياسىنىش - تارىنىشقا، چىرايلىق كى-
يىنىشكە يول قويۇڭ. ئەمما چەكلەشنى ئۇنتۇماڭ. بۈگۈن كالتە
يەڭ كۆينەك كىيگەن ئايالىڭىز ئەتە يوتا - كىندىكلىرىنى ئې-
چىپ، لىپتىك - باغىرداقلىرى كۆرۈنۈپ قالغۇدەك نېپىز بىر
نېمىلەرنى كىيىپ ئالدىڭىزدا پەيدا بولۇپ ئىمانىڭىزنى كەربالاغا
ئۇچرىتىشى مۇمكىن. ئايالىڭىزنىڭ يەنە بىر ئەر بىلەن تەپتارتى-
ماي قۇچاقلىشىپ تانسا ئوينىشىغا ھېجىيىپ قاراپ ئولتۇرىسى-
ڭىز، ئۇ ئەتە قوپۇپ يەنە بىرىنىڭ قۇچىقىدىن يالىڭاچ چىقىشى
مۇمكىن. بالىڭىزنىڭ سەت تىللار بىلەن ئادەم تىللىشىغا كۈلۈپ
قويسىڭىز ئەتە قوپۇپ ئۇ سىزنىمۇ ئەڭ قەبىھ سۆزلەر بىلەن
ھاقارەتلىشى ۋە سىزنى قىلچە كۆزگە ئىلماسلىقى، ئېغىزى ئەۋ-
رەز كاتىكىگە ئوخشاپ قېلىنىشى مۇمكىن. قىزىڭىزنىڭ قانداقلا
يۈرۈشى بىلەن كارىڭىز بولمىسا، ئەتە - ئۆگۈن ئۇنىڭ بار -
يوقلۇقى، نەدىلىكىنى بىلەي دەپمۇ بىلەلمەسلىكىڭىز، بىلسىڭىز-
مۇ «ئىستەي» دەپ كاللا تۇتىشىڭىز مۇمكىن. . .

ئەر - خوتۇنچىلىق تۇرمۇشىدىمۇ، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت-
لەردىمۇ، پەرزەنت تەربىيىسىدىمۇ ھەممىلا ئىشقا يول قويۇۋەر-
مەڭ. دەسلىپىدىلا ھە مەيلىلا دەپ ئازراقلا يول قويدىڭىزمۇ، ئۇ
ھەر قانداق بىمەنە ئىشنىمۇ قىلىشىم ھەق، توغرا دەپ قارايدىغان
بولۇپ قالىدۇ - دە، بارغانسېرى ھەددىدىن ئېشىپ ئۆزلىرىنىڭ
ناتوغرا، بەد ئەخلاق قىلىقلىرىنى ئەقلىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈ-
زۈپ، سەپسەتە، پەتىۋالار بىلەن ئوراپ سىزنىمۇ شۇنداق بولۇش-
قا، شۇ ئىشلارنى ھەق دەپ تونۇشقا مەجبۇر قىلىدۇ. سىزنى
ئېغىر باش قېتىنچىلىقىغا، ئەقەللىي ئەدەپ - ئەركانىنى دەپسەندە
قىلىشقا سۆرەيدۇ. سىزنىڭ تۇرمۇشقا قويغان ئۆلچەملىرىڭىزنى

بۇزۇشقا، سىزنىمۇ ھەممىلا نەرسىنى بايقىماي قوبۇل قىلىۋېرىدى- غان نا جىنىسلىققا سۆرەيدۇ. ئېنىقكى بۇ، ساغلام ئاڭنىڭ، مۇكەممەل ئەخلاقنىڭ، مۇستەھكەم ئائىلىنىڭ، پۈتۈن جەمئىيەت- نىڭ ئاستا - ئاستا كاردىن چىقىرىشىنى تېزلىتىدۇ. شۇڭا دەي- مىزكى، ھەممىلا ئىشقا يول قويۇۋەرمەڭ. چەكلەشنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالماڭ. چەكلەش دەل تېخىمۇ ئىززەتلىك، ھۆرمەتلىك، پاكىز، ئەركىن ياشاش ئۈچۈندۇر.

## 8. نىكاھ ھايا پەردىلىرىنىمۇ يىرتىۋەتمىسۇن

مەۋلانە ھۇسەيىن ۋائىن كاشفى ھەزرەتلىرى ھايانىڭ مەند-
سىنى يامان ئىشلاردىن ئۆزىنى تارتىش دەپ ئىزاھلايدۇ. بۇخارى
رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ «ھايا
بەندە ئۈچۈن ھەممە ياخشىلىقلارنى ئېلىپ كېلىدۇ» دېگەنلىكى
بايان قىلىنغان. ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا بولسا: «ھايا ئىنساننىڭ
ئەبەدىي گۈزەللىكى ۋە لاتاپىتىدۇر. ھاياسىز كىشى جەسەتكە
ئوخشايدۇ» دەيدۇ. دېمەككى، ئەجدادلىرىمىز ھايانى مۇقەددەس
بىلگەن، ئۇنى ئەتىۋارلىغان. ئۇنداقتا بىر ئائىلىدە، ئەر بىلەن
ئوتتۇرىسىدا ھايا ۋە ھاياسىزلىقتا ياتىدىغان قانداق مەزمۇنلار
بولىدۇ. بۇنىڭغا قانداق رىئايە قىلماق كېرەك؟

ھايا بىر - بىرىدىن نومۇس قىلىش، ئەيىبلىرىنى يۆگەش،
ئەيىبى ئېچىلىپ قالغاندىكى خىجالەت ۋە گۇناھ ئىزا تۇيغۇلىرىنى
كۆرسىتىدۇ. نىكاھ ھارامنى ھالال قىلغۇچى مۇقەددەس ئۆتۈ-
شۈش بولغانلىقى ئۈچۈن نۇرغۇن كىشى نىكاھلانغان ئەر - خوتۇن-
لارنىڭ بىر - بىرىدىن ئۇنچىۋالا ھايا قىلىپ، تارتىنىپ كېتىش-
نىڭ ھاجىتى يوق، دەپ قارايدۇ. ئەمما ئۇنتۇماسلىقى كېرەك-
كى: «ئەگەر شەرم سۈپىتى بولمىسا، كىشى بىر - بىرىدىن
ئۇيالمىسا، خەلق ئارىسىدا ياخشى قائىدە - يوسۇنلار يوقىلىپ،
ھەممە ئىنسانلارغا زەرەر يېتىدۇ. ئادەملەر بىر - بىرى ھەققىدە
ئىشەنچ ۋە دىيانەت ساقلىمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. ياخشى خۇي

www.uyghurkitap.com

ئەخلاق مېۋىسى هايا سۈيىدىن تەربىيەت تاپمىسا، ئۇ لەززەت
بەرمەيدۇ»[①] ئەر بىلەن خوتۇن ۋە ئائىلە ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدىكى
هايا مەزمۇنلىرىنى تۆۋەندىكىچە بايان قىلىش مۇمكىندۇر.

1. قوپال، هاياسىز، سەت گەپ ـ سۆزلەرنى ئىشلەتمەك.
خوتۇنىڭىز بىلەن ئارىڭىزدا پەردىشەپ قالسۇن. نومۇسلۇق سۆز،
پاراڭ تېمىلىرى ئوتتۇراڭلاردىكى ئىزگۈ هۆرمەتنى يوق قىلىۋەت-
مىسۇن. ئەر ـ خوتۇنلار بىر ـ بىرىدىن ئاز ـ تولا تارتىنغىنى
ياخشى. بولمىسا بىر ـ بىرىڭلارنى كۆزگە ئىلمايدىغان بولۇپ
قالىسىلەر.

2. ئايالىڭىزنىڭ ئۇياتلىق يەرلىرىگە قارىماڭ. ئۇياتلىق
يەرلەرنىڭ يۆگىلىپ ساقلىنىشىغا پۈتمەس ـ تۈگىمەس هېكمەت
مۇجەسسەم. ئەر بىلەن ئايالنىڭ ئوتتۇرىسىدا قەتئىي بۇزۇلماس
مەلۇم ئارىلىق قالسۇن. نىكاھ يات تەنلەرنى جۈپلىشىش ئىمكانى-
يىتىگە ئىگە قىلىپ، قەلبلەرنىڭ رىشتىسىنى چەمبەرچەس باغلى-
سىمۇ، هالقىپ ئۆتۈشكە ئەسلا بولمايدىغان هايالىق تېما ـ جاي-
لارنىڭ شۇ پېتى قېپقالغىنى ياخشى. ئايالنىڭ هاياسى بەكلا
قىممەتلىك. ئۇنىڭغا خالىغانچە كۆز يۈگۈرتۈش ئايالنىڭ ئىززى-
تى، قىممىتى، هۆرمىتىگە هۇجۇم قىلغانلىق بىلەن باراۋەر.
«مەيلى روهىي جەهەتتىن بولامدۇ ياكى بوشلۇق جەهەتتىن بولام-
دۇ، ئادەم بىلەن ئادەم ئارىسىدا مەلۇم ئارىلىق بولۇشى كېرەك.
شۇ ئارىلىق هۆرمەت قىلىنغاندىلا، ئاندىن بىر ئىنساننىڭ شەخ-
سىيىتى قوغدالغان بولىدۇ»[②]

3. تېنىڭىزنى يۆگەڭ. مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينە-

---

① مەۋلانە هۇسەيىن ۋائىز كاشىفى.
② ئابدۇقادىر جالالىدىن.

زەر ئۆي ئىچىدە بەك تار ئىچ كىيىملەر بىلەن ياكى يالىڭاچ ھالدا مېڭىپ يۈرمەك. بالىلىرىڭىز بولسا ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئىچ كىيىم-لەر بىلەن تېخىمۇ يۈرمەك، ئۇخلىغاندا يالىڭاچ ياتماق.

4. كوچىلاردا خوتۇنىڭىزنى قولتۇقلاپ ياكى ئۇنىڭ قولىنى سىقىمداپ ماڭماق. يېقىنچىلىق خىلۋەتتە، ئەلنىڭ كۆزىدىن چەتتە بولغىنى ياخشى. ئۇنى چىڭگىدە قولتۇقلىۋالمىسىڭىزمۇ ياكى يېتىلىۋالمىسىڭىزمۇ بولۇۋېرىدۇ. ئۇ بەلكىم قېچىپ كېتىد-ىغان ياۋا ئات ئەمەستۇ؟ قوچاقلىشىپ، قولتۇقلىشىپ مېڭىپ خەقلەرنىڭ ھاۋاسىنى نەپسىنى قوزغىماق، كىچىكلەرنىڭ دىلىنى بۇلغىماق.

5. مەيلى قانداق ئەھۋالدا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، تېلېۋىد-زوردا سۆيۈشۈش، يېقىنچىلىق مۇناسىۋەتلىك كۆرۈنۈشلەر چى-قىپلا قالسا، قانال ئالماشتۇرۇۋېتىك ياكى قوپۇپ كېتىك. ئىلا-جىنىڭ بارىچە بالىلىرىڭىز بىلەن ئولتۇرۇپ تېلېۋىزور كۆرمەك.

6. چوڭلارنىڭ، كىچىكلەرنىڭ ئالدىدا ئاياللىرىڭىزغا مەنە ئا-رىلاش چاقچاق قىلماق، سۈركىلىپ يۈرمەك.

7. يېقىنچىلىقتىن كېيىن پاكلانماي تۇرۇپ ئۇخلىماق.

8. توي قىلىپ بولدۇم، يۈزۈم ئېچىلدى دەپ خىزمەتداش-لىرىڭىزغا، دوستلىرىڭىزغا ئەر - ئايال ئوتتۇرىسىدىكى مەخپىي ئىشلارنى لاۋزۇلارچە ھېكايە قىلىپ بېرىپ يۈرمەك.

9. يات ئاياللارغا ياكى خىزمەتداشلىرىڭىزغا چەكتىن ئاش-قان، ھاياسىز چاقچاقلارنى قىلماق.

10. ئاياللىرىڭىزنى يەنىلا بۇرۇنقىدەك ئاۋايلاپ، ئىززەتلەك. تويدىن كېيىنلا ئۇنىڭغا قوپاللىق، مۇغەمبەرلىك بىلەن بۇيرۇق-ۋازلىق، كۆرەڭلىك قىلماق. ئۇنىڭ ئىززىتىنى، شەخسىيىتىنى

www.uyghurkitap.com

تويدىن ئاۋۋالقىدەكلا قەدىرلەڭ.

نىكاھ ھايا پەردىلىرىنى تېخىمۇ چىڭىتسا چىڭىتسۇنكى، ھەرگىز يىرتىۋەتمىسۇن. ئايالنى ھايالىقى، ئەخلاقلىقلىقى ۋە ھەقىقىي پەزىلىتى بىلەن تەپتارتقۇزالىغان ئەرلەر ئايالنى ھەقى-قىي ئىتائىتىگە ئېلىپ تىزگىنلىيەلەيدۇ. ھايا دەرىخىنىڭ ئالتۇن شاخلىرى سۇنسا يەنى ئەر بىلەن ئايال ئوتتۇرىسىدا تەپتارتىدىغان، ھېيىقىدىغان، بىر - بىرىنى ئۇيالدۇرىدىغان ھېچقانداق ئىش، ھېچقانداق جاي قالمىسا، شۈبھىسىزكى، ئەرنىڭ ئايالغا بولغان ھۆرمىتى، قىزىقىشى ۋە مۇھەببىتى شىددەت بىلەن تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. ئايالنىڭ جەلپكارلىقى، نازاكىتىنىڭ سېھرىي كۈچى ناھايىتى تېزلا غايىب بولىدۇ - دە، نىكاھتىكى قىممەت يوقىلىشقا قاراپ ماڭىدۇ. ھايا يوقىسا ئەر - ئايالنى، ئايال ئەرنى كۆزگە ئىلمايدىغان، مەنسىتمەيدىغان ھال شەكىللىنىدۇ. بىر - بىرىگە بولغان قىزىقىش، مۇھەببەت، ھۆرمەت يوقىغان جايدىن نىكاھ-نىڭ سائادىتى تۆت پۇتلاپ قاچىدۇ. شۇڭا دەيمەنكى، تويدىن كېيىنمۇ ئايالىڭىز بىلەن مۇئەييەن ھايا پەردىسى ساقلاپ قويۇڭ. ھايا پەردىسى ئەر - خوتۇننىڭ نىزاسىغا دالدا بولىدۇ.

ھەقىقەتەنمۇ، ھەدىسلەردە بايان قىلىنغاندەك، ھايا دەرەخلى-رىنىڭ شېخى بۇ ئالەمگە ساڭگىلاپ تۇرسىمۇ، يىلتىزى جەننەتتى-دۇر.

# 9. خىزمەت بىلەن ئائىلىنى مۇۋاپىق ماسلاشتۇرۇش

كىشىلەر ئەرلەر خىزمەت بىلەن ئائىلىگە بولغان پوزىتسىيە جەھەتتە خىزمەتكە بەكرەك جىددىي، ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىدۇ دېيىشىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ ئىنساننىڭ بىئولوگىيىلىك، فىزىئو-لوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى جەھەتتىن قارىغاندا، ئەر كىشى خىز-مەتنىڭ، ئەمگەكنىڭ، جاپانىڭ نامزاتى قىلىپ يارىتىلغان. ئايال-لار ئېغىر، جاپالىق تالانىڭ كارى بىلەن بولۇپ كەتكەندە، ئۇلار-دىكى ئاياللىق نازاكەت ۋە سۈلكەت ئوڭايلا كاردىن چىقىپ كېتى-دۇ. ئەمما خىزمەت، ئىش ـ ئەمگەك ئەرنىڭ روھىنى چېنىقتۇ-رۇپ، تېنىنى مۇستەھكەملەپ، ئۇنى ھەر جەھەتتىن تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرىدۇ. ئائىلىنى قوغداش، قامداش، ئائىلە ئەزا-لىرىنى بېقىشنى ھەق ئالدىدا ۋەدە قىلىپ زىممىسىگە ئالغان ئەر شۈبھىسىزكى، ئائىلە ئەزالىرىغا خاتىرجەملىك، بەختەرلىك تۇي-غۇسى ئاتا قىلىش ئۈچۈن جان تىكىپ ئىشلىمىسە، كۈرەش قىلمىسا، ئېغىر يۈكلەرنى زىممىسىگە ئالمىسا بولمايدۇ. بىز شۇنىڭغا شەكسىز ئىشىنىمىزكى، خىزمەت، سودا، ئەمگەكتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىغان ئەرنىڭ ئائىلىدە بەختلىك بولالىشىمۇ ناتايىن. ئەرنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ خىزمەت قىلىشى ماھىيەتتە ئائىلە ئۈچۈن تۆلىنىۋاتقان بەدەلدۇر. ئەمما ئەر بولغۇ-چى خىزمەت بىلەن ئائىلىنى مۇۋاپىق ماسلاشتۇرۇشنى بىلىشى، بىر تەرەپكە ھەددىدىن زىيادە ئېغىپ كېتىشتىن ساقلىنىشى كې-

www.uyghurkitap.com

رەك. بۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا ھەرگىز سەل قارىمىغىنى تۈزۈك:

1. خىزمەتكە رەتسىز، چاچلىرىڭىز قالايمىقان، تولا كېچىكىپ بارماڭ. بۇ سىزنىڭ خىزمەت ئۈنۈمىڭىزگىمۇ، باشقىلارغا بېرىدىغان تەسىرىڭىزگىمۇ، ئائىلىڭىزنىڭ ئوبرازىغىمۇ يامان تەسىر ئېلىپ كېلىدۇ.

2. ئۆيدىكى ئارازلىشىش ياكى جېدەل - ماجىرانىڭ بېسىمىنى خىزمەتكە سۆرەپ بارماڭ.

3. خىزمەتتىكى ھەر قانداق ئوڭۇشسىزلىق، كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ياكى سىرتلاردا يۈز بەرگەن ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى يېپىدىن - يىڭنىسىغىچە ئۆيدىكىلەرگە سۆزلەپ بېرىپ يۈرمەڭ.

4. خىزمەت بىلەنلا بولۇپ كېتىپ ئائىلىڭىزنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپلا كەتمەڭ. ئۆيگە لازىمەتلىك نەرسىلەردىن نېمە بار، نېمە يوق، يەنە نېمىلەر لازىم بۇنى سۈرۈشتۈرۈپ تۇرۇڭ.

5. سىرتلارغا ماڭغاندا ياكى كەلگەندە ئۆيدە قالغان ئائىلىڭىزغا مېھرىبانلىق قىلىپ قويۇڭ. ئۇ سىزنى كۈتۈپ تۇرۇپ ئۇزىتىپ قويىدىغان، سىزگە ئاق يول تىلەيدىغان بولسۇن.

6. خىزمەتتىن قايتقاندا، بالىلىرىڭىزغا ئاز - تولا نەرسە ئالغاچ كېلىڭ ۋە ئۇلار بىلەن ئويناڭ. ئەمما نەرسە ئالغاچ كېلىشىڭىز كۈندىلىك ئادەتكە ئايلىنىپ قالمىسۇن، بولمىسا ئۇلارنى يامان ئۆگىتىپ قويىسىز. بالىلىرىڭىزنىڭ تاپشۇرۇق ئىشلىشىگە، دوستلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە دىققەت قىلىپ قويۇڭ.

7. ئائىلىڭىز ئاغرىپ يېتىپ قالغان مەزگىللەردىمۇ «خىزمەت جىددىي ئىدى» دەپلا قۇيرۇقىڭىزنى قىسىپ قاچماڭ. كېسەل يىقىتقان ئادەم ئىنتايىن نازۇك، پەيلەشكە، كۆيۈنۈشكە

موھتاج كېلىدۇ. بىرەر كۈن، بىرەر سائەت رۇخسەت سوراپ ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇشىڭىز، تامىقىدىن خەۋەر ئېلىشىڭىز، بەل-كىم ئۇنى ئالەمچە مىننەتدار قىلىۋېتىشى مۇمكىن ۋە سىزگە بولغان سەممىمىي ئىتائىتى، خىزمىتىڭىزنى قوللاش دەرىجىسى تېخىمۇ ئۆسۈشى مۇمكىن.

8. خىزمەت بىلەنلا بولۇپ كېتىپ قولۇم - قوشنىلار، ئەل- جامائەتنى تاشلىۋەتمەڭ. خىزمەت سىزگە يىغىپ ئەكەلگەندە پۇل، مۇۋەپپەقىيەت، تىرىكچىلىك بېرىدۇ. ئەمما قولۇم - قوش-نا، ئەھلە - مەھەللە سىزگە ھېچقانداق يەردىن قايتا تېپىش مۇمكىن بولمايدىغان ئۈملۈك، قوۋم مېھرى ۋە مەھەللىۋى بىر-لىك تۇيغۇسى بېرىدۇ. مەھەللىۋى بىرلىكسىز مىللىي بىرلىك ئەمەلگە ئاشمايدۇ. يەنە كېلىپ ئۇلار سىزگە دۇنيانىڭ مېھرىنى، ئىنسانىنىڭ غەرەزدىن خالىي تۇپ ماھىيىتىنى سوۋغا قىلغۇچىلار-دۇر. يىقىلغاندا يۆلەيدىغان، كېرىلگەندە تەنبىھلەيدىغان، ئۆلگەن-دە جىنازىڭىزنى كۆتۈرىدىغان بۇ كىشىلەرگە ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە، خىزمەت، سودا، تۇرمۇش ئەھۋاللىرىدىكى ئۆزگىرىشلەرگە كۆ-ڭۈل بۆلۈپ قويۇڭ. بۇ يۈزىڭىزنى تېخىمۇ يورۇق قىلىدۇ.

9. ۋاقىت چىقىرىپ ئايالىڭىز، باللىرىڭىزنى ئېلىپ سەيلە قىلىپ، كۆڭۈل ئېچىپ كېلىڭ ياكى سىرتلارغا چىقىپ بىرگە تاماق يەڭ، يېقىن دوستلىرىڭىزنىڭ ئۆيىگە بېرىڭ. باللىرىڭىز ئائىلە مېھرىگە تويۇنۇپ ياشىسۇن. ئايالىڭىزمۇ سىزدىن غۇرۇرلا-نسۇن، شادلانسۇن.

10. خىزمەت ۋاقتىدا ئائىلىڭىزنىڭ، خوتۇنىڭىزنىڭ گېپىد-نى كۆپ قىلماڭ. تېلېفون بېرىش، كۆرۈشۈش زۆرۈر بولغان تەقدىردىمۇ خالىيراق جايدا بولسۇن.

## 10. خوتۇن دېگەننى كۈنلىگۈلۈك

بىزدە كۈنلەمچىلىكنى ھار ئالىدىغان، كۈنلەشنى ئىشەنمەسلىك دەپ چۈشىنىۋالىدىغان ئادەت بار. كۈنلەش ماھىيەتتە ئۆزى ياخشى كۆرگەن ياكى ئىگىدارچىلىق قىلىۋاتقان مەلۇم بىرىنى يەنە بىر يات كۆزدىن قىزغىنىش بولۇپ، ئۇ ئىشەنمەسلىكنى ئەمەس، پاكلىقنى قوغداش، ھايا ۋە شەرمىنىڭ ئىززىتىنى كاپالەتلەندۈرۈشنى ئاساس قىلىدۇ. كۈنلەمچىلىكنىڭ تېگى ئىشەنمەسلىككە ئەمەس، بەلكى ھەددىدىن زىيادە ياخشى كۆرۈش، سۆيۈش، يالغۇز ئىگىلەش تۇيغۇسىغا تۇتىشىدۇ. ئەگەر نىكاھ يالغۇز ئىگىلەش، ئەر - خوتۇننىڭ بىر - بىرىدىن يالغۇز بەھرىلىنىشىنى ئاساس قىلمىسا، نىكاھتا ھېسسىيات، مۇھەببەتنىڭ چىچىلىشى ۋە سۇسلىشىشى كۆرۈلۈپ، بىر - بىرىدىن يالتىيىپ قالىدىغان ھاللار سادىر بولىدۇ. بىر چاغلاردا «كۈنلەمچىلىك كۈن ئەمەس» دەيدىغان ناخشىلارمۇ پەيدا بولغان. بىز بۇنىڭغا مىيىقىمىزدا كۈلۈپ قويغۇچىلارمىز. گەرچە ئۇ خوتۇنغا ئىشەنمەسلىك ۋە ھەتتا ھەددىدىن زىيادە تىزگىنلەش، گۇمانخورلۇققا، نىسبەتەن ئېيتىلغان ناخشا بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئومۇمىي ئۇدارىغا نىسبەتەن سەلپەل تەنقىدىي مۇئامىلىدە بولۇشنىڭ زىيىنى يوق.

بۇرادەر، ئايالىڭىز مەيلى خىزمەتدىشى بولسۇن ياكى بۇرۇنقى ساۋاقداشلىرى بولسۇن ۋە ياكى سودا مۇناسىۋەتلىرىدە بولسۇن يات بىر ئەر بىلەن بىرگە يۈرسە سىزدە ئازراقمۇ قىزغىنىش، كۈنلەش كەيپىياتى پەيدا بولمىسا بۇنى نېمە دېگۈلۈك؟ ئەجەبا،

مۇنەۋۋەر، لاياقەتلىك، ياخشى بىر ئەر خوتۇنىنىڭ يەنە بىر ئەر بىلەن بولغان ئەركىن باردى-كەلدىسىگە ئارىلاشماسلىقى، توغرا چۈشىنىشى كېرەكمۇ؟ بەزىلەر بۇ خىل مۇناسىۋەتنىڭ يۈز بېرىش مۇقەررەرلىكىگە زامان، دەۋرنىڭ ئۆزگىرىشى، تۈرلۈك ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى باھانە - سەۋەب قىلىدۇ. ئەمما ئۇنتۇماسلىق كېرەككى، ئۆز ئېرىگە ۋە ھاياسىغا بولغان ساداقىتى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان بىر ئايال ھەرگىزمۇ يەنە بىر يات جىنس بىلەن بىرگە يۈرمەيدۇ، ئۇچراشمايدۇ. ھەدىسلەردە بىر يات ئايال بىلەن يات ئەر بىرىگە تۇرغاندا ئۇلارنىڭ قېشىدا شەيتانمۇ بىرگە ھازىر بولىدىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ. سالىھ ئايال دوستلىرىدىن بىرەردىنى ياكى ئۆزگىرىشنى ھەمراھ قىلىپ تۇرۇپ يەنە بىر يات جىنس بىلەن بولغان ئىجتىمائىي ئالاقىنى نورمال ئېلىپ بېرىشنى ئېرىگە بولغان ھۆرمەت، ئۆزىگە بولغان ئىززەت، ئائىلىسىگە بولغان نومۇس دەپ بىلىدۇ.

بۇرادەر، ئايالىڭىز يەنە بىر يات جىنس بىلەن قول تۇتۇشۇپ، بەل تارتىشىپ قۇچاقلىشىپ تانسا ئوينىسا سىزدە ئازراقمۇ قىزغىنىش، كۆڭلەش ھېسسىياتى، ئارامسىزلىنىش، قىزىرىش، ئۇيىلىش كەيپىياتى ئويغانمامدۇ؟ ئايال ئەر كىشى ئۆزىلا بەھرىلىنىدىغان، مەنپەئەتلىنىدىغان مۇتلەق نېئمەت. «ئاياللار ئەرلەرگە جانابىي ھەقنىڭ ئامانىتىدۇر». ئامانەتنى ئۆز ئىگىسىگە جايىدا يەتكۈزۈش ئۈچۈن چىڭ ساقلىماق زۆرۈردۇر. ئامانەتنى خالىغان بىرىگە كۆرسىتىپ، تۇتقۇزۇپ، سىيلاتقۇزۇپ، ھۇزۇرلاندۇرۇۋەرسىڭىز ئامانەتكە خىيانەت، جىنايەت ئۈستىگە جىنايەت ئۆتكۈزگەن بولىسىز. جەزمەنكى، يات جىنسلارنىڭ تېنى بىلەن تولا ئۇچراشقان ئايال ئەڭ ئوڭاي بۇزۇلىدۇ. ئىشەنمىسىڭىز، ساپمۇساق، تولۇپ پىشقان ئالمىنى ھەر كۈنى تۇتۇپ، سىيلاپ قويۇڭ.

www.uyghurkitap.com

تۇتۇۋەرسە ھەپتىگە قالماي ساق ئالمىمۇ سېسىيدۇ.

بۇرادەر، ئايالىڭىز قىسقا، تار كىيىملەرنى قاپساپ كىيىپ ئۆز زىننەتلىرىنى كۆز ـ كۆز قىلىپ ماڭسا، يوتا ـ كىندىكلىرى ئوچۇق تۇرسا، يات ئەرلەر تۈكۈرۈكىنى غورتۇلدىتىپ يۇتۇپ، ئارقىسىدىن ئوغرىلىقچە شەھۋەت نەزەرلىرى بىلەن قاراپ يۈرسە سىزدە كۈنلەش، قىزغىنىش، غەزەپ ھېسسىياتى ئويغانمامدۇ؟ ئايالىڭىزنىڭ ھەرىكەتلىرىنىڭ يات جىنسلىقلارنىڭ شەھۋىتىنى قوزغىتىشى سىزنى نومۇسلاندۇرمامدۇ؟ ياكى ھەممە ئېغىزىنى تامشىتىپ، تىل چاكىلدىتىپ ئايالىڭىزنىڭ گۈزەللىكىنى، چىرايلىقلىقىنى ماختاپ قويسا، خۇشلۇقتىن كېرىلىپ كېتىدىغان مەنتەڭ مىجەز ئەرلەردىنمۇ سىز؟...

ياراتقۇچىدىن ھايا، نومۇس تىلەيمەنكى، جېنىم ئەرلەر، خوتۇنۇڭلارنى ئاز ـ تولا كۈنلەپ قويۇڭلار. ئەگەر ئۇلارنى ھەقىقىي سۆيسەڭلار ۋە ئىززەتلىسەڭلار، ئۇلارنى يامان كۆز، ئىپلاس غەرەز، بۇزۇق نىيەتلەردىن ساقلاڭلار. بۇ ھەرگىزمۇ ئىشەنمەسلىك ئەمەس. بەلكى ئىشىنىشنى چىڭىتىش، نىكاھقا گۇمان ئەمەس، نىكاھقا مەسئۇلىيەت ۋە تەلەپتۇر. بۈگۈن ئايالىڭىزنىڭ بىھايالىقىنى ئازراقمۇ كۈنلىمىسىڭىز، بەلكىم ئەتە ئۇنى كۆرۈشكىمۇ تاپالماسلىقىڭىز مۇمكىن. تاپتىن چىققان ئاياللارنىڭ كەينىدە خوتۇنلىرىنى كۈنلەشنى بىلمەيدىغان، خوتۇنىنىڭ ھەر قانداق ھەرىكىتىگە لاتىلارچە ھۆرمەت، خومسىلارچە ئىلمىيلىك بىلەن يول قويۇۋېرىدىغان، قىسقىسى خوتۇنىنى ھەقىقىي ماھىيىتى بىلەن سۆيۈش، قەدىرلەش، خوتۇنىنىڭ ئىززەت ـ نەپسىنى ساقلاش، قوغداشنى بىلمەيدىغان يارامسىز ئەرلەر باردۇر.

— باشقىلار كۈنلىمەڭ، ئۇمۇ بىر تىرىك جانغۇ، دەيدۇ. مەن لايىقىدا كۈنلەڭ، چۈنكى ئۇ تىرىك جان دەيمەن.

## 11. دادا بولۇشىڭىزمۇ ۋاقتى بار

توي قىلىشتىكى ئىككى قىلىشقا ئەسلا بولمايدىغان ئىنتايىن مۇھىم مەقسەتنىڭ بىرى باللىق بولۇش — ئەۋلادنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈندۇر. بىز نىكاھتىكى بۇ بۇرچقا سەممىيلىك بىلەن يۈز تۇتۇشىمىز، ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈيدىغان ئاسىيلىقنى ھەرگىز قىلماسلىقىمىز كېرەك. دۇنيادا، ئارىمىزدا باللىنى يوق، بوپپا ئورنىدا كۆرۈپ ئۇنىڭدىن قاچىدىغان، توغۇشنى خالىمايدىغان ئايالللارمۇ يوق ئەمەس. ۋەھالەنكى، ئاشۇ تەنتەكلەر ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆزلىرىنى يۈك، بوپا، پوق ـ سۈيدۈك كۆرمەي تۇغۇپ، تەربىيلەپ قاتارغا قاتقىنىنى، ئەگەر ئاتا ـ ئانىسىمۇ باللىق بولۇشنى غەم كۆپەيتىش قاتارىدا كۆرگەن بولسا، ئۆزلىرىنىڭ بۈگۈنكى ئەركە، ھارامزادە، پوچى ھالىنىڭ مەۋجۇت بولۇشىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويۇشىدۇ. سىزنىڭ تۇغۇلىشىڭىز يۈك بولمىغان ئىكەن، سىزنىڭ تۇغۇشىڭىزمۇ بەرەھقكى جاپا، قۇربانلىق ئەمەس. بەلكى، ئەرنىڭ بالا تېپىش ئىقتىدارىنىڭ، ئايالىنىڭ تۇغۇش، تەربىيلەشتىن ئىبارەت ئەزەلىي مۇتلەقتە بەخشەندە قىلىۋېتىلگەن تۇغما ئىقتىدارىنىڭ ئۆز يولىدا لايىقىدا جارى بولۇشىدىن ئىبارەت.

بۇرادەر، تويدىن كېيىنلا ئايالىڭىز بىلەن سەممىي ھالدا مەسلىھەتلىشىپ، ئەھۋالىڭىزغا قاراپ بىر تەرەپ قىلمىدىغان ئىشىڭىز باللىق بولۇش — دادا بولۇشتۇر. ئەمما دادا بولۇشىڭىزمۇ

ۋاقتى ـ سائىتى بار. بۇنىڭغا سەل قارىماڭ.

1. ئاياللىڭىز بىلەن ئىككىڭىزنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىغا قاراڭ. توينى قىلىپلا ئارقىدىن بالىلىق بولۇۋېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىڭ. ھېچكىم ئاجرىشىپ كېتىمەن، بالىنى يېتىم قىلىمەن، دەپ توي قىلمايدۇ. ئەمما نىكاھتىن كېيىنكى تۇرمۇشنىڭ قانداق بولۇشى بەندىگە قاراڭغۇ، غايىبنى بىلىش بىر ئاللاغا خاستۇر. شۇڭا تويدىن كېيىن بىر مەزگىل ئاياللىڭىزنىڭ مىجەزى، تۇرمۇش ئادىتى، ئۆي تۇتۇش ماھارىتى ۋە ئۆز كەمچىلىكلىرىنى تولۇقلاشتىكى تىرىشچانلىقى، سىزگە بولغان پوزىتسىيىسى، ئاتا ـ ئانىڭىز بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى. . . قاتارلىقلارنى ئەستايىدىل ئويلىنىپ، ئۇزاق كەلگۈسىگە بىر ـ بىرىڭلارغا ھەمجۇر بولۇپ بېرىشقا كۆزىڭىز يەتسە، ئاندىن بالىلىق بولۇشنىڭ كويىغا كىرىڭ. بولمىسا ئالدى ـ كەينىنى ئويلىماي بالىلىق بولۇپ قويۇپ، كېيىن ئۇنى يېتىم قىلىپ قويسىڭىز، بىچارە پەرزەنتلەرنىڭ بىغۇبار دىلىغا مەڭگۈ ساقايماس يارا سېلىپ قويىسىز.

2. يېشىڭىزنى ئويلىشىڭ. نۇرغۇن كىشى ياشلىقىدا ئىشلەپ، پۇل تېپىپ ئىگىلىك تىكلىۋالغۇلۇق، تېخى قېرىپ قالمىغاندىن كېيىن بالىلىق بولۇشقا ئالدىرىمىسىمۇ بولىدۇ، دەپ قارايدۇ.

ئەمەلىيەتتە مۇتەخەسسىسلەر ئەر ـ ئاياللىڭ 25 ياشقىچە بولغان مەزگىلدىكى بەدەن ھالىتى، روھىي ھالىتىنىڭ بالىلىق بولۇشقا ئەڭ مۇۋاپىق ئىكەنلىكىنى دەلىللەيدۇ ۋە بۇ مەزگىلدە تۇغۇلغان بالىلارنىڭ تېنى تېخىمۇ ساغلام، ئەقلىي قۇۋۋىتى تېخىمۇ كۈچلۈك، ئىنكاسى تېز چوڭ بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. 25

ياشتىن ھالقىغان ئاتا ـ ئانىدىن تۇغۇلغان بالىنىڭ تەن ساپاسى، ئەقلىي قۇۋۋىتى، ئىنكاسى ياش پەرقىگە قاراپ بارغانسېرى تۆۋەنلەپ ماڭىدۇ، دەپ قارايدۇ. شۇڭا ياشلىقتىكى جۇشقۇن، قىزغىن، ھاياتىي كۈچكە، ھېسسىياتقا تولغان ۋۇجۇدىڭىزدىن ئەۋلادلىرىڭىزغا بىر تامچە ئايرىشنى ئاتىلىق مەسئۇلىيەت دەپ بىلىڭ ھەم بالا ئەر ـ خوتۇن ئوتتۇرىسىدىكى مېھىر ـ مۇھەببەتنى مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى كۈچەيتىدۇ. ئورتاق بىر كۆيۈم نۇقتىسى ئائىلىدىكى ئەرزىمەس، قۇرۇق ئىشلاردىن پەيدا بولىدىغان نىزانى پەسەيتىدۇ.

3. ئائىلە ئىقتىسادىڭىزغىمۇ سەل قارىماڭ. بالا ئۆز رىسقى بىلەن تۇغۇلىدۇ، دەيدىغان گەپ بار. ئەمما ئائىلە ئىقتىسادىڭلار ھەقىقەتەن ناچار، بىر بالىنىڭ ھاجىتىدىنمۇ چىقالمىغۇدەك بولسا، ۋاقتىنچە توختاپ تۇرساڭلارمۇ ھېچقىسى يوق. ئەمما ئاي، يىللىق تېپىشى بىر نەچچە يۈز يۈەنگىمۇ بارمايدىغان نامرات دېھقانمۇ بالىلىق بولۇپ ئەۋلاد تېرىپ كېلىۋاتىدۇ. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، ئىقتىسادىي ھالنى بالىلىق بولۇشنى چەتكە قېقىشنىڭ مۇھىم ئامىلى قىلىۋېلىشقىمۇ بولمايدۇ. ئەگەر نامرات بولسىڭىز، بالىڭىز ئۈچۈن بولسىمۇ تېخىمۇ تىرىشىپ ئىشلەيسىز.

4. بەلكىم ئايالىڭىزنىڭ ئەركىن قول سېلىپ مېڭىۋالغۇسى باردۇ؟ ئۆزىگە يۈك كۆپەيتىشنى خالىمايدىغاندۇ؟ تېخى ۋاقتى ئەمەس دەپ قارايدىغاندۇ! ياكى كۆڭلىدە نامەلۇم جىن باردۇر؟ (ئاجرىشىش ياكى باشقىچە ناشايان قىلىق دېگەندەك) ئۇنى بالىلىق بولۇشقا كۆندۈرۈڭ. بارلىق بەدنىيەتلەر بەلكىم بالىلىق بولۇش بىلەن يوقاپ كېتىشىمۇ، ئارىدىكى نىزا، چۈشىنىشمەسلىك، كېلىشمەسلىكلەر بېسىقىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن.

www.uyghurkitap.com

# 12. ھامىلىدار ئايالىڭىزنىڭ ھالىغا يېتىڭ

يارانقۇچى ئەر ـ خوتۇنچىلىق تۇرمۇشۇڭلارغا رەھمەت ئاتا قىلىپ، ئايالىڭىزنىڭ بويىدا قالغان بولسا ئۇنى تەبرىكلەڭ. سىزگىمۇ كۆپتىن ـ كۆپ مۇبارەكلەر بولسۇن!

ھامىلىدارلىق مەزگىل بىر ئايال كىشى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم ۋە ئۆتكۈزۈش قىيىن بولغان مەزگىل. بۇ مەزگىلدە ئايال كىشىنىڭ كەيپىيات، بەدىنى نازۇك، ئۆزگىرىشچان ھالەتتە تۇ- رىدىغان بولۇپ، ھامىلىدار ئايال بىلەن بىرگە تۇرۇش ئەر بولغۇ- چى ئۈچۈنمۇ ناھايىتى چوڭ سىناقتۇر. تۇرمۇشىمىزدا ئەسلى ئىجىل ـ ئىناق، بەختلىك ئۆتۈپ كېلىۋاتسىمۇ ئايالى ھامىلىدار مەزگىلدە توساتتىنلا مۇناسىۋىتى يامانلىشىپ، ئائىلىسى بۇزۇ- لۇپ كېتىدىغان ئەھۋاللار كۆپلەپ ئۇچرايدۇ. مەيلى قانداق، نېمە ئىش يۈز بېرىشىدىن قەتئىينەزەر، ھامىلىدار ئايالغا سەۋرچان، مېھرىبان، كەڭ قورساق، ئەپۇچان بولماق كاتتا پەزىلەت جۈملە- سىدىندۇر.

**1. ھامىلىدار ئايالغا ئەپۇچان بولۇڭ**

ئاياللار ھامىلىدارلىق مەزگىلىدە ئىنتايىن قىيىن بولغان سېزىك مەزگىلىنى باشتىن كەچۈرىدۇ. سېزىك ھامىلە ۋە ئايال- لارنىڭ كەيپىيات، تۇرمۇش، ئوزۇقلۇق ئادىتىگە قاراپ ئوخشاش بولمايدۇ. بەزىلىرى كۈچلۈك، بەزىلىرى ئاجىز، بەزىلىرى ئۇ- زۇن، بەزىلىرى قىسقا داۋاملىشىدۇ. سېزىك مەزگىلىدە ئاياللار-

دا ئوڭايلا هۆ بولۇش، تاماق يېيەلمەسلىك، مەلۇم بىر خىللا نەرسىگە ئامراق بولۇپ قېلىش، مەلۇم نەرسىگە ئۆچ بولۇپ قېلىش، مىجەزى ئوساللىشىش، ھۇرۇن، بوشاڭ، ياتقانلا يېرىدە ئۇخلاپ قالىدىغان لايغەزەل، تېرىككەك، گەپ خۇشياقماس، ئۆ-يىنى كۆڭلى تارتماسلىق، ۋاراڭ - چۇرۇڭ خالىماسلىق. . .

قاتارلىق نۇرغۇن ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ. ھەتتا ئۆز ئېرىگە ياكى ئېرىنىڭ ئاتا - ئانىسىغا ئۆچ بولۇپ قالىدىغان ئەھۋاللارمۇ، ئۆز ئېرىگە ئامراق بولۇپ قېلىپ ھېچيەرگە بارغىلى قويمايدىغان، ھەر قانداق ئىشتا گۇمانخورلۇق قىلىدىغان، ئېرىنىڭ گەپ - سۆزلىرىگە قارشى ۋارقىراپ - جارقىراپ كېتىدىغان، چاچلىرى-نى يۇلىدىغان، ئۆزىنى تاشلىۋېتىدىغان ئەھۋاللارمۇ كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. بۇنداق چاغدا، ئەر كىشى جەزمەن ئايالىنىڭ بۇ قىيىن، مۇرەككەپ جەرياندىن ساق - سالامەت ئۆتۈۋېلىشىغا ياردەم بېرى-شى، ئۇنىڭ ساراڭلارچە، تەلۋىلەرچە، جاھىللارچە قىلغان مەلۇم قىلىق ھەرىكەت - ئادەتلىرىنى كۆڭلىگە ئېلىپ، تېرىكىپ ئۇنىڭ بىلەن تەڭ بولۇپ جېدەللەشمەسلىكى كېرەك. خوتۇنىنىڭ سې-زىك، ھامىلىدارلىق مەزگىلىدىكى كەيپىيات، مىجەز ئۆزگىرى-شىنى تۇتۇۋېلىپلا ئۇنى ئۆزگىرىپ كەتتىڭ، ھۇرۇنلىشىپ قال-دىڭ، تاماق ئەتمىدىڭ، ماڭا ئەدەپسىزلىك قىلدىڭ. . . دەپ جېدەللىشىش ئەرلەرنىڭ ئاياللاردا ھامىلىدارلىق مەزگىلىدە يۈز بېرىدىغان ئۆزگىرىشلەرنى چۈشەنمەسلىكىدىندۇر. شۇڭا، ئەڭ ياخشىسى يەڭگە بولغۇچىدىن ياكى ئانىڭىزدىن ئاياللارنىڭ ھامى-لىدارلىق، سېزىك مەزگىلىدىكى كەيپىيات ئۆزگىرىشلىرىنى تەپسىلىي سوراپ بىلىپ ۋە ئايالىڭىزنىڭ ئۆزگىرىشلىرىگە قاراپ ئۇنىڭ بىلەن ماسلىشىپ بۇ قىيىن، جاپالىق مەزگىلنى مۇۋەپپەق-

قىيەتلىك ئۆتكۈزۈشكە تىرىشىڭ. ئەڭ مۇھىمى، ئايالىڭىزنىڭ ھەرىكەت ـ قىلىقلىرىغا ئەھمىيەت بېرىڭ، كەڭ قورساق بولۇڭ. ئۇمۇ كەلگۈسىدىكى ئوماق پەرزەنتىڭىز تۇپەيلى قىيىنىلىۋاتىدۇ.

**2. ھامىلدار ئايالىڭىزغا كۆپرەك ھەمراھ بولۇڭ**

ھامىلدار مەزگىلدە ئاياللارنىڭ پۈتۈن ھۇجەيرە ـ توقۇل-مىلىرى جىددىي ئۆزگىرىش ھالىتىدە تۇرىدۇ. شۇڭا، ئەڭ ياخ-شىسى ئايالىڭىزنى يالغۇز تاشلاپ قويماڭ. ئىمكانىيەت بولسا ئامال-نىڭ بارىچە كۆپرەك ھەمراھ بولۇڭ. ئۇنى كۆپرەك ھەرىكەت قىلىشقا ھەيدەكچىلىك قىلىڭ، كەچلىكلىرى بىرگە ئايلىنىپ بېرىڭ. ئۇنىڭ كەيپىياتىنى كۆتۈرىدىغان، روھلاندۇرىدىغان گەپ-لەرنى قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭ قورقۇش، ئەندىشە تۇيغۇلىرىنى كۆتۈرۈۋېتىشكە تىرىشىڭ. بۇنداق قىلىش ھامىلىگە ۋە ئايالىڭىز-نىڭ تۇغۇشىنىڭ ئوڭاي بولۇشىغا پايدىلىق.

**3. نەپسىڭىزنى يىغىڭ**

مەن نۇرغۇن ئاياللارنىڭ «بىر ياخشى، ئىشەنچلىك ئەر ئايالى ھامىلدار مەزگىلدە ئوڭايلا بۇزۇلۇپ كېتىدۇ» دېگىنىنى ئاڭلىغانىدىم. ئاياللارنىڭ مۇنداق دېيىشىدىمۇ سەۋەب بار. چۈن-كى، ھامىلدار ئاياللار بۇ مەزگىلدە ئىنتايىن تېرىككەك، ئاچ-چىقى يامان، ھورۇن، ئۇيقۇلۇق، سەپرا مىجەز بولۇپ قالىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئەرلەر بۇ چاغقىچە بەھرىمەن بولۇپ كەلگەن مېھرى-بانلىق، بەگزادىلەرچە كۈتۈلۈشتىن بەھرىمەن بولالماي قالىدۇ ھەمدە ئوڭايلا ئايالى ئۆزگىرىپ، ھازازۇللىشىپ كەتكەندەك، كېلىشەلمەيۋاتقاندەك ھېس قىلىپ ئايالىدىن كۆڭلى قالىدىغان ئەھۋاللار بولۇپ تۇرىدۇ (ئايالىنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالىنى چۈ-شەنمەيدىغان ئەرلەردە). يەنە بىر تەرەپتىن، ئاياللار بۇ مەزگىلدە چىرايىغا داغ چۈشۈش، رەڭگى تاتىرىپ كېتىش، قورسىقى،

كاسا، كۆكسىلىرى يوغىناش سەۋەبىدىن ئەسلى نازاكىتى، ئەۋرد-
شىملىكىنى يوقىتىدۇ. بەزى ئەرلەر بۇ مەزگىلدە ئايالى كۆرۈمـ-
سىزلىشىپ، سەتلىشىپ كەتكەندەك ھېس قىلىپ ئۇنىڭغا ئۇنچە-
ۋالا قىزغىن، سەمىمىي مۇئامىلە قىلمايدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن
ھامىلىدار مەزگىلدە ئاياللار ئەر - خوتۇنچىلىق، يېقىنچىلىقتىن
ئامالىنىڭ بارىچە ئۆزىنى تارتىشقا ئۇرۇنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئەرلەر
يالغۇز قالغاندەك، يەكلىنىۋاتقاندەك ئايالى ئۆزگىرىپ كەتكەن-
دەك، ئەسلى نازاكىتى قالمىغاندەك تويۇلۇپ، كۆپ خىل ئامىللا-
رنىڭ تۈرتكىسىدە ئۆيىگە، ئايالىغا قىزىقماس بولۇپ قالىدۇ.
ئەگەر مۇشۇ مەزگىلدە ئەر كىشى ئىنساپ - دىيانەت بىلەن
ئويلانمىسا، ئاياللاردىكى ئۆزگىرىشنى توغرا چۈشىنەلمىسە، ئايا-
لىدىن تاپالمىغان تويۇنۇشنى يات خوتۇنلاردىن ئىزدەپ سېلىشى
مۇمكىن. ئەرلەر بۇ نۇقتىغا دىققەت قىلىشى، ئۆزلىرىنىڭ پاكلىـ-
قى، ۋىجدانى، ساداقىتىنى شەرمىساز قىلماسلىقى كېرەك. ياراتـ-
قۇچى بەندىلىرىدىن تۈرلۈك قىيىنچىلىقلار بىلەن سىناق ئالـ-
مىش. ئايالىنىڭ ھامىلىدارلىق مەزگىلى ئەرلەر ئۈچۈن ئىنتا-
يىن چوڭ سىناق. بۇ سىناقتىن ئۆتۈش ئۈچۈن سەۋرچان، قەت-
ئىي، كەسكىن ئېتىقادلىق، ھايالىق، مېھرىبان بولۇش كېرەك.
مانا بۇ دەل بىر دادىدا بولۇشقا تېگىشلىك ئەقەللىي سۈپەتلەردۇر.
بەلكىم سىز «بىر لاياقەتلىك دادا بولۇشقا مۇناسىپمۇ ئەمەس»
دېگەن نۇقتىدا سىنىلىۋاتقانسىز. شۇڭا دىققەت قىلىڭ، بەختلىك
ئائىلىڭىز تەنتەكلىك ۋە سۇيۇق ھېسسىياتىڭىز بىلەن بۇزۇلۇپ
كەتمىسۇن. بولغۇسى بالىڭىزنىڭ يۈزىگە ئۇيالماي قارىيالايدىغان
بولۇڭ.

www.uyghurkitap.com

# 13. يېڭى جانغا مۇبارەك! بالىڭىزنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىڭ

ئايالىڭىزنىڭ ئاي كۈنى توشۇپ، ساق ـ سالامەت يەڭگىگەن بولسا، چوڭقۇر شۈكۈر ھەمدىلەر بىلەن ئايالىڭىزنى تەبرىكلەڭ. دادا بوپسىز، سىزگىمۇ مۇبارەك بولسۇن!

دادا بولۇش بەخت ھەم جاپا، مەسئۇلىيەت ۋە مەجبۇرىيەتكە ئىشارە. ئىسلامدا «ھەر قانداق بىر بالا مۇسۇلمان پىتى تۇغۇلىدۇ. ئاتا ـ ئانىسى ئۇنى يا ناسارا يا يەھۇدى قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىدۇ» دېيىلىدۇ. دېمەككى بىر پاكىز، ياخشى بەندە دۇنياغا كەلدى. ئۇنىڭ ئاخىرەتلىكىنىڭ قانداق بولۇشى مەلۇم مەنىدە سىزگە ۋە ئايالىڭغا باغلىق. شۇنىڭ ئۈچۈن يېڭى جانغا ۋە ئۇنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلغىنىڭىز ياخشىدۇر.

1. بالىڭىز تۇغۇلغان ئىكەن، ئۇنىڭغا ياخشى ئىسىم قويۇش سىز ۋە ئايالىڭىزنىڭ ئىلكىدىكى مەسئۇلىيەت. بۇ مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىشقا ھەرگىز سەل قارىماڭ. بالىڭىزغا مەنىلىك، گۈزەل، ياخشى، چاقىرىشقا قۇلاي ئىسىملارنى تاللاپ قويۇڭ. چەت ئەللىكلەرنىڭ غەيرىي، مەنىسى نا ئېنىق ياكى يامان، ئەسكى مەنە چىقىپ قالىدىغان ئىسىملارنى قويۇشتىن ساقلىنىڭ.

2. بالىڭىزنى ئانا سۈتى بىلەن بېقىڭ. ئانا سۈتى جاھاندىكى ئەڭ قۇۋۋەتلىك تەبىئىي مەھسۇلات. بەزى ئاياللار سەپسەتە سې-

تىپ بالىنى قۇۋۋەت بولمىقى، سۈت پاراشوكلىرىغا تاشلاپ قويۇشقا ئۇرۇنىدۇ. بۇنداق قىلىش بالىنىڭ ئاجىز، ئەقلىي قۇۋۋىتى كەمتۈك چوڭ بولۇشىغا سەۋەب بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا، ئەڭ ياخشىسى ئايالىڭىزنىڭ بالىنى تولۇق ئەمگۈزگىنى ياخشى.

3. ئايالىڭىزنىڭ تۇغۇت مەزگىلىدىكى كۈتۈنۈشىگە كۆيۈنۈڭ. تۇغۇت مەزگىلى ئايالنىڭ تۇغۇت جەريانىدىكى بەدەن ئۆزگىرىشلىرى ئەسلىگە كېلىدىغان مەزگىل. ئۇ بۇ مەزگىلدە ياخشى، قۇۋۋەتلىك يېيىشى كېرەك. شۇڭا، قۇۋۋەتلىك يېمەكلىكلەر ئارقىلىق ئۇنىڭ تېنىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىگە ياردەم بېرىڭ. بۇ ئەلۋەتتە بىۋاستە پەرزەنتىڭىزگە، ئەر - خوتۇننىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ كۈچىيىشىگە پايدىلىق.

4. بالىڭىزغا قارىشىپ بېرىڭ. تۇغۇتنى كۈتۈشكە جىق ئەجىر كېتىدۇ. بالىنى قۇرۇقداش، يىغىنىنى پەس قىلىش، كۆتۈرۈش، ھاۋالاندۇرۇش، يېمەكلىك يېگۈزۈش. . . قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىگە ئادەم، كۈچ، ۋاقىت، زېھىن كېرەك. ئايالىڭىز ياكى قېينانىڭىز، ئانىڭىز ئۇنىڭغا قارىشىپ بېرىپ بولالماسلىقى مۇمكىن. شۇڭا، سىزمۇ ۋاقىت چىقىرىپ قارىشىپ بېرىڭ.

www.uyghurkitap.com

## 14. ئەرلەردەك كىيىنىپ يۈرۈك

كىيىم ـ كېچەك بىر ئادەمنىڭ پەزىلىتىنىڭ ۋە دۇنيا قارا-
شىنىڭ نەق ئۆزىنى ئىپادىلەپ بېرەلمىسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئەخلا-
قىي ۋە ئېستېتىك ئۆلچىمىدىن مۇئەييەن دەرىجىدە ئۇچۇر بېرە-
لەيدۇ. بىر يالاڭۋاش يۈرۈپ ئادەتلەنگەن ئايال چاچلىرىنى ئەر-
كىن قويۇۋېتىپ مېڭىشتىن ھوزۇر ھېس قىلىدۇ. ئەمما پۈركە-
نىپ كىيىنىپ ئادەتلەنگەن ئايال چىچىنىڭ ئاشكارا سويلاپ تۇرۇ-
شىدىن خىجىل بولىدۇ. ئۇنى يوشۇرۇش ئارقىلىق ئارامخۇدا
تىنىدۇ.

ئەرلەر بەدەن قۇرۇلمىسى جەھەتتىن ئاياللاردىن روشەن
پەرقلىق بولۇپ، جىنسىي ۋە خىزمەت تەقسىماتىدىكى پەرق تۇپەي-
لى ھەربىر قەۋمنىڭ كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتىدە جىنسىي
ئالاھىدىلىك ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈلگەن. ئەمما بىز يېقىنقى يىل-
لاردىن بېرى ئەر ـ ئايالنى پەرق قىلغىلى بولمىغۇدەك ئارىلاش
كىيىنىش ئادىتىنىڭ ئارىمىزدا باش كۆتۈرۈپ قالغانلىقىنى بايقى-
ماقتىمىز. ئاياللارنىڭ يوپكىسى سەھرالاردىلا قالدى. ئالىي
مەكتەپتە ياغلىق چەككەن بىر قىز ئۇچرىسا بەرھەقكى كۆپىنچە
ئادەم «خوتەنلىككەن» دەپ ئويلايدۇ. بەلكىم ئاز كۈن ئۆتمەيلا
ئۇ قىزنىڭ ياغلىقىمۇ يوقاپ كېتىشى، ھەتتا چېچىمۇ كېسىلىپ،
بۇدرەلىشىپ، بويىلىپ، ھەتتا قىسقىراپ ئوغۇللارنىڭكىچىلىك
قىلىنىشى مۇمكىن. ئەرلەرگە دەيدىغىنىمىز:

1. چېچىڭىزنى ئاياللارنىڭكىدەك ئۇزۇن قويۇۋالماڭ. ئۇ

بەدىنىڭىزدىكى قۇۋۋەتنى شوراپ، سىزنى لاتا بەل قىلىپ قويمى-
سۇن ھەم ئۇسمىچى قىزلار «ئاچا، ئۇسما ئالامسىز» دەپ كەيند-
ڭىزدىن قوغلاپ يۈرمىسۇن.

2. زىننەت بۇيۇملىرى تاقىماڭ. زەنجىر ئېسىپ، مۇنچاق تاقاپ، قولىغا ئۈزۈك سېلىش ئاياللارنىڭ ياسىنىش ئادىتى. يانبېلىڭىزدىن قەلەمتىراچ چىقمايدىيۇ، ئەمما يانچۇقىڭىزدىن ئەي-نەك، تارغاق ئۆكسىمەيدۇ. بوينىڭىزدا زەنجىر - بولاپكا. . . سىزنىڭ خان بولغىنىڭىز بارمۇ - جانمۇ؟ خېنىدىم بولغىنىڭىز بارمۇ - غوجاممۇ؟ . بۇخارى ھەزرەتلىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسا-لامنىڭ مۇنداق بىر مەشھۇر سۆزىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئاياللار-دەك بولۇۋالغان ئەرلەرگە، ئەرلەردەك بولۇۋالغان ئاياللارغا لە-نەت». لەنەت - نەپرەتتىن يىراق تۇرۇڭ.

3. ئاياللار كىيىۋالىدىغان گۈللۈك كۆڭلەك، شايى - يى-پەكلەردىن كىيىم كىيىۋالماڭ. ھەددىدىن زىيادە تار، نېپىز كىيىملەرنى كىيىشتىنمۇ ھەزەر ئەيلەڭ. بۇ بەدىنىڭىزگە، ساغ-لاملىقىڭىزغا زىيانلىق ھەمدە سىزنى غىتمەك قىلىپ كۆرسىتىپ قويىدۇ. ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: «كىيىم - كېچەكلىرى ۋەلىلەردەك، ئەخلاقى رەزىللەردەك بولغانلارغا لەنەت بول-سۇن.»

4. ھەدېسلا يۈزماي، سۈرۈخ سۈركەپ يۈرمەڭ. تېرە ئاسراش ئۈچۈن بولغان تەقدىردىمۇ مۇۋاپىق بولغىنى ياخشى. ئىزچىل گىرىم قىلىپ يۈرۈش سىزنى باشقىلارغا چاتىقى باردەك كۆرسىتىپ قويمىسۇن. مەھمۇد قەشقەرى ھەزرەتلىرى مۇنداق دەيدۇ: «ئۆزۈڭنى ئاياللاردەك پەردازلىما».

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## 15. سەمىمىي نەسىھەت، هاراق ئىچمەڭ...

هاراق ـ شاراب، مەست قىلىش تۈرىدىكى ھەر قانداق ئى- چىملىك ساغلام ئەقىدە، ئەخلاقتا قەتئىي چەكلەنگەن، هارام يېمەكلىك قاتارىدا ئىستېمال قىلىشتىن توسۇلغان. بۇ ۋەز ئۇ- چۇنلا دېيىلگەن گەپ بولماستىن، ئەخلاقىي، ئىلمىي، نەزەرىيە- ۋى ئاساسى بار جىك گەپ. ئالدى بىلەن هاراق ساغلاملىقنىڭ دۈشمىنى، هاراق يېمەكلىك، زىرائەتلەرنى ئېچىتىش ئۇسۇلى بىلەن ياسىلىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسپىرت، ئىشقار، كىسلاتا تەركىبى ئىنتايىن يۇقىرى بولىدۇ. هاراق ئەڭ ئالدى بىلەن نېرۋا سىستېمىسىنى ئېغىر دەرىجىدە قالايمىقانلاشتۇرۇپ، ئاشقا- زان، جىگەر، يۈرەك ۋە بۆرەكنى ئاستا ـ ئاستا كاردىن چىقىرى- دۇ. يەنى قۇتىدا جىم تۇرغان سۈيۈقلۇق پوكىنىڭىزدىن ئۆتكەن هامان جىم تۇرمايدۇ، سىزنىمۇ جىم تۇرغۇزمايدۇ. خۇددى ئەبۇل خاراچ بايان قىلغاندەك: «ئۇنى ئىچكەن ئادەم تۆت سۈپەتكە ئىگە بولىدىكەن. دەسلەپتە ئۇ تاۋۇسقا ئايلىنىپ ئۆزىنى كۆز ـ كۆز قىلىدىكەن. ھەرىكەتلىرى راۋان، ئۆزىنى ئۇلۇغۋار ھېس قىلىدى- كەن. كېيىن، مايمۇن قىياپىتىگە كىرىپ ئادەم بىلەن چاقچاقلى- شىپ قىزىقچى بولۇشقا باشلايدىكەن. ئۇنىڭدىن كېيىن بولسا، شىرغا ئايلىنىپ ئۆزىگە مۇنار تىكلەيدىكەن، مەغرۇرلۇق تۇتۇپ، ئۆز كۈچىگە ئىشىنىپ كېتىدىكەن. لېكىن ئاخىرىدا چوشقىغا ئايلىنىپ، ئەخلەتتە چوشقىدەك ئېغىناپ ياتىدىكەن».

هاراق سىزنىڭ ئەخلاقىي ـ پەزىلىتىڭىزنى يوق قىلىپ سىزنى پەس، رەسۋا، رەزگى قىلىۋېتىدۇ. ئۆزىنىڭ تېنىگە، جېنىغا دۇرۇس مۇئامىلە قىلالمايدىغان، ئىرادىسى ئۇنچىۋالا قەت-ئىي، ساغلام بولمىغان ئادەم هاراق ـ شارابقا ئۆزىنى ئۇرۇپ، نەسلىككە بېرىلىپ كېتىدۇ. هاراق — ئەخلاقسىزلىقنىڭ مەنبە-سى. ئۇ سىزنىڭ ئەس ـ هوشىڭىزنى يوقىتىپ بىهايا، بەدقىلىقلىقا مېڭىشىڭىزغا سەۋەب بولىدۇ. ئىنتايىن تەقۋا، مۆمىن بىر بالى-نىڭ ئالدىغا هاراق، پىچاق، بالا ۋە سەتەڭ خوتۇنلار كەلتۈرۈ-لۈپ، هاراق ئىچىش، بالىنى ئۆلتۈرۈش ياكى هېلىقى سەتەڭ بىلەن بىرگە بولۇشتىن بىرىنى تاللاش قالدۇرۇلدى. بالا كۆپ ئويلىنىپ هاراقنى تاللىدى ۋە مەستلىكتە بالىنىمۇ ئۆلتۈردى، سەتەڭ بىلەنمۇ بىرگە بولدى. . . بۇ ئىبرەتتىن ئەمىسە بالىنى ئۆلتۈرۈش ياكى هېلىقى خوتۇن بىلەن بىرگە بولۇش كېرەككەندە دېگەن مەنە چىقماسلىقى مۇمكىن. بىز مۇشۇنىڭ ئۆزىدىنلا هاراق ـ شارابنىڭ جىنايەت، ئەخلاقسىزلىق، هاياسىزلىق ۋە شەرمەندىلىككە ئەڭ يېقىن ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرۈپ يېتەلەي-مىز. ئەڭ توغرا ۋە ئاقىلانە تاللاش، جان كەتسىمۇ ئىچمەسلىك. ئادەمنىڭ نەپسى ـ لەۋزى هالال نەرسە. ياراتقۇچى پۈتۈن ئالەمدى-كى بارلىق نېئمەتلەرنىڭ هالىلىنى تاللاپ بۇزۇقچىلىق، ئىسراپ-چىلىق قىلماي خالىغانچە بەهرىلىنىش هوقۇقىنى سىزگە بەردى. يەنى هالال نەپسىڭىزنى هالالدىن تولدۇرۇش ـ تويدۇرۇش سىزگە بېرىلگەن ئىمكانىيەت. ئەمما چەكتىن ئاشماڭ. مەلۇم نەرسىلەر-نىڭ چەكلىنىشى جەزمەنكى ئۇنىڭ ئىنسانغا، دۇنياغا، ئەخلاققا، ئاخىرەتكە زىيانلىق بولغانلىقى ئۈچۈندۇر. تاللاپ يېيىش سىزنى سائادەتكە يېقىن قىلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

هاراق سىزنىڭ ئىقتىسادىڭىزغا زىيان سالىدۇ. ياش ئىجتىمائىيەت تەتقىقاتچىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت بەرقى «نامراتلىقنىڭ يىلتىزى نەدە؟» ناملىق ماقالىسىدا شىنجاڭلىقلارنىڭ هاراق ئىستېمالىدىكى كىشىنى چۆچۈتكىدەك ئەھۋاللارنى مۇنداق ستاتىستىكا قىلىپ چىقىدۇ:

«نۆۋەتتە، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ هەر يىلى 120 مىڭ توننا ئاق هاراق، 30 مىڭ توننا ئۈزۈم هارىقى، 350 توننا پىۋا ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى بار» ئىكەن. مۇشۇ ستاتىستىكا بىزنى نۇرغۇن ئۇچۇر بىلەن تەمىنلىيەلەيدۇ. هەتتا بىز سانلارنى سۆزلىتىش ئارقىلىق بايلىق كۆز قارىشىمىزدىكى ئەڭ ئەجەللىك ئاجىزلىقنى ئىسپاتلاپ چىقالايمىز. ئەڭ ئاۋۋال تەكىتلەپ قويۇشقا تېگىشلىك مەسىلە، هاراقكەشلىك رايونىمىزدىكى ئەڭ ئېغىر ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنىڭ بىرى. ئەمدى ئۆز گېپىمىزگە يانساق، 120 مىڭ توننا ئاق هاراقنى كىلوگرامغا ئايلاندۇرساق، 120 مىليون كىلوگرام هاراق بولىدۇ. بىر بوتۇلكا هاراقنى بىر جىڭ ئۆلچەم بويىچە هېسابلىساق، 240 مىليون جىڭ ياكى 240 مىليون بوتۇلكا ئاق هاراق بولۇپ چىقىدۇ. هەربىر بوتۇلكا ئاق هاراقنىڭ ئوتتۇرىچە باهاسىنى تەخمىنەن ئون يۈەن دەپ هېسابلاپ (مېنىڭچە، چوقۇم ئون يۈەندىن يۇقىرى چىقىدۇ. لېكىن مەن ئەڭ تۆۋەن ئۆلچەم بويىچە هېسابلىدىم)، 240 مىليون بوتۇلكا هاراقنى ئون يۈەنگە كۆپەيتسەك، ئىككى مىليارد 400 مىليون يۈەن كېلىپ چىقىدۇ. هەربىر بوتۇلكا هاراقنى هەرخىل شەكىلدە ئوتتۇرا نىسبەتتە 50 يۈەنلىك زاكۇسكا بىلەن ئىچىدۇ دېسەك، 14 مىليارد مىليون يۈەن بولىدۇ. يەنى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى تەخمىـ

نەن 19 مىليون 500 مىڭ خەلق بىر يىلدا ھاراق ئۈچۈن 14 مىليارد 400 مىليون يۈەن خەجلىگەن بولىدۇ، ئوقۇرمەنلەر ئېھتىمال بۇ ھاراقلارنىڭ بىر قىسمى ئىچكى ئۆلكىلەر ۋە چەت ئەللەرگە چىقىرىلىدۇ، ھەممىنى بىز ئىستېمال قىلمايمىز، دەر. لېكىن مەن باشقا ئۆلكىلەر ۋە چەت ئەللەرگە چىقىرىۋاتقان ھاراق - شارابلارنى بىزگە كىرىۋاتقان ھاراق - شارابلار بىلەن يېپىشتۇرۇۋەتتىم، ھەتتا ھەر قايسى جايلاردا — يەرلىك ئۇسۇلدا ئىشلىنىدىغان ئاۋاتنىڭ مۇسەللىسى، قازاقلارنىڭ قىمىزى، خوتەننىڭ مەيزىپى، پالانى يەرنىڭ بوزىسى دېگەندەك ئىچىملىكلەرنى بۇ قاتارغا قوشمىدىم. دېمەك، شۇنداق نامرات شىنجاڭ خەلقى بىر يىلدا ھاراق - شاراب ئۈچۈن 14 ~ 15 مىليارد پۇل خەجلىدى دېگەن گەپ.

دېمەككى، بىز ھاراق - شارابقا بېشچىلاپ كىرىپ كەتكەن خەقلەرمىز. ھاراق ئىچىپ ئۆزىنى كونترول قىلالماي جىنايەت ئۆتكۈزۈپ قويىدىغان، ھوشىنى بىلمەي خەقنىڭ خوتۇنلىرىغا چاقچاق قىلىپ ياكى باشقىلارنىڭ ئىززىتىگە تېگىپ قويۇپ جېدەل تېرىيدىغان، سىرتلاردا مەستلىكتە يېتىپ توڭلاپ قالىدىغان، مەستلىكتە كېلىپ خوتۇن - بالىلىرىنىڭ ئۇيقۇسىنى بۇزۇپ، دۇمبالايدىغان. . . ئەھۋاللار بىزدە كۈندە دېگۈدەك كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ.

بۇرادەر، ئاشۇ ھاراقنى قايسى پۇلغا، كىملەرنىڭ ھەققى بەدىلىگە ئىچىسىز؟ بىر يۇتۇم ھاراق ئۈچۈن خوتۇن - بالىلىرىڭىز يەيدىغان - ئىچىدىغان بىر لوقما تائامنى قىسىشىڭىز كېرەك بولىدۇ ياكى خوتۇن - بالىلىرىڭىزدىن پۇل يوشۇرۇپ سەممىيەتسىزلىك قىلىشىڭىز، نۇرغۇن ۋاقتىڭىز، زېھنىڭىزنى قۇربان

قىلىشىڭىزغا توغرا كېلىدۇ. بىچارە خوتۇنىڭىزنى ئايال كىشى بولۇپ تۆرەلگىنىگىمۇ تويغۇزماڭ. ئۇ تۇن كېچىلەردە ماڭا ھەمراھ بولارمىكىن دەپ سىزگە تەگكەن. ئۇنى يالغۇز تاشلاپ قويۇپ شارابنىڭ كەينىدىن سوكۇلداپ كەتمەڭ. ئۇ سىزنى قەيەرلەردە دۇم چۈشۈپ يېتىپ قالاركىن، دەپ ئەندىشىدە تىك ئولتۇرمىسۇن. ئالىملار ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ مەستچىلىكتە تۆرەلگەن بالىلىرىنىڭ بىنورمال، ئەقلى كەمتۈك، دەلدۈش، تولۇق يېتىلمىگەن ۋە مېيىپ، ئەيىبناق ھالەتتە تۇغۇلۇش نىسبىتىنىڭ ئىنتايىن يۇقىرى بولىدىغانلىقىنى دەلىللەپ چىققان. ئۆزىڭىزگىلا ئەمەس، پەرزەنتلىرىڭىزگىمۇ قوشۇپ زىيان سالماڭ. ئۇلار سىزدىن، سىزنىڭ ئادەت ـ پەزىلىتىڭىزدىن يىرگەنمىسۇن، غەزەپلەنمىسۇن، سىزگە لەنەت ئوقۇمىسۇن. سىزنىڭ مەستلىكتىكى رەسۋالارچە تۇرقىڭىزدىن نومۇس ھېس قىلمىسۇن. ئەڭ يېقىن كىشىلىرىڭىزگە ئۆزىڭىزنىڭ ئەڭ شەرمەندە تەرىپىڭىزنى ئاشكارىلىغۇڭىز بارمۇ؟ بەخت، ئىناقلىق، بايلىق ـ ساقلىقنى مەستلىك ـ نەسلىك ـ پەسلىككە تېگىشىشنى شۇنچىۋالا ئارزۇ قىلامسىز؟ ھاراق ـ شارابسىز ئىچىلىپ ـ يېيىلىپ ئولتۇرۇش زادىلا مۇمكىن ئەمەسمۇ؟ دوستىڭىزنىڭ، باشلىقىڭىزنىڭ كۆڭلىنى يەردە قويالمايمەن دەپ ئىچىسىز. ئۇلارنىڭ كۆڭلى مۇشۇنداق سېسىق، زەھەرلىك ۋە شۇم نىيەتكە تولغانمۇ؟ سىز يات بىراۋنىڭ ئەخمەقلەرچە، خۇمپەرلەرچە كۆڭلىنى دەپ ئۆز جېنىڭىزغا تىغ ئۇرۇشنى شادلىق دەپ بىلگۈچىلەردىنمۇ؟ . . .

ھەزەر قىلىڭ، بۇرادەر. كۆڭلۈم دەپ پاكىز، ئىزگۇ نەرسىلەرنى ئەمەس، سېسىق ھارام بۇس تەڭلىگەنلەرنىڭ يۈزىگە تۈكۈرۈڭ. «ھاراق ـ تاماكا ئىچمەيدىغان ئەر يارامسىز ئەر»،

«ئوغۇل بالا دېگەن هاراق ـ تاماكا ئىچەلمىسە ئۇنىڭ نەرى ئەركەك» دېگۈچىلەرگە لەنەت دەڭ. ئۇلاردىن پەش قېقىپلا كېتىـ ـشىنى ئۆگىنىۋېلىڭ. ئۇلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىكىگە ۋاي. «مۇشۇ بىر قەدەھنى ئىچىۋەتمىسەڭ راستىنلا خاپا بولۇپ قالىـ ـمەن، دەپ ئىبلىسلارچە قول تەڭلەپ تۇرغانلارنىڭ قولىنى ياندۇ- رۇۋېتىشنى ئۆگىنىۋېلىڭ. بىر قېتىم جاھىللىق بىلەن ئىچكىلى ئۇنىمىسىڭىز، ئۇلار ئىككىنچى رەت سىزگە بىرەر نەرسە ئۇزاتـ ـمايدۇ. ئۇلاردىن ئايرىلىپ قالارمەنمىكىن، دەپ غەم يەپمۇ يۈر- مەڭ. بەدقىلىق، پايدىسىز ئىش ـ ئەمەلنىڭ تۇتقۇنى بولۇپ قالغان ئاغىنىلەردىن ئايرىلىپ قالسىڭىز نېمە بوپتۇ؟ بۇ قايغۇر- غۇدەك ئىش ئەمەس. ھەدىستە دېيىلگەندەك: بىر كىشىنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە پايدىسى بولمىغان نەرسىنى تەرك ئېتىشى ئىسلامـ ـنىڭ ياخشىسىدىندۇر. ئەڭ ياخشىسى سىلىق رەت قىلىڭ، ئۇلار- غىمۇ ئىچمەسلىك ھەققىدە نەسىھەت قىلىڭ. ئىچىپ كۆنۈپ قالـ ـغان بولسىڭىزمۇ قەتئىيلىك بىلەن تاشلاشقا ئۇرۇنۇڭ. تاشلىيالـ ـمايمەن دېيىش بىكار گەپ، ئىچكۈسى بارلارنىڭ باھانىسى. مەن 50 يىللاپ كوزىدا چىلىشىپ ياتقانلارنىڭمۇ هاراقتىن قول ئۈ- زۈپ، ئىستىت نېمىشقىمۇ ئىچەر بولغىيتتىم ئاشۇ مەينەت سۇيۇقـ ـلۇقنى دەپ پۇشايمان ئىلكىدە ئاھ ئۇرغىنىنى جىق ئاڭلىغان، كۆرگەن قەتئىيلىكلا هاراق ـ شارابتىن، بالا ـ قازانىڭ مەنبەسىـ ـدىن يىراقلىششتىكى تۈپ ئەڭگۈشتەر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىنتايىن ئاقىلانىلىق بىلەن ئېيتقان: «هاراقتىن ساقلىنىڭلار، چۈنكى ئۇ ھەممە يامانلىقنىڭ ئاچقۇچىدۇر». يامانلىقنىڭ ئىشتانـ ـبېغىغا چىڭ ئېسىلىپ مېڭىش ئۆزىنى ھەقىقىي ئەر چاغلايدىغانـ ـلارنىڭ تاللىشى ئەمەس.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# 16. تاماكا چەكمەڭ، تاماكا تاشلاڭ

بىزدىكى ئۆزلىرىنىڭ ھاياتلىقىغا، ساغلاملىقىغا، زىيانلىق ئادەتلىرىنى بىمەنە سەپسەتىلەر ئارقىلىق يوشۇرۇپ، ھەتتا شۇ ئادەتلىرىدىن پەخىرلىنىپ كۆڭگەن بىر قىسىم تەنتەك ئادەملىرى-مىز ئىچمەيدىغان، چەكمەيدىغان، ئۇسسۇل - تانسا ئوينىيالمايدىغان ۋە بىر نېمىلەرنى قىلىپ باقمىغانلارنى ئەر، ئوغۇل قاتارىغا ئالمايدىغاندەك مازاق قىلىپ كۈلۈشىدۇ. مەن بۇنداقلارنىڭ ئەخمەقلەرچە كۆرەڭلىكىگە كۈلۈپ قويغۇچىلاردىن ۋە بۇرادەر، سىزگە ئۇلارنىڭ زىيانلىق ئىكەنلىكى، ئۆزىڭىزگە، ئائىلىڭىزگە، پەرزەنتلىرىڭىزگە كۆڭۈل بۆلۈشىڭىز ئۈچۈن ئۇلاردىن يىراق تۇرۇشنى ئەسكەرتكۈچىلەردىن.

مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئىسپاتلىشىچە، تاماكا ئىنسانلارنى ئاستا - ئاستا كاردىن چىقارغۇچى ئەجەللىك قاتىل. تاماكىنىڭ ئادەم ئۆلتۈرۈش ئۇسۇللىرى تۆۋەندىكىچە:

① تاماكا يېغى: تاماكىدىكى تاماكا يېغى ھەرخىل كىسلاتا، ئېتىلىنلىق ئىسپىرت، گىلىئوكىسلىك كىسلاتا ۋە مىس، ھىدرو ئوكسىدى، كاربون چالا ئوكسىدى قاتارلىق چىرىتقۇچى ماددا ۋە زەھەرلىك گازلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نەچچە مىڭ خىل خىمىيەۋى تەركىبتىن تۈزۈلگەن.

② كاربون ئوكسىدلىق زەھەرلىك ماددىلار: كاربون چالا ئوكسىدى گازى تاماكا ئىسىنىڭ تۆت پىرسەنتتىن كۆپرەكىنى

ئىگىلەيدۇ. ئۇ ئۆپكىگە كىرگەن ھامان قىزىل قان دانچىلىرىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئوكسىگېننىڭ ئورنىنى ئىگىلەيدۇ ۋە يۈرەك شۇنداقلا، باشقا ئورگانىزملاردىكى ئېھتىياجلىق ئوكسىگېنلارنى ئازايتىپ، خولېستېرىننى قان تومۇرلىرىدا تىندۇرۇپ قويىدۇ.

③ نىكوتىن: نىكوتىن بىر خىل زەھەرلىك ماددا بولۇپ، ئۇ ئەڭ ئاۋۋال چوڭ مېڭە ۋە مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسىنى غىدىقلايدۇ ھەم كونترول قىلىپ، ئۇنىڭ ئۇچۇر بىر تەرەپ قىلىش سۈرئىتىنى، ئىنكاسىنى زور دەرىجىدە تۆۋەنلىتىدۇ.

④ راك: تەتقىقاتتىن مەلۇم بولۇشىچە، 30 پىرسەنت راك كېسىلىنى، بولۇپمۇ ئۆپكە راكى، كېكىردەك راكى، ئېغىز راكى، ئۇچەي راكى تاماكا چېكىشتىن پەيدا بولغان. ئۇنىڭدىن باشقا تاماكا تەركىبىدىكى راك پەيدا قىلغۇچى زەھەرلىك ماددىلار يەنە دوۋساق راكى، ئاشقازان ئاستى بېزى راكى ۋە بۆرەك راكىنىمۇ كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

⑤ ئۆمۈرنى قىسقارتىش: تاماكا يۇقىرىقىدەك بىر قاتار زەھەرلىك ئۇسۇللار ئارقىلىق ئادەم بەدىنىنىڭ نەپەسلىنىش ئەزالىرى، مېڭە توقۇلمىلىرى، ئاجرىتىپ چىقىرىش سىستېمىلىرى قاتارلىق رەئىس ئەزالارغا ھۇجۇم قوزغاپ، ئۆمۈرنى زور دەرىجىدە قىسقارتىۋېتىدۇ. ئادەتتە تاماكا چەكمەيدىغانلار بىلەن چېكىدىغانلارنىڭ ھايات سىزىقى يەتتە يىل پەرق قىلىدۇ. يەنى تاماكا چېكىشنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرىدىغانلارنىڭ ئۆمرى يەتتە يىل قىسقا بولىدۇ دېگەن گەپ. بىز غايىبنى بىلگۈچى ئەمەس. ئەمما، بۇ خىل زەھەرلىك بويۇم، يامان ئادەتنىڭ ئىنسانلارغا ئېلىپ كېلىدىغان زىيىنىنى ئەلۋەتتە ئىلمىي ئاساستا دەلىللەپ، پاكىت تۇرغۇزۇش قولىمىزدىن كېلىدۇ.

بۇرادەر، ساغلام ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگۈڭىز باردۇ؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سىزگە خۇشخەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: «كىشىلەرنىڭ ياخشىسى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن، ئەمەللىرى ياخشى بولغان كىشىلەردۇر». ساغلام، جۇشقۇن، كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق ئەرلەردىن بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ئالدىدا قەددىڭىز تىك، روھىڭىز پاك، كۆڭلىڭىز ئەندىشىلەردىن خالىي هالدا يۈرگىڭىز باردۇ؟

ئۇنىڭدىن باشقا، تاماكا چەككۈچىلەرنىڭ ئېغىزى، تېنى سېسىق پۇراپ قالىدۇ. تاماكا چېكىدىغان ئادەم بار ئۆيدىكى نەرسە- كېرەك، بۇيۇملارنىڭ ھەممىسىگە ئېغىر دەرىجىدە تاماكا ئىسى سىڭىپ قالىدۇ ـ دە، ئۇنى بىرلىكتە ئىشلىتىدىغان ئايالىڭىز، بالىلىرىڭىزنىڭ سالامەتلىكىگىمۇ زىيان سالىدۇ. تاماكا سىزگە يېقىن تۇرغانلىكى ئادەمنى بىئارام قىلىدۇ. تەتقىقاتلارنىڭ ئىسپاتلىشىچە، بىر ئادەم بىر تال تاماكا چەككەن بولسا، ئۇنىڭ قېشىدا تاماكا چەكمەي تۇرغان ئادەممۇ، تۆت تال تاماكا چەككەنچىلىك زىيانغا ئۇچرايدىكەن. ئۆزىگە، باشقىلارغا، مۇھىتقا زىيانلىق ئىشلارنى قىلىش بىر يارامىلىق ئەرنىڭ ئىشى ئەمەس.

بۇرادەر، تاماكىدىن يىراق تۇرۇڭ. كۈنىگە بىر قاپ تاماكا چېكىدىغان ئادەم بىر ئايدا 50 يۈەندىن تارتىپ 100 يۈەنگىچە تاماكىغا پۇل بۇزىدۇ. دېمەك يىلدا بىرەر مىڭ يۈەن. سىز 30 ~ 40 يىل تاماكا چەككەن بولسىڭىز، ئۆزىڭىز ھېسابلاپ بېقىڭ، پۇللىرىڭىز زادى نەگە كېتىپتۇ؟ بىزنىڭ خىزمەتچىلىرىمىز نامراتلىقتىن قاقشايدۇ. نامراتلىق دەل كىچىك ـ كىچىك پۇللارنىڭ ئورۇنسىز، قالايمىقان خەجلىنىپ تۈگىشىدىن كېلىدۇ. سىز بىر ئۆمۈر تاماكىغا خەجلىگەن پۇللىرىڭىزنى يىغىپ ساقلىيالىغان بولسىڭىز، بەلكىم ھازىرقىدىنمۇ باياشادراق ۋە

ساغلامراق بولار ئىدىڭىز. كۆڭلىڭىز تېخىمۇ مەنىلىك، جۇش-
قۇن ئۆتەر بولغىيدى. ئاشۇ نامراتلىقىڭىزغا ئۆلەرمەن، كېسەل
تېنىڭىز قوشۇلسا جەزمەنكى، قىرلىقىڭىز تېخىمۇ ئازاب ـ ئو-
قۇبەت، غۇربەتچىلىك، كېسەللىك ئاسارىتىدە ئۆتمەي قالمايدۇ.
سىز تاماكا ئارقىلىق يەتمەكچى بولغان نىشان ئاشۇ خارۇ ـ
زارلىقمۇ؟...

تاماكا چەككەن ئادەمنىڭ چىرايىدىن نۇر كېتىدۇ، تېرىسى
بۇزۇلىدۇ. بارماق، تىرناق، چىشلىرى سارغىيىپ ئەسلى گۆ-
زەللىكىنى يوقىتىدۇ. تېخىمۇ يامىنى شۇكى، تاماكا باھنىڭ
زەئىپلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. تاماكا تاماكا چەككۈچى
ئەرلەرنىڭ جىنسىي ئەزاسىنىڭ ئارتېرىيە تومۇرلىرىنى زور دەرد-
جىدە قۇرۇپ، يىگىلتىپ تاشلايدۇ ـ دە، ئۇلار تېزلا زەكىرى
قاتماسلىق كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالىدۇ. كۆنگە بىر قاپ
تاماكا چېكىدىغان، 35 ياش ئەتراپىدىكى ئەرلەرنىڭ 72% ى
زەكىرى قاتماسلىق كېسىلىگە گىرىپتار. دېمەككى، خوتۇننىڭ
ئالدىدا بېشى پەس، روھى چۈشكۈن، كۆڭلى غەم ـ غۇسسىگە
لىق تولغان! مانا بۇ بىزدىكى ئاران ـ ئاران ئۆزىنى كۆتۈرۈپ
ماڭىدىغان، پەرزەنتلىك بولالماي دوختۇرخانىمۇ ـ دوختۇرخانا
قاترايدىغان، خوتۇنلىرى يات ئەرلەرنىڭ كەينىدىن قېچىپ كېتىد-
ۋاتقان، خوتۇنلىرى گېپىگە كىرمەيۋاتقان بىچارە ئەرلەرنىڭ ئە-
جەللىك ئاجىزلىقلىرىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى!

بۇرادەر، تاماكىنى سۆلەتكە، ئىچ پۇشۇقىغا ياكى مەقسەت-
سىزلا چېكىدىغانسىز ياكى باشقىلار تەڭلەپ قويغىنى ئۈچۈنلا
چېكىدىغانسىز. ئەمما ھاياتلىققا، ساغلاملىققا زىيان ئېلىپ كېلى-
دىغان ھەر قانداق باھانە ـ سەۋەب، يۈز ئابرۇي، ھەتتاكى

www.uyghurkitap.com

ئىلىم- بىلىمىمۇ تاشلاپلا كېتىۋېرىش كېرەك. بىزنىڭ قوغلى-
شىدىغىنىمىز زەھەر، ناتوغرا شۆھرەت، بىنورمال ئىچ پۇشۇق-
نى چىقىرىش ئۇسۇلى ئەمەس، بەلكى پايدىلىق ئىلىم، زەخمەت-
سىز ئادەت.

تاشلىيالمىدىم، ئاتلىنىپ قاپتىمەن، خىزمەتداشلىرىم،
دوستلىرىم چەكسە خۇمارىم تۇتۇپ كېتىدىكەن، دەپ مەزلۇملارچە
باھانە ئىزدىمەڭ. كۇبا زۇڭتۇڭى كاسترو 59 يىل چېكىپ كەل-
گەن تاماكىغا خوش دېگىنىچە ئۇنى ئۈزۈل - كېسىل تاشلىيال-
غان ۋە مەملىكەت خاراكتېرلىك تاماكا تاشلاش ھەرىكىتى قانات
يايدۇرغانىكەن. گەپ نىيەتتە، ئىرادىدە ۋە ئۇنى ئەمەلىيلەشتۈ-
رۈشتىكى قەتئىيلىكتە! ئىنساننىڭ ئىرادىسى ھېسسىياتتىن غا-
لىب كېلەلمىگۈدەك زەئىپ ھالغا چۈشۈپ قالغىنى يوق. ساغلام،
كەسكىن تۇرمۇش پرىنسىپى ئارقىلىقلا، بۇ ۋابادىن قۇتۇلۇش
مۇمكىن. باشقىلار چەك دەيدۇ، مەن كەچ دەيمەن.

تاماكا قېپىغا قاراپ بېقىڭ. «تاماكا چېكىش سالامەتلىككە
زىيانلىق» دەپ يېزىۋېلىپ يەنە تاماكىنى ماختاپ ساتىدىغانلاردا
ئىنسانىيەتكە، ئادەمگە كۆيۈنگىدەك پەزىلەت نېمە ئىش قىلسۇن؟
مۇشۇنىڭ ئۆزىدىنلا ئۇلارنىڭ ئالدامچى، كاززاپ نېمىلەر ئىكەن-
لىكىنى كۆرۈۋېلىش تامامەن مۇمكىن. كاززاپ خەقنىڭ كەينى-
دىن سوكۇلداش ھېچبىر زاتى ئىنسانغا پايدا ئېلىپ كەلمەيدۇ.
بۇرادەر، پاكلىقتا، ساقلىقتا قايتىڭ!

# 17. قىماردىن نېرى تۇرۇڭ

قىمار ئويۇن ئارقىلىق بىر - بىرىنىڭ ھەققىنى تەر تۆك-
مەستىن ئۇتۇۋېلىش، ئىگىلىۋېلىش قىلمىشىغا قارىتىلغان بو-
لۇپ، گەرچە قىمار ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئۆز رازىلىقى بىلەن
بىساتىنى دەتتىكامغا ئېتىشى بولسىمۇ، ئۇ خاراكتېر جەھەتتىن
ناشايان ئىشتۇر. ئۇ ئەخلاققا زىت قىلمىشتۇر. شۇڭا قىمار
خۇپپىيانە ئېلىپ بېرىلىدۇ. دىندىمۇ، پەندىمۇ چەكلىنىدۇ. قى-
مارۋازلار ئېغىر جازالىنىدۇ.

بۇرادەر، سىز ئويۇننى قىزىسۇن دەپلا ئاز - تولا تىكىپ
قويۇپ ئويناۋاتىمىز، دەپ ئويلىشىڭىز، بۇنىڭ ئېغىر ئالغۇچى-
لىك يېرى يوق دەپ قېتىڭىزغا ئالماسلىقىڭىز مۇمكىن. ئەمما
ئۇنتۇماڭكى، كىشىنى چۆچۈتىدىغان رەزىل جىنايەتلەرمۇ كىچىك-
كىنە سەل قاراش ۋە ھېچنېمە بولمايدۇ دەپ ئۆز كەمچىلىكىنى
يوشۇرۇش سەۋەبىدىن بولغان. قىمارغا ئۆگىنىپ قالسىڭىز،
بار- يوقىڭىزنى، ئىززەت - ھۆرمىتىڭىزنى ۋە ئابرۇيىڭىزنى
قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا يوقىتىسىز. بەلكىم بىر كېچىدىلا
خوتۇن - بالىلىرىڭىز، ئائىلىڭىزدىنمۇ ئايرىلىپ يالاڭتۆشكە ئاي-
لىنىپ كوچىدا قالارسىز. قىمار سىزنى ۋەيران قىلىدۇ ۋە ياكى
بىر كېچىدىلا كاتتا زەردارغا ئايلىنىپ كېتەرسىز. ئەمما، ھارام
دۇنيا، ئۆز تەر - ئەجرىڭىز سىڭمىگەن بايلىق سىزنى بىئارام
قىلىشتىن باشقىنى قىلمايدۇ. يەنە كېلىپ ئۇتتۇرۇۋەتكۈچى تە-

www.uyghurkitap.com

رەپ رازى بولۇپ دو تىكتى دېگەندىمۇ، ئۇ ئۆز بىساتىنىڭ، دۇنياسىنىڭ يەنە بىر سىنىڭ چۈنتىكىگە كىرىپ كەتكىنىگە مەڭگۇ نارازى بولىدۇ. ھەتتا سىزدىن ئۆچ ئېلىشىمۇ مۇمكىن. خەقنىڭ ھەققى بىئاراملىقتىن ئۆزگە نەرسە ئېلىپ كەلمەيدۇ. قىمار ئاداۋەت ئورۇقلىرىنى چاچقۇچى مەشئۇم نەرسىدۇر.

شۇڭا قايسىدۇر بىر دانىشمەن مۇنداق دېگەن:

قاچ، ئوينىمىغىل قىمارنى ھەرگىز،
يوق ئۇنىڭدەك پايدىسىز ئىش ھەرگىز.
بۇنىڭدىن يامان ھەم بىر بالا يوق.
ئۇ بىر دەردكى ھەرگىز ئاڭا راۋا يوق.

دەرد بولغانىكەن، ئەلۋەتتە ئۇنىڭ داۋاسى بولىدۇ. مەسىلە ئاشۇ داۋانى تېپىش ـ تاپالماسلىقتا. قىمارنىڭ داۋاسى قىماردىن نېرى بولۇش، ئۇنى ئەسكى پايتىمىنى چۆرىگەندەك چۆرۈپ تاشلىۋېتىش.

ئەي بۇرادەر، پايدىلىق ئىلىم ـ ھۈنەرلەرگىمۇ ئاشۇ مەرەزگە چاپلاشقانچىلىك چاپلاشساڭچۇ! كېچىلىرى ھودۇقۇش ـ قورقۇش ئىچىدە خۇپىيانە ئولتۇرۇپ مال ـ بىساتىڭنى، ئىستىقبالىڭنى، خوتۇن ـ بالىلىرىڭنىڭ بەختى ـ ۋەجىنى، يۈز ـ ئابرۇيۇڭنى بار بىلەن يوقنىڭ ئارىسىدىكى ھاڭغا تاشلاپ ئويناپ نېمە كەپتۇ؟ ھايات چاقچاق قىلىدىغان ئىش ئەمەس. دو تىكىدىغان، ئۇتسا كۆرەڭلەپ، ئۇتالمىسا يىغلاپ ياتىدىغان جاي تېخىمۇ ئەمەس، ھايات دەل ئەركەكلەرچە ھالال كۈچى بىلەن ئىشلەپ چىشلەيدىغان كۈرەش سەھنىسى.

ئەر دېگەن سۆزنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى مەنىسى جەڭ-
چى دېمەكلىكتۇر. كۈرەش سەھنىسىدىن ساختىپەزلىك قىلىپ
قاچقان جەڭچى ئاسىي، مۇناپىق بولىدۇ. قىمار بىزنى مۇناپىق
قىلمىغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭدىن ئۆتە رەسۋا قىلىۋېتىدۇ. ئەقلى-
ڭىزنىڭ بارىدا ئۆزىڭىزنىڭ ھەقىقىي ھايات يولىڭىزغا قايتىپ
كېلىڭ. خوتۇن بالىلىرىڭىزنىڭ ھەققىنى ھارام يولغا تاشلىماي
ياخشى ئەمەللەرگە سەرپ قىلىڭ. باشقۇرۇپ بولالمايدىغان بايلى-
قىڭىز بولسا سەدىقە قىلىڭ، خەير - ئېھسان قىمارىدىن ئىللا -
بىللا پايدا ئەۋزەلدۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرىكى ئادرېسى

## 18. بەدنىيەتلىك قىلما، ئەر

نىكاھ — توي بىر ئەرنىڭ يەنە بىر ئايال بىلەن بىر - بىرىگە خىيانەت قىلماي تۇرمۇش كەچۈرۈشكە بەرگەن ئەھدە - ۋەدىسىدۇر. دېمەككى ئەر خوتۇنغا، خوتۇن ئەرگە نىسبەتەن مۇتلەق ئېئىمەتتۇر. ياتلارغا قاراش، نىكاھ بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا يات ئەر - ئاياللار بىر - بىرىگە يېقىنلىشىش ئاللانىڭ ئامانىتى قىلىپ بېرىلگەن ئايالغا خىيانەت، ئەرگە جىنايەتتۇر. «ئېرىنىڭ پەرمانىدىن چىقماي ھەم مۇسۇلمانچىلىق ھەم روزىغار خوتۇنلۇق بۇرچىنى ئادا قىلىش بىلەن بولغان ئاياللارنى ئىنسان ئەمەس، بېھىشنىڭ ھۆرى دەپ بىلىش كېرەك. بۇ خىلدىكى خوتۇنلارغا ئەر بولغانلارنىڭ ئىقبالى ھەر قاچان يۇرۇق بولۇر»[1] ئەمما، ئاشۇنداق پەزىلەت بابىدا ئېسىل ۋە كاتتا ئەجىرلەرگە لايىق خۇش مېھىرلىق خوتۇنلىرى تۇرۇپ بەدنىيەتلىك قىلغان، باشقا ئاياللار- غا بۇزۇق نىيەتتە بولغان ئەرلەر ھەقىقەتەنمۇ جازاغا، لەنەتكە لايىقتۇر. ئۇلارنىڭ ھالاللاپ ئالغان، ئۆزىگە مۇتلەق تەۋە بولغان نازىنىن جۈپلىرىنى تاشلاپ خۇپىيانە زىنا، ئاشىندارچىلىق ئۈچۈن ھاپىلداپ چېپىشلىرى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە يامانلىقتىن بۆلەك نەرسە ئېلىپ كەلمەيدۇ.

بۇرادەر، سەن بىر ئەركەك، توي كۈنى ۋەدە بېرىپ ئالغان خوتۇنۇڭغا قارا سانىما. ئۇ سېنىڭ ئاش - تامىقىڭنى ئەتكۈچى،

---

[1] ئا. داموللام - مىفتاھۇل ئەدەبىتىن.

كىر ـ قاتلىرىڭنى يۇيغۇچى، ساڭا مېھرىبانلىق يەتكۈزگۈچى، سېنىڭ ئېغىرىڭنى كۆتۈرۈپ، يىغاڭنى يىغلاپ، كۈلكەڭگە ھەمـ
جور بولۇپ تۇرمۇشۇڭغا مەنە، زوق قوشقۇچىدۇر. ئەمما يات
بىر ئايال ھەر قانچە چىرايلىق، ساڭا ئاشنا ـ ئاشىق، مېھرىبان
بولغان تەقدىردىمۇ ئۇ ئەڭ ئالدى بىلەن سېنىڭ نىكاھىڭدا ئەـ
مەس. دېمەككى، ئۇنىڭ ئىززەت ـ نەپسى ساڭا تەئەللۇق ئەمەس.
ئۇ جەزمەنكى يەنە بىر ئەر، ئائىلىنىڭ ھەققى ـ ھۆرمىتى،
ئىپپەت ـ ھاياسىدۇر. يات بىر ئائىلىگە سوغۇق نەزەر بىلەن
قاراش ئىنساپ ـ دىيانەت جۇملىسىدىن ئەمەس. ئويلاپ باق،
ئەر. ئەگەردە يەنە بىر ئەر سېنىڭ ئايالىڭ، قىزىڭغا بۇزۇق
نىيەتتە بولسا سەن قانداق تۇيغۇدا بولارسەن؟ خوتۇنۇڭنىڭ، ئائىـ
لەڭنىڭ ئىززەت ـ نەپسىنىڭ دەپسەندە قىلىنىشى، قىزلىرىڭ،
ئاچا ـ سىڭىللىرىڭنىڭ يات قولنىڭ سوغۇقىدا تىترىشى سېنى
خۇش قىلارمۇ؟ ھەربىر تەربىيىسىز ئايالنىڭ قېشىدا يارامسىز
ئەردىن بىرى بار. ئاياللارنى بۇزغۇچى، يولدىن چىقارغۇچى، ئىچ
پۇشۇقىنى چىقىرىدىغان ئويۇنچۇق ئورنىدا كۆرىدىغان بەتبەخت
ئەرلەردىن بولۇپ قالمىغىن. ئاياللارغا ناتوغرا يولدا شۆلگەي
ئېقتىدىغان ئەرلەر قانچىكى ئاز بولسا بىزنىڭ ئائىلىمىز، جەمـ
ئىيىتىمىز شۇنچە خاتىرجەم، ساغلام بولىدۇ.
توي ـ نىكاھ ئەر ـ ئايالنىڭ جىنسىي ئىستىكىنى ساغلام
قاندۇرۇشنىڭ مۇھىم كاپالىتى بولغانىكەن، ئەر ـ ئايال بىر ـ
بىرلىرىدىن ئۆز ئەھۋالىغا قاراپ بەھرىلىنىشى لازىم. ئەمما ياتـ
لارغا قاراش ئەخلاقىي، پەننىي، دىنىي، ئىلمىي، ئىقتىسادىي،
ئىستېتىكا نۇقتىلىرىدىن بىردەك خاتا، زىيانلىق خاھىشتۇر.
شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زامانىسىدىلا نىكاھلىق ئەر ـ ئايالـ
لاردىن زىنا قىلغانلارغا تاش ـ بوران قىلىپ ئۆلتۈرۈش جازاسى

www.uyghurkitap.com

بېرىلگەن ۋە شۇ ئارقىلىق ئاياللارنىڭ، ئائىلىنىڭ، جەمئىيەتنىڭ بىر پۈتۈن ئىززەت ـ ھۆرمىتى، خاتىرجەملىكى، تىنچ ـ ئەمىنلىكىنى كاپالەتلەندۈرۈلگەن.

ئۆلىمالار ئىنسانغا تۆت نەرسە بالا كەلتۈرىدۇ، دەپ ھېسابلايدۇ: ئىچىملىك، زىنا، قىمار، كىشىگە ئازار بېرىش. زىنا ئۆزىگىمۇ، ئۆزگىگىمۇ، سەن بىلەن روبىرو تۇرغان ـ تۇرمىغانلارغىمۇ ئوخشاشلا زىيان، ھاقارەت ئېلىپ كېلىدىغان مەينەت قىلىقتۇر.

بۇرادەر، زىناخور ئۆز خوتۇنىغا، باللىرىغا ھەپتىلەپ، ئايلاپ گۆش ـ ياغ يېگۈزمەي، ناتونۇش خوتۇنلارغا سېلىنچا سالىدۇ. باشقا خوتۇنلار بىلەن قارىقويۇق ئارىلاشقان، ئارىلىشىپ كۆنگەن ئەرلەرنىڭ قەلبىدىن ئىمان كۆتۈرۈلىدۇ. ئائىلىسىگە مېھرى قالمايدۇ. خوتۇنلىرىغا كۆيۈنمەيدۇ. يالغانچى، كاززاپ كېلىدۇ، ساقايتىش تەس بولغان نەس بالالار دەل مۇشۇنداق تۇرمۇشتا تەرتىپ ـ ئىنتىزام يوق بۇزۇقچىلىقتىن باشلىنىدۇ. ھەقىقەتەنمۇ، ئوغرى مۇئمىن پېتى ئوغرىلىق قىلمايدۇ، زىناخور مۇئمىن پېتى پاھىشە قىلمايدۇ. ئەقىدە ـ ئىماننىڭ سۇسلىشىشى كىشىلەرنى پەس، چۈشكۈن، رەسۋا قىلىۋېتىدۇ. ئەيدىس ئەتراپىمىزدا دەھشەت تېزلىك بىلەن يامىرىماقتا، ئەيدىس كىشىلەر ئايانچىلىق ئىگرىماقتا. ئۇلارنىڭ باللىرى، خوتۇنلىرى، ئاتا ـ ئانىلىرى ئەلەم ـ ھەسرەت بىلەن لەۋ چىشلىمەكتە. ئاشۇ بۇزۇقچىلىققا كۆنگەن ئادەملەر ئۇ دۇنياغا بارغۇچە بۇ دۇنيالىقىدىمۇ تارتقۇلۇقنى يەتكۈچە تارتىپ كېلىۋاتىدۇ. ئىنسان ئىبرەت ئالالايدىغانلىقى، تەپەككۇر بىلەن، ھەرىكىتىنى تىزگىنلىيەلەيدىغانلىقى بىلەن ھايۋاندىن پەرقلىق. بەدنىيەتلىك قىلمايلى.

# 19. ئاياللارنى پەس كۆرمەك

بىزدە ئاياللارنى كەمسىتىدىغان، پەس كۆرىدىغان، ئەرلەر-
دىن تۆۋەن ئورۇندا كۆرۈپ تەربىيىلەشكە، پىكرىگە ھۆرمەت
قىلىشقا سەل قارايدىغان ئادەتلەر يوق ئەمەس. كۆپىنچە ئاتا -
ئانىلىرىمىز ھېلىھەم قىز بالىنى تالانىڭ ئادىمى دەپ قاراپ ئوقۇ-
تۇش، تەربىيىلەشلەردىمۇ سۇسلۇق قىلىدۇ. ئۆزلىرى تەربىيە-
لەش، تەرتىپكە سېلىش، ئىززەت - ئېكرام ئۆگىتىشتە دەسلە-
پىدە سەل قاراپ كېيىن قىزلىرىنى، خوتۇنلىرىنى، ئاچا -
سىڭىللىرىنى يامان ئۆگىتىپ قويۇپ گەپكە كىرگۈزەلمىگەندىن
كېيىنلا «قىز بالىنىڭ چېچى ئۇزۇن ئەقلى قىسقا»، «يەنىلا
خوتۇن خەق»… دېگەندەك ئەيىبلەشلەر بىلەنلا بولۇپ كېتىدۇ.
ئەمەلىيەتتە بىزنىڭ تارىخىمىزدىمۇ تۇمارىس، نۇزۇگۇم، رىزۋاند-
گۈل كەبى نامى پاك، زاتى ئېسىل، ئەقىل - پەزىلەت، باتۇرلۇق-
تا ئەرلەرگە ئۈلگە بولالىغۇدەك ئاياللارمۇ ئۆتكەن ھەم ھازىرمۇ
بار. ئاياللار ئۆزلىرىدىكى يوشۇرۇن كۈچ، پاراسەت - پەزىلەت،
قەيسەرلىكى جارى قىلدۇرالايدىغان مۇۋاپىق شارائىت - پۇرسەتكە
ئېرىشەلىگەندە ئاندىن مىشچانلىقتىن ئىشچانلىققا، چۈشكۈنلۈك-
تىن ئۈستۈنلۈككە ئۆزگىرەلەيدۇ. بىز بۇ چاغقىچە «ئەرنى ئەر
قىلىدىغىنىمۇ خوتۇن، يەر قىلىدىغىنىمۇ خوتۇن» دېگەننى ئىز-
چىل بىر تەرەپلىمە ھالدا تەرغىپ قىلىپ كەلدۇق. ئەمەلىيەتتە،
ئاشۇ ئەرنى يەر قىلىدىغان خوتۇننى قانداق تەربىيىلەپ يېتىشتۈ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

روپ چىقىدىغىنى دەل ئەرلەردىن ئىبارەت. ئايالىغا ھۆرمەت قىلىشنى، ئۇنىڭ پىكىر - ئىنكاسىغا ھۆرمەت قىلىشنى بىلىدىغان ئەرنىڭ خوتۇنى جەزمەنكى، ئېرىنىڭ ھەربىر ئىش - ھەرىكەت، يۈرۈش - تۇرۇش، مۇناسىۋىتىگە ئەستايىدىل كۆيۈنۈش ئاساسىدا مۇئامىلە قىلىدۇ. خوتۇنىنىڭ ھەر قانداق پىكىر - تەكلىپى، كۆز قارىشىنى مەنسىتمەيدىغان، ئۇنىڭغا «خوتۇن دېگەن ئۆيىنىڭ ئادىمى، سىرتىنىڭ، ئەرنىڭ ئىشىغا ئارىلاشمىغۇلۇق» دەپ قوپاللارچە كۆرەڭلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان ئەرلەرنىڭ خوتۇنلىرى ئېرىنىڭ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلمەيدىغان، ھالىغا يەتمەيدىغان، پەرۋاسىز ۋە بارغانسېرى ئىچ - مىجەز، چۈشكۈن بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا، ئەڭ ياخشىسى ئايالىڭىزنى پەس كۆرمەي ئۇنىڭ ئىززىتىنى قىلىپ قويۇشنى ئۆگىنىڭ. بۇنداق قىلىش خوتۇنىڭىزدا ئۆزىگە ئىشىنىش ۋە سىزگە ھۆرمەت، قايىللىق تۇيغۇسى قوزغاپ، قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىشقا قولايلىق، ئاسانلىق ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن. بۇنداق قىلىش بەكمۇ تەس ئەمەس.

قىيىن مەسىلىلەرگە يولۇققاندا، ئۇ ھەل قىلالىسۇن - قىلالمىسۇن بەزى تەكلىپلەرنى سوراپ قويۇڭ. پايدىلىق بولسۇن- بولمىسۇن ئايالىڭىز بىلەن بىر ئورتاق نىشان ھاسىل قىلالىشىڭىزدا گەپ يوق ھەم ئايالىڭىزدا ئۆز - ئۆزىگە بولغان ئىززەتلىنىش تۇيغۇسى ھاسىل بولۇپ، سىزگە بولغان ئىتائەت - ھۆرمىتى ئېشىشى مۇمكىن.

ئايالىڭىزغا سەن نېمىنى بىلەتتىڭ، قازان - چۆمۈچنى بىلسەڭ بولدى، ئارتۇق ئىشلارغا ئارىلاشما، بۇ خوتۇن كىشى باش قاتۇرىدىغان ئىش ئەمەس... دېگەندەك گەپلەرنى قىلماڭ.

ئۇنىڭ مېھرىبانلىقى - كۆيۈنۈشى ئازار يەپ قالمىسۇن. ئىززەتتىن ھۆرمەت كېلىدۇ.

جامائەت سورۇنلىرىدا ئايالىڭىزغا قوپال مۇئامىلە قىلماڭ. جامائەت سورۇنلىرىدا ئۇنىڭغا چېچىلىپ، غەزەپلەنسىڭىز، ئۇمۇ سىزگە قاش كۆرسىتىپ، ئۆزىدىمۇ جان، غەزەپ، ئاچچىق بارلىقىنى كۆرسەتمەي قويمايدۇ. ئەر - خوتۇنلارنىڭ سىرتلاردا بىر-بىرىگە غەزەپلىنىشى ئۇلارنىڭ ئائىلە مۇناسىۋىتىنى ئىنتايىن تېز ۋەيران قىلىۋېتىدىغان يامان ئىش. ھەر كىمگە كىشىلەرنىڭ ئالدىدا ئابرۇي، يۈز لازىم. ئادەم بار يەردە ئىتنى ئۇرساڭمۇ گەپ-سۆزسىزكى ساڭا خىرىس قىلىدۇ. ئۆمۈرلۈك جۈپتىڭىزغا، ئۆزىنىڭ يېرىمىغا، ئىمانىنىڭ تېڭىغا، مېھىر - شەپقەت ھەمراھىغا كىشىلەر ئالدىدا قوپاللىق قىلىش لاياقەتلىك ئەرلەر قىلىدىغان ئىش ئەمەس.

ئايالىڭىزنىڭ خاھىشى، تاللىشى، ئارزۇسىغا ھۆرمەت قىلىپ قويۇڭ. ئۇنىڭ ئاچچىق - چۈچۈك سۈيۇقئاش ئىچكۈسى كەپقالغان بولسا لەغمەننىڭ غەلۋىسىنى قىلماڭ. ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيىگە بارغۇسى كەپقالغاندا سىز يەنە بىر ئىشنىڭ غەلۋىسىنى ئىلاجىنىڭ بارىچە قىلىپ قويماڭ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەرنىڭ ئاياللىرىڭلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلغانلىرىڭلار ئەڭ ياخشى كىشىلىرىڭلاردۇر» دېگەن. خوتۇن كىشى كۆپ ھاللاردا ئېرىنىڭ ئىتائىتى ئۈچۈن قۇربانلىق بېرىدۇ. ئايال كىشىنى تېخىمۇ ئاڭلىق ھالدا ئىتائەتكە ئېلىپ كۆڭلۈمنى خاتىرجەم قىلاي دېسىڭىز، ئۇنىڭ ئىززىتىنى قىلىشنى، ئارزۇ - خاھىشىغا ئاز - تولا يول قويۇشنى ئۆگىنىۋېلىڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

## 20. ئائىلىمىزنى ماختاپ قويۇشنى ئۇنتۇماڭ

بىر ئائىلىگە نىسبەتەن ئەر لازىمەتلىكلەرنى تاپقۇچى، ئۆيدىنىڭ بار ـ يوقىنى سەپلىگۈچى بولسا، ئايال كىشى ئۆيدىكى بار ـ يوقنى جايىدا تۇتۇپ، سەرەمجانلاشتۇرغۇچى، بار ئىمكانلاردىن پايدىلىنىپ ئاش ـ تاماق ئېتىپ، كىر ـ قات يۇيۇپ، ئېتىز ـ ئېرىقنىڭ ئىشىغا قارىشىپ، خىزمەت قىلىپ ئەرنى كۈتۈپ، بالا تۇغۇپ، تەربىيىلەپ... بىر ئائىلىنى رەتلىك، تەرتىپلىك ئايلاندۇرۇپ تۇرغۇچىدۇر.

بىز ئايال كىشىنىڭ قىلىدىغان، ھەر كۈنلۈكى ئېچىرىشى كېرەك بولغان ئىش ـ كۈشلىرىنى بىرەر قۇر ساناپ تىزىپ چىقساقلا، ئۇلارنىڭ تارتىدىغان جاپاسىنىڭ ھەقىقەتەن ئاز ئەمەسلىكىنى بايقايمىز. بىز ئەرلەرنى جاپاغا چىدامچان، ئېغىر ئىشلارنى قىلىشقا يارالغان دەيمىز. ئەمما ئاياللار تارتىدىغان ۋە ئىنچىكە، زىللىقتا كىشىنىڭ نېرۋىسىنى زېڭىلدىتىدىغان ئىشلارنىڭ تولىلىقىنى ئۇلارنىڭ ئاياللىق، پەرزەنت ئۈچۈن بېرىدىغان قۇربانلىقىنىڭ ۋەزنىنى ئويلىغاندا، ئۇلارنىڭ چىدام ـ غەيرەتتە ئەرلەردىن ھەرگىز قېلىشمايدىغانلىقىنى سېزىپ يېتەلەيمىز.

قەدىرلىك بۇرادەر، ئايال كىشى ئىش قىلغىنىغا ۋە ھارغىنىغا ۋايسىمايدۇ. ئەكسىچە ئۆزى تارتقان جاپا، تۆككەن تەر ـ مېھنىتى تېگىشلىك ئېتىراپقا ئېرىشەلمىسە ئۇلار ئوڭاي ھاردۇ، چارچايدۇ، زارلايدۇ، قاقشايدۇ. ئادەمنى قاقشىتىدىغىنى ماددىي

جەھەتتىكى نامراتلىق ئەمەس، مەنىۋى - روھىي جەھەتتىكى
چاڭقاقلىقتۇر.
ئايالىڭىزنى ماختاپ قويۇڭ. ماختاش ھەر قانداق ئادەمنىڭ
ئىشقا بولغان قىزغىنلىقى ۋە جۇشقۇنلۇقىنى ھەسسىلەپ ئاشۇر-
دۇ. مۇتەخەسسىسلەر ئادەمنىڭ بەدىنى ئىش قىلغانغا ھېرىپ -
چارچىمايدۇ. چارچايدىغىنى روھ، كەيپىيات دەيدۇ. ئايالىڭىز
تەرلەپ - پىشىپ سىز ئۈچۈن، بالىلىرىڭىز ئۈچۈن ئاش ئېتىۋات-
قان، كىر يۇيۇۋاتقان، نان يېقىۋاتقان، بوغداي تېرىۋاتقان، ئىش-
لەۋاتقان چاغلاردا، ئۇنىڭ ئائىلە ئۈچۈن جاپا چەككەنلىكىنى بى-
رەر ئېغىز سۆز بىلەن رەھمەت ئېيتىپ، سەممىي كۆيۈنۈشى-
ڭىزنى بىلدۈرۈپ قويۇڭ. ئۇنىڭ ياغدەك ئېرىپ، بارلىق ھار-
دۇقلىرىنى ئۇنتۇپ، يەڭگىللەپ قالغىنىنى، چىرايىغا نۇر تەپ-
چىپ چىققانلىقىنى بىردەمدىلا كۆرىسىز. «ئايالنىڭ ئەتكەن تامى-
قى خەققە تېتىسا، ئاندىن ھاردۇقى چىقىدۇ» دېيىشىدۇ ئاياللار.
ھېرىپ - ئېچىپ ئىش - ئەمگەكتىن قايتىپ كەلگەن ئايال سىز
پۇت - قولىڭىزنى سۇنۇپ يېتىپ ئارام ئېلىۋاتقاندا، يەنە سائەت-
لەپ جاپا تارتىپ، ھورى ئۆرلەپ تۇرغان ئىسسىق تاماقتىن بىرەر
قاچا ئالدىڭىزغا قويغاندا، بىرەر ئېغىز سۆزنى ئاياپ نېمە قىلى-
سىز؟ ئۇنى ماختاڭ! بىمەنىلەرچە مازاق قىلماي، سەممىيلىك
بىلەن بىرەر ئېغىز باركاللا ئېيتىپ قويۇڭ. سىرتنىڭ ئىشلىرى-
دىن بىكار بولسىڭىزلا ئايالىڭىزغا، ئۆي ئىشلىرىغا ياردەملى-
شىڭ. ئايالىلارغا، ئائىلە ئىشلىرىغا ياردەملىشىش سىزنى
خان - خېنىم قىلىۋەتمەيدۇ. چوڭلۇق، كۆرەڭلىكىڭىزمۇ ئورنى
بار. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام چېغىدا ئۆيدە ئۆز ئاياللىرىغا يار-
دەمدە بولارئىكەن ۋە ناماز ۋاقتى بولسا نامازغا چىقاتتىكەن. ئۇڭدا

يېتىپ بۇيرۇقۋازلىق قىلىسىز ۋە ئايالىڭىزنىڭ تەر تۆكۈپ تەي-
يارلىغان تائاملىرىنى ياراتمايسىز، ئۆيدە كۈچلىنىپ چىقىپ
ھاڭگىلىقنى يات خوتۇنلارغا قىلىسىز. نومۇس قىلىڭ، ئەي ئەر!
ئالدىراش ئىشلەپ ئۆيىڭىزگە قايتالمىغان، بالىلىرىڭىزنىڭ ئۆ-
گىنىشىگە يېتەكچىلىك قىلالمىغان چاغلاردىمۇ، قايتىپ كېلىپلا
ئۆزىڭىزنىڭ ھالى توغرىلىقلا ۋەز ساتماي، ئايالىڭىز ئاققۇزغان
تەرگە بىرەر ئېغىز رەھمىتىڭىزنى ئىپادىلەپ قويۇڭ. سىزنى ھەر
جەھەتتىن خاتىرجەم قىلىدىغان بىر ئايال كىشى بولمىسا، سىز-
نىڭ كەسىپ، نەتىجە، ئىگىلىك دەپ شاپاشلاپ چاپقانلىرىڭىزنىڭ
ھەممىسى يوققا، پوققا ھېساب! شۇڭا ئۇلارنىڭ سىزگە بولغان
ئىنسانىي ساداقىتى، مېھرى، سىز ئۈچۈن تۆككەن تەرى ۋە
ئەقىدىسى ئۈچۈن شۈكۈر، ئېھسان، رەھمەتلەر ئېيتمىقىڭىز دۇ-
رۇستۇر. چېغىدا بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا
كېلىپ، مېنىڭ ياخشىلىق قىلىشىمغا ئەڭ ھەقلىق ئادىمىم كىم؟
دەپ سورىدى، رەسۇلۇللا: ئاناڭ، دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ ئادەم:
ئاندىن قالسىچۇ؟ دەپ سورىدى. رەسۇلۇللا: ئاناڭ، دېدى. ئۇ
ئادەم: ئاندىن قالسىچۇ؟ دەپ سورىدى. رەسۇلۇللا، ئاناڭ دېدى.
ئۇ ئادەم: ئاندىن قالسىچۇ؟ دەپ سورىدى. رەسۇلۇللا: ئاندىن
قالسا ئاتاڭ دېدى. بىز مۇشۇنىڭدىنلا ئاياللار، ئانىلارغا كۆرسى-
تىشكە تېگىشلىك ئىززەت - ھۆرمەتنىڭ دەرىجىسىنى بىلەلەي-
مىز. ئايالالار تارتقان جاپانى مەنسىتمەسلىك، ئۇلارنىڭ تۆككەن
تەر - ئەجرىگە ھېچنەرسە دېمەسلىك، يەنە تېخى ئايالالارنى خارلا-
س، خورلاش، ئۇرۇش، دەپسەندە قىلىش ئايالالارنى تېخىمۇ بەدق-
لىق، ھۇرۇن، بىپەرۋا، تەلۋە، كۆڭلىنى سىرتلاردىن، يېيىش،
كىيىنىش، ياسىنىشتىنلا خۇش قىلىشنى ئىزدەيدىغان دەرىجىدە

چاكىنىلاشتۇرۇۋېتىدۇ. ئۇلارنى ئاسراش، ھۆرمەتلەش، ئۇلار تارتقان جاپاغا چۇشلۇق رەھمەت ـ ھۆرمەت كۆرسىتىش ئارقىلىقلا تېخىمۇ مۇلايىم، قەيسەر ئاياللارنى يېتىشتۇرۇپ چىقىش مۇمـ ـكىن. ھەقىقەتەنمۇ، بىلسەڭ، «دۇنيا پايدىلىنىدىغان جايدۇر. دۇنيادا پايدىلىنىدىغان نەرسىنىڭ ئەڭ ياخشىسى ياخشى ئايالدۇر» (ھەدىستىن) . بىز نېمىشقا بۇ بۈيۈك نېئمەتتىن لايىقىدا پايدىلىـ ـنىش ئۇستىدە ئەستايىدىللىق بىلەن ئىزدەنمەيمىز؟

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# 21. نىكاھ مۇھەببەتنىڭ قەبرىسى ئەمەس

نىكاھ يىگىت قىزنىڭ ئۆز رازىلىقى ئاساسىدا ۋۇجۇدقا چىقىدىغان جەريان. يىگىت بىلەن قىزنىڭ رازىلىقى ئاساس قىلىنمىغان نىكاھ ياخشى نىكاھ ئەمەس.

نىكاھىڭىز مەيلى سىز ياخشى كۆرىدىغان بىرى بولسۇن ياكى سىزگە ناتونۇش بىرى بىلەن بولسۇن تويدىن كېيىن ھېسسىيات يېڭىلاپ تۇرۇشقا سەل قارىماڭ. تويدىن ئىلگىرى قىزغىن مۇھەببەت ۋە بىر ـ بىرىگە بولغان ئوتلۇق تەلپۈنۈشلەر توي قىلىش بىلەنلا توختاپ قالمىسۇن. نۇرغۇن ئەر ـ ئاياللار ئەمدى توي قىلدۇق، بىر ـ بىرىمىزنىڭ ۋىسالىغا ئاخىرى يەتتۇق، ئەمدى مەن ئىزدىگەن يار، مەن سۆيگەن جانان قېشىمدىلا بارغۇ، بۇرۇنقىدەك ۋاي دەپ كېتىشنىڭ ھاجىتى يوق دەپ ئەر ـ خوتۇن ئوتتۇرىسىدىكى ھېسسىياتنىڭ ئىزچىللىقىغا سەل قارايدۇ ـ دە، ئوڭايلا بىر ـ بىرىگە بولغان مۇھەببەتنى سۇسلاپ قېلىۋاتقاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالىدۇ.

ئەمەلىيەتتە، مۇھەببەت ئىككى جىنسنىڭ بىر ـ بىرىگە بولغان ئوتلۇق ئىنتىلىشى ۋە ئۇنى ئۆزىگە قارىتىش، مەپتۇن قىلىش يولىدىكى ئۈزلۈكسىز ئۇرۇنۇشىدىن ئىبارەت. سەن ئېرىشىش ئۈچۈن سائەتلەپ ساقلىغان، كۆڭۈل قويۇپ ئۆزۈڭنىڭ ئەڭ ياخشى تەرەپلىرىنى نامايان قىلىشقىلا كۈچىگەن، شېرىن ـ شېكەر گەپلەرنى قىلغان، ئۇ ياخشى كۆرىدىغان ئىشلارنى قىلى-

شىلا چاپقان جانانىڭىنىڭ ۋەسلىگە يېتىۋېلىپلا، ئۇنىڭغا بولغان ئەسلىدىكى ھېسسىياتىڭنى دائىم ئىپادىلەپ، ئىزھار قىلىپ تۇ-رۇشقا كۆچمىسەڭ سەندىكى ئوت، سەندىكى ھېس ئوتلايلا سۇس-لاشامدۇ؟ سەن ئېرىشىشكە كېچە - كۈندۈز تەشنا بولغان نەر-سىنى ئېرىشىپ بولۇپلا كارىڭ يوق ھالدا تاشلاپ قويساڭ بول-ماس.

سېنىڭ خوتۇنۇڭ سەن مىڭ بالالىقتا ئېرىشكەن قىممەتلىك جورا، ھەمراھ. پات - پات ئۆتكەن كۈنلەرنى ئەسلەپ قوي. بىر-بىرىڭلارغا تونۇش تېما ھەققىدە پاراڭلاش. مەززىسى يوق ئولتۇ-رۇش، قاتراشلاردىن ئۆزۈڭنى تارتىپ سائەتلەپ خوتۇنۇڭغا ھەم-راھ بولۇپ، ئۆيدە جىمجىت ئولتۇرۇپ باق. ئۇنى ئەگەشتۇرۇپ ساياھەت قىل، بىرگە تاماق يە...

خوتۇنۇڭغا ئاجراتقان، سەرپ قىلغان ۋاقىت ۋە زېھنىڭ ئەمەلىيەتتە بەخت ئۈچۈن سالغان ئازغىنە، ئەرزىمەس دەسمايە-دۇر. خوتۇنۇڭ بىلەن بىللە بولغاندا سەن يەلكەڭنى بېسىپ تۇرغان تاغدەك بېسىمدىن، جىددىيچىلىكتە قوداڭشىپ كەتكەن نېرۋىلىرىڭنىڭ چارچىشىدىن، ئەرزىمەس غەم - غۇسسىلەردىن ئازاد بولۇپ، يەڭگىللەپلا قالىسەن، كاتتا بەخت لەرززىتىگە چۆ-مۈلىسەن. ئەر - خوتۇنچىلىق مېھرى - نەچچە ھەسسە كۈچەي-گەي.

شۇڭا دەيمەنكى، خوتۇننى ئېلىپ بولۇپلا، مۇھەببەتنى كې-پەنلەپ قويما. مۇھەببەت مەڭگۈ ياش تۇرسۇن، شاش تۇرسۇن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى كەتكى
www.uyghurkitap.com

## 22 . ئاز ئۇخلىغىن، ئەركەكلەر

ئۇيقۇ بىر ئادەمنىڭ نورمال ھايات كەچۈرۈشىدە كەم بولسا بولمايدىغان پائالىيەت جەريانى. ئۇ ئورگانىزملارنىڭ خىزمەت ئىقتىدارى ۋە فۇنكسىيىسىنى تەڭشەپ بەدەننىڭ جانلىق، جۇش- قۇن، مېڭىنىڭ سەگەك، تېتىك، تەپەككۇرنىڭ ئوچۇق، ئىن- كاسىنىڭ تېز بولۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ. ئەمما جىق ئۇيقۇ ئادەمنى لايغەزەل، پەي - يىلىكلەرنى بوشاڭ قىلىۋېتىدۇ. ئۇيقۇ- غا ئامراق، كۆپ ئۇخلايدىغان ئادەملەرنىڭ ئىنكاسى ئاستا، تە- پەككۇرى تېيىز، كۆپ ئىشلارغا ئەقلىي ھۆكۈم چىقىرالمايدىغان، خېچىر مىجەز ئارىسالدىلىقا، مەيدانسىزلىققا مايىل كېلىدۇ. يەنى ئۆزىنىڭ مۇستەقىل قارىشى يوق ھېسابتا بولىدۇ، كۆپ سانلىقا، ئاۋازى يوغان چىقىدىغانغا ئەگىشىدىغان مەۋقەسى ئاجىز كېلىدۇ. يەنە كېلىپ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى كېچىلىك ئۇيقۇنىڭ مىزاجىنى ئىسسىق، كۈندۈزلۈك ئۇيقۇنىڭ مىزاجىنى سوغۇق دەپ بېكىتىدۇ. كۈندۈزلۈك ئۇيقۇسى كۆپ كىشىلەرنىڭ ئىشلە- رى يۈرۈشمىگەن، كەيپىياتى ناخۇش، ئېزىلەڭگۈ، ئائىلىسى غۇربەتچىلىكتە ئۆتىدۇ.

كۈن چىققۇچە ئۇخلاپ ياتماڭ. سەھەر قوپۇپ پاكىزلىنىپ، ئەتىگەنلىك تائەت - ھەرىكەتلەر بىلەن مەشغۇل بولۇڭ. تارچۇق ئۆيگە بېكىنىپ ئولتۇرماي، سۈبھىنىڭ مۇزدەك ئارامبەخش سو- غۇقىدا بۇخسىغان مېڭىڭىزنى پاكلاپ، سەگىتىپ، چايقاپ چە-

قىلىڭ. مۇمكىن بولسا ئاز ـ تولا چىنىقىپ ھەرىكەت قىلىپ بەرسىڭىز سالامەتلىكىڭىزگە ھەمدە شۇ كۆڭلۈك روھىي كەيپىيا-تىڭىزغا تېخىمۇ پايدىلىق. يەنە كېلىپ ئەتىگەن قوپۇپ شۇ بىر كۈنلۈك ئىشلىرىڭىزنى ئەستايىدىل پىلانلاپ، ئالدى بىلەن قايسى-سىنى قىلىش ۋە ئاخىرىدا قايسىنى قىلىش كېرەكلىكىنى ئايرىۋا-لالايسىز ھەمدە تىرىشسىڭىز شۇ بىر كۈنى قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلىرىڭىزنىڭ بەزىلىرىنى ئەتىگەندىلا بېجىرىۋالالايسىز. كەچ-لىكى رېستۇرانمۇ ـ رېستۇران سوكۇلداپ ياكى كېچە بىر چاغقى-چە تېلېۋىزورنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ ئەتىگەنلىكى كۈن كاسىغا چۈشكىچە ئېزىلىپ ئۇخلاش زامانىمىز كىشىلىرىدىكى ئىنتايىن ناچار تۇرمۇش ئادەتلىرىنىڭ بىرىدۇر. مېڭە، تەنىنىڭ جۇشقۇن، سەگەك، ئوچۇق ۋاقتىدا لايغەزەلنىڭ ئۇيقۇسىنى ئۇخلاش ئادەم-دىن سائادەت ـ مۇۋەپپەقىيەتنى مىڭ ھەسسىلەپ يىراقلاشتۇرۇ-ۋېتىدۇ. چۈشكىچە ئۇخلاپ، تېخى تەلتۆكۈس ئويغانمىغان نېرۋى-لارنى سۆرەپ يۈرۈپ، ناشتىمۇ قىلا ـ قىلماي ئىشقا يۈگۈرسىڭىز جەزمەنكى كەيپىياتىڭىز ياخشى بولمايدۇ، ئىشلىرىڭىز ئاقمايدۇ، كىشىلەرگە بېرىدىغان تەسىرىڭىزمۇ ھەرگىز ياخشى بولمايدۇ.

كەچلىكى ئىلاجىنىڭ بارىچە بۇرۇنراق يېتىڭ. چۈنكى نېرۋى-لىرىڭىز، مېڭىڭىز ھاردى، ئۇ ئارام ئېلىشقا موھتاج. ئۇيقۇلۇق قىلغان ئىشتىمۇ ئۇنۇم ئاز بولىدۇ. ئەتىگىنى ئورنىڭىزدىن سە-ھەر تۇرۇڭ، خوتۇن ـ بالىلىرىڭىزنىمۇ سەھەر تۇرۇشقا، سەھەر-دە ھەرىكەت قىلىشقا ئادەتلەندۈرۈڭ. ھېچبولمىسا گالۋاڭ، ھۇ-رۇن، ئەسنىگەك، ئىشلىرى ئالغا باسماس كېسەلمەنلەردىن بو-لۇپ قالماسسىز...

www.uyghurkitap.com

# 23. بىكارچىدىن نېرى تۇر

بىزدە «ھۈنەرسىز ئەر ھوسۇلسىز يەر» دەيدىغان قىممەتلىك ھېكمەت بار. بۇ ماقالىنىڭ ئۆزىگە تېرىم خەلقىنىڭ چوڭقۇر ھاياتلىق پەلسەپىسى يوشۇرۇنغان. ھوسۇلسىز، زەيكەش، ئۇنۇمسىز يەردىن ھەممە ئادەم قاچىدۇ. ئۇ يەرنىڭ تۇرغان، پۇتكىنىدىن ئۆرلەپ تۇرىدىغىنى غىچلا شور، زەي. ھۈنەرسىز، بىكار تەلەت، ھۇرۇن ئادەمنىمۇ ياقتۇرىدىغان ئادەم بولمىسا كېرەك (شەيتان ۋە ئۇنىڭ پۇشتىپاناھلىرىنى بۆلەكلەر) . دېمەككى ھۈنەرسىز، لايغەزەل، بىكارچى، ئىشقا مەيلى يوق ھۇرۇن ئاڭقاۋلارنىڭ تۇرغان، پۇتكىنىدىنمۇ زەئىپلىك، قاشىشاقلىق، نادانلىق، تەييارتاپلىق، بوشاڭلىق، لىغتاسمىلىق مانا مەن دەپ چىقىپ تۇرىدۇ. ئىشسىزلىق ئەڭ يامان. ھۇرۇنلۇق ئاپەت. بىكارچىلىق ھەممىنى بىزار قىلىدىغان ۋە نۇرغۇن ئادەمگە زىيان يەتكۈزىدىغان ناچار ئىللەتتۇر.

ئەر كىشىنىڭ بىكار لاغايلاپ يۈرگىنى ياخشى ئەمەس. بىكارچىلار بۇزۇۋلار، يەنى بىكار ئادەم لاغايلاپ يۈرۈپ جەمئىيەتتىكى ناچار ئادەم ناچار ئىشلارغا ئارىلىشىپ قالىدۇ. «غايىلىك ئادەملەر بۇيرۇقنى ئۆزىنىڭ ئىماندىن تاپشۇرۇۋالىدۇ» (ئابدۇقادىر جالالىدىن) ئۇلارنىڭ بىكار لاغايلاپ، كوچا چىڭداپ يۈرۈشكە ۋاقتى، چولىسى تەگمەيدۇ. بىكارچىلاردا خىيال كۆپ، نىيەت

ئىزگۈ، پىلان ئۇلۇغ بولىدۇ. ئەمما خىيالنى رېئاللىققا، نىيەتنى ھەرىكەتكە، پىلاننى ئەمەلىيەتكە ئايلاندۇرۇشقا ئىرادە ـ ئىنجا كەمچىل كېلىدۇ.

كوچىلاردا بىكاردىن ـ بىكار لاغايلاپ يۈرمەك ۋە جەمئىيەتتە، كوچىنىڭ دوقمۇشلىرىدا ئىش يوق، بىكارچىلىق دەپ قويۇپ كۈنلەپ قارت، بىليارت، شاھمات، ماجاڭ ئويناپ كۈن ئۆتكۈزىدىغان جانباقتى ئادەملەرگە ئەڭ ياخشىسى ئارىلاشماڭ. ئىشى يوق بىكارچىلار دەل قانداق ياشاش مەسىلىسىنى ھەقىقىي ئايدىڭلاشتۇرالمىغان ئەقىدىسىز لەيلىمۇشلەردۇر. بىزدە قىلىدىغان، جىددىي بېجىرىدىغان ئىش يوقمۇ؟ بىز قىلىدىغان ئىشى تۈگەپ كەتكەن قەۋم ئەمەس، بەلكى دەرھال بېجىرىشكە تېگىشلىك جاندىن مۇھىم ئىشلىرى تاغدەك دۆۋىلىنىپ قالغان، ئىش قىلىدىغان، جان دىلى بىلەن ئۆزىنى بېغىشلايدىغان پىداكارلىرىنىڭ تايىنى قالمىغان بىر قەۋم. ئاياللارنىڭ يوپۇرۇلۇپ كوچا ـ ماگىزىنلارغا چىقىۋېلىشى، ئەرلەرنىڭ زۇۋاننىڭ، مەردۇ ـ مەردانە، ياڭراق ئاۋازلىرىنىڭ ئازىيىپ كېتىشى ئۇلارنىڭ كاتتا، ئۇلۇغ ئىشلار بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتكەنلىكى ئەمەس، بەلكى قىلىدىغان ئىشلىرىنى تاپالماي، قىلمىسىمۇ بولىدىغان ئىشلارغا بەنت بولۇپ كەتكەنلىكىدۇر. ھاياتقا بولغان ئىمان ـ ئېتىقادى ساغلام، چىڭ بىر بەندە بىكار ياتمايدۇ، ۋەز ساتمايدۇ، ئىشتىن قاچمايدۇ، ئىشتىن ئاشمايدۇ.

ۋاقىت ئىنسانغا بېرىلگەن ئىنتايىن قىممەتلىك تارتۇق. بىر مىنۇت سىزگە بىرلا قېتىم بېرىلىدۇ. ياشلىقىڭىزدا، كۈچىڭىزنىڭ، زېھنىڭىزنىڭ بارىدا بىكار ياتماڭ. بىكارچىلارغا، ۋاقىت-

نىڭ ھارامخور كۆشەندىلىرىگە ئاز ئارىلىشىڭ ـ دە، ئەمەلىي نەپ ئەكىلىدىغان ئىشلارغا ئۆزىڭىزنى ئېتىڭ. شادلىق، بەخت دەل ئىشتا!

ئاقىللار دەيدۇ: ياشلىق ئەتىرگۈلگە ئوخشايدۇ. ئەگەر ئۇ گۈلدىن قانداق ھۇزۇرلىنىشنى بىلمەي تىتىپ، چەيلەپ توزىتىۋەتسە، كىشى قېرىغاندا تىكەنگە ئولتۇرۇپ قالىدۇ.

## 24. دوستىغىز بولسۇن

ئادەم كىشىلىك جەمئىيەتتە، ئىنسانلار توپى ئىچىدە ياشاي-
دۇ. بىر ئادەمنىڭ بۇ هاياتلىقتا يەككە - يېگانە، يالغۇز، مۇتلەق
مۇستەقىل هالدا ياشايەن دېيىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. دېمەك-
كى، سىز ئادەملەر بىلەن ئالاقە قىلغان ئىكەنسىز، سىزگە ئەسقا-
تىدىغان، ياخشىنى تەۋسىيە قىلىپ، ياماندىن توسىدىغان دوستى-
ڭىزنىڭ بولمىقى زۆرۈردۇر. بىزدە بىرەر قېتىم كۆرۈشكەن
ئادەملەرمۇ بىر - بىرىنى دوست، ئاغىنە، بۇرادەر دەپ ئاتىۋې-
لىپ، سۆرىشىپ يۈرىدىغان ئىشلارنى ماڭدامدا بىر ئۇچراتقىلى
بولىدۇ. ئەمما، بىرەرسىنىڭ بېشىغا ئازراقلا كۈن چۈشتىمۇ
دولاڭغا ئېسىلىپ ماڭغان يەنە بىرىنى ئىزدەپ تاپقىلىمۇ بولماي-
دۇ. ئەقىدىسى بىر بولمىغان دوستلۇقتىن ۋاپا كەلمەيدۇ. دوست
دېگەن ئەڭ ئالدى بىلەن سەن بىلەن تىلداش - دىلداش بولۇشى،
سېنىڭ ئويۇڭ، هېس - تۇيغۇلىرىڭغا ئورتاقلىشىپ بېرەلىشى
ۋە كەلگەن كۈلپەتلەرگە تەڭ مۈرە تىرەپ بېرەلىشى، هېچبولمى-
غاندا، بېشىڭغا كۈن چۈشكەندە قۇيرۇقىنى قىسقىنىچە قاچماسلى-
قى كېرەك. داستىخاندىكى، رېستورانلاردىكىسى دوست ئەمەس،
هەمداستىخان، هەمجور تاماشا؛ كوچىدا بىللە مېڭىشىپ، هاراق-
نى بىللە ئىچىشىپ، پۇلنى بىرلىكتە خەجلىشىپ، بىر ئىشخانى-
دا، بىر كەسپتە بىللە ئىشلەپ يۈرگىنى دوست ئەمەس، بەلكى
ئىشداش، يولداش، رومكىداش؛ دوست ئۆزىنىمۇ، سېنىمۇ هەر

www.uyghurkitap.com

ۋاقىت ئۆيلاپ تۇرغۇچىدۇر، ئۆزىگە راۋا كۆرگەننى ساڭىمۇ تەۋسىيە قىلىدىغان، سېنى يامان قىلىق - ئادەتلەرنىڭ چىرىتىشىدىن توسىيالايدىغان، ئائىلەڭنىڭ خاتىرجەملىكىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان، سىرىڭنى ساقلىيالايدىغان، ئوي، كەيپىياتىڭغا غەرەزسىز ئورتاقلىشالايدىغان، خوتۇن - بالىلىرىڭغا شەكسىز ھامىيلىق، ئاتىدارچىلىق قىلالايدىغان، ھەر قانداق ئېغىر كۈنلەردە ياكى شادلىق كۈنلەردىمۇ يېنىڭدا مەھكەم بىرگە تۇرالايدىغان، سېنى كۆرەڭلەپ ئۆزىنى يوقىتىشتىن ياكى جۇشقۇنلىشىپ ئۆزىنى تۇگەشتۇرۇۋېلىشتىن ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرالايدىغان خالىس ھەمراھىڭدۇر. ئۇ باي بولۇشىمۇ، كۆك نامرات بولۇشىمۇ، چوڭ - كىچىك بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئەمما، دوستلۇق ساداقىتىدە چىن دوست پەرقسىزدۇر، بىباھا - تەڭداشسىزدۇر.

سىز «بىكارمۇ سەن» دەپ جىددىي ئىشىڭىزنى تاشلاتقۇزۇپ ئىچىشكىلى، چېكىشكىلى ۋە يەنە بىر نېمىلەرنى قىلىشقىلى سۆرەپ ئېلىپ ماڭىدىغان بىراۋنى دوستۇم، ئىشەنچلىك، يېقىن ئاغىنەم دەپ ئۇنىڭغا بېرىلىپ كەتمەڭ. «كىشىنىڭ دىيانىتى ئۆزىنىڭ دوستىنىڭ دىيانىتىگە قارىتا بولىدۇ، شۇڭا سىلەر ئارىلىشىۋاتقان ئادىمىڭلارغا قاراپ ئارىلىشىڭلار» (ھەدىستىن). دوست ھەرگىزمۇ دوستقا ھارامنى، خىيانەت، جىنايەتنى تەۋسىيە قىلماس. دوستىنىڭ ئىززىتى، ئابرۇيى، غۇرۇرى، پەزىلىتىنى قوغدىسا قوغداركى، ھەرگىز ئۇنى زىيانغا ئۇچراتماس، بۇزۇق، تۇيۇق يوللارغا باشلىماس. ناچار دوست يامان كۈنلەر كەلگەندە ئۇ سىزنىڭ تامامەن ئەپتى - بەشىرىڭىزنىڭ ھەممىسىنى خەلقئالەمگە ئاشكارىلىۋېتىپ، سىزنى پۇچۇق تىيىنغا ئالغۇسىز رەسۋا قىلىۋېتىشى مۇمكىن.

ئۇ سىزنىڭ دوستىڭىز بولسۇن، سىزگە ياخشىلىقنى، گۈزەللىكنى تەۋسىيە قىلسۇن. تاماكا چېكىپ، هاراق ئىچىۋاتقان بولسىڭىز قولىڭىزدىن تاماكا ـ رومكىلارنى يۇلۇپ تارتىۋېلىپ «سەن بىرگە لازىم» دېيەلەيدىغانلارنى دوستۇم دەپ بېشىڭىزدا كۆتۈرۈڭ. «بىرنى چېكىپ، ئىچىپ قويغانغا نېمە بوپتۇ؟ يۈزۈمنى قىلمامسەن؟ ئاغىنەم دېسەڭ، كۆتۈرۈۋەت...» دېگەندەك پەلەپەتىش گەپلەر بىلەن زىيانلىق نەرسىلەرنىڭ زەنجىرىگە قىستىغانلارنىڭ خۇمپەرلەرچە قىرغىنچىلىقىغا قاراپلا ئۇلارنى دوستۇم دەپ تاپىنىغا سۆيمەڭ. دوست دوستقا زەھەرنى راۋا كۆرەمدۇ؟...

هەر قانداق كىشىگە ئوڭايلا ئىشىنىپ كەتمەڭ... دوستنى بالا ـ قازا سىنايدۇ. سىنىلىپ بولغۇچە ئۇنىڭغا پۈتۈن سىرىڭىزنى ئاشكارىلىماڭ ھەمدە پەزىلەتسىز دوستلىرىڭىزدىن ئاستا ـ ئاستا يىراقلىشىپ كېتىڭ. «پىيازنىڭ پوستى تولا، ئەخمەقنىڭ دوستى» دېگەندەك تايىنى يوق ئادەملەر بىلەن تولا ئارىلىشىپ كەتمەڭ. ئارىلاشسىڭىزمۇ ھەددىدىن زىيادە يېقىنلىشىپ كەتمەڭ.

دوستقا ئېرىشىش ئۈچۈن سىزمۇ باشقىلارغا سەممىمىي، دوستانە مۇئامىلە قىلىڭ. باشقىلارنىڭ ھەقىقىي ئىشەنچىسىگە ئېرىشىشكە تىرىشىڭ. ساختىپەزلىك، ۋىجدانسىزلىق، نائەھلىلىك قىلماڭ. دوستىڭىزنىڭ ئىززەت ـ ئابرۇيىنى ھەر جايدا قوغداڭ. كىشىلەر سىزدىنمۇ ئىشەنچلىك، غەرەزسىز دوستانىلىقنى ھېس قىلالىسا ئاندىن سىزگە دوستلۇق كۆڭلىنى سۇنىدۇ. قاپاق پۇچۇقىغا ھېچكىم ئالتۇن تاۋاقنى پار قىلماس.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com

## 25. ئايالىڭىزنىڭمۇ دوستلىرى بولسۇن

بىزدە «ئەر دېگەن تالانىڭ ئادىمى، خوتۇن ئۆينىڭ» دەيدىغان گەپ بار. شۇ كۆز قاراشتا بىزنىڭ كۆپ قىسىم ئائىللىرىمىز تۈگىمەس ئائىلە ئىشلىرى ۋە پەرزەنت بىلەنلا بولۇپ كېتىپ ئوچاقلا جەمئىيەتتىن ئايرىلىپ قالىدۇ. بولۇپمۇ توي قىلغاندىن كېيىنلا كۆپ قىسىم ئاياللار ئەسلىدىكى دوستلىرىدىن، ھەتتا بىر ـ بىرىگە قىيمايدىغان يېقىن سىرداشلىرىدىنمۇ ئايرىلىپ قالىدۇ. يەنە كېلىپ مۇتلەق ساندىكى ئەر زاتى خوتۇنىنىڭ دوستلىرىنىڭ كۆپ بولۇشىغا جان ـ جەھلى بىلەن قارشى تۇرىدۇ. «خوتۇننى دوست بۇزىدۇ، ئايال كىشىگە بولار ـ بولماس ئەقىل ئۆگىتىپ تاپتىن چىقىرىدۇ» دەپ قارايدۇ. ھەقىقەتەنمۇ بولار ـ بولماس، تايىنى، مەۋقەسى يوق ئاياللار تىنچ، خاتىرجەم ئائىلىلەرنى بۇزىدىغان كۆشەندە. ئىككى ئايال كىشى بىللە بولسا تاسقىمىغان جاھان قالمايدۇ، دەيدىغان گەپ بار. ئايال كىشىنىڭ غەيۋەتكە، باشقىلارنىڭ سىرىنى، خۇپىيانە ئىشلىرىنى بىلىشكە قىزىقىدىغان ئادىتى بار. بۇ نۇقتىدىن ئاياللارنىڭ چاكىنا، تەربىيەسىز ئاياللار بىلەن باردى ـ كەلدى قىلىشىنى ئامالىنىڭ بارىچە توسقان تۈزۈك. ئەمما ئاياللارنىڭ ھەممىسىنىڭلا ناچار ـ تەربىيىسىز بولۇشى ناتايىن. تەربىيىلىك، ئەخلاقلىق ئاياللارمۇ ئاز ئەمەس. ئايال كىشى ئۆيدىنلا چىقماي ياكى ھېچكىم بىلەن ئارىلاشماي ئولتۇرسا، كۆزى كىچىك، جۈرئەتسىز، قول مىجەز،

پىكرىدە، كۆز قارشىدا يېڭىلىق، جانلىقلىق يوق ياغاچ بۇتقا
ئايلىنىپ قالىدۇ. ئەڭ ياخشىسى ئايالىڭىزغا پەزىلەتلىك، پارا-
سەتلىك دوستتىن بىرەر - ئىككىنى تېپىپ بېرىڭ ياكى بولمىسا
ئۇنىڭ ئەقىللىق ئاياللار بىلەن بولغان ئالاقىسىنى قىزغىن قوللا-
ڭ، شۇنداق ئاياللارنى تېپىشقا ياردەملىشىڭ. تىنىق دەريا سۇ-
يىمۇ ھەر كۈنى بىر خىلدا ئاقمايدۇ. ئەر - خوتۇن ئارىسىدا
ئاز - تولا ئارازلىشىش، گەپ تالىشىپ قېلىشىنى يوق دېگىلى
بولمايدۇ. ھېچقانداق دوست - بۇرادىرى، سىردىشى يوق ئايال
ئېرى بىلەن بولغان كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ئىچىگە تىنىپ، ئۆزى
يالغۇز تەگەپ، تولا ئويلاپ مۇلاھىزە قىلىۋەرسە، ئۇنىڭ دىل
يارىسى بارغانسېرى ئېغىرلاپ، ئۇنى ئۇزاققىچە ئازابلىشى مۇم-
كىن. ئايالىڭىزنىڭ يېقىن دوستلىرى بولسا، ئۇ ئائىلىدە بولغان
ماجىرانى، ئۆزىنىڭ دەرد - ھەسرىتىنى ئۇنىڭ بىلەن ئورتاقلىشا-
لايدۇ ھەمدە ئۇنىڭدىن پايدىلىق مەسلىھەت - كۆرسەتمە ئالالايدۇ.
ئەقىللىق، پەزىلەتلىك دوست دوستىنىڭ ئائىلىسى ئۈچۈن كۆيۈ-
نىدۇ. زۆرۈر تېپىلسا، دوستىنىڭ ئېرى بىلەن كۆرۈشۈپ مۇنا-
سىۋىتىنى ياخشىلىيالايدۇ...

ئايالىڭىزنىڭ پەزىلەتلىك دوستلىرى بولسا، ئۇ دوستى بى-
لەن بولغان ئالاقىسىنى، نورمال بېرىپ - كېلىشىنى ساقلاپ
بەرسە، ئىشىنىڭكى، بۇ ئايالىڭىزغا، سىزگە، ئائىلىڭىزگە پاي-
دىلىق. ئايالىڭىز روھلۇق، تېتىك بولۇپ قالىدۇ. ئەمما قاتتىق
دىققەت قىلىڭكى، ئايالىڭىزنىڭ دوستى غەيۋەتخور، پىتنىخور،
گەپ توشۇغۇچى دەللال ئاياللاردىن بولۇپ قالمىسۇن. تەربىيەت-
سىز ئاياللاردىن قاچماق لازىمدۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## 26. ئەرلەرنىڭ ئەڭگۈشتىرى — قەتئىيلىك

ئەرلەرنىڭ جىسمى ۋە روھىغا ياراتمىشتىلا قوپاللىق ۋە بەردەملىكنىڭ تامغىسى بېسىلىپ كەتكەن. چىدامچانلىق ۋە قەت-ئىيلىك ئەرلەردىكى كەم بولسا بولمايدىغان ئەڭگۈشتەر. بارلىق مۇۋەپپەقىيەت قازانغان، بەختلىك ياشاۋاتقان، ھەربىر كۈننى مەنىلىك ۋە خۇشال كەيپىياتتا كۈتۈپ - ئۇزىتىپ قويۇۋاتقانلار دەل ئۆز غايىسى، ئېتىقادىدا، ئۆز ئىش - كەسپىدە قەتئىي، ئۇزۇل - كېسىل كىشىلەردۇر.

ھالال بىلەن ھارام، ياخشىلىق بىلەن يامانلىق، رەزىللىك بىلەن گۈزەللىك ئارىلىشىپ كەتكەن جەمئىيەتتە بىر ئادەم، بىر ئەر قەتئىي بولمىسا ئوڭايلا ئىمانىنى بۇلغىۋالىدۇ، سەپتىن چۈ-شۈپ قالىدۇ، ئىشلىرى يېرىم يولدا توختاپ قالىدۇ ياكى باشقىلا-رغا ئالدىنىپ كېتىدۇ. رىقابەتنىڭ ئۆزگىرىش - تەرەققىياتلىرى ماھىيەتتە ئىنساننىڭ ئىرادىسى ۋە قەتئىيىتىگە قويۇلغان قاتتىق سىناقتۇر.

ئۆز ئەقىدىڭىزدە چىڭ تۇرۇڭ، ئۆزىڭىزگە، دۇنياغا، كى-شىلەرگە نىسبەتەن توغرا ئەقىدە - ئېتىقاد تۇرغۇزۇڭ ھەمدە ئۇنىڭدا قەتئىي چىڭ تۇرۇڭ. كىشىلىك مۇناسىۋەت سىزدىن ئەۋرىشىم، ئارىسالدى بولۇشنى تەلەپ قىلىشى مۇمكىن. ئەمما، ئۆزىڭىزنىڭ توغرا مەيدان، كۆز قارىشىڭىزدىن ئاسانلا ۋاز كېچە-

ـدىغان، ئۇنىڭدىن گۇمانلىنىدىغان، ھەتتا باشقىلارنىڭ بىمەنە سەپسەتىلىرىگە بولۇشىدىغان ئىشنى قىلماڭ. بىزدە ئۆزىدە توغ-ـرا، ئۇزۇل - كېسىل ئەقىدە تۇرغۇزغان ئادەملەر كۆپ ئەمەس. شۇڭا سوزسا لەغمەن، تۈگسە مانتا بولىدىغان مەۋقەسىز ئادەملە-ـرىمىز كۆپىيىپ كېتىپ بارىدۇ. ئەبۇ ئەلى ئىبىن سىنا: «ھەقىـ-قەتنى ئىچىڭلار، توغرا يولدا مېڭىڭلار!» دېگەنىكەن. ھەقىقەتنى ئىچىش، توغرا يولدا مېڭىشقىمۇ دەل قەتئىيلىك، بوشاشماس ئىرادە كېرەك.

قەتئىيلىك يەنە باشقىلارنىڭ بىمەنە ئىش - سۆزلىرىگە دادىل رەددىيە بېرىشتىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. ھەقىقەتنىڭ نوپۇزى سەپسەتىگە قارشى تۇرۇش ئارقىلىقلا تىكلىنىدۇ. شۇڭا، دوستلىرىڭىز ياكى باشقىلارنىڭ بولسۇن قانۇن - نىزام، ئاممىۋى ئەخلاققا زىت ھەر قانداق ھەرىكىتىگە لايىقىدا ئىنكاس قايتۇرۇڭ. ئۇنىسىز سۈكۈت ھەقىقەتنىڭمۇ، ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنىڭمۇ قەددىنى پۈكۈپ، زۇۋانىنى خىرەلەشتۈرۈپ، سەپسەتىنىڭ ئۆكتەملەرچە يامرىشىـ-ـنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

قانداقلىكى ئىش باشلىماڭ، توغرا، ياخشى بولسىلا يېرىم يولدا تاشلاپ قويماڭ. ئۇ شاختىن بۇ شاخقا سەكرىمەڭ. باشقىلار بىرەر ياخشى ئىش - كەسىپنىڭ كويىغا كىرىۋالغان بولسا، سىزمۇ قىلىۋاتقان ئىشىڭىزنى تاشلاپ شۇ ئىشنىڭ پېشىگە ئېسىلـ-ـماڭ، بەلكى قىلىۋاتقان ئىشىڭىزنى كەم - كۈتىسىز، باشقىلار-ـنىڭ زوقىنى قوزغىغۇدەك جايىدا قىلىشقا تىرىشىپ ئىشلەۋېرىڭ. مەۋقەسىزلىك ھاياتنى، ئەقىلنى، مالنى ئورۇنسىز، ئەھمىيەتـ-ـسىز خوراشقا ئېلىپ بارىدۇ.

www.uyghurkitap.com

ئاياللارمۇ لامزەللە، مەۋقەسىز، تۇترۇقسىز، شاختىن ـ شاخقا سەكرەپ يۈرىدىغان ئەرلەردىن يەتكۈچە بىزار. ئۇلارنىڭ جان ـ جېنى بىلەن تىلەيدىغىنى قەتئىي، مۇھەببەت ـ نەپرىتى ئېنىق، كەسكىن ئەرلەردۇر. بۇرادەر، ئەڭ ياخشىسى نۇرانە يولدىكى قەتئىيلىكىڭىزنى تېپىۋېلىڭ. ئىزگۈلۈك يوللىرىدىكى قەتئىيلىك سىزگە ئىككى دۇنيالىق سائادەتتىن بۆلەك نەرسە چىللىمايدۇ.

## 27. سەممىي، راستچىل بولۇڭ

سەممىيلىك، راستچىللىق ئىنساندا بولۇشقا تېگىشلىك ئەڭ ئەقەللىي پەزىلەتتۇر. بىر ئادەمنىڭ پەزىلىتى كۆپ ھاللاردا سەممىيلىك، راستچىللىق ۋە كەمتەرلىك بىلەن ئۆلچىنىدۇ. يالغانچى، كاززاپ، غەيۋەتخور، گۇپپاڭچى كىشىلەر باشقىلارنىڭ ئوڭايلا نەزىرىدىن چۈشۈپ كېتىدۇ. شۇڭا سەممىي، راستچىل بولۇشقا تىرىشىڭ. ھەرگىز يالغان گەپ قىلماڭ. مەيلى ئايالىڭىزغا ياكى بالىلىرىڭىزغا بولسۇن ۋە ياكى باشقا كىشىلەرگە بولسۇن راست گەپ قىلىڭ، كاززاپلىق قىلماڭ.

باشقىلارغا قالايمىقان ۋەدە بەرمەڭ. كۈندىلىك تۇرمۇشىڭىزدىكى ئىشلىرىڭىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ باشقىلار بىلەن ئۇچرىشىش ياكى يىغىلىش، كۆرۈشۈشكە ۋەدە قىلىڭ. مەيلى ياخشى، مەيلى يامان ئادەمگە بولسۇن ۋەدە قىلغانىكەنسىز، جەزمەن ۋەدىڭىزدە چىڭ تۇرۇڭ. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ: ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمىغان ھەربىر ئادەم ئۈچۈن قىيامەت كۈنى ۋاپاسىز دېگەن بايراق تىكلىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە ۋەدىگە ۋاپا قىلماسلىق، يالغان سۆزلەشنى مۇناپىقنىڭ سۈپەتلىرى قاتارىدا تىلغا ئالىدۇ. ھەقىقەتەنمۇ، ۋەدە يەنە بىر ئادەمنىڭ ئىشەنچىسىنى قوزغايدىغان ئەھدە قەسەمدۇر. سەممىي بولغاندىلا، ئاندىن چىنلىق بىلەن لەۋزە ـ

www.uyghurkitap.com

ۋەدە قىلغىلى بولىدۇ.

ئايالىڭىز، بالىلىرىڭىزغا ھەرگىز يالغان گەپ قىلماڭ. ئۇلارغا بەرگەن ۋەدىلىرىڭىزدە چىڭ تۇرۇڭ. باغچىغا ئاپىرىمەن دېسىڭىز، يوقىلاڭ باھانە ـ سەۋەبلەر بىلەن ئۇنى يوققا چىقارماڭ. ۋاقىت چىقىرىپ بەرگەن ۋەدىڭىزنى ئەمەلگە ئاشۇرۇڭ. بولمىسا بالىلىرىڭىز سىزنىڭ يالغانچىلىقىڭىز، كاززاپلىقىڭىزدىن يامان تەسىر ئېلىپ، گەپلىرىڭىزگە ئىشەنمەس بولۇپ قالىدۇ. ئىززەت ـ ئابرۇيىڭىز يەر بىلەن يەكسان بولىدۇ.

بالىلىرىڭىزغا، دوستلىرىڭىزغا ئۆز ئەمەلىيىتىڭىز بىلەن ئۈلگە بولۇڭ. سەممىيلىكىڭىز، راستچىللىقىڭىز ئائىلىڭىزنىڭ ئورتاق قىبلىنامىسى بولسۇن.

سەممىي گەپ قىلىش ئۈچۈن سەممىي ئىش قىلىش كېرەك. راست سۆزلەش ئۈچۈن راست سۆزلىگۈدەك، ئۆزىڭىزگە، ۋىجدانىڭىزغا لايىق كەلگۈدەك ئىش قىلىڭ. يالغانچىلىقىڭىز تۇپەيلىدىن باشقىلارنىڭ ئىشەنچىسىدىن ئايرىلىپ قالماڭ. راستچىللىق، سەممىيلىك ئاۋام ئورتاق ھازىرلايدىغان ئەڭ ئەقەللىي ساپا ـ خىسلەتتۇر. مۇنداق ساپا ئومۇملاشقان ئائىلە، جەمئىيەت، شۇبھىسىزكى، بەرىكەت، سائادەت زىيالىرى بىلەن يورۇق تۇرىدۇ.

# 28. دۇنيا ئەمەلىي ئىشلەيدىغان ئەرلەرگە موھتاج

ئىنسان خىيال، تەسەۋۋۇر، پىلان بىلەن ئۆزىنىڭ دۇنياسىنى بېيىتىدۇ. ئالىملار مول تەسەۋۋۇر ۋە شېرىن خام ـ خىيالنىڭ كىشىلەرنىڭ تەپەككۇرىنى جانلاندۇرۇپ، ئىجاد قىلىش، يېڭىلىق يارىتىش كۈچىنى ئاشۇرىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ چىققان. دېمىسىمۇ ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىيات ۋە تېخنىكا ئىجادىيىتىنىڭ نۇرغۇن قىسمى خىيال، تەسەۋۋۇرلارغا ئىش قوشۇش ئاساسىدا شەكىللەنگەن. ئەمما ھەرگىز ئۇنتۇماسلىق كېرەككى، بۇ خام-خىيال تەسەۋۋۇر، گۈزەل پىلانلا ھەممە نەرسىنى ھەل قىلىدۇ، ئەتىدىن ـ كەچكىچە خام ـ خىيالنى دۆك قىلىپ ئوڭدىسىغا يات دېگەنلىك ئەمەس. پىلانغا چۇشلۇق ھەرىكەت، نىيەتكە چۇشلۇق ئەمەل بولغاندىلا، ئاندىن غايە رېئاللىققا ئايلىنىپ كىشىلەرگە بەخت، شەرەپ، ئۇتۇق ئېلىپ كېلىدۇ.

بۇرادەر، خىيال، نىيەت قىلىڭ. ئەمما ھەممىدىن مۇھىمى ئەمەلىي ھەرىكەت، تىرىشچانلىق كۆپ بولسۇن. بىزدە ئېغىزىدا شەھەر ئالىدىغان نوچى ـ پوچىلاردىن، ئۇلۇغ خىيالشۇناسلاردىن يولدىكى بىر تال تەمەچىنى ئېلىۋېتىشنى بولسىمۇ چىن دىلىدىن ئىزدەيدىغان، ئاز راق بولسىمۇ ئەمەلىي ئىش قىلىشنى خالايدىغان ئادەملەر، ئەرلەر قانچە كۆپ بولسا، جەمئىيىتىمىزنىڭ ئومۇمىي قاتلىمىدىن كىشىنى خۇشاللىققا چىللايدىغان سادالار شۇنچە كۆپ

چىقىدۇ. ھەممە ئادەمدە پىلانلا، غايىلا بولۇپ ھەرىكەت، جان پىدالىق بولمىسا غايە قۇرۇق گەپ پېتى، پىلان سەپسەتە پېتى قېلىۋېرىدۇ. ئىنساننىڭ ھالى ـ ئەھۋالى قۇرۇق گەپ، ئۇلۇغ پىلان، شېرىن تەسەۋۋۇر بىلەن ئەمەس، بەلكى ئاز بولسىمۇ نەق ھەرىكەت بىلەن ياخشىلىنىدۇ...

پۇل تاپقۇڭىز بولسا، ئىخلاس بىلەن سەمىمىيىتىڭىز بىلەن ئىش قىلىڭ. بىر پۇڭ پۇلنىمۇ قەدىرلەڭ. پۇل يىغىمەن دەپ ئەتىدىن ـ كەچكىچە كاراڭشىپ تۇرۇپ يەنە بەدخەجلىك قىلسىڭىز ھەرگىز پۇل يىغالمايسىز.

بىرەر تىل ياكى تېخنىكا ئۆگەنمەكچى بولسىڭىز، ئەھمىيەتسىز ۋاقىت ئىسراپچىلىقنى ئازايتىپ دەرھال كىرىشىڭ. پىلانلاپ قويۇپلا جاپادىن، بەدەلدىن قاچماڭ. پىلان تۈزسىلا نىيەت قىلسىلا ھېساب ئەمەس. ئەمەل ھامان نىيەتتىن ئەۋزەل.

بىزدە غايىلىكلەر، پىلانچىلار كۆپ. بىر كېچىدىلا مىليونېر بولغۇسى يوق ئادەم بار دېسە مەن ئۇنچىۋالا ئىشەنمەيمەن. ھەممەيلەننىڭ ياخشى ئەر، لاياقەتلىك خىزمەتچى، نەمۇنىلىك ئىنسانلاردىن بولغۇسى بار. ئەمما، ئاشۇنداق گۈزەل پىلانلا بولۇپ ئۇنىڭ ئۈچۈن كېرەك بولىدىغان زۆرۈر تىرىشچانلىقلارنى قىلمىساق، پۇل ئاسماندىن چۈشەمدۇ؟ پەزىلەت يەردىن ئۈنەمدۇ؟...

ئەمەلىي ئىش قىلىڭ. ئۆزىڭىزگە لايىق پىلاندىن بىرنى تۈزۈۋېلىڭ ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن قايىماي ـ تايماي تىرىشىڭ. بەلكىم بىر كۈنلەردە ئۆزىڭىز خىيال قىلغان ئارزۇ ساھىللىرىغا توساتتىنلا چىقىپ قالارسىز.

## 29. سىزدە ھەر قانداق ئىشقا نىسبەتەن ئېنىق ئۆلچەم بولسۇن

ھەر قانداق ئادەمدە ھەر قانداق ئىشقا نىسبەتەن مۇئەييەن ياخشى ـ يامانلىق، ھالال ـ ھارامىلىق ئۆلچىمى بولىدۇ. مۇنداق ئۆلچەمنىڭ بولماسلىقى بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزنى قېلىپسىز، ئۆلچەمسىزلەشتۇرۇپ، ئېتىقاد چەمبىرەكلىرىمىزنى ۋەيران قىلىۋېتىدۇ.

مەدەنىيەتلەر ئالاقىسىنىڭ قويۇقلىشىپ، ئالماشتۇرۇش نىسبىتىنىڭ ئېشىپ بېرىشىغا ئەگىشىپ، كىشىلەرنىڭ گۇناھ ـ جىنايەت ئېڭىدا، ئەخلاق ـ ئادەت ئۆلچەملىرىدە ۋە بىر ـ بىرىگە قويغان، قويىدىغان ئەقەللىي تەلەپ ـ مىزانلىرىدا نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەر بولۇشقا باشلىدى. مەسىلەن: بۇرۇن ئۇچرىشىپ قالسا قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈش، ئاياللار ئېڭەك يېقىپ سالاملىشىش ئادەت بولغان بولسا، ھازىر ھەتتا يىراقتىنلا ئېغىزىنىڭ ئۇچىنى مىدىرلىتىپ، باش لىڭشىتىپ قويۇش ئادەتكە ئايلىنىپ قېلىۋاتىدۇ. بۇرۇن كىچىكلەرنىڭ، چوڭلارغا ئىززەت ـ ئېكرام كۆرسىتىشى ئەڭ ئەقەللىي ئەخلاق ـ پەزىلەت، بىراۋنىڭ پەزىلىتىگە باھا بېرىشتىكى مىزان جۈملىسىدىن ھېسابلانغان بولسا، ھازىر ياشلارنىڭ چوڭلار، مويسىپىتلار ئالدىدىكى بىھايالىقى زامانغا، دەۋرگە يۈكلىنىپلا، توغرا چۈشىنىش تەۋسىيە قىلىنىدىغان بولۇپ قالدى. ۋەھالەنكى، زامان تەرەققىي قىلغان بىلەن ئىنسانلا-

www.uyghurkitap.com

رىنىڭ تۇرمۇشقا قويىدىغان ۋە تۇرمۇشتىن كۈتىدىغان ئەقىللىي
تەلەپلىرىنىڭ مەزمۇنى ھېلىھەم ئۆزگەرگىنى يوق. تەرەققىيات
ماددىي، تېخنىكىۋى جەھەتتىن بولىدۇ. روھقا ئالاقىدار ئەخلاق،
ئۆلچەم نورمىلىرى ئۆزگەرمەيدۇ. جاھاندا ئەخلاق ـ ئېتىقاد
پەقەت ۋە پەقەت بىر ياكى بىر بولۇشى كېرەك. تۇرمۇشقا، ھاياتقا
قويىدىغان ئۆلچەمنى دەۋرگە بېقىپ ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان نەرسە
ئەمەس. يات ئايال ساڭا مىلادىيىدىن بۇرۇن ھارام بولغان بولسا
ھېلىھەم ھارام. كوچىدا قولتۇقلىشىپ، قۇچاقلىشىپ مېڭىش
بۇرۇنمۇ بىھايا، بەدقىلىق بولغان بولسا، ھازىرمۇ دۇرۇس ئىشقا
ئايلىنىپ قالغىنى يوق. زىنا، رىيا ھېلىھەم خىيانەت ـ جىنايەت.
تۇر. دېمەككى، تۇرمۇشتىكى ئەخلاقىي ئۆلچەم ـ مىزانلار ئۆز.
گەرمەيدۇ، تۇرمۇش شەكلى ۋە ماددىي ئېشلەپچىقىرىش ۋاستى.
لىرى ئۆزگىرىدۇ، كىيىم ئۆزگىرىدۇ، بەدەن ئۆزگەرمەيدۇ؛
گىرىم ئۆزگىرىدۇ، چىراي ئۆزگەرمەيدۇ؛ ھۆسن ئۆزگىرىدۇ،
خۇلق ئۆزگەرمەيدۇ...

بۇرادەر، كىشىلەرنىڭ رىياكارلىقى، ئەخلاقسىزلىشىپ كې.
تىشى زامانغا ئارتما. بەلكى كىشىلەردىكى ئىمان ـ ئېتىقادنىڭ،
پەزىلەت تۇيغۇلىرىنىڭ خىرەلىشىپ، ئۆزگە، ھەرىكەت ـ ئادىتى.
گە قويغان تەلەپ ـ ئۆلچەملىرىنىڭ تايىنى قالمىغانلىقىدىن كۆر.

كىشىلەرنىڭ ئەركىنلىك، كىشىلىك ھوقۇق دەۋالىرىدا
بەس ـ بەسلەپ كوچىغا چىقىپ، ھەررەڭ ـ سەررەڭ توۋلاپ
يۈرگەنلىكىنى كۆرىسەن. ئۇلار ئاشۇ شۇئارلار ئاستىدا ھەتتا
ھەممىلا نەرسىنى ئۆلچەمسىزلەشتۈرۈشكە ئۇرۇنىدۇ. ئاشىندار.
چىلىق بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولمىسا، خەق ھاراق ئىچەمدۇ،
خىروئىن چېكەمدۇ، خەقنىڭ خوتۇنلىرىغا پوخورلۇق قىلامدۇ

ياكى كوچىدىلا بۇزۇقچىلىق قىلامدۇ، ھېچكىم ئاربلاشمىسا خوش بولىدىغانلار بىزنىڭ ئارىمىزدا يوقمۇ؟ دەرسنى ياخشى ئۆگىنىش توغرىلىق نەسىھەت قىلغان ئوقۇتقۇچىسىدىن، ئەدەپ - ئەركان- نىڭ ئىچىدە يۈرۈپ تىرىشىپ ئوقۇش توغرىلىق تەنبىھلىگەن ئاتا- ئانىسىدىن ئاغرىنىۋاتقان، ساقىلى ئەستاغپۇرۇللاغا يەتكەن- دىمۇ ئاتا - ئانىسىغا پۇل دەپ ھۆركىرەپ تۇۋلاۋاتقان بالىلارنى بىز ماگدامدا بىر كۆرۈپ تۇرىمىز. زامان شۇنداق بولۇپ كەتتى دەپلا ئۇلار بىلەن كارىمىز بولماسلىقى كېرەكمۇ؟ زارلاپ قويۇش بىلەن ھېچ ئىش ھەل بولمايدۇ. بىزنىڭ قىلىدىغىنىمىز ئۇلار خالىمىسىمۇ تۇرمۇشنىڭ مىزان - پرىنسىپىنى ئۇلارغا يەتكۈ- زۈش.

بۇرادەر، تۇرمۇشىڭىزدا جەزمەن مۇقىم ئۆلچەم، پرىنسىپ بولسۇن. ھەممىلا نەرسىگە «ھە» دەپ قولىلارچە باش ئىگمۇەر- مەڭ. زىتىڭىزغا، تۇرمۇش پرىنسىپىڭىزغا ياقمايدىغان ئىشلار بولسا دەرھال «ياق» دەۋېرىڭ، قىلچە ئىككىلەنمەڭ. سىزدە بىر ياخشى دوستقا، بىر ياخشى ئايالغا، بىر ياخشى بالىغا ۋە ئىش بېجىرىش، نەرسە - كېرەك سېتىۋېلىش، ئالاقە قىلىش، كىتاب ئوقۇش، كۆڭۈل ئېچىش، تاماق يېيىش، ئۆيگە مېھمان تەكلىپ قىلغۇچىلىك مۇقىم ئۆلچەم بولسۇن. خالىغان نەرسىنى سېتىۋال- ماڭ، بەلكى ئۆزىڭىزنىڭ ئۆلچىمىنى، پرىنسىپىنى ئاساس قى- لىڭ. ھەممىلا ئادەمنى ئۆيىڭىزگە باشلاپ ئەكىرىۋەرمەڭ. ئابدۇ- قادىر جالالىدىننىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا: «ئۆي بىزنىڭ ئەقى- دىمىزنىڭ سىمۋولى. ئەقىدىداش بولمىغانلارنى ئۆيگە باشلاش ئۆينىڭ كەيپىياتىنى بۇزۇپ قويىدۇ». ئۇچرىغانلىكى ئادەملەر بىلەن دوست بولۇۋەرمەڭ. دوستقا نىسبەتەن سىزدە قاتتىق ئۆل-

www.uyghurkitap.com

چەم بولسۇن. ئايالىڭىز ئالدىڭىزدا خوش دەپ تۇرسىلا، ئەتىگىنى ئۆيىڭىزدىن چىقىپ، كەچتە ئۇخلارغا يېقىن ئۆيگە پەيدا بولسىلا خوتۇن بولۇۋەرمەيدۇ. بىر ياخشى خوتۇن، لاياقەتلىك ئانا قانداق بولىدۇ؟ بۇ توغرىلىق سىزدە ئېنىق ئۆلچەم بولسۇن. بۇ ئۆلچەمـنى ئايالىڭىزغىمۇ ئېيتىپ قويۇڭ. بالىلار نىمە ئىشلارنى قىلسا بولىدۇ؟ نىمە ئىشلارنى قىلسا زادى بولمايدۇ؟ نىمە ـ نىمىلەرنى يېگىلى بولىدۇ؟ نىمىلەرنى يېسە زادى بولمايدۇ؟ نىمە ئۈچۈن بولمايدۇ؟...

يۇقىرىقىغا ئوخشاش مەسىلىلەر ھەرگىز كېرەك يوق، كاراـيىتى چاغلىق دەپ سەل قاراپ ئۆتكۈزۈۋېتىدىغان، خالىغانچە ئىش تۇتسا بولۇۋېرىدىغان ئىش ئەمەس «بەندە شۇبھىلىك نەرسىلەرنى قىلىپ قويماي دەپ، كېرەك يوق دېگەن نەرسىلەرنىمۇ تاشلىمىـغۇچە تەقۋادارلارنىڭ مەرتىۋىسىگە يېتەلمەيدۇ» (ھەدىس). چەكـ چېگرىسى، ئۆلچەم ـ توسىقى يوق ئىدىيە ھەرگىزمۇ ساغلام ئەمەس. ئۆلچەمسىز ھايات، كەسكىن پرىنسىپسىز ياـشاش تۆشۈك كېمىدە سەپەرگە چىققانغا ئوخشايدۇ. ۋەتەندىمۇ چېگرا بار، ئېغىلدىمۇ توساق بار. نىمىشقا بىر ئادەمنىڭ تۇرـمۇش ئۇسۇلىدا، ياشاش قارىشىدا ئېنىق توساق، چەكلىمە، ئۆلـچەم يوق بولغۇدەك؟ ئىنساندا ئۆز ھەرىكىتىنى چەكلەپ، بەزى ئىشلارنى قىلىشـ قىلماسلىق ھەققىدىكى ئۇچۇرلارنى يەتكۈزۈپ تۇرىدىغان ئاگاھ قوڭغۇرىقى بولمىسا ئىنسان بىغەرەزلىشىپ، ئاسانلا تاپتىن چىقىپ، ئۆز ھاياتىنى ۋە باشقىلارنىڭ مۇئەييەن ئۆلچەمگە ئىگە تۇرمۇش شەكلىنى تەڭلا ۋەيران قىلىۋېتىدۇ. ئۆلچەم سىزنى، بىزنى ياخشىلىق ۋە يامانلىق ھەققىدىكى ئېنىق، دەل ئۇچۇرغا ۋە تاللاش، شاللاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ.

بىزنى بىھۇدە بەدەللەردىن ساقلاپ قالىدۇ...
بۇرادەر، ئۆزىڭىزدىن سوراپ باققايسىز. سىزدە قايسى ئىش-لار توغرىلىق ئېنىق ئۆلچەم بار؟ سىز نېمىنى قىلىپ ۋە قوغلى-شىپ، نېمىنى قىلمايسىز؟ نېمىدىن قاچىسىز؟ نېمىنى قوللاپ نېمىگە جەھلىڭىز بىلەن قارشى تۇرىسىز؟...

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com

# 30. زەھەر يېمەي تاماق يەڭ

ئۇيغۇرلار يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتى ئىنتايىن تەرەققىي قىلغان مىللەت. ئۇلار دېڭىزدىن يىراق، چۆللۈك، بىكىك رايون-دا ياشاپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئەتراپىدىكى بار يېمەكلىكلەر-دىن قانداق پايدىلىنىش، ئۇنى قانداق ئىستېمال قىلىشنى ئىنتا-يىن ياخشى بىلگەن ۋە ھەر قانداق كىشىدە مۇئەييەن تېببىي ئاڭ شەكىللەنگەن. يەنى ئۆز مىزاجىغا قاراپ غىزالىنىش، يېمەكلىك ئارقىلىق ئۆز بەدىنىنىڭ نورمال ھەرىكەت ئىقتىدارىنى تەڭشەش جەھەتتە دۇنيادا كەم تېپىلىدىغان تېبابەت ئېڭى، يەنى ئاممىۋى ئاڭغا ئايلىنىپ كەتكەن تېبابەت قاراشلىرى بىزدە يېتەرلىك بار.

بۇرادەر، سىزمۇ يېمەكلىك ئارقىلىق ئۆز مىزاجىڭىزنى تەڭشەپ تۇرۇشنى ئۆگىنىۋېلىڭ. ئاز - تولا كېسەل بولغۇچە دوختۇرغا يۈگۈرەش ياخشى ئادەت ئەمەس. ھەممىدىن مۇھىمى ئۆز تېنىڭىزگە، ئەقلىي قۇۋۋىتىڭىزگە پايدىلىق تاماق يەڭ. ئۈچ ۋاخ تاماق يېيىش ئۈچۈنلا، قورساق ئاچقانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى تويغۇزۇش ئۈچۈنلا تاماق يېمەي، ئورگانىزملارغا كېتەرلىك يې-تەرلىك قۇۋۋەت تولۇقلاش ئۈچۈن تاماق يەڭ.

يېقىندىن بېرى بىزدە بىنورمال ئىستېمال ئادىتى ئەۋج ئېلىپ كېتىپ بارىدۇ. بىز تولا ئەرلىرىمىزنىڭ رېستۇراندىن كېلەلمەيۋاتقانلىقىنى، داڭقان شورپىسى (خوگو)، راڭپىزا، كا-لا گۆشى ئۆگرىسى، سېرىق ئاش، لەڭپۇڭ، ... دېگەندەك يېمەك-لىكلەرگە دۇملا چۈشكەنلىكىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىز. غىچلا لازا

مىلەنگەن بۇ تائاملار كىشىلەرگە ئوزۇقلۇق تولۇقلىمايدۇ، بەلكى بەدەندىكى بار بولغان ئېنېرگىيىلەرنى قىزىتىپ تېخىمۇ تېز خورىتىدۇ - دە، سىزنى ئىنتايىن تېز ماغدۇرسىزلاندۇرىدۇ، روھسىزلاندۇرىدۇ. مېڭە، نېرۋىلارنىڭ نورمال ھەرىكەت ئىقتىدارىنى ئەڭ يۇقىرى چەكتە تورمۇزلايدۇ. پايدا قىلارمىكىن دەپ يېگەن تاماق سىزگە زەھەرنىڭ رولىنى ئوينىسا ئوينايدۇكى، بىردەم قورساقىڭىزنى مالىماتاڭ قىلىسا قىلىدۇكى، سىزگە بوۋاسىر، يۇتقۇنچاق ياللۇغى، ئاشقازان يارىسى، 12 بارماق ئۈچەي يارىسى، ئاشقازاننىڭ تىۋتى زىيانغا ئۇچراش، جىنسىي ئاجىزلىق، بۆرەك زەئىپلىشىش قاتارلىق ئەجەللىك كېسەللىكلەرنى تۇيدۇرماي سوۋغا قىلىسا قىلىدۇكى، ئارتۇقچە نەپ بەرمەيدۇ.

كىشىلەر لازىسىز تاماق يېيەلمەس دەرىجىگە بېرىپ قالدى.

مەن ھەتتا شەھەرلەردە ياغلىرى تەپچىپ تۇرغان كاۋاپقا لازا سېپىپ پىشۇرغىنىنى، لازىغا مىلەپ يەۋاتقىنىنى كۆرىمەن. قۇيقا چېچىم تىك تۇرىدۇ. كاۋاپقا لازا سېپىپ پىشۇرىدىغان ئادەت كىملەرنىڭ تاماق مەدەنىيىتى ئىكەن؟ ئوزۇقلۇقشۇناس ۋە جەمئىيەت مەسىلىلىرى تەتقىقاتچىسى ئەخمەتجان ئىسمائىل بىر ماقالىسىدە كىشىلەرگە تاماقتا نابابلىقىڭلارنى لازا ئارقىلىق ياپماڭلار دەپ خىتاب قىلغانىدى. ھەقىقەتەنمۇ كىشىلەر تىللىرىنى چاكىلدىتىپ، ئاچچىقتىن تىترەپ ئولتۇرۇپ تاماق يەۋاتىدۇ، ئەمما يېگىنى زادى قايسى سەي، قايسى خۇرۇچنىڭ تەمىنى بىلىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. ھەممىلا نەرسە لازا تېتىيدۇ، ئاچچىقسۇ، ياكى تەم تەڭشىگۈچ خۇرۇچ پۇرايدۇ!

ھەر قېتىم ھەر قانداق ئاشپۇزۇلغا غىزالانغىلى كىرسەم بىرىنچى بولۇپ دەيدىغىنىم: «قەتئىي لازا سېلىنمىسۇن» دېگەن گەپ بولىدۇ. كۈتكۈچى شۇبھىسىزكى، لاپپىدە ماڭا قارايدۇ.

ئۇنىڭ «خوتەنلىككەندە» دېگىنىنى بىلىپ ـ تۇيۇپ تۇرىمەن. چۈنكى ئۇلار ماڭا تالاي قېتىم «خوتەنلىكمۇسىز، خوتەنلىكتىن باشقىسى لازا سالماڭ دېمەيدۇ» دېگەن، تالاي قېتىم رەنجىش، نارازىلىق بىلەن باققان، يەنە تالاي قېتىم ماقۇل دەپ قويۇپ يەنە غىچ لازا سېلىنىپ، كوركىرىتىپ ئاچچىقسۇ، تېتىقۇ قۇيۇلغان تاماقنى ئاچچىقىپ ماڭا يېگۈزۈۋەرگەن… قارىغاندا خوتەنلىكتىن باشقىسى لازىنى ئىلغاپ كەتمىسە كېرەك. خوتەنلىكلەرنىڭ ئارد-سىدىمۇ لازىغا دۆم چۈشكەنلەر، لازىلىق يېمەكلىكلەرنىڭ ئاچچى-قى ئارقىلىق بەدىنىنى قىچىشتۇرۇپ ئارام ئالدۇرۇشقا خۇشتار-لار، «قېنىم سوۋۇپ قاپتۇ» دەپ لازىدا ـ زەھەردە، بىردەم قىزىتىپ ئارقىسىدىنلا قېنىنى ھوشىدىن كەتكۈدەك دەرىجىدە سوۋۇتىۋېتىدىغانلار ئازمىتتى؟

ئۇرۇمچىلىكلەرنىڭ، شەھەرلىكلەرنىڭ لازا ئىستېمال ئادد-تى ھەقىقەتەنمۇ كىشىنى چۆچۈتىدۇ. لازا، لازىلىق يېمەكلىكلەر-نى ئاز ـ تولا ئىستېمال قىلىپ قويغاننىڭ ئۇنچىۋالا چوڭ زىيىنى يوق. ئەمما، ئۇنى كۈندىلىك ئىستېمال ئادىتىگە ۋە ھەر ۋاخلىق تاماققا قېتىۋېلىش ئىنتايىن خەتەرلىكتۇر. لازا بەدەننىڭ پۈتكۈل توقۇلمىلىرىنى ئىنتايىن كۈچلۈك دەرىجىدە غىدىقلايدۇ. توختاۋ-سىز غىدىقلىنىشتا تۇرغان تەن بارا ـ بارا قاشاڭلىشىپ، ھەتتا بارا ـ بارا بىرەر نەرسە تەسىر قىلماس بولۇپ قالىدۇ. سەت گەپ بىلەن سۈپەتلىسەك، بىر يالىڭاچ تەن ئالدىدا لازىغا كۆنگەن ئىنسان بىلەن لازىدىن يىراق تۇرغان ئادەمنىڭ غىدىقلىنىش دەرد-جىسى، ھېسسىياتىنىڭ پارتلىشى ۋە ھېسسىياتىنىڭ داۋاملىشىش مۇددىتى ئاسمان ـ زېمىن پەرقلىنىدۇ. لازا ھېسسىياتنى، شەھ-ۋەتنى كېسىدۇ. قاننى بىردەم قىزىتىدۇ، ئاندىن شىددەت بىلەن سوۋۇتۇپ، بۆرەك، يىلىكنى كاردىن چىقىرىۋېتىدۇ. شۇڭا،

شەھەرلەردە يالىڭاچ دېگۇدەك يۈرۈۋاتقان ئايالالارنىڭ يېنىدىن
بۇقىدەك بىر ئەر جىمجىت شۇمشىيىپ، ئىپادىسىز ئۆتۈپ كېتىـ
دۇ. ئەمما يېزا ـ سەھرالاردا چىرايلىقراق بىر قىز كوچىدا پەيدا
بولۇپ قالسىمۇ كىچىك بالىلارمۇ ئىسقىرتىپ قويىدۇ. دېمەككى،
ئەرلەرنىڭ شۇنچىلىك دەرىجىدە ئاجىزلىشىپ، قاشاڭلىشىپ،
بىرەر نەرسە تەسىر قىلماس بولۇپ قېلىشىدا ناچار ئىستېمال
ئادىتىنىڭ تەسىرى ئىنتايىن زور. ھەي دەيمەن ئىچىمدە، لازىغا
تويمىساقلا بولاتتىغۇ بىر كۈنلەردە؟!

ئەڭ ئىشەنچلىك مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، لازا كۆكتاتلار
ئىچىدە ئەڭ خەتەرلىك زەھەرلىك بولۇپ، ئۇنىڭ بەدەندىكى يە-
لىك، مەنىي، قاننى سۈيۈلدۈرۈش، بوشاشتۇرۇش، ئاجىزلاش-
تۇرۇش رولى ئىنتايىن كۈچلۈك ئىكەن. ئۇزۇن مۇددەت لازىلىق
يېمەكلىكلەرنى يەپ كۆنگەنلەردە ئەۋلاد قالدۇرۇش ئىقتىدارىنىڭ
ئاجىزلىششىغا مۇناسىۋەتلىك كۆپ خىل كېسەللىك ئالامەتلىرى
كۆرۈلىدىكەن. ھەتتا ئۇرۇق پىچەكلىشىپ كېتىدىكەن. ئىشەنمە-
سىڭىز، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ھەر قاذ-
داق تېۋىپنىڭ ئالدىغا بېرىپ سوراپ بېقىڭ. ئۇلارنىڭ بىردەك
دەيدىغىنى، توختىماي تەۋسىيە قىلىدىغىنى، نەپسىنى يىغىشنى
بىلەلمەيدىغان ئىنسانلارنى ئاگاھلاندۇرىدىغىنى لازا، ئاچچىقسۇ-
دىن يىراق تۇرۇڭ، لازىغا قەتئىي يېقىن يولىماڭ.

كىشىلەر ئەرلەرنىڭ بۇرۇنقىدەك جەسۇرلۇقى، كەسكىنلى-
كى، چىدامچانلىقى، پاراستى قالمىدى، ئۇنىڭ ئورنىغا زەيپانە،
لاتابەل ئەرلەر توشۇپ كەتتى، ئەرلەر خوتۇنىنىمۇ باشقۇرالماس
بولۇپ قالدى، دەپ بۇ خىل ھاللارنىڭ سەۋەبىنى ئىش تەقسىماتى-
دىكى ئۆزگىرىش، جەمئىيەت تەرەققىياتى، ئاياللار ئازادلىق ھە-
رىكەتلىرىنىڭ باش كۆتۈرۈشلىرىدىن ئىزدەيدۇ. ئەمما مەن كى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

شىلەرنىڭ تۇرمۇش، ئىستېمال ئادەتلىرى ئېلىپ كەلگەن بالا ـ قازانىڭ ئەرلەردىكى جۇشقۇنلۇقنىڭ سۇسلىشىشىدا رولى بىر قەدەر چوڭمىكىن، دەپ قارايمەن. قاراپ باقسام، تارىختا ئۆتكەن ھەر قانداق بىر باتۇرنىڭ تۇرمۇش پرىنسىپىدا قۇۋۋەتلىك، مول ئوزۇقلىنىش ئادىتى ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىكەن. ئۇلار زىيانلىق يېمەكلىكلەردىن نەپسىنى يىغالىغانلار ۋە جەڭگىۋار خاراكتېرىگە لايىق جۇشقۇن تەننى ساقلاپ قالالىغانلار، تەننى، ئەقلىنى بۇلغايدىغان ناچار ئىستېمال ئادەتلىرىدىن يىراق تۇرالىغانلار ئىكەن.

ھەقىقەتەنمۇ، ساغلام روھقا ساغلام تەن كېرەك. جۇشقۇن روھ، ئۇلۇغ غايە جۇشقۇن بەدەن، تېتىك تەننى شەرت قىلىدۇ. بولمىسا تەن روھنى كۆتۈرەلمەيدىغان ھال كېلىپ چىقىدۇ ـ دە، غايە ئۇلۇغ بولغان بىلەنمۇ سىرىق سۆڭەتنىڭ سايىسىدا ئولتۇرۇپ ئىش خۇشياقماي ئۇخلاپ قالىدىغان گەپ. تېنى زەئىپ ئەرلەردە پىلان، غايە كۆپ، ئىش ئاز، بېجىرىش قىزغىنلىقى سۇس، يۈرۈش ـ تۇرۇشى لامزەللە، جان يوق ھالدا بولىدۇ. بىلى بوش، تۇرمۇش ئادىتى ناچار، ئۆزىگە مۇقەددەس بايلىق سۈپىتىدە تارتۇق قىلىپ بېرىلگەن تېنىنى ـ زېھنىنى قەدىرلەشنى بىلمەيدىغان مۇنداق زەيپانە ئەرلەردىن تۇغۇلغان كەلگۈسى ئەۋلادلارنىڭ ھالىغا تېخىمۇ ۋاي! مەن دەيمەن، ئەرلەر، زەھەر يېمە! تېنىڭنى، زېھنىڭنى قۇتۇلدۇرۇۋال! سەن خاراب قىلىۋاتقان نەرسە دەل سەندىكى ئەڭ ئېھتىياجلىق نەرسىدۇر!

# 31 . سوغۇق ئىستېمالنى ئاز قىلىڭ

ئەرلەرگە يوشۇرۇن ھۇجۇم قىلىۋاتقان، ئۇلارنىڭ تېنى ۋە زېھنىنى تۇيدۇرماي جايلايدىغان يەنە بىر ئەبلەخ ئادەت سوغۇق ئىستېمال ئادىتىدۇر. يەنى توڭلىتىلغان، مۇزلىتىلغان يېمەك-لىك، ئىچىملىكلەرگە ھەددىدىن زىيادە ئادەتلىنىپ قېلىشتۇر.

تېخنىكىلارنىڭ يېڭىلىنىپ، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ يۈكسىلىشىگە ئەگىشىپ، توڭلاتقۇلار ۋە سوغۇق ئىچىملىك، سو-غۇق يېمەكلىك تۈرىدىكى تەييار يېمەكلىك - ئىچىملىكلەر بازارنى بىر ئالدى. كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ئىستېمالىدىمۇ توڭلاتقۇ ۋە توڭلاتقۇغا سېلىنغان يېمەكلىك - ئىچىملىكلەرنىڭ ئىگىلەش نىسبىتى كۈنسايىن ئۆرلەپ بارماقتا. ئەمما دىققەت قىلىشقا ئەر-زىيدىغان يېرى، سوغۇق ئىستېمالنىڭ مۇۋاپىق، ئاز بولغىنى ياخشى. سوغۇق ئىستېمالنى كۆپ قىلىش، ھەتتا ئۇنى كۈندىلىك ئىستېمال ئادىتىگە ئايلاندۇرۇۋېلىش ياخشى ئادەت ئەمەس. چۈن-كى، توڭلىتىلغان، تەييار ساقلاش تېپىدىكى يېمەكلىكلەرگە نور-مال تېمپېراتۇرا ئاستىدىمۇ بۇزۇلۇشقا، چىرىشكە قارشى تۇرغۇ-چى خۇرۇچلار قېتىلىدۇ. ئەخلاقىي قىممەت نۇقتىسىدىن قارىغان-دا، بۇ خىلدىكى چىرىش - بۇزۇلۇشتىن ساقلىغۇچى خۇرۇچلار-نىڭ نېمىدىن ياسىلىدىغانلىقى، ھالال - ھاراملىقى، بەدەنگە بولغان ياخشى - يامان تەسىرىدە ھېلىھەم تالاش - تارتىش،

شۈبھە، گۇمان جىق. يەنە كېلىپ ئۇزاق ساقلانغان ئىكەن، يېمەكلىك تەركىبىدىكى قۇۋۋەت تەركىبلىرىنىڭ خورىشى، تۈۋەن-لىشى، بۇزۇلۇشى مۇقەررەر. بۇ نۇقتىدىن بىز تەييار، توڭلى-تىلغان يېمەكلىكلەرنى پاسارنىڭ ئورنىدىكى قورساق، ئادەم ئال-دايدىغان يېمەكلىك دېمەي تۇرالمايمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ خىل-دىكى يېمەكلىك، ئىچىملىكلەرگە كۆپ مىقداردا تەم قوشقۇچلار قېتىلغاچقا، ئوڭايلا ئىشتىھانى تۇتۇپ، نېرۋىلارنىڭ ھەرىكەت ئىقتىدارىنى توسالغۇغا ئۇچرىتىدۇ.

بىز ئۇيغۇرلار ئەزەلدىن ئىسسىق، قىزىق پېتى تاماقلىنىشقا ئادەتلىنىپ كەلگەن. ھورى كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان قىزىق ئۇگرىنى تەرلەپ پىشىپ ئولتۇرۇپ يەۋالساق، جېنىمىز كېڭىرىپ قالغاندەك ھېس قىلىپ قالىمىز. سەپەردىن ھېرىپ قايتىپ كەلگەن ئادەمگە ئېتىدىغىنىمىز ھاردۇق ئېشى - سۇيۇقئاش، قىزىق ئاش. بىر- بىرلىرىمىزگە ئىززەت - ھۆرمەتنى چاي ئارقىلىق بىلدۇرىمىز، ھەتتا ئارازلىشىپ قالغانلارغا قويىدىغىنىمىزمۇ ئىسسىق، قىزىق چاي. بىز ياشاۋاتقان تۇپراق قوقاستەك قىزىق ھاۋا تەپچىپ تۇرىدىغان چۆل، نەپەسلىنىدىغىنىمىز گۈرۈلدەپ كۆيۈۋاتقان ئوت ئىسسىق ھاۋا. دېمەككى بىزنىڭ قان - قېنىمىز-غا سىڭگىنى قىزىقلىق، ئىسسىقلىق. بىز مۇنداق قىزىقلىقنى يەنە شۇ ئىسسىقلىق بىلەن بېسىپ كەلگەن. راستتىنى دېگەندە بىزگە سوغۇقلۇق زىيان قىلىدۇ. مۇزلىتىلغان، توڭلىتىلغان يېمەك-لىك، ئىچىملىك تېخىمۇ زىيان قىلىدۇ.

سوغۇق ئىچىملىك ئىچىپ كۆڭگەنلەرنىڭ قېنى، يىلىكى سوۋۇپ كېتىدۇ. تەرلىسە مۇزدەك تەرلەيدىغان، ئارقا مېڭىسى،

گەجگىسى سوغۇق تەرلەيدىغان ئەرلەر دەل سوغۇق ئىستىمالغا ئادەتلەنگەن ئەرلەردۇر.

ئەرلەر سوغۇق تەرلىسە بۇ دەل ئەرلەردىكى جۇشنىڭ تۆۋەن-لەپ كەتكەنلىكىنىڭ دەلىلىدۇر. جۇش تۆۋەنلىگەن ئەردە ھوشمۇ كەم بولىدۇ. ھوش - جۇشنىڭ تايىنى يوق ئەردە خوتۇن تۇرماي-دۇ. چەبدەسلىكى ئۆلگەن ئەرلەر ئايالىنى قايىل قىلىپ ئىتائە-تىگە، ئائىلىسىنى يەلكىسىگە ئالالمايدۇ. باشقىلارنىڭ ھۆرمەت-لىشىگە ئېرىشەلمەيدۇ. چۈنكى، بۇنداق ئەرلەر ئىشنى كېسىپ، لايىقىدا بىر تەرەپ قىلالمايدۇ. ياتقاق ئىشەكتەك ئاسان ھارىدۇ، چارچايدۇ، ئوڭاي ماغدۇرسىزلىنىدۇ، يېرىم يولدا يال-تىيىپ، قىلىۋاتقان ئىشىدىن يېنىۋالىدۇ.

ئەڭ ياخشىسى سوغۇق ئىستېمالدىن يىراق تۇرۇڭ. قېنى-ڭىز، جېنىڭىز سوۋۇپ كەتمىسۇن. جۇشقۇن، تېتىك، سەزگۈر تۇراي دېسىڭىز، سوغۇق ئىچىملىكلەردىن، يېمەكلىكلەردىن ئا-مالىنىڭ بارىچە مۇناسىۋىتىڭىزنى ئۈزۈڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## 32. بالىلىرىڭىز ئالدىدا ھايا بىلەن يۈرۈڭ

مائارىپشۇناسلار، جەمئىيەتشۇناس، پسىخولوگلارنىڭ بىردەك ئىسپاتلىشىچە، ئادەملەرنىڭ ئۆسۈپ - يېتىلىشىگە مۇھىتنىڭ تەسىرى ئىنتايىن چوڭ بولىدىكەن. يەنى ئىناق، بىر - بىرىنى ھۆرمەتلەيدىغان ئائىلىدە ئۆسۈپ - يېتىلگەن بالىلار بىر-بىرىنى ھۆرمەتلەيدىغان، ھەمكارلىق روھى كۈچلۈك، چېقىشقاق كېلىدىكەن، ھەدېسىلا جېدەل ئۆكسىمەيدىغان ئائىلىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن بالىلار ئۇرۇشقاق، جېدەلخور، ئۆكتەم، كىشىلەردىن قۇسۇر ئىزدەپ، ماجىرا تېرىشقا ئامراق ياكى بولمىسا قورقۇنچاق كېلىدىكەن... دېمەككى، بىز بۇنىڭ ئۆزىدىنلا ئاتا - ئانىلارنىڭ بالىلارنىڭ خاراكتېر يېتىلىشىگە ئىنتايىن زور تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى، ئاتا - ئانىلارنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىگە دىققەت قىلىشىنىڭ لازىملىقىنى چۈشىنىۋالايمىز.

بالىلىرىڭىزنىڭ ئالدىدا ئەدەپ - ھايا بىلەن يۈرۈڭ. بالىلىرىڭىز كىچىك بولسا كۈندىن - كۈنگە چوڭ بولىدۇ، ئىش ئاڭقىرىدۇ، مەسىلىلەرنىڭ ياخشى - يامىنىنى بىلىش - چۈشىنىشكە باشلايدۇ. يەنە كېلىپ بالىلار كۆپىنچە نەرسىنى ئاتا - ئانىسىدىن ياكى ئەتراپتىكى مۇھىتتىن تەقلىد قىلىش، دوراش ئارقىلىق ئۆگىنىدۇ. دىققەت قىلىڭ، بالىلىرىڭىز سىزنىڭ يامان، ناچار - تەرىپىڭىزدىن ئۆگىنىپ قالمىسۇن.

1. ئۆي ئىچىدە ھاياسىز چاقچاق، سەت، قوپال، گەپ -

سۆزلەرنى قىلماڭ، بولۇپمۇ، بالىلىرىڭىز بار يەردە. بالىڭىز كىچىك بولسا سىزنىڭ بىزەپ، بەدئۆي سۆزلىرىڭىزنى دەرھاللا ئۆگىنىپ، ھەممىلا يەردە ۋاتىلداپ سۆزلەپ يۈرۈپ، سىزنىڭ يامان تەرپىڭىزنى ئاشكارىلايدۇ. چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ نېمە دەۋات-قىنىنى چۈشىنىپ كەتمەيدۇ. نېمە دەۋاتقان، قىلىۋاتقىنىنى چۈ-شىنىدىغان سىزدەك چوڭلار ئېغىزىنى چايقىمىسا، كىچىكلەرنىڭ ئېغىزىدىن بېزەپ، ھاياسىز گەپلەرنى تۆكمە قىلىشنى ھار ئالمى-ساقمۇ بولىدۇ. بالىڭىز چوڭ بولسا ھاياسىز گەپلەر بىلەن ئۇنى خىجىل قىلىپ قويىسىز. ئەگەر بۇ ھال تەكرارلىنىۋەرسە ئۇ بارا - بارا بۇنداق سۆزلەرنى ئاڭلاش، دېيىشتىن ئۇيالمايدى-غان، قېلىن، ئىزا تارتمايدىغان، ئەدەپسىز ئادەتلىنىپ قالىدۇ.

2. ئۆي ئىچىدە تار، نېپىز ئىچ كىيىملەر بىلەن مېڭىپ يۈرمەڭ.

3. ئۆيدە، بالىلىرىڭىزنىڭ ئالدىدا ھاراق ئىچمەڭ، تاماكا چەكمەڭ. ئۆيگە مەست كېلىپ بالىلارغا ھەيۋە كۆرسىتىپ، ئۇ-لارنى قورقۇتماڭ ياكى ئۆزىڭىزنىڭ يىرگىنىشلىك ھالىتىڭىزنى بالىڭىزغا كۆرسەتمەڭ. ئۇلار سىزدىن نەپرەتلەنمىسۇن. دادىنىڭ بالا ئالدىدىكى ئۇياتسىزلىقى ئۇنى بالىسىنىڭ نەزىرىدىن تېزلا چۈشۈرۈۋېتىدۇ ۋە بالا دادىسىدىن ئەيمەنمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ.

4. بالىلىرىڭىزنىڭ ئالدىدا ئايالىڭىزغا ھەر قانداق شەكىلدە يېقىنچىلىق قىلماڭ. ھاياسىز، ياپتا گەپلەر بىلەن چاقچاقلاش-ماڭ.

5. ئامالىنىڭ بارىچە بالىلىرىڭىز بىلەن بىرگە ئولتۇرۇپ تېلېۋىزور كۆرمەڭ. شارائىتىڭىز يار بەرسە بالىلىرىڭىز ئايرىم ئولتۇرۇپ ئۆسمۈرلەر پروگراممىسى كۆرسۇن. لېكىن مۇنداق

www.uyghurkitap.com

قىلىش بالىلار بىلەن چوڭلارنىڭ بىرگە بولۇش ۋاقتى ۋە ئارىدىكى
يېقىن ھېس ـ مېھرنى بۇزۇۋېتىدۇ. بىرگە كۆرمەكچى بولسى-
ڭىز قولىڭىزغا تىزگىنەكنى ئېلىپ ئولتۇرۇپ «ھاياسىز ئات ـ
ئېشەك» لەر خۇدىنى بىلەلمەي قالسا «تىزگىن» تارتىپ يول ـ
قانال ئالماشتۇرۇپ تۇرۇڭ. بولمىسا بالىلىرىڭىز ئالدىدا خىجا-
لەتتە قالىسىز. قېشىڭىزدا بالىلىرىڭىز ئولتۇرسا، بىھايا كۆرۈ-
نۈشلەرگە كۆزىڭىزنى پارقىرىتىپ ئولتۇرۇۋەرسىڭىز، بالىلىرى-
ڭىز بىلەن ئارىڭىزدىكى نومۇس پەردىلىرى يىرتىلىپ كېتىشى
مۇمكىن.

بالىلىرىڭىز بىلەن ئارىڭىزدا ھايا پەردىسىگە ئورالغان پاكىز
مېھىر ـ ھۆرمەت بولسۇن. شۇندىلا ئۇ سىزدىن تەپتارتىدۇ،
ئەيمىنىدۇ، گېپىڭىزنى ئاڭلايدۇ، ھۆرمىتىڭىزنى قىلىدۇ. ئېپ-
پەت قوغلىشالىغان مىسكىنىدىن، ئاندىن ئەقىدىسى دۇرۇس،
تەقۋا پەرزەنت يېتىشىپ چىقىدۇ.

# 33. ھەربىر ھەرىكىتىڭىز ئۈلگە بولسۇن

ئالدىنقى بۆلەكتە بىز بالىلارنىڭ يېتىلىشىگە ئائىلە، جەمئىيەت قاتارلىق ئەتراپتىكى مۇھىتنىڭ ئىنتايىن مۇھىم تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى سۆزلەپ ئۆتكەنىدۇق. كىچىك بالىلار كۆپىنچە نەرسىنى ئەتراپتىكىلەرنىڭ قىلىق ـ ھەرىكەتلىرىگە تەقلىد قىلىش، ئۇلارنى دوراش ئارقىلىق ئۆگىنىدۇ. دېمەككى، سىزنىڭ ئولتۇرۇش ـ قوپۇشىڭىز، تاماق يېيىش ئۇسۇلىڭىز، كىتاب كۆرۈش ئادىتىڭىز ھەممىسى بالىڭىزنىڭ ياكى يەنە بىر ئادەمنىڭ نەزىرىدە بولۇشى مۇمكىن. سىز ئۇچرىغانلا يەگە تۈكۈرسىڭىز جەزمەنكى بالىڭىزمۇ شۇنى ئۆگىنىدۇ. بەزى دادىلارنىڭ بالىلىرىدا ھامان تاماكا چېكىپ سىناپ بېقىش ئىستىكى كۈچلۈك بولىدۇ. ھاراقكەشنىڭ بالىسى ھاراق ئىچىشنى ھەرگىزمۇ يامان ئادەت دەپ قارىمايدۇ. دېمەككى، بالىلاردىكى ياخشى ـ يامان ئۆلچەمنى تۇرغۇزىدىغانمۇ ـ بۇزىدىغانمۇ بىز، بىزنىڭ سۆزىمىز، ھەرىكىتىمىز!

ئاماللىق بارىچە بالىلىرىڭىز، ئەتراپىڭىزدىكىلەرگە ياخشى تەسىر قالدۇرۇڭ. سەممىي، راستچىل، كەمتەرلىك بىلەن كىشىلەرگە مۇئامىلە قىلىشنى ئادەت قىلىڭ.

سۆزىڭىز بىلەن ھەرىكىتىڭىز بىردەك بولسۇن. بالىڭىزغا ئېلىپ بېرىمەن دېگەن نەرسىنى چوقۇم ئۆز قەرەلىدە ئېلىپ بېرىڭ. بالىنى قىلما دەپ ئاگاھلاندۇرغان ئىشنى سىزمۇ قىلماڭ. بالىڭىزنى تاماكا چەكمە، يالغان سۆزلىمە دەپ قويۇپ

www.uyghurkitap.com

پۇرقىرىتىپ تاماكا چېكىپ يۈرسىڭىز، خەقلەرگە يالغان ـ ياۋ-
داقنى قوشۇپ سۆزلەۋەرسىڭىز، باللىرىڭىز گېپىڭىزگە ئېرەن
قىلمايدىغان، سىزنى ھۆرمەتلىمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ.
ئاتا ـ ئانىلىرىڭىزنى، ئۆزىڭىزدىن چوڭلارنى ۋە قولۇم ـ
قوشنا، تونۇش ـ بىلىش، ئۇستازلارنى ھۆرمەتلەڭ، ئۇلارغا ھەر
قاچان ئىللىق مۇئامىلە قىلىڭ. ئۇلاردىن ئاغرىنىدىغان ئىش
بولسىمۇ، باللىرىڭىزنىڭ ئالدىدا دېمەڭ. باللىرىڭىز شۇندىلا
چوڭلارنى ھۆرمەتلەش كېرەكلىكىنى ۋە قانداق ھۆرمەتلەش كې-
رەكلىكىنى تەبىئىي ھېس قىلىدۇ، ئۆگىنىدۇ. قۇرۇق گەپ
بىلەن ئېلىپ بارغان زېرىكىشلىك تەربىيە ئۆز ئەمەلىيىتىڭىز
ئارقىلىق ھېس قىلدۇرغان تەربىيە ئۈنۈمىگە يەتمەيدۇ.
باشقىلارنىڭ غەيۋىتىنى، يامان گېپىنى قىلماڭ. بولمىسا
باللىرىڭىز سىزدىنمۇ ئۆتە پىتنىخور، چېقىمچى، سۇخەنچى بو-
لۇپ يېتىشىپ چىقىدۇ…
باللىرىڭىزغا مېھرىبانلىق، كۆيۈنۈش، ھەمكارلىشىش،
ئەپ ئۆتۈش، چوڭلارنى ھۆرمەتلەش… قاتارلىق تۇرمۇشتىكى
ئادەتتىكى ئەدەپ ـ قائىدىلەرنى ئۆز ئەمەلىيىتىڭىز ئارقىلىق
ھېس قىلدۇرۇپ مېڭىڭ. ھەربىر ئىشتا ئۈلگە بولۇڭ. بۇ ئىش-
لارنى نېمانچە تولا ۋەز ـ سوراق بۇ، ئەركىنرەك تىنغىلى بولما-
دۇ؟ نېمە ئەمدى، دەپ ئويلاپ قالماڭ. تېگى ـ تېگىدىن ئويلاپ
باقسىڭىز، بۇ ئىشلارنىڭ شۇ قەدەر راھەت، ئازادە ۋە كۆڭلىڭىز-
نى كۆتۈرىدىغان مەنىلىك جەريان ئىكەنلىكىنى، ئۆزىڭىزنىڭ بىر
مۇكەممەل ئادەم، نەمۇنىلىك دادا، مۇنەۋۋەر ئەر بولۇپ قالغىنى-
ڭىزنى ھېس قىلىپ قالىسىز… بىر ئادەم ئۈچۈن ياخشى، ئۈلگى-
لىك يولغا مېڭىشتىنمۇ ئارتۇق بەخت بولامدۇ؟…

## 34. غەيۋەتخور خوتۇنلارغا ئوخشاپ قالماڭ

بىز ئادەتتە ئاياللارنى غەيۋەتخور كېلىدۇ، ئىككى ئايال بىر يەرگە كەلسە قىلىشمىغان جاھاننىڭ ھېچقانداق گېپى قالمايدۇ، دەپ قارايمىز. ئەمەلىيەتتە ئەرلەردىمۇ غەيۋەتخورلۇق ھادىسىسى خېلىلا ئېغىر ساقلانغان، ھەتتا بەزىدە بەزى ئەرلەرنىڭ غەيۋەتخورلۇقى خوتۇن خەقنىڭ غەيۋەتخورلۇقىدىنمۇ نەچچە ھەسسە ئېشىپ چۈشىدۇ.

غەيۋەتخورلۇقنى ھەرگىزمۇ ياخشى دەپ تەن ئالمايسىز. مەن بۇنىڭغا ئىشىنىمەن. ھەممىمىز غەيۋەتنى، پىتنىنى ئەڭ يامان سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلەيمىز يۇ، يەنە ئۇنىڭ مۇدھىش ئاسارىتىدىن قۇتۇلالمايمىز. لاياقەتلىك ياخشى ئەر، ياخشى دادا بولاي دېسىڭىز، كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ كەتمەي دېسىڭىز ئېغىزىڭىزنى باشقۇرۇۋېلىڭ، غەيۋەت قىلماڭ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىككى جاغ ۋە ئىككى چاتنىڭ ئارىسىنى ياخشى ساقلىيالىغانلارغا خۇشخەۋەر بېرىدىغانلىقىنى بايان قىلغان. غەيۋەت ئېغىزىڭىزدىن بىر بولۇپ چىققان بولسا بىردەمنىڭ ئىچىدىلا بىرى ئون، يۈز، ھەتتا مىڭ بولۇپ كىشىلەرگە ئازار ئېلىپ كېلىدۇ.

مەيلى خىزمەتدىشىڭىز بولسۇن ياكى باشقىلار بولسۇن، ھەرگىز بىراۋنىڭ يامان گېپىنى قىلماڭ. «ئاللاغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنگەن كىشى ياخشى سۆز قىلسۇن ياكى جىم تۇرسۇن» (ھەدىس). باشقىلارنىڭ ياخشى گېپىنى، ئىزگۈ تەرىپىنى بايان قىلىپ زېمىنغا ياخشىلىق ئۇرۇقلىرىنى چېچىشقا تىرىشىڭكى،

دوستلار، قېرىنداشلار ئارىسىغا ئاداۋەت ـ نىزا شۇمبۇيىلىرىنىڭ ئۇرۇقىنى تېرىماڭ. كىشىلەر ئەيىبنى ئەيىب سادىر قىلغۇچىغا ئەمەس، خەقنىڭ ئەيىبىنى ئاچقۇچىلارغا ئارتىدۇ. باشقىلارنىڭ قىلىۋاتقان غەيۋەتلىرىگە قېتىلماڭ. قۇلاق سالماڭ، مۇمكىن بولسا ئۇلارنى توسۇڭ. يامانلىقنى كۆرگەن، بايقىغاندا قولى بىلەن توسۇش، قولى بىلەن توسۇشقا قۇربى يەتمىسە ئېغىزى بىلەن توسۇش، ئېغىزىدا رەددىيە بېرەلمىسە كۆڭلىدە بولسىمۇ نەپرەتلىنىش، ئۇنىڭدىن يىرگىنىپ، لەنەت ئوقۇش پەزىلەتلىك ئىنساننىڭ خىسلىتى. يامانلىققا ھەمجىنس بولۇش سىزنىمۇ يامانلار قاتارىغا سۆرەپ كىتىدۇ.

ئىشخانىدىكى ئىشلارنى ئائىلىگە، ئائىلىدىكى ئىشلارنى تالاغا يېيىپ يۈرمەڭ. ئىشخانىنىڭمۇ ئۆزىگە چۇشلۇق مەخپىيەتلىكى بولىدۇ. بۇلارنى ھەممىلا يەردە دەپ يۈرۈشنىڭ ھېچنېمىگە پايدىسى يوق. كىشىلەر سىزنى ئېغىزى بوش، ئىچىدە گەپ ياتمايدۇ، سىر بەرگىلى بولمايدۇ، دەپ قالمىسۇن.

ئىش ۋاقتىلىرىدا جۇغلىشىپ بىكار گەپ سوقۇپ ئولتۇرماڭ. بىكارچىلىقتىن غەيۋەتمۇ، تۆھمەتمۇ، قالايمىقان چاقچاق، جاڭجالمۇ چىقىدۇ. ئەڭ ياخشىسى ھەربىر مىنۇت ۋاقتىڭىزنى قەدىرلەپ ئىشلەڭ، ئۆگىنىڭ، ئۇنۇم قازىنىش ئۇچۇن تىرىشىڭ. قۇرۇق گەپتىن ئاز بولسىمۇ نەپ ياخشى.

## 35. قۇرۇق پوپوزا قىلىشنى تاشلاڭ

ئەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى سەپرا مىجەز، ئاچچىقى يامان كېلىدۇ. بەزىدە يوقىلاڭ ئىشلارغا چېچىلىدىغان، غەزەپلىنىپ ۋارقىراپ - جارقىراپ كېتىدىغان ئىشلار ئەرلەردە كۆپ سادىر بولۇپ تۇرىدۇ. ئەمما، ئۇنتۇماسلىق كېرەككى، لايىقىدا بولمىغان يوقىلاڭ غەزەپلىنىش ئەرلەرنىڭ ئوبرازىنى خۇنۇكلەشتۇرۇپ، خوتۇن - بالا ۋە باشقىلار ئالدىدىكى ئىناۋىتىنى چۈشۈرۈۋېتىدۇ.

بالىلىرىڭىزغا بىكاردىن - بىكار ۋارقىراپ - جارقىرىماڭ. ئۇلار ھەر قانچە چوڭ خاتالىق ئۆتكۈزگەن تەقدىردىمۇ ۋارقىراپ-جارقىراش ھېچقانداق ئۈنۈم ئېلىپ كەلمەيدۇ. پەقەت ئىلمىي يوسۇندا چۈشەندۈرۈش، خاتالىقىنىڭ قەيەردىلىكى، سەۋەبىنى سەۋرچانلىق بىلەن چۈشەندۈرگەندىلا، ئاندىن بالىدا مەسىلىگە، ئۆزىنىڭ خاتالىقىغا نىسبەتەن ئېنىق، توغرا چۈشەنچە ھاسىل بولۇپ، ئاكتىپ ئۆزگىرىش، خاتالىقتىن ساقلىنىش ھالىتىدە تۇرىدۇ. ئەگەر بالىڭىز خاتالىق ئۆتكۈزۈپ بولغۇچە تىللاش، قورقىتىشقا چۈشسىڭىز بالىڭىز قورقۇنچاق، جۈرئەتسىز، ئىشلارغا تەۋەككۇل قىلالمايدىغان، يېڭىلىق يارىتىشقا ئىنتىلىش خاھىشى يوق ھېسابتا چوڭ بولۇپ قالىدۇ ياكى خاتالاشسام تىللايدۇ ياكى ئۇرىدىغۇ شۇ، دەپ ھېيىقماس، خاتالىق سادىر قىلىشتىن قورقماس، قارشىلىشىش پسىخىكىسى كۈچلۈك ھال شەكىللىنىپ قالىدۇ. شۇڭا قالايمىقان ۋارقىرىماڭ، تولۇلىماڭ.

پسىخولوگلار يەنە ۋارقىراشنىڭ ۋارقىرىغۇچىنىڭ ئۆزىگە

نىسبەتەن ئىنتايىن پايدىسىز ئىكەنلىكىنى خۇلاسىلەپ چىققان.
غەزەپلەنگۈچى ئوڭايلا ئۆزىنىڭ نورمال تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدا-
رىنى يوقىتىپ، ئالاقىدىكى ئاكتىپ ئۇستۇنلۇكنى يوقىتىدۇ ھەم-
دە ئۆزىنىڭ تېخى مۇناسىۋەت، ئالاقىدا پىشمىغان خاراكتېرىنى
ئاشكارىلاپ قويىدۇ. بۇنداق ئۆزىنى تۇتالمىغان، ھېسسىياتنى
ئەقىل بىلەن كونترول قىلالمايدىغان ئادەمدىن ئايالمۇ، سودىمۇ،
خېرىدارمۇ، ئىشداشمۇ قاچىدۇ. سەپرا مىجەز ئادەمنىڭ ئەڭ
ئاخىرىدا ئېرىشىدىغىنى يالغۇزلۇق!

ئايالىڭىزغا، بالىلىرىڭىزغا قىلىش ئەسلا مۇمكىن بولمايدى-
غان ۋەھىملىك، يوغان گەپلەر بىلەن پوپوزا، ھەيۋە قىلماڭ.
مەن نۇرغۇن دادىلارنىڭ بالىلىرىغا گۇرەن تومۇرلىرىنى كۆپتۈ-
رۈپ: «ھېلى بوينۇڭنى ئۇزۇۋېتىمەن»، «قۇلىقىڭنى كېسىۋې-
تىمەن»، «بىنادىن تاشلىۋېتىمەن»، «بۇرنۇڭنى ئېزىۋېتى-
مەن»... دېگەندەك گەپلەر بىلەن ۋارقىراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ
تۇرىمەن. ۋەھالەنكى، شۇ دادا بالىسىنىڭ بوينىنى ئۈزۈۋېتەلمەي-
دۇ، قۇلىقىنى ھەرگىز كېسىۋېتەلمەيدۇ... بالىلىرىڭىزغا مۇنداق
جاھان تىترىتىدىغان گەپلەر بىلەن ھەيۋە قىلمىغىنىڭىز تۈزۈك.
بولمىسا بالىلىرىڭىز بارا - بارا تىللىسىڭىزمۇ، ئۇرسىڭىزمۇ
قورقماس، سىزدىن تەپتارتماس، سىزنى كۆزگە ئىلماس بولۇپ
قالىدۇ. ئۇرىمەن دېگەنىكەنسىز، بوش بولسۇن، قاتتىق بولسۇن
بىر قېتىم ئۇرۇڭ. بولمىسا ئۇرىمەن دېمەڭ. ئىشنى يولى بى-
لەن، ئىلمىي، ئەدەپلىك ھالدا چۈشەندۈرسىڭىز بەلكىم بالىڭىز-
مۇ ئىشنى ئۆز يولى بىلەن قىلىدىغان، ئەدەپلىك بالا بولۇپ
يېتىشىپ چىقىشى مۇمكىن. بولمىسا ئالا ئىنەكنىڭ بالىسى چالا
قۇيرۇق بولۇپ يوغىناۋېرىدۇ.

# 36. يۇمۇرىستىك بولۇڭ، ئەمما لاۋزىلىشىپ قالماڭ

بىزدە كۆلكە جاننىڭ ئوزۇقى دەيدىغان گەپ بار. ھەقىقەتەن-
مۇ لايىقىدا، مەنىلىك بولغان كۆلكە - چاقچاق بىزنى ھۇزۇرلان-
دۇرۇپ، مېڭىمىزنى، روھىمىزنى سەگىتىدۇ. كەيپىياتنى يەڭ-
گىللەشتۇرۇپ، غەم - غۇسسىلەرنى ئۇنتۇلدۇرىدۇ. شۇڭا يۇمۇ-
رىستىك، ئوچۇق - يورۇق ئەرلەر بۇقىدەك چىرايىنى پۇرۇشتۇ-
رۇپ ئولتۇرىدىغان ئەرلەرگە قارىغاندا بەكرەك ئالقىشقا ئېرىشە-
لەيدۇ. مىجەزى ئوچۇق، يۇمۇرىستىك كىشىلەر ناتونۇشلاردىكى
تارتىنىشنىمۇ بىردەمدىلا يوق قىلىپ ئازادە ئالاقە مۇھىتى يارىتا-
لايدۇ.

ئاز - تولا يۇمۇرىستىك بولۇڭ. ئەرلەرنىڭ چاقچاق قىلىش-
نى، خەقلەرنى كۈلدۈرەلىگۈدەك گەپلەرنى قىلىشنى بىلىشمۇ
ئۇنىڭ ئىشلىرىنى جايىدا پۇرۇشتۇرۇشىغا پايدىلىق ئالاقە سەنئى-
تى ھېسابلىنىدۇ. بىرەر يۇمۇرىستىك گەپ بىلەن باتناپ قالغان
خوتۇنىڭىزنىڭ قاپىقىنى ئېچىلدۇرۇۋېتەلەيسىز، ھارغان - چار-
چىغان نېرۋىلىرىڭىزنى ئارام ئالدۇرالايسىز، خىزمەتداشلار بىلەن
ئېچىلىپ - يېيىلىپ خىزمەت قىلالىغۇدەك ئازادە كەيپىيات يارى-
تالايسىز ھەمدە باشقىلاردا يېقىنلاشقىلى بولىدىغان ئادەم ئىكەن،
توڭ، مۇز قاپاق ئادەم ئەمەس ئىكەن... دېگەندەك ياخشى تەسىرات-

لارنى قالدۇرالايسىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز يۇمۇر ـ چاقچاقنى خۇمار خەق. خەقلەرنى كۈلدۈرۈپلا جان باقىدىغان ئادەملىرىمىزمۇ خېلى بار. ئائىلىڭىزدە، ئىدارىڭىزدە، دوستلىرىڭىز ئارىسىدا لايىقىدا بىرەر ئېغىز يۇمۇرستىك گەپ قىلىپ قويسىڭىز، بەلكىم ھەممىسىگە ئازادە كەيپىيات ئېلىپ كېلىشىڭىز مۇمكىن. ئەمما دىققەت قىلىڭ، چاقچاقتىن جاقجاق چىقمىسۇن. يۇمۇرستىك گەپ قىلىمەن دەپ لاۋزىلىشىپ، ھەزىل قىلىمەن دەپ باشقىلارنىڭ يىغىرىغا تېگىپ قويماڭ.

1. چاقچىقىڭىز خەقنىڭ غورۇرىغا، ئىززەت ـ نەپسىگە، شەخسىيىتىگە بېرىپ تاقىلىدىغان سۆزلەر بولۇپ قالمىسۇن. بولمىسا ئوڭايلا زىددىيەت تېرىۋالىسىز.

2. يۇمۇر ـ چاقچاق ئادەتتە يالغان، توقۇلغان گەپكە يېقىن تۇرىدۇ. خەقلەرنى كۈلدۈرىمەن، يۇمۇرستىك بولىمەن دەپلا يالغان ـ ياۋىداق گەپلەرنى توقۇپ يۈرمەڭ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنداق دەيدۇ: «كۆپچىلىكنى كۈلدۈرۈش ئۈچۈنلا ئويدۇرما سۆزلىگەنگە ۋاي (ئەپسۇسلار) بولسۇن! يەنە ئۇنىڭغا ئەپسۇسلار بولسۇن! ئەپسۇسلار بولسۇن!». خەق سىز يۇمۇر ـ چاقچاق ئۈچۈن توقۇلغان يالغان گەپكە راست دەپ ئىشىنىپ قالىدىغان، مەلۇم بىرسىنىڭ دىلى شۇ چاقچاق تۈپەيلى ئازار يەپ قالىدىغان بولمىسۇن. چاقچاقنىڭ ئەخلاقى باشقىلارغا ئەرزىيەت يەتكۈزمەيدىغان بولۇشتۇر.

3. يۇمۇر ـ چاقچاق قىلىۋېرىپ ئۇنى تېتىقسىزلاشتۇرۇپ قويماڭ. چاقچاقنىڭ ئاز ـ ساز، جايىدا بولغىنى ئەۋزەل. خەق كۈلىدىكەن دەپ دەۋېرىپ خەقلەرنى زېرىكتۈرۈپ قويماڭ، كىشى-

www.uyghurkitap.com

لەر سىزنى تايىنى يوق ئادەممۇ - نېمە؟ دەپ ئويلاپ قالمىسۇن.
4. چاقچاق سۆھبەت، خىزمەتنىڭ تېمىسىغا ماس كەلسۇن.
ئەڭ مۇھىمى بىر چاقچاق بىلەنلا سۆھبەت، مۇھاكىمە، پاراڭ
تېمىسى باشقا ياققا بۇرۇلۇپ كەتمىسۇن. كۇلۇپ بولۇپ ۋاي دەپ
قالىدىغان، خەقلەر سىزدىن ئاغرىنىدىغان، ۋاقىتتا، سۆھبەتنىڭ
نەتىجىلىك ئاياغلاشمىغىنىغا ئەپسۇسلىنىدىغان ئىش كۆرۈلمى-
سۇن.
5. ھەر قانداق گەپنى چاقچاققا، ھەزىلگە بۇرىماڭ. جىددىي
قارايدىغان ئىشلارغا جىددىي، ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىڭ. يۇ-
مۇرىستىك بولمەن دەپ ھەممىلا ئىشقا گەپ توقۇۋەرسىڭىز خەق-
نىڭ نەپرىتىنى، غەزىپىنى قوزغاپ قويىسىز. ئىشلارنىڭ بېجى-
رىلىش ئۇنۇمىگىمۇ پاسسىپ تەسىر يەتكۈزۈپ قويىسىز.
6. يۇمۇر - چاقچاق ھايا، ئەدەپ بىلەن بولسۇن. مەيلى
قانداق يەر، قانداق سورۇن، قانداق ئادەملەر بىلەن بىللە بولۇڭ
ھەرگىز سېرىق، ئەپسانىۋى يۇمۇر، چاقچاقلارنى سۆزلىمەڭ.
بىزنىڭ پېشقەدەملىرىمىزنىڭ ئارىسىدىمۇ خەقلەرنىڭ ئالدىدا ئۇ-
يالماستىن ساقىلىنى تىترىتىپ ئولتۇرۇپ بىھايا گەپلەرنى ئېغى-
زىنى تامشىتىپ تۇرۇپ سۆزلەپ كېتىدىغان بەدقىلىق ئادىتى بار
ئادەتلىرىمىز ئاز ئەمەس. چوڭقۇر ئەپسۇسلانماق كېرەككى، كى-
شىلەرنىڭ ئاممىۋى سورۇن - يىغىلىشلاردىكى تۇترۇقسىزلىقى
ئۇنى خەقنىڭ نەزىرىدىن بىراقلا چۈشۈرۈۋېتىدۇ ھەم كۆپچىلىك-
نىڭ كەيپىياتىنى بۇزۇپ قويىدۇ. بىز بۇنى يۇمۇر دېمەيمىز،
يۇندە دەيمىز. يۇمۇرىستىكلىق دېمەيمىز، لاۋزىلىق دەيمىز.
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن، كىشىلەرنىڭ جەننەتكە كىرىشىگە

ئەڭ كۆپ سەۋەب بولىدىغان نەرسە نېمە؟ دەپ سورالغاندا، رەسۇ-
لىللا: ئېغىز ۋە جىنسىي ئەزا، دېگەن ئىدى. ھەقىقەتەنمۇ، بۇ
ئىككى جاي باشقۇرۇلسا سائادەتكە، قويۇپ بەرسە زالالەتكە باشلاي-
دۇ.

7. يۇمۇر - چاقچاق قىلىش ۋەزىپە - مەقسەت بولۇپ
قالمىسۇن. ئىككى ئادەمنىڭ بىر يەرگە كېلىشى مۇئەييەن مەق-
سەت، غايە ئۈچۈن بولىدۇ. ئەنە شۇ غايە مەقسەتكە يېتىشنى
قوغلىشىڭ. كۈلكە بىلەنلا بولۇپ كېتىپ، ھاياتنىڭ مەنە -
مەقستىنى ئۇنتۇپ قېلىش ئاقىلنىڭ ئىشى ئەمەس.



www.uyghurkitap.com

## 37. مېھرىخىزمۇ، قەھرىخىزمۇ بولسۇن

بىز ئەخلاق ئاتالغۇسىنى تىلغا ئالساقلا كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا زاھىر بولىدىغىنى ئەدەپلىك، چېۋەر، گەپ ئاڭلايدىغان، يۇۋاش، ئۇرۇش ـ سوقۇشتىن نېرى تۇرىدىغان، چىرايىدىن مۇلايىملىق چىقىپ تۇرىدىغان كىشىلەر بولىدۇ. ھەقىقەتەنمۇ مۇنداق كىشىلەر ئەخلاقلىق كىشىلەردۇر. ئەمما بىزنىڭ ئەخلاق ۋە كىشىلەرنىڭ ئەخلاقىغا باھا بېرىش ئۇسۇلىمىزدا ئىنتايىن ئېغىر بىر تەرەپلىمىلىك ساقلانغان دېيىشكە بولىدۇ. يەنى يۇقىرىقى سۈپەتلەرنىلا ئەخلاقلىق كىشىلەرنىڭ بىردىنبىر سۈپىتى قىلىپ تاللىۋېلىش ئەخلاقنىڭ بىر تەرىپىنى كۆرۈپ يەنە بىر تەرىپىگە كۆز يۇمۇۋېلىشتۇر.

ھەرقانداق بىر نەرسىدە ئىككى تەرەپ، ئىككى يۈز بار. ھەتتا تاشلاندۇق تەمەچىنىمۇ ئىككى ئۇچ بار. چىرىگەن خازاندىمۇ ئىككى يۈز بار. ساغلام، مۇكەممەل بىر ئەخلاق ئۇقۇمىدىمۇ جەزمەن ئىككى يۈز، ئىككى تەرەپ، ئىككى خىل خاسلىق بولىدۇ، يەنى بىر ساغلام ئەخلاقىي ۋۇجۇد مېھىر بىلەن قەھرنىڭ بىرلىكىدىن تەشكىل تاپىدۇ. مېھىرلا بولۇپ قەھر بولمىغان، غەزەپلا بولۇپ سۆيۈش بولمىغان ۋۇجۇد ھەرگىز تاكامۇللۇق دەرىجىسىگە ئېرىشەلمەيدۇ. مېھرىبانلىق ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەن پاكىز سۈپەتلەرنىلا تەكىتلەيدىغان ئەخلاق ئۇقۇمى رەھىمدىللىك، كەڭ قورساقلىقتا، پاكلىقتا باي كېلىدۇ، ئەمما ئۆزىنى قوغداش

www.uyghurkitap.com

قورالىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ ـ دە، ئۇڭايلا بىدئەت بىمەنىلىكلەر-نىڭ مەسخىرىسى، مازىقىغا كۆمۈلۈپ قالىدۇ. مۇبادا بىر ئادەمدە غەزەپ ـ ئاچچىقلا بولۇپ يېتەرلىك مېھرى ـ ۋاپامۇ بولمىسا، بۇنداق قەلب زوراۋانلىق، مۇشتۇمزورلۇق، ئۆكتەملىكنىڭ دەس-تىكىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. بۇنداقلار ھېچنېمىنى كۆزگە ئىلمايدى-غان كۆرەڭ، باشقىلارنىڭ ھېسسىياتىغا، غۇرۇرىغا پىسەنتمۇ قىلماستىن، ئۆز مەنپەئىتىنىڭ دېپىنىلا چالىدىغان مەنمەنچى كېلىدۇ. ئەخلاقتىكى مېھىر بىلەن قەھرنىڭ بىرلىكى ۋە ئۇنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى يوقاتقان ھالدىكى قىياپىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلى-قىنى بىز ئادەملەردىنلا ئەمەس، بۈگۈنكى دۇنيادىكى دۆلەتلەر مۇناسىۋىتىدىنمۇ كۆرۈۋالالايمىز. بىرى مۇغەمبەر، مۇشتۇمزور، ئۇنىڭدا باشقىلارنىڭ مىللىي، دىنىي، ئىنسانىي ئىززەت ـ نەپسى-گە قايغۇرىدىغان، كۆڭۈل بۆلىدىغان مېھىر دەيدىغان نەرسە ئەسلا يوق. يەنە بىرى مېھىرگە يەتكۈچە تويۇنغان، ئەمما يېتەرلىك قەھر ۋە قەھرگە كېرەك بولىدىغان ماغدۇر ئۇنىڭدا يوق...

ئادەملەر جەزمەن ئۆزىدە يېتەرلىك مېھىر ۋە لايىقىدا ئىشلە-تەلەيدىغان قەھرنى بىرلىكتە يېتىشتۈرۈپ چىقىشقا ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. ھەممىلا نەرسىگە كەڭ قورساقلىق قىلىش، «ماقۇل، بولىدۇ» دەپ قول باغلاپ تۇرۇۋېرىش ئىززەت ـ نەپ-سىنى خارۇ ـ زارلىققا باشلايدۇ. مېھىر قەھردىن كۈچ ئېلىشى، قەھر ـ مېھىردىن سۇ ئىچىشى كېرەك.

بۇرادەر، ئائىلىڭىنىڭ چەكتىن ئاشقان يولسىزلىقلىرىغا ۋە نىكاھىڭنىڭ ئەھكاملىرىدىن چىققان بىھايالىقلىرىغىمۇ سۈكۈت قى-لىپ، كەڭ قورساقلىق قىلىۋېرەمسەن؟ مەن بۇنىڭغا غەزەپلەنگۈ-چىلەردىن ۋە سىڭىڭمۇ ئازراق ئاچچىقلىنىپ قويۇشۇڭنى تەۋسىيە

قىلغۇچىلاردىن. چۈشىنىشىنىڭمۇ چېكى بار. رەزىللىكنىمۇ، نورمال ئەدەپ ـ ئەخلاقنى بۇلغايدىغان بەدقىلىق ئادەتنىمۇ چۈشىنىش كېتەمدۇ؟ كىشىلەرنىڭ ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىغا، ناچار ئادەتلىرىگە تېپىۋالغان يوقىلاڭ باھانە ـ سەۋەبلىرىنىمۇ توغرا چۈشىنىش، ئۇلارغا كەڭ قورساقلىق قىلىش كېرەكمۇ؟... ھەممىلا نەرسىنى توغرا چۈشىنىش ۋە ھەممىلا ئىشقا كەڭ قورساقلىق قىلىۋېرىش ئەخلاقنىڭ كۈچىنى بوشاشتۇرۇپ، بۇزۇقچىلىقنىڭ زوۋانىنى يوغىنىتىدىغان، ئۇنى ھەتتا ھۆركىرىيەلەيدىغان قىلىپ قويىدىغان ناچار قىلمىشتۇر.

ئىدارىڭىزدە باشلىقىڭىزنىڭ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىغان، يۇقىرىنىڭ تۈزۈم ـ سىياسەت، تەدبىرلىرىگە خىلاپ، ئۆز مەيلىچە بېكىتىۋالغان تۈزۈم ـ قائىدىلىرىنىڭ ھەممىسىگىلا ماقۇل دەپ قۇللارچە باش ئېگىپ تۇرۇۋەرمەڭ. بىزدە ناباب يەرلىك تۈزۈملەردىن نارازى بولسىمۇ، بۇنداق تۈزۈم ھەممەيلەننىڭ نارازىلىقىنى قوزغاپ تۇرسىمۇ، ئەمما بېشىنى ئىچىگە تىقىۋېلىپلا، دەردىنى ئىچىگە تىنىپلا ياكى ئۇ يەر، بۇ يەردە دادلاپلا بولدى قىلىدىغان ئادەت بار. بۇ باشقىلارغا يامان كۆرۈنۈپ قېلىش ياكى ئوتتۇرىغا چىقىپ قېلىشتىن قورقۇش كېسىلى بولۇپ، بۇنداق يۈرەكسىزلىكتىن قۇتۇلۇڭ. سىزدە خاتا بولغانىكەن دەرھال ئېتىراز بىلدۈرگۈدەك جۈرئەت بولسۇن. ماڭىلا مۇناسىۋەتلىكمىتى دەپ كۆزىڭىزنى سەمەرقەندنىڭ مۇشۇكىدەك يۇمۇۋالماڭ. توغرا نەرسىنى ھەممىلا ئادەم ھىمايە قىلىدۇ. خاتا نەرسىگە قارشى تۇرۇش خالىغانلا ئادەم قىلالمايدىغان كاتتا ئەخلاق جۈملىسىدىندۇر. بىز رەھمەتلىك شائىر روزى سايىتنى نېمىشقا چوڭقۇر ھۆرمەت بىلەن ھەر دائىم ئەسلەپ تۇرىمىز. چۈنكى ئۇ نۇرغۇن

كىشىنىڭ دېگۈسى بار، ئەمما دېيەلمىگەن گەپنى دېيەلىدى، يەنى بىنورمال، ئانمىۋى مەنپەئەتكە خىلاپ، ناباب تۈزۈم ـ تۈزۈلمىلەرنىڭ ئۈستىدىن يۈرەكلىك ھالدا شىكايەت قىلالىدى. ھەقىقىي ئەخلاقلىق كىشىلەر دەل ياخشىنى قوللاپ، يامانغا دادىل قارشى تۇرالايدىغان كىشىلەردۇر. مېھرىنىگمۇ، قەھرىنىگمۇ بولۇشى ئىنسانىي قەدىر ـ قىممىتىنى پەسلەشتۈرمەي غۇرۇر بىلەن ياشاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ.

يامان ئىش ـ ئادەملەرنى كۆرگەندە دادىل قارشى تۇرۇڭ. كوچا ئاپتوبۇسىدا يانچۇقچى كۆرسىڭىز مىنىڭ بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى دەپ ئويلىماڭ. رەزىللىك ئالدىدىكى سۈكۈت، پەرۋاسىزلىق ئىنساننىڭ ئەڭ ئەجەللىك كەمچىلىكىدۇر. ھەممىلا ئادەم سىزدەك ئويلاۋەرسە، بىر كۈنلەردە سىزنى كۆپكۆندۈزدىلا بىرى بۇلاۋاتسىمۇ كىشىلەر مىت قىلىپ قويماسلىقى مۇمكىن. شەھەرلەردىكى ئاشكارا بۇزۇقچىلىق ۋە جىنايەت نىسبىتىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشىدە قەلبىدە غەزەپ، ئاچچىق، قەھر قالمىغان، پەرۋاسىز، ھەممىنى توغرا چۈشىنىدىغان، ئۆزىدىن باشقىسى بىلەن كارى يوق بىغەم، مەجرۇھ كىشىلەرنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيىتى بار. مېھرىمۇ، قەھرىمۇ بار ئەرلەر تولغان جەمئىيەتتە ئەخلاق ساغلام، كىشىلەر تەقۋا، ھايالىق، ئائىلە مۇستەھكەم، پەرزەنتلەر خاتىرجەم، ساغلام، ئەقىللىق، رەزىللىك، جىنايەت نىسبىتى تۆۋەن بولىدۇ.

بۇرادەر، ئائىلەم، قەۋمىم خاتىرجەم ياشىسۇن، ھەممىمىز ئەمىنلىك ئاساسىدا باياشاد ياشايلى، دەپ ئارزۇ قىلسىڭىز قەلبىڭىزدە مېھىر گۈلخانى لاۋۇلداپ تۇرسۇن، شۇنداقلا قەھر قىلىچلىرىمۇ ئوخشاشلا يالىلداپ تۇرسۇن. مېھرىنىمۇ، قەھرىنىمۇ ئۆز

نۆۋىتىدە، جايىدا ئىشلىتىشنى بىلىش. مۇھەببىتىڭىزنى، مەستـ
خۇشلۇقىڭىزنى ئىپادىلەيدىغان جايدا جەزمەن ئەركىن ـ ئازادە
ھالدا ئىپادىلەڭ. غەزەپلىنىدىغان، ئاچچىقلىنىدىغان جايدا جەز-
مەن ئاچچىقلىنىڭ. مېھىر بىلەن غەزەپ ئېنىق بولغاندا جەزمەنكى
ياخشى ئەمەللەر ئومۇملىشىپ، ناچار قىلىقلار ئازايغۇسى، ياماذ-
لىق ئۆزىنى چەتكە ئالغۇسى.

ئابدۇقادىر داموللام «مىفتاھۇل ئەدەپ» ناملىق كىتابىدا
شۇنداق بىر ھېكمەتنى نەقىل كەلتۈرىدۇ:

پەسەندىلەرگە ھەرگىزمۇ مېھرىبانلىق كۆرسەتمە. ئۇنى
ھەددىدىن ئاشۇرۇپ قويىسەن. قوپاللىق قىل، ئىتائەت
قىلىپ باش ئەگكەن ھالدا ئالدىڭغا كېلىدۇ. شۈبھىسىز-
كى، تۆمۈرنى پەقەت ئوتلا يۇمشىتىدۇ. ئەمما ئۇنىڭغا
پۈتۈن دېڭىز سۈيىنى قۇيساڭمۇ يۇمشىمايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن تورى بېكىتى

## 38. دىققەت قىلىڭ، خوتۇن ئومۇمنىڭ مۈلكى ئەمەس

بۇرادەر، توي كۈنى خوتۇنىڭىزنى ئەمرىڭىزگە ئالغاندىن باشلاپ ئۇ سىزگە مۇتلەق تەۋەدۇر. شۇنداقلا سىزمۇ ئۇنىڭغىلا تەئەللۇقسىز. بەزىلەر ئىشلەيدىغان ئاياللارنىڭ يېرىمىغا ئېرى، يېرىمىغا ئىدارە ئىگە دەۋالىدۇ ھەجۋىي قىلىپ. ئەمما ئىشلەمچىلىك مۇناسىۋىتىدە ئۇ مەلۇم بىر ئىدارە ـ ئورگانغا نىسبەتەن ھەقلىق ئىشلەش مۇناسىۋىتىدە بولسىمۇ، ئەمما نىكاھ ۋە ئەر ـ ئاياللارنىڭ بىر ـ بىرىدىن مەنپەئەتلىنىش مۇناسىۋىتىدە ھەر ئىككى تەرەپ بىر ـ بىرىگە دەخلىسىزدۇر، مۇتلەقتۇر. شۇڭا ئۇنىڭغا ياخشى ئىگە بولۇڭ. مەن بەزى ئەرلەرنىڭ ئىدارىگە باھالاش كېلىدىكەن، مېھمان كۈتىدىكەن دەپ خوتۇنلىرىنى ئاخشاملىرىمۇ كىملەرنىڭدۇ خىزمىتىگە سېلىپ بېرىپ، ئۆيدە پۈشۈلداپ ئولتۇرىدىغىنىنى بىلىمەن ھەم بۇنداق ئەھۋاللارنى خېلى كۆپ كۆرگەنمەن. ئەمما، سىز مەجبۇرىيەت تۇيغۇسى كۈچلۈك بىر ئەر بولىدىغان بولسىڭىز، ئايالىڭىزنىڭ ئىدارىسىدىكىلەرنىڭ ھەر قانداق باھالاش، كۈتۈۋېلىش شەكلىدىكى ئورۇنسىز ئولتۇرۇشلىرىغا سىزسىز قاتنىشىشىغا يول قويماڭ. مەن مۇنداق كۈتۈۋېلىش شەكلىدىكى ئولتۇرۇشلارنىڭ ماھىيىتىنى ئوبدان بىلىمەن. ئايالىڭىز نىكاھتىن باشلاپلا سىزلا بەھرىلىنىدىغان مۇتلەق نېئمەتكە ئايلاندى. ئۇنىڭدىن باشقىلارنىڭمۇ بەھرىلىنىشىگە،

كۆكۈل ئېچىشىغا يول قويماڭ. شۇنداقلا ئايالىڭىزسىز سىزمۇ مۇنداق ئەر ـ ئايالار ئولتۇرۇشىغا، كۆكۈل ئېچىش سورۇنلىرىدىغا قاتناشماڭ. سىز ئۆزىڭىز ھەر يەر ـ ھەر سورۇنلاردا يايراپ يۈرۈپ، ئايالىڭىزنى مېنىڭ خىزمىتىمنىلا قىلىسەن دەپ سىرتىماقا ئالسىڭىز، بۇ ئادالەتسىزلىك ھېسابلىنىدۇ ھەمدە ئوڭايلا ئايالىڭىزدىمۇ قارشىلىشىش، شۇنداق سورۇنلارغا بېرىپ بېقىش ئىستىكى تۇغۇلۇپ قالىدۇ. ئۆزۈڭگە راۋا كۆرمىگەننى باشقىلارغىمۇ تەۋسىيە قىلما...

بەزى سورۇن، يىغىلىش، قاتنىششلارغا بېرىش زۆرۈر بولۇپ قالغاندىمۇ خەقنىڭ خوتۇنلىرى بىلەن تانسا، ئۇسسۇل ئويناشتىن ساقلىنىڭ. شۇنداقلا خوتۇنىڭىزنىمۇ ئومۇمنىڭ مۈلكى، كىم ئوينىسا بولۇۋېرىدىغان ئويۇنچۇققا ئايلاندۇرۇپ قويماڭ. بىزدە خوتۇنى باشقىلار بىلەن چاپلىشىپ تانسا ئوينىسا، ئۆزى بىر تەرەپتە تۇرۇپ خۇشلۇقتىن ئېغىزى كېلە بولىدىغان ئەرلەر ئاز ئەمەس. ھەتتا بىرەر باشلىق خوتۇنى بىلەن تانسا ئويناپ قويسا، خۇشلۇقتىن كۆرەڭلەپ بېشى ئاسمانغا تاقىشىدىغان، باشلىققا رەھمەت ئېيتىپ سۆيۈنۈپ كېتىدىغان ئەرلەرمۇ، ئۆزى ئۆيىدە داغ چايغا قاتتىق ناننى چىلاپ يەپ ئولتۇرىدىغان، خوتۇنى رېستۇراندىن، خەق بىلەن ئۇسسۇل، تانسا ئويناپ بەزمىخانىدىن كېلەلمەيدىغان ئائىلىلىرىمىزمۇ ئاز ئەمەس...

بۇرادەر، ئۇنتۇماڭ ۋە دىققەت قىلىڭكى، خوتۇن ئومۇمنىڭ مۈلكى ئەمەس. خوتۇن ئەر بولغۇچىغىلا تەۋە. ئۇ شۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىشى، شۇنىلا كۈتۈشى، شۇنىڭلا كۆڭلىنى ئېچىشى كېرەككى، يات ئەرلەر بىلەن تانسا، ئۇسسۇل ئويناپ ئۇنىڭ ئىچ ـ پۇشۇقىنى چىقىرىپ، كۆڭلىنى ئېچىپ قويماسلىقى

كېرەك. يات جىنسلىق ئەرلەرنىڭ تەن ئەزايى بىلەن تولا ئۇچراش-
قان ئايال سىزنىڭ تېنىڭىز بىلەن ئۇچراشقاندا بارا - بارا غەيرىي
سېزىمدا بولماس، ھەتتا سىزنى باشقا ئەرلەر بىلەن سېلىشتۇرۇپ
سىزدىن قۇسۇر ئىزدەشكە، نارازى بولۇشقا خۇشتار بولۇپ قالىدۇ
ھەمدە ئۇچرىشىش، ئولتۇرۇشلىرى تېخىمۇ كۆپىيىپ، ئۆيدىن،
سىزدىن پەرزەنتلىرىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. كىيىمگە، گىرىمگە،
ئەرلەرنىڭ ماختىشىغا ئامراق بولۇپ قالىدۇ - دە، سىزدىن
ئاستا - ئاستا يىراقلاپ كېتىدۇ. ئىشەنمىسىڭىز قاراپ بېقىڭ،
رېستۇرانغا، يات ئەر - ئاياللار ئولتۇرۇشىغا ئامراق خوتۇنلارنىڭ
قايسىبىرى ئۆز ئېرى بىلەن ئەپ ئۆتىدىكىن؟ قايسىبىرى ئېرى-
نىڭ ياخشى تەرىپىنى قىلىدىكىن؟...

ئايالىڭىزنى تىزگىنلەشنى ئۆگىنىۋېلىڭ. ئۇ ئومۇمنىڭ
ئورتاق بەھرىلىنىدىغان مۈلكىگە ئايلىنىپ قالمىسۇن. ئايالىڭىز
ئۈچۈن سىز ۋە نىكاھ، ئائىلىدىن مۇھىم ئولتۇرۇش، كۆڭۈل
ئاچىدىغان سورۇن، دوست يوق. سىزنىڭ ئىككىلەمچى ئورۇنغا
چۈشۈپ قالغىنىڭىز دەل ئۇنىڭ قەلبىدىكى ئورنىڭىزنىڭ تۆۋەنلە-
ۋاتقىنىدىن بولىدۇ. ۋاقتىدا ئۇنى تۇتۇپ قېلىڭ. ئۆز دائىرىڭىز-
دە كونترول قىلىۋېلىڭ. بولمىسا ئۇ ئەتە - ئۆگۈن يەنە بىر
گەدىنى توم، يانچۇقى بوم بىرىنىڭ كەينىدىن سوكۇلداپ كېتىپ
قېلىشى مۇمكىن.

# 39. خوتۇنىڭىز بىلەن ئايرىم يېتىپ ئادەتلىنىڭ

ياش ئەر - خوتۇنلارنىڭ بىر - بىرىگە بولغان مەيل ۋە ئىشتىياقى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان بولغاچقا، ئۇلار ھەتتا ئۇخلىغاندىمۇ بىر ئورۇندا يېتىپ ئۇخلاشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇلار نىكاھ ئاساسىدا يېقىنچىلىق قىلغانىكەن ئۇلارنىڭ قانداق يېتىپ، قانداق قوپۇشى ئۆزىنىڭ ئىشى. بۇ ئارىلىشىدىغان ئىشمۇ ئەمەس. ئەمما ئىلمىي، دىنىي، پەننىي ئاساسى بولغان ساغلام تۇرمۇش ئادىتى-نى تەكىتلەپ قويۇش ھەرگىز ئارتۇقچە ئىش بولماسلىقى مۇم-كىن.

ھۆكۈمالارنىڭ قارىشىچە ئەر - خوتۇنلارنىڭ دائىم بىرگە ئۇخلاپ ئادەتلىنىشى ياخشى ئىش ئەمەس ئىكەن. گەرچە بۇ خىل يېتىش ئادىتى كىشىگە خاتىرجەملىك، بەخت تۇيغۇسى ئاتا قى-لىپ، ئۇيقۇنىڭ شېرىنلىق دەرىجىسىنى ئاشۇرسىمۇ، ئەمما مۇ-ئەييەن يامان تەسىرىمۇ بار ئىكەن. بۇلار تۆۋەندىكىچە:

1. ئەر - خوتۇنلار ئىزچىل بىرگە ئۇخلاشنى ئادەت قىلغاندا بارا - بارا يالغۇز ياتسا ئۇيقۇسى كەلمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ. تۇرمۇشتا 365 كۈن بىرگە بولىمەن دېيىش مۇمكىن ئەمەس. ئەرلەر سەپەرگە چىقىدىغان، ئاياللار تۇغۇپ ياتىدىغان ياكى ئاغ-رىپ يېتىپ قالىدىغان ئەھۋاللار ناھايىتى كۆپ كۆرۈلۈپ تۇرى-دۇ. ئەر - خوتۇنلار بىرگە ئۇخلاپ ئادەتلەنسە، بۇنداق چاغلاردا يالغۇز يېتىپ ئۇيقۇسى كەلمەيدىغان، يېنىدا كىملەرنىڭدۇ بىللە

بولۇشنى ئارزۇ قىلىپ قالىدىغان بولۇپ قالىدۇ ھەمدە يامان ئوي- خىياللارغا بېرىلىپ، ئوڭايلا باشقا يامان نىيەتلەردە بولۇپ سالىدۇ. بولۇپمۇ ئاياللارنىڭ تۇغقۇت مەزگىلىنىڭ ئالدى - كەي- نىدە ئايالى بىلەن بىرگە ئۇخلاپ ئادەتلەنگەن ئەر ئۇچرايدىغان بېسىم كۆچىيىپ كېتىدۇ ۋە ئەرلەرنىڭ تالاغا قاراپ قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

2. بىر - بىرگە بولغان ھېسسىيات سۇسلاپ كېتىدۇ. ئەر- ئاياللار بىرگە ئۇخلىغان ئىكەن، بەدەنىنىڭ بىر - بىرىگە تېگىپ تۇرۇشى، نەپەس، چاچلارنىڭ غىدىقلىنىشى ... دېگەندەك بىر - بىرىنىڭ نەپسى، ھېسسىياتىنى ئويغىتىدىغان ھەرىكەتلەر جەزمەن بولۇپ تۇرىدۇ. دېمەككى، بىرگە ئۇخلاپ ئادەتلەنگەن ئەر - خوتۇنلارنىڭ ھېسسىياتى ئىنچىكە قوزغى- لىش ھالىتىدە تۇرىدۇ. بۇ خىل ھالەت ئۇزاق داۋاملاشسا ئەرلەر- دىكى مەزى بېزى كېسەللىكى ۋە سۆزنەك، سىفلىس، مەنىي بالدۇر كېتىش، مەنىي تۇتالماسلىق دېگەندەك بۈگۈنكى زامان ئەرلىرىنى قىيناپ كېلىۋاتقان مەرەز كېسەللىكلەرنى پەيدا قىلىپ قويىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىرگە ئۇخلاش ئادەتكە ئايلانسا، بارا - بارا ئەر - خوتۇنلارنىڭ تېنى ئۇچراشسىمۇ يات، غەيرىي، ئۆزگىچە سېزىم پەيدا بولمايدۇ. يەنى بىر - بىرگە ئىنچىكە سۈركىلىپ تۇرغان تەنلەر قاشاڭلىشىپ كېتىدۇ - دە، ھېسسى- يات لازىم چېغىدا ئەسقاتماي ئەر - خوتۇننى تەڭلا ئازابلايدۇ، روھىي بېسىم ئېلىپ كېلىدۇ. ھېسسىياتنى توك ئېقىمىغا، زەرەتكە ئوخشىتىش مۇمكىن. ئىككى تەن ئۆزئارا ئۇچراشقاندا پاراسلاپ ئوت چاچراپ، ئىككى ۋۇجۇدنى سىلكىنىش، روھىي سوقۇلۇش، زىلزىلىگە ئېلىپ كېلەلمىسە، ئەر - خوتۇنلارنىڭ قوشۇلىشىدا لەززەت ئەمەس ھەسرەت ۋە تەم ئەمەس غەم قالىدۇ.

بەدىنىڭىزدىكى قىممەتلىك قۇۋۋەت، زەرەتلەرنى ئاسراڭ. ئۇ قا-
لايمىقان ئىچىش خوراپ كەتمىسۇن. توك بېسىمى تۆۋەن كېلىپ
قالسا ماتورمۇ ئايلانمايدۇ...
ئەرلەرنىڭ ھېسسىياتى تولا قوزغىلىپ تولا قايتسا بۇ ئىنتا-
يىن خەتەرلىك ئەھۋالدۇر. ھېسسىياتى تولا قوزغىلىپ تولا قايت-
قان ئەرلەرنىڭ بۆرىكى شىددەت بىلەن ئاجىزلاپ كېتىدۇ ـ دە،
يىلىك، قان سوۋۇيدۇ، جەڭگىۋارلىقى سۇسلىشىپ، تېنىدە ماغ-
دۇر قالمايدۇ. سوغۇق تەرلەيدۇ. ئۆرە تۇرسا ئولتۇرغۇسى،
ئولتۇرسا ياتقۇسى كېلىدۇ. ئىش خۇشياقمايدۇ. روھى چۈش-
كۈن، ئېزىلەڭگۈ، غەمكىن بولۇپ قالىدۇ. ئىسلامنىڭ ئاياللار-
نىڭ سىرتقا چىقىشىنى، يات ئەرلەر بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرۇشى-
نى، تەن ـ ئەزايىنى، زىننەتلىرىنى ئوچۇق قويۇشنى چەكلىشىدە
ئەرلەرگە بولغان ئىنتايىن زور كۆيۈنۈش بولسا كېرەك. چۈنكى
ئەرلەر بوشىسا جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي تەڭپۇڭلۇقى شۇ زامانلا
بۇزۇلىدۇ. بۇ بىر ھەقىقەت، تارىخ تالاي رەت ئىسپاتلىغان ھەقى-
قەت.
بۇرادەر، ئۆز ئايالىڭىز بىلەنمۇ مۇۋاپىق چەك ئىچىدە يېقىن-
لىشىڭ. ئۇنىڭ بىلەن سۇركىلىپ تۇرۇشنى، بىرگە ئۇخلاشنى
ئادەتكە ئايلاندۇرۇۋالماڭ. بولمىسا سىز كاردىن چىقىپ، ئايالى-
ڭىز قۇتراپ كېتىشى، بارا ـ بارا سىزگە قانائەت قىلماي يات
ئەرلەرگە تەلمۈرۈپ قارايدىغان بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. شۇڭا
قىممەتلىك تۇيغۇلارنى ئەتىۋارلاڭ. ئۇنى گۆھەرنى ئاسرىغاندەك
ئاسراڭ. ئەر ـ خوتۇنلار ئارىسىدىكى مۇنداق تۇيغۇ خوراپ كەتسە
ياكى قالايمىقان ئىشلىتىلسە ئۇنى باشقا نەرسە، ۋاسىتىلەر بىلەن
تولدۇرۇۋېلىش قىيامەت مۇشكۈلدۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# 40. مەنسەپكە توغرا مۇئامىلە قىلىڭ

بىز ئومۇمىي خەلق رايىنى سىناش ئېلىپ بارىدىغان بولساق، مۇتلەق كۆپ ساندىكى كىشىلەرنىڭ ئەمەل - مەنسەپكە نىسبەتەن سوغۇق نەزەردە ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. ئەمەلدارلارنى، باشلىقلارنى سۆكۈش، ئەيىبلەش توغرىلىق ۋەز - شىكايەتلەرنى بىز ھەر يەردە ئاڭلاپ تۇرىمىز. بىز بۇنى بىر قىسىم تەنتەك، تەخسىكەش، يۇقىرىغا شەكلەن ياخشى كۆرۈنۈش ئۈچۈن ئاۋامنىڭ جاندەك مۇھىم مەنپەئىتى بىلەن خالىغانچە ئويىنىشىدىغان، تۇزۇم تۈزسە ئاممىۋى مەنپەئەت ۋە ئاممىۋى ھوقۇقنى ئەمەس ئۆز ئىرادىسىنى، خاھىشىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، كىشىلەرنى بويسۇنۇشقىلا چاقىرىشقا ئادەتلەنگەن ئەمەلدارلىرىمىز كەلتۈرۈپ چىقارغان دەپ قارىساقمۇ، ئەمما بۇنى ئومۇمىيلىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈش مۇمكىن ئەمەس. دېمەككى، كىشىلىرىمىزدە ھوقۇق ۋە ئەمەل - مەنسەپكە نىسبەتەن ئېغىر دەرىجىدە بىر تەرەپلىمە قاراش ساقلانغان. بىز بۇنى بىر قىسىم كىشىلىرىمىزنىڭ ھوقۇقتا ۋە ھوقۇق تۇتقانلارغا قارىتا سوغۇق نەزەردە قارىشىدىن، شۇنداقلا يەنە بىر توپ كىشىلىرىمىزنىڭ ئەتىدىن - كەچكىچە باشلىقىغا خۇشامەت قىلىش، مەنسەپ تاماسىدا كۆچۈكلىنىپ، پىشانىسىنىڭ يېغىر بولۇپ كېلىۋاتقانلىقىدىن كۆرۈۋالالايمىز.

ھوقۇق بىر مىللەت، بىر قەۋمگە نىسبەتەن ئىنتايىن مۇھىم سىياسىي كاپالەت. ئۇ بىر مىللەتنىڭ مەۋجۇتلۇقى، مەدەنىيىتى،

ئىقتىسادىنى زور سىياسىي ئاساس، تېرەك بىلەن تەمىنلەيدۇ. دېمەككى بىر مىللەتنىڭ ھوقۇق ئېڭى قانچە ئىلغار، ئاكتىپ بولغانسېرى، ئۇلارنىڭ مەۋجۇتلۇق ئىنكاسى شۇنچە كۈچلۈك، ئاكتىپ بولىدۇ. ئەمما ھوقۇق قارىشى ۋە سىياسىغا ئارىلىشىش ئېڭى شۇنچە پاسسىپ، سوغۇق بولغانسېرى بۇنداق قەۋم ئۆزلىرى بەھرىمەن بولۇشقا تېگىشلىك ھوقۇق ـ مەنپەئەتتىنمۇ بەھرىمەن بولالمايدۇ. ئۆزلىرىنىڭ قىممەت قارىشى، ئىززەت ـ نەپسى، مەدەنىيەت، ئۆرپ ـ ئادىتىنىمۇ جايىدا ساقلاپ قالالمايدۇ... پىكىر، قارىشى ئىلغار، ئومۇمنىڭ مەنپەئىتىنى ئويلايدىغان بىر كىشىنىڭ رەھبەرلىك ئورنىغا دەسسىشى ئاۋام ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىلىقتۇر. يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ ھەقتە: «جاھان تۇتۇشقا ئىدراكلىق ئەر كېرەك» دېگەنىدى. ھەقىقەتەنمۇ پاراسەتسىز، خۇشامەتكە ئۆگەنگەن، تەخسىكەش، ئەمەل تۇتۇشنى ئەل ئۈچۈن خىزمەت ئەمەس، بەلكى ئەلگە خوجىلىق، ھاكىملىق دەپ چۈشەنـ گەن رەھبەرنىڭ قولىغا قالغان ئاۋامنىڭ ھالىغا داد ۋە پەريادتۇر. ھوقۇق، سىياسىي بىلەن كارىسى يوق، بويسۇنۇشنىلا بىلىپ نازارەتنى بىلمەيدىغان ئاۋام تېخىمۇ بىچارە ۋە ئازابتا مۇپتىلادۇر... ھوقۇق خۇشامەتچىلىكى بولسا ھاكىمىيەت بېشىـ نىڭ ساغلام ئىرادە قىلىش قانۇنىيىتىنى بۇزۇپ چىرىكلىشىش، گۇرۇھلىشىش، پۇقرانى، ھۆكۈمەتنى ئالداش رولىنى ئوينايدۇ ـ دە، يەنە ئەڭ ئاخىرىدا پۇقراغا بالا كەلـ تۈرىدۇ... دېمەككى، ھوقۇققا نىسبەتەن توغرا قاراشتا بولۇش ئىنتايىن مۇھىم.

بۇرادەر، ئەمەل ـ مەنسەپ كەينىدىن خۇشامەتكۈيلۈق، تەخـ سىكەشلىك بىلەن سوكۇلدىماڭ. خۇشامەتكۈيلۈق ئىنساندىكى

ئەڭ پەس ئىللەتتۇر. ئۇ ئىززەت ـ نەپسىڭىزنى خار قىلىشنى، كىشىلەرگە لالما ئىتتەك قۇيرۇق شىپاڭلىتىشىڭىزنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەمەل ـ مەنسەپ تۇتمىسىڭىز مەيلىكى پەسلەشمەڭ.

ئەگەردە ئۆز سەممىيىتىڭىز، تەشكىللەش سەنئىتىڭىز بىلەن كۆزگە كۆرۈنۈپ، ئەمەل ـ مەنسەپكە ئولتۇرۇش نۆۋىتى كېلىپ قالسا رەت قىلىپمۇ ئولتۇرماڭ. بىزگە ھەقىقەتنى ياقىلايدىغان، ئاۋام ئۇچۇن كۆيۈنىدىغان، ساغلام، ئاممىۋى كەيپىيات بەرپا قىلىش ئۇچۇن چىن كۆڭلىدىن باش قاتۇرىدىغان پاك، پۇقراپەرۋەر ئەمەلدارلار بەك كېرەك. ئىككى ئادەم بىر يەرگە كەلسە ھامان بىرى يەنە بىرىنىڭ گېپىنى ئاڭلاش زۆرۈر بولىدۇ. دۇنيا ھاكىمسىز، دۆلەت ھاكىمىيەتسىز ئايلانمايدۇ. «بىر مىللەتتە ئۆلۈغ ئىتتىپاقلىقنى يېتەكلىگۈچى مەنىۋى رەھبەر بولمىسا، ئۇ قوۋم كىشىلىرىنىڭ چېچىلغىنى چېچىلغان» (ئا. داموللام «مىفتاھۇل ئەدەب» تىن). ھەممىلا ئادەم چىرىكلىك، پارىخورلۇق، ئىجتىمائىي بۇزۇلۇشتىن قاقشاۋاتقاندا، ھۆكۈمەتمۇ بۇنىڭ ئۇچۇن جىددىي باش قاتۇرۇۋاتقاندا ئىشنى ئەدلى ـ ئادالەت بىلەن يۈرگۈزىدىغانلار باشلىق، رەھبەر بولسا نېمىشقا بولمايدىكەن؟ ھوقۇقنىڭ يىرگىنىدىغان، نېرى قاچىدىغان ھېچپېرى يوق ياكى بولمىسا يەنە شۇنداق تەخسىكەش، پۇقرانىڭ ھەقلىق گېپىگىمۇ قۇلاق سېلىپ قويمايدىغان، جەرىمانە ـ جەرىمانە دەپلا ۋارقىرايدىغان ئادەملەرباشلىق بولۇۋېرىشى كېرەكمۇ؟! ھاكىمىيەت بېشىدىكىلەرنىڭ پاك بولۇشى ئۇچۇن ھوقۇق سەھنىسىگە بىر تۈركۈم ئاممىنى ئويلايدىغان، پەزىلەتلىك، پاراسەتلىك كىشىلەر قەدەم قويۇشى كېرەك. ئەگەر پازىللارنىڭ ھەممىسىلا ئەمەل ـ مەنسەپتىن نېرى قاچسا، زارلاش بىلەنلا بولدى قىلىپ،

بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلاردا ئېپقاچتى گەپلەرنى گۇدۇڭشىپ يۇرۇۋەرسە
هاكىمىيەت، ئەمەلدارلار قانداق تۇزۇلىدۇ؟ ئاقىللارنىڭ ئەقلى
پاراسەتسىز باشلىق، بىمەنە تۇزۇملەر شارائىتىدا قەدىر ـ قىممەت-
كە ئېرىشەلمەي خوراپ تۇگەپ كەتمەمدۇ؟...

دېمەككى، ئەمەل ـ مەنسەپ يامان نەرسە ئەمەس. يامىنى،
ناچىرى دەل كۇرسقا تاپان يالاپ، سۇركىلىپ يۇرۇپ چىقىۋالغان
پەزىلەتسىز «ئەمەلدار» لاردۇر...

بۇرادەر، ئەگەر بۇ كۇرسقا ئولتۇرۇپ قالسىڭىز، چوڭچى-
لىق، مۇغەمبەرلىك قىلماڭ. هوقۇق كۆرەڭلەيدىغان شەرەپ
ئەمەس. بەلكى مەجبۇرىيەت، ئەمەلدارلىق ـ چاكارلىق، خەلققە
خىزمەتكارلىق دېگەنلىكتۇر. چاكارلىقنى هۆركىرەپ قىلماڭ،
خىزمەتنى ئاۋامنى قورقىتىپ بېجىرمەڭ. ئەمەلدارلىقنى ئاۋام
چۆچۈيدىغان، ئۇركۈيدىغان قورقۇنچلۇق ۋەھىمىگە ئەمەس. ئاۋام
ئەركىن يېقىنلىشىپ، هال ـ دەردىنى تۆكەلەيدىغان، پىكىر
بېرەلەيدىغان مۇنبەرگە ئايلاندۇرۇشقا تىرىشىڭ. يۇقىرىغا خۇشا-
مەت قىلىپ، ئاۋامغا پوپوزا قىلىدىغان، شەرەپ ئۇچۇن يۇقىرىنى-
مۇ، ئاۋامنىمۇ ئالدايدىغان كۆز بويامچىلىقتىن ساقلىنىڭ. خەلق-
نىڭ مەنپەئەتىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇڭ. ھەدىسلەردە: «ها-
كىم ئۆز قەۋمىنى سەممىيەت بىلەن ساقلىمىغان بولسا جەننەت-
نىڭ پۇرىقىنى پۇريالمايدۇ» دېيىلىدۇ. پەننىي نۇقتىدىن ئالغان-
دىمۇ، مەككار هاكىم خەلقنىڭ لەنەت ـ نەپرىتىدىن مەڭگۇ قۇتۇ-
لالمايدۇ. كىشىلەر سىزگە يېقىنلاشسۇنكى، سىزدىن ئەيمىنىپ
قاچمىسۇن. سىزنى هۆرمەت، سۆيۇنۇش بىلەن تىلغا ئالسۇنكى،
سىزنى ئالدىڭىزدا ماختاپ، ئۇچۇرۇپ، ئارقىڭىزدىن تىللاپ تۇ-
كۇرمىسۇن. سوۋغات ئارقىلىق ئىش بېجىرمەڭ. ئەمەل ـ مەن-

ـسەپكە ئولتۇرۇۋېلىپلا دوستلىرىڭىز، ئائىلىڭىزدىن يىراقلىشىپ كەتمەڭ...

قاراپ باقسام مۇتلەق كۆپچىلىك ئۇستاز ـ يازغۇچىلىرىمىز، كلاسسىكلىرىمىز ئەمەلدارلىقتىن، مەنسەپتىن يىراق تۇرۇشنى تەۋسىيە قىلىپ كەپتۇ. مەن مۇۋاپىق كەلسە ئۇنىڭغا يېقىنلىشىشنىڭ زىيىنى يوقلۇقىنى ئەسكەرتىپ تۇرۇپتىمەن. بۇرادەر، سىزنىڭ پىكرىڭىز نېمە بولاركىن؟ ئۇنىڭدىن ھەممىمىز قاچساق ئەلگە كىم، قانداق ئادەملەر باشچىلىق قىلار؟ ئۇ چاغدا بىزنىڭ ھالى ـ بارىمىز نېمە بولار؟



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## 41. قېرىنداشلىرىڭىزغا ئىگە بولۇپ قويۇڭ

قېرىنداشلىرىڭىز سىزنىڭ بايلىقىڭىز، تايىنىدىغان يۆلەن- چۈكىڭىز ھەمدە تۇرمۇشتا كەم بولسا ئەسلا بولمايدىغان سىرداش ھەمراھىڭىز. سىز ئۇلار بىلەن قان - قېرىنداشلىق مېھرىنى، كۆيۈنۈشنى، ۋاپادارلىقنى ھېس قىلىپ يېتەلەيسىز ۋە غەم - غۇسسىگە تولغان ئالدىراش دۇنيادا غەرەزسىز، مەنپەئەت، پايدى- لىنىشتىن خالىي، ساپ بولغان ئالاقە مۇناسىۋىتىدىن ھوزۇرلى- نالايسىز. ھەر قانچە يېقىن دوستىڭىزمۇ قېرىنداشلىرىڭىزنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ...

قېرىنداشلىرىڭىز بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى سۇسلاشتۇرۇپ قويماڭ. ئايرىم ئۆي ئايرىپ چىقىپ كېتىپلا ئۇلارنى ئۇنتۇپ كەتمەڭ ياكى ھېيت - بايراملاردىلا ئىزدىشىپ قالغان چاغدا كارىڭىز بولمايدىغان ئىشنى قىلماڭ. ئۇلار سىزنىڭ بۇ ئالەمدىكى بىردىنبىر جان - جىگەر پارىلىرىڭىز. ھېچبولمىسا ھەپتە ئايدا بىرەر ۋاخ تاماقنى بىرگە يەپ، بىر - بىرىڭلارنىڭ ئائىلىلىرىدە نېمە ئىشلار بولۇۋاتىدۇ، قانداق خۇشاللىقى، قايغۇسى بار... بۇلارنى ئورتاقلىشىڭ ياكى يىراقتا بولسا تېلېفون، خەتلەر ئارقىلىق بولسىمۇ ئەھۋاللىشىپ تۇرۇڭ. قېرىنداشلار ئارا ئالاقە ئۈزۈلۈپ كەتمىسۇن. سىز قېرىنداشلىرىڭىز، تۇغقانلىرىڭىز بى- لەن يىراقلىشىپ كەتسىڭىز بالىلىرىڭلار بىر - بىرىنى تونۇماس ھالدا چوڭ بولىدۇ. بىر جەمەت ئەزالىرىنىڭ قومدەك چېچىلىپ

تۇرۇشى ياخشىلىقنىڭ بېشارىتى ئەمەس. «تۇغقاندارچىلىقنى ئۇ-زۇۋەتكۈچى جەننەتكە كىرمەيدۇ» (ھەدىستىن) . شۇنداقلا قېرىن-داشلىرىنى تاشلىۋەتكۈچى بەندىمۇ ئىككى دۇنيالىقتا پايدا كۆرمەي-دۇ. جەمەت ئەزالىرى بىرلىككە كېلەلمىگەن ئەلدە مىللىي بىر-لىكنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى مۇمكىن ئەمەس. قېرىنداشلار ئارا مېھىر - ئالاقە سۇسلاپ كەتكەن جەمئىيەتتە بولسا، كىشىلەر ئارىسىدىكى كۆيۈنۈشتىن، كۆڭۈل بۆلۈشتىن ئېغىمۇ سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ.

قېرىنداشلىرىڭىزنىڭ تەربىيىلىنىشى ۋە يۈرۈش - تۇرۇش ئادەتلىرىگە دىققەت قىلىڭ. ئۇلار سىز بىلەن قارىمۇ - قارشى مەيداندىكى ئەخلاقسىز كىشىلەردىن بولۇپ قالمىسۇن. بىر ئۆي-دىن بىر - بىرىگە تۈپتىن ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل ئەقىدە، ئېتىقادتىكى كىشىلەر چىقىدىغان ئىش بىزگە يات ئەمەس. كە-چىكلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدە ئاتا - ئانىدىن بۆلەك ئاكا - ئاچىلارنىڭمۇ مۇئەييەن مەسئۇلىيىتى بار، ئىنى - سىڭىللىرى-ڭىزغا كۆز - قۇلاق بولۇڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئەخمەقلەرچە، ھېسسىيات-نىڭ كەينىگە كىرىپ يامان يوللارغا كىرىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىڭ. ئابدۇقادىر جالالىدىن: «ئەقىدە بىرلىكى بولمىغان قان-داشلىقتىن شۇمبۇيا ئۈنىدۇ» دېگەنىدى. كىشىلەر قېرىنداشلى-رىڭىزغا قاراپ سىزگە ئەيىب قويمايدىغان بولسۇن، سىزمۇ «ما-ۋۇ مېنىڭ بىر تۇغقان قېرىندىشىم» دېيىشتىن ئۇيالمايدىغان بولۇڭ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا ياخشى ئىش - ئەمەللەرنى تەۋسىيە قىلىڭ. يامان قىلىق، ناچار ئادەتلەردىن توسۇڭ...

## 42. ئىشلاردا ئاتا ـ ئانىڭىز بىلەن مەسلىھەتلىشىڭ

ئاتا ـ ئانىلار بىزنىڭ بۇ دۇنياغا تۆرىلىشىمىزنىڭ ۋاستىلىق سەۋەبكارلىرى، شۇنداقلا بىزنى ۋايىسماي بېقىپ قاتارغا قوشقۇچى، بىز ئۈچۈن ھەر قانداق كەلگۈلۈك ۋە جاپالارغا چىداپ قان ـ تەر ئاققۇزغۇچى، ھەر ۋاقىت بىز ئۈچۈن بەخت، رەھمەت تىلىگۈچى شەپقەت غەمگۈزارلىرىمىزدۇر. ئۇلارنىڭ كۆيۈنۈش ـ مېھرىبانلىقى چەكسىز ۋە غەرەزسىزدۇر. ئۇلارنىڭ سۆيگۈ دېڭىزىنىڭ پايانى يوقتۇر. ئۇلار سىزنى مەڭگۈ بالا قاتارىدا كۆرىدۇ ھەمدە ھەربىر ئىش ـ ھەرىكىتىڭىزدىن، تاللىشىڭىزدىن خەۋەردار بولسام، دەپ ئويلايدۇ ھەمدە سىزنىڭ كىچىككىنە مۇۋەپپىقىيىتىڭىزدىنمۇ ئالەمچە خۇشاللىق، پەخىر ھېس قىلىدۇ، ئازراقلا سەۋەنلىكىڭىز تۇپەيلى غەم ـ قايغۇدا پۇچىلىنىدۇ ۋە سىزنىڭ دەردىڭىزدە كاۋاپ بولىدۇ...

ئۆي ئايرىپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، تۇرمۇشتىكى ھەممىلا ئىشنى ئاتا ـ ئانىڭىز بىلەن ئورتاقلىشىپ بولالىشىڭىز مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى ھەربىر تۇرمۇشنىڭ ئۆزىگە يارىشا سىر ـ مەخپىيىتى بولىدۇ، شۇنداقلا ھەممىلا ئىشنى ئاتا ـ ئانىغا دەپ يۈرۈشمۇ ئەپسىز. يەنە كېلىپ بەزى ئىشلار بولۇپمۇ سىز ئۇچراتقان قىيىنچىلىق، مۇشكۈلاتلار ئاتا ـ ئانىڭىزنى بىسەرەمجان قىلىپ ئەندىشىگە چۈشۈرۈپ قويۇشى مۇمكىن. ئەمما،

www.uyghurkitap.com

دىسىڭىز ئۇلارنى ئەندىشىگە سالمايدىغان، شۇنداقلا ئۇلارنى خۇش قىلىدىغان، ئۇلار پايدىلىق مەسلىھەتلەرنى بېرىش مۇمكىنچىلىكى بولغان ئىشلاردا ئىلاجىنىڭ بارچە ئاتا ـ ئانىڭىزنىڭ پىكرىنى ئالغىنىڭىز تۈزۈك. نۇرغۇن پەرزەنتلەر ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ ئۆز تۇرمۇشىغا، تاللىشىغا ئارىلىشىۋالغانلىقىدىن ئاغرىنىدۇ. ئەمما، ئۇلار ھەمىشە ئاتا ـ ئانىلارنىڭ كۆيۈنۈۋاتقانلىقىنى، پەقەت ئىككى تەرەپنىڭ ئارزۇ ـ خاھىشىنىڭ ماس كەلمەيۋاتقانلىقىنى ئېتىراپ قىلماي، پەقەت ئاتا ـ ئانىسىدىن قاقشاشنىلا بىلىدۇ. ئۇلاردىن قاقشىماڭ، ئاغرىنماڭ. ئۇلار پەقەت ئۆزىنىڭ يۈرەك پارىسىغا كۆيۈنۈۋاتىدۇ. ئەگەردە ئۇلارنىڭ بەرگەن تەكلىپى زىتىڭىزغا ياقمىسىمۇ، ئۇنى چىرايلىقچە ئاڭلىسىڭىز ۋە ئۆز ئويىڭىزنىمۇ چىرايلىقچە ئېيتىپ سىزنىڭ قايسىنى بەكرەك ياقتۇرىدىغانلىقىڭىزنى، ئۇنىڭ ئەۋزەل تەرەپلىرىنى ئېيتىپ باقسىڭىزلا بولمىدىمۇ؟ ئاتا ـ ئانىڭىز بەلكىم گەپ يېمەيدىغان تەرسا، جاھىل مىجەز ئادەملەر ئەمەستۇ؟ ئەگەردە تەرسالىشىپ، جاھىللىشىپ قالغان بولسىمۇ، بۇنى قېرىلىق دەپ بىلىڭ. ئادەم قېرىغاندا مىجەزى كىچىك بالىنىڭكىدەك نازۇك، تەرسا بولۇپ قالىمىش. ئەمما، چىرايلىقچە پىكىرلەشسىڭىز ئورتاق تىما جەزمەن تاپالايسىز.

مەيلى مۇھىم بولسۇن ياكى ئادەتتىكى ئىشلار بولسۇن ئاتا-ئانىڭىزنىڭ مەسلىھەتنى ئېلىپ تۇرسىڭىز، بەلكىم تۆۋەندىكىدەك ئۈنۈملەرگە ئېرىشەلىشىڭىز مۇمكىن.

1. ئەڭ مۇھىمى ئاتا ـ ئانا بىلەن پەرزەنتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ھاڭ يوغىناپ كەتمەيدۇ، ئائىلە ئىللىقلىقى ۋە ئىناقلىقىنى، جەمەتلەر ئۆيۈشۈش كۈچىنى چىڭىتالايسىز. كىشىلەر بىر ـ

بىرىگە ئىشەنمەس ۋە چېچىلاڭغۇ بولۇپ كېتىشۋاتقاندا ئىللىق، ئىناق، كۆيۈنۈشكە تولغان ئائىلە قەلبلەرنىڭ غەمكىن بىناۋالىقىنى داۋالايدىغان ئەڭ ئۈنۈملۈك شىپاخانىغا ئايلىنىدۇ.

2. بەلكىم ئاتا - ئانىڭىزدىن سىز ئويلاپ باقمىغان ئاقىلانە تەدبىر - چارىلەر تېپىلىپ قېلىشى مۇمكىن. چوڭلار ھامان ئىسسىق - سوغۇقنى جىق كۆرگەن. ھايات تەجرىبىسى چوڭلارنى تېخىمۇ پىشقان، سالماق، ئەتراپلىق قىلىۋېتىدۇ. چوڭلار ھېكمەت، پاراسەت خەزىنىسى. ئۇلار سىزنىڭ مۇشكۈلاتىڭىزنى ھەل قىلىدىغان پايدىلىق كۆرسەتمىلەرنى بېرەلەيدۇ. سىزگە نېمىنى قىلىش، نېمىنى قىلماسلىق كېرەكلىكىنى ئىنساپ نۇقتىسىدا تۇرۇپ دەپ بېرەلەيدۇ. يەنى، ئۇلارنىڭ ھۆكۈمى پايدا - زىياننى ئەمەس، ئىنسانلىقتىكى ئەڭ مۇھىم نەرسە ئىنساپنى ئاساس قىلىدۇ. بۇ ئىنتايىن قىممەتلىك ئاساس، ئەلۋەتتە.

3. ئاتا - ئانىڭىزنىڭ روھى كۆتۈرۈلۈپ، جۇشقۇنلىشىپ قالىدۇ. ئۆزىنىڭ تېخى كارغا كېلىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ ھاياتقا بولغان مۇھەببەت، ئۈمىدى تېخىمۇ ئاشىدۇ. بالىلىرى تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلگەن ئاتا - ئانىلار چۈشكۈن، يىغلاڭغۇ، جىمغۇر، كىشىلەرگە ئارىلاشماس، تولا قاقشايدىغان بولۇپ قالىدۇ. ئاتا - ئانىڭىزنى قېرىلىق، غېرىبلىق چۆلىگە تاشلىۋەتمەڭ. ئۇلارنى تۇرمۇشنىڭ قاينام - تاشقىنلىق ھالىتىگە باشلاپ كىرىپ، قېرىلىقنىڭ غەم - غۇسسىلىرىنى، غېرىبلىقنىڭ مۇدھىش سوغۇقلىرىنى ئۇنتۇلدۇراي دېسىڭىز، ئىشلاردا ئاتا - ئانىڭىز بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ھاياتنىڭ مەنىسىنى ئۇلارغا ھېس قىلدۇرۇپ تۇرۇڭ.

4. ئۇلار سىزگە ئىنسانىي ئەخلاق، كىشىلىك مۇناسىۋەت

www.uyghurkitap.com

ئەركانلىرىنى ئۆگىتىدۇ. ئۇلارنىڭ دانا پىكىرلىرى بىلەن يا-
شاش، ئىجتىمائىي ئالاقە، پەرزەنت تەربىيىلەش توغرىلىق ھېك-
مەتلىك تەربىيىلەرگە ئېرىشەلەيسىز.

5. ئاتا - ئانىڭىز بىلەن بولغان قىزغىن ئالاقە ئارقىلىق
بالىلىرىڭىزغىمۇ ئاتا - ئانىنى قانداق ھۆرمەتلەش كېرەكلىكىنى
ھېس قىلدۇرالايسىز. بۇ قالتىس ئۈنۈم بېرىدىغان ئەمەلىي ئۇل-
گە، ئەلۋەتتە.

# 43. بالىلىرىڭىزنى ئېلىپ ئاتا ـ ئانىڭىزنى يوقلاپ تۇرۇڭ

بالىلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلارنى يوقلاپ تۇرۇشى ئەقەللىي ئەدەپ ـ ئەخلاق جۈملىسىدىندۇر. ئاتا ـ ئانا بولغۇچى بىر ئۆمۈر تىرى ـ شىپ ـ تىرمىشىپ پەرزەنتلىرىنى قاتارغا قوشقاندىن كېيىن روزىغارىدا يەككە ـ يېگانە، يالغۇز قالىدۇ. كۈچ، ھېس تېشىپ تۇرغان ياشلىقتىكى يالغۇزلۇق باشقا گەپ، ياشلىقتا ئەر ـ خوتۇن يالغۇزچىلىقنى بەكرەك خالايدۇ. ئەمما قېرىلىق قىراۋلىرى باشقا قونغاندا ئەر ـ خوتۇنلار يالغۇزچىلىقتىن قورقىدىغان بولۇپ قالى ـ دۇ. چۈنكى، قېرىلىقتا ئەمدى كۈچ يوق، ئەمدى ئوت. ياشانغان ـ لار يالغۇزچىلىقتا ئۇزاق قالسا، كونا ئۆتمۈشنى تولا ئويلاۋېرىپ يىغلاڭغۇ، مىسكىن، نازۇك، گەپ قىلماس، كىشىلەرگە ئارىلا ـ شماس بولۇپ قالىدۇ. بولۇپمۇ، ياشانغاندا ئۆزى ئەجىر قىلىپ باققان بالىلىرىنىڭ تاشلىۋېتىشى، پات ـ پات يوقلاپ تۇرماسلىقى ئۇلارنى تېخىمۇ نازۇك، زىللاشتۇرۇۋېتىدۇ. سىز ئوبدان قارى ـ سىڭىز ياشانغان ئاتا ـ ئانىڭىزنىڭ نۇر كەتكەن، خىرەلەشكەن كۆزلىرىنىڭ تەكتىدىن: «ئۆزۈم يېمەي يېگۈزگەن، كىيمەي كىيگۈزگەن جاندىن ئەزىز بالىلىرىم قېنى؟ مۇنچە بالا بېقىپ ئەمدى يالغۇز قالدىممۇ؟ ھەي ئالەم، ھەي ئادەم!» دېگەن نىدا ـ لارنىڭ جاراڭلاپ تۇرغان ئەكسىنى ئاڭلىيالايسىز. توغرا، بالا بېقىش كەلگۈسىدە مېنى باقارمىكىن دېگەن ئۈمىدتىلا ئەمەس،

لېكىن پەرزەنت ئۆزىنىڭ كېلەچىكىگە بارلىقىنى ئايىماي ئاتىغان ئاتا ـ ئانىسىنى قېرىغاندا بولسىمۇ، پات ـ پات يوقلاپ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرالمىسا ئىنسانلىقتا نە مەنە، نە ھېس قالسۇن؟ غەربلىكلەرنىڭ «تۇغامسەن» دېسە «ھۆ» دېگىنىگە ھەيران قال- ماڭ. ئاتا ـ بالا ئوتتۇرىسىدىكى ياتلىشىش، كۆيۈنمەسلىك، ئورتاق مېھىر تۇيغۇسىنىڭ كۆتۈرۈلۈپ كېتىشى ۋە ئۆزىنىلا ئويلاشتەك شەخسىيەتچىل ئىدىيە ئۇلارنى بالىدىن، نىكاھتىن تاندۇرغان…

بۇرادەر، ئاتا ـ ئانىڭىزنى يوقلاپ تۇرۇڭ. ئاللاھ تائالا سۈرە «بەقەرە» نىڭ 233 ـ ئايىتىدە: «ئاتا ـ ئانىلارنى قائىدە بويىچە يېمەك ـ ئىچمەك ۋە كىيىم ـ كېچەك بىلەن تەمىنلەپ تۇرۇش كېرەك» دەيدۇ. ئۇلار بولمىغان بولسا سىزمۇ بەلكىم بولمىغان بولار ئىدىڭىز. ئۇلار تارتقان مۇلچەرلىگۈسىز بەدەللەر ھېسابىغا سىز بۈگۈنكىدەك شاد، بەختلىك، باي، تەندۇرۇس. ئەجەبا سىزنىڭ كۆلكىڭىزدە، سىزنىڭ گۈسۈلدەپ مېڭىشلىرىڭىزدا، سىز يەۋاتقان تائاملاردا ئاتا ـ ئانىڭىزنىڭ قان ـ تەرى، ئەجرى يوق دەپ ئېيتالامسىز؟ ئۇلارنى قېرىغاندا غېرىبسىندۇرماڭ، كۆڭلىگە ئازار بەرمەڭ، ئۇلارنى يالغۇزلۇقنىڭ مۇدھىش قاراڭغۇ زىندانغا تاشلىۋەتمەڭ… ئەمەلىيەتتە، ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىدىن بىرەر نەرسە تاما قىلمايدۇ. ئۇلارنىڭ نەپسانىيەتچىلىك بىلەن تەم قىلىدىغىنى بالىلىرىنىڭ يوقلاپ تۇرۇشى، نەۋرىلىرىنى كۆرسە- تىپ تۇرۇشى، بىرەر يېرىم دەم پاراڭلىشىپ، بالىلىرىنىڭ تۇرمۇشىدىن خەۋەردار بولۇشتىن ئىبارەت. ئەجەبا مۇشۇنچىلىك ئاددىي نەرسىنى بېرىشكىمۇ چىدىمامسىز؟ ئاتا ـ ئانىڭىزنى يوق- لاشتىن مۇھىم ئىشلارمۇ بولۇشى مۇمكىن. ئەمما ۋاقىت ئېتىبا-

رى نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئاتا ـ ئانىڭىز ئۆتكۈنچىدۇر.
ئۇ ئىنتايىن تېزلا ئارىڭىزدىن غايىب بولۇشى مۇمكىن. ۋاقىت
چىقىرىڭ، سىزنىڭ ئاتا ـ ئانىڭىزنى يوقلىغۇدەكمۇ ۋاقىت چىقى-
رالماسلىقىڭىزغا مانا مەن ئىشەنمەيمەن. ئۇلتۇرۇش، زىياپەت،
هاراق ـ شارابقا سىزدە ۋاقىت چىقىۇ، مېهرىگە، ۋاپاغا، سەمى-
مىي مېهىر ـ مۇهەببەتكە ۋاقىت يوقمۇ؟ ۋاقىت بار، روھ يوق!
بىر كۈنلەردە ئاھ دەيسىز ۋە كۆرگۈلىكىڭىزنى بالىلىرىڭىزدىن
ئاشۇرۇپ كۆرىسىز. سىز ئاتا ـ ئانىڭىزغا مەيلى ياخشىلىق ياكى
يامانلىق بولسۇن بىرنى قىلغان بولسىڭىز، بالىلىرىڭىزدىن ئۇننى
ياكى هەسسىلەپ ئارتۇق كۆرىسىز. ئۆتنە جاهان دېگەن ئەنە شۇ!
ئاتا ـ ئانىڭىزنى يوقلىغاندا، بالىلىرىڭىزنى بىرگە ئېلىۋې-
لىشنى ئۇنتۇماڭ. نەۋرە پايدا، بانكىدا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ
ئۆسۈمىگە ئوخشايمىش. ئامانەت پۇلنىڭ ئۆزى ئەمەس ئۆسۈمى
ئۆز كۆرۈنگەنگە ئوخشاشلا نەۋرە بالىسىنىڭ ئۆزىدىنمۇ بەكرەك
مېهرىلىك كېلەرمىش. بۇنى نەۋرىلىك بولۇپ باققان ئاتا ـ ئانى-
لار ئوبدان بىلىدۇ. شۇڭا، بالىلىرىڭىزنى ئېلىپ ئاتا ـ ئانىڭىز-
نى يوقلاشقا ئەهمىيەت بېرىڭ. بالىلىرىڭىز بوۋا ـ موماىلىرىڭىز-
نىڭ كىملىكىنى، قانداق ئادەملىكىنى بىلىپ ياشىسۇن. ئۇلارغا
ئاتا ـ ئانىڭىزنىڭ تارتقان جاپالىرىنى، ئۆتكۈزگەن كۈنلىرىنى
هېكايە قىلىپ بېرىڭ ۋە ئاتا ـ ئانىلارنى قانداق هۆرمەتلەش
كېرەكلىكىنى ئۆز ئەمەلىيىتىڭىز بىلەن كۆرسىتىڭ. هەرگىزمۇ
ئاتا ـ ئانىڭىزنىڭ يامان گېپىنى بالىلىرىڭىزغا قىلىپ بەرمەڭ.
بولمىسا بىر كۈنلەردە بالىلىرىڭىز سىزنى ئۆيدىن هەيدەپ چىقى-
رىشتىن، تىللاپ، ئۇرۇشتىن يانمايدۇ.
بوۋا ـ موماىلىرىنى كۆرۈپ، ئۇلاردىن گەپ ئاڭلاپ، بىر

جەمەت ئەزالىرى بىلەن ئىنچىل كۆرۈشۈپ چوڭ بولغان باللاردا بىرلىشىش، مېھىر ـ ۋاپا، ھۆرمەت، ئىززەت خاھىشى ئىنتايىن كۈچلۈك بولىدۇ. باللىرىڭىزنى ئەخلاقلىق بول، باشقىلار بىلەن ئەپ ئۆت... دەپ قۇرۇق گەپ بىلەن ۋارقىراپ يۈرۈپ تەربىيىلىمەي، ئۆيىڭىزنى، ئۆزىڭىزنى ئەڭ ئۇنۇملۇك پەزىلەت باغچىسىغا ئايلاندۇرۇڭ. تەربىيە دېيىلمەي ھېس قىلىنغىنى ياخشى. تەربىيە ئېغىز بىلەن ئەمەس ئەمەل بولغىنى مىڭ ئەۋزەل.

## 44. بالىلىرىڭىز ئەركە ئۆگىنىپ قالمىسۇن

پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنىڭ يولغا قويۇلۇشى بىلەن بىزدە بىر ـ ئىككى بالىلىق ئائىلىلەر ئىنتايىن كۆپ نىسبەتنى ئىگە‐لەشكە باشلىدى. بالا كۆپ دېگەن ئائىلىلەردىمۇ ئۈچ بالا. دېمەك‐كى، بۇرۇنقى ئائىلە مۇھىتىمىزغا قارىغاندا، هازىر ئىقتىسادىي شارائىت بىر قەدەر ياخشى، ئوزۇقلۇق، كىيىم ـ كېچەك بىر قەدەر تەل، ئەمگەك، خىزمەت سىجىللىقى نورمال، بالا سانى ئاز بولغان ئائىلە قۇرۇلمىسى شەكىللىنىشكە باشلىدى. بۇنداق بالا سانى ئاز بولۇش نەتىجىسىدە ئاتا ـ ئانىلارنىڭ كۆيۈنۈش، بالىلىرىنىڭ رايىغا بېرىش، بالىلىرى نېمە دېسە شۇنى تەل قىلىپ بېرىش نىسبىتىمۇ ماس هالدا ئېشىپ باردى. بۇ خىل بالا ئاز، تەمىنلەش ئېھتىياجىدىن ئارتۇق شارائىت ئاستىدا چوڭ بولغان بالىلار ئوڭايلا ئەركە، دېگىنىنى قىلغۇزمىغىچە بولدى قىلمايدى‐غان مۇشتۇمزورلارغا ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن. شۇڭا، ئائىلە‐لەردە بالىلارغا مۇۋاپىق تەربىيە ئۇسۇلى قوللىنىش كېرەك.

1. بالىغا بولغان كۆيۈنۈش، ئامراقلىق لايىقىدا بولسۇن. ئۇنى ھەددىدىن زىيادە ئەركىلەتمەڭ. نېمە دېسە شۇنىڭ ھەممىسى‐نى ھەل قىلىپ بەرمەڭ. ئۇلارغا تۇرمۇشتا چېقىلىش ئەسلا مۇمكىن بولمايدىغان مەلۇم چەكلىمىلەرنىڭ بارلىقىنى ئاستا ـ ئاستا ھېس قىلدۇرۇڭ. ئۇ داستىخانغا دەسسەپ يۈرسىمۇ، يې‐مەكلىكلەرنى بۇزۇپ چاچسىمۇ، ئويۇنچۇقلىرىنى قالايمىقان تاش‐

لىشۋەتسىمۇ، كىيىم ـ كېچەكلىرىنى قالايمىقان مەينەت قىلسىمۇ كۆلۈپ قويۇپ كارىڭىز بولمىسا، ئۇ بۇنداق قىلىشنى ياخشى ئىش ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قېلىشى ۋە تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كېتىشى مۇمكىن. بالىلىرىڭىز كىچىك ۋاقتىدا ئۇنىڭ بەدقىلىق ئادەتلىرىنى ۋارقىراپ تەنبىھلىمەستىن، گەپ قىلماي چەكلەش، چىرايلىق چۈشەندۈرۈشكە ئادەتلىنىڭ. ۋارقىراش ئۇنىڭ مىجەزى-نى تېخىمۇ ئوسال قىلىۋېتىدۇ.

2. بالىغا قالايمىقان پۇل بېرىپ ئۆگىتىپ قويماڭ. ئۇنىڭغا ھەپتە، ئايدا بىرەر قېتىم ئاز ـ تولا پۇل بەرسىڭىز ھېچقىسى يوق، ئەمما ھەر كۈنلۈكى ئۇنىڭ قولىغا تۇتاملاپ پۇل تۇتقۇزىدى-غان ئىشنى ھەرگىز قىلماڭ. مەن بەزى ئائىلىلەردىكى بالىلار-نىڭ ھەر كۈنى ئەتىگىنى بىرەر ئىككى يۈەن پۇلنى قولىغا ئالماي تۇرۇپ مەكتەپكە ماڭغىلى ئۇنىمايدىغانلىقىنى بىلىمەن. ئاتا ـ ئانىلار كىچىك ۋاقتىدىلا بالىلىرىنى يامان ئۆگىتىپ قويغان ـ دە، بالا چوڭ بولۇۋېلىپلا ئاتا ـ ئانىسى بىلەن ئەقەللىي ئىشلاردى-مۇ سودىلىششقا جۈرئەت قىلالىغۇدەك بولغان. بالىغا قالايمىقان پۇل بېرىش بالىنىڭ مىجەزىنى ئەڭ تېز كاردىن چىقىرىدۇ، كىچىك بالىنىڭ قولىغا پۇل كىرگەن ھامان ماگىزىنلارغا يۈگۈر-گۈسى كېلىدۇ ھەمدە شاكىلات، پېچىنە، كەمپۈت دېگەندەك پارچە ـ پۇرات يېمەكلىكلەرگە كۆنۈۋالىدۇ. بۇ خىل يېمەكلىك-لەردە مول قەنت تەركىبى ۋە يېمەكلىككە تەم كىرگۈزگۈچ پۇراق-لىق ماتېرىياللار بولۇپ، ئىشتىھانى تۇتۇش، مېڭە توقۇلمىلىرى-نىڭ ھەرىكەت ئىقتىدارىنى چەكلەش رولى بار. ئىشەنمىسىڭىز ئەتراپىڭىزدىكى بالىلارغا قاراپ بېقىڭ. شاكىلات، پېچىنە دېگەن-دەك پارچە ـ پۇرات خالتىلىق يېمەكلىكلەرگە ئۆگىنىۋالغان

بالىلارنىڭ قايسىبىرى تاماقنى ئىلغىماي ياخشى يەيدىكەن؟ ئاتا ـ ئانىلار دەسلەپتىلا سەل قاراپ بالىلىرىنى يامان ئۆگىتىپ قويىدۇ، ئاندىن ئۇلارنى گەپكە كىرگۈزەلمەي زارلايدۇ، قاقشايدۇ، يالۋۇرىدۇ. قورقىتىدۇ… ئەمما، ئۈنۈمى بولمايدۇ…

3. بالىلىرىڭىزنىڭ ھەممە ئىشىنى سىز قىلىپ بەرمەڭ. ئۇنىڭ قول سېلىپ ئىشلىشىگە ئىمكانىيەت بېرىڭ. بەزى ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىغا كۆيۈنگەنلىكتىن بالىلارنىڭ تاماق يېيىش، كىيىم كىيىش… قاتارلىق ئىشلىرىغىچىلىك ئۆزى قىلىپ بېرىدۇ- دە، بالىلاردا قول سېلىپ ئىشلەش، مۇستەقىللىق خاھىشى ئاجىز، يۆلىنىش، تايىنىش پسىخىكىسى ئېغىر يېتىلىپ قالىدۇ. بۇ خىل ھال داۋاملىشىۋەرسە، ھەتتا بالىلار مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىنمۇ ئەتىگىنى تۇرغىلى ئۇنىمايدىغان، كىيىمنى كىيگۈزۈپ قويمىغۇچە ئېرىنچەكلىك قىلىپ كىيمەيدىغان، كىيىم ـ كېچەكلىرىنىمۇ تۈزەشتۈرۈپ يۇرەلمەيدىغان، چېچىنىمۇ تاراشنى بىلمەيدىغان، ھەتتا تاپشۇرۇقلىرىنىمۇ ئاتا ـ ئانىسىغا ئىشلەتكۈزىدىغان بەڭۋاش زوراۋانلىقنى يېتىلدۈرۈۋالىدۇ. ئۇلارغا ئۆزى قىلالايدىغان ئىشلارنى كۆپلەپ قىلدۇرۇڭ، ئۆزىڭىزنىڭ ئىشلىرىغا ياردەملەشتۈرۈڭ. ئۇلار جاپادا، قىيىنچىلىقتا چوڭ بولسا تېخىمۇ بەردەم، چىدامچان چوڭ بولىدۇ. بىرەر قېتىم ئاچ قويۇپ بېقىڭ، نان قاتتىق بولسىمۇ ۋايسىماي يەيدىغان بولىدۇ. بىرەر قېتىم يېلىڭراق كىيندۇرۇپ قويۇڭ، كىيىم ـ كېچەكنىڭ قەدرىگە يېتىدىغان بولىدۇ. كىلومېتىرلاپ پىيادە بىللە مېڭىڭ. زۆرۈر لازىم بولمىسا پۇل بەرمەڭ. ئۇ سىزنىڭ پۇل بېرىشىڭىزنى ھېيتلىق ئورنىدا كۆرىدىغان بولسۇن. بولمىسا ئۇ دۇنيانى سۈنسىڭىزمۇ يەنە بارمۇ دەيدىغان تويماس نەپسى بالا، ئىسراپخور،

ئەركە ناىناق بولۇپ يېتىشىپ چىقىدۇ.

قىسقىسى، بالىكىزنى قىيىنچىلىق ئىچىدە چېنىقتۇرۇڭ. نۇئىمان ئىبنى بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «مەن پەيغەمبىرىمىزنىڭ قورسىقى تويغۇدەك ناچار خورمىسىنىمۇ تاپالماي يۈرگەنلىكىنى كۆرگەن ئىدىم» دەپ رىۋايەت قىلىدۇ. سىز، بىزنىڭ بالىلىرىمىزنىڭ ئالدىدا نېمە كەم، نېمە يوق؟ ئەمما ئۇلارنىڭ ھالى ـ ئەھۋالى قانداق؟ ئويلىنىڭ بۇرادەر، ئىنسان ھەلەپ يەپلا كۈن ئۆتكۈزۈشنى ئىزدەيدىغان كالا ئەمەس. بالىلىرىمىز يوقلۇق ئىچىدە بەردەملىكىنى تاپسۇنكى، توقلۇق ئىچىدە زەيپانلىشىپ كەتمىسۇن.

# 45. ئەنئەنىۋى ھېيت ـ بايراملارنى داغدۇغىلىق تەبرىكلەڭ

ئەنئەنىۋى ھېيت ـ بايراملار بىر مىللەتنىڭ ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا شەكىللەندۈرگەن مىللىي، دىنىي، فولكلور ئادەتلىرى بولۇپ، ئۇ شۇ مىللەت كىشىلىرىگە نىسبەتەن مىللىي خاسلىق، مىللىي غۇرۇر، مىللىي مەدەنىيەتنىڭ جانلىق، كوللېكتىپ ئىپادىلىنىشىدۇر. ئەنئەنىۋى ھېيت ـ بايراملارنىڭ كۆپىنچىسى ئاتا ـ بوۋىمىزنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، ئەمگەك ئەھمىيىتى جەريانىدا سىمۋوللۇق مەنىگە ئىگە ۋاقىتلارنى مەنىلىك، ئەھمىيەتكە ئىگە ئۇسۇللار بىلەن تەبرىكلەش، ئەسلەش ۋە يېڭى مەۋسۇمغا بولغان ئۈمىد ـ ئارزۇ، تىلەك تىلەش مەنىسىدە ئېلىپ بارغان ھەرىكەتلىرىدۇر. ھېيت ـ بايرام يەپ ـ ئىچىش، ئويناش، كىيىم كىيىش ۋاقتى ئەمەس، بەلكى كىشىلەر توپلىشىپ، ئورتاق نىشان تۇرغۇزىدىغان، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى يوقلاپ، بىر ـ بىرىنىڭ ھال ـ ئەھۋالىنى بىلىپ، ئاجىز ـ مىسكىنلەرگە سىلى ـ رەھىم قىلىدىغان، مول ـ ھوسۇلغا شۈكرى، ھەمدۇ ـ سانا ئېيتىپ، كېيىنكى يىل ئۈچۈن يېڭى نىشان تۇرغۇزىدىغان ۋاقىت. بۇ مەنىدىن ئەنئەنىۋى ھېيت ـ بايراملارغا بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيىتى؛ ئۆتمۈشنى ئەسلىشىلا ئەمەس، كەلگۈسىگە بولغان ئۈمىد ئارزۇسى؛ غايە ـ ئىنتىلىشلىرىمۇ مۇجەسسەملەنگەن. شۇڭا ئەنئەنىۋى ھېيت ـ بايراملىرىنى داغدۇغىلىق

تەبرىكلەش ئۆزىنى ئۇيغۇر دەۋالغان ھەربىر جان ئىگىسىنىڭ ئەڭ ئەقەللىي مەجبۇرىيىتىنىڭ بىرى.

بۇرادەر، ھېيت - بايراملىرىڭىزنى داغدۇغا بىلەن تەبرىكلەشنى ئۆگىنىۋېلىڭ. بىز ئارىمىزدا باشقا مىللەتنىڭ، مەسىلەن: غەرب ئەللىرى دېگەنلەرنىڭ تۈرلۈك نامدىكى بايراملىرىنىڭ بارغانسېرى باش كۆتۈرۈپ قالغانلىقىنى بايقىماقتىمىز. تۇغۇلغان كۈننى غەربچە تەبرىكلەش، ئاشىق - مەشۇقلار بايرىمى، روژدېستىۋا بايرىمى... دېگەندەك بايرام ئادەتلەرنى بەس - بەستە تەبرىكلەيدىغان، ئىشىك - دېرىزىلىرىگە روژدېستىۋا بوۋاينىڭ پۈپۈكلۈك رەسىمىنى ئېسىپ قويۇپ خۇشاللىقتىن ھجىيىپ كېتىدىغان، پوچاڭزا ئېتىپ، ئايتوقاچ، زوڭزا، جۇۋاۋا يەيدىغان، ئەمما ئەڭ ئەقەللىي نەۋرۇز كەلسە جىمجىت ئۆتكۈزۈۋېتىدىغان كىشىلىرىمىز كۆرمىڭ. دېمەككى، غەيرىي، يات مەدەنىيەت ئېلېمېنتلىرى مەدەنىيىتىمىزگە توختىماستىن سىڭىپ كىرمەكتە، ھۇجۇم قىلماقتا. مۇنداق مەدەنىيەتلەرنىڭ تىركەشمە مەۋجۇتلۇقىدا ئەگەر مەدەنىيەتتە ئۆزىنى قوغدايدىغان قالقان بولمىسا، ئۇ ئوڭايلا يەنە بىر كۈچلۈك مەدەنىيەتكە يەم بولۇپ كېتىشى مۇمكىن. مەدەنىيەتنىڭ ئۆزىدە قالقان يوق. قالقان دەل مەدەنىيەتنىڭ ھەقدارلىرىنىڭ قولىدا. مەلۇم قوۋم كىشىلىرىنىڭ ئۆز مەدەنىيىتىگە بولغان ئاڭلىق سادىقلىقى ۋە زاماننىڭ رەھىمسىز تاسقاشلىرى ئالدىدا ئۇنىڭ ھاياتى كۈچىنى ئاشۇرۇشقا تىرىشىشى، ئاندىن مەدەنىيەتنى يۈكسەلدۈرىدۇ.

يىل، ئايدا بىرەر قېتىم كېلىدىغان ئەنئەنىۋى بايرامغا ئالاھىدە ۋاقىت ئاجرىتىڭ ھەمدە ئەنئەنىۋى كىيىملىرىڭىزنى كىيىپ بايراملىق پائالىيەتلەرگە، ئۇرۇق - تۇغقانلار يىغىلىشىغا قاتنى-

شىڭ. ھېيت ـ بايرام پەقەت يەپ ـ ئىچىدىغانلا ئىش ئەمەس. ئۇ كالىلارنىڭ بايرىمى ئەمەس، ئىنسانىنىڭ بايرىمى. ئىنسانىنىڭ بايرىمىدا ئىنسانغا خاس مەنە، مەزمۇن بولۇشى كېرەك. شۇڭا، بالىلىرىڭىزنى ئەگەشتۈرۈپ دوست ـ بۇرادەر، ئۇرۇق ـ تۇغقان-لار بىلەن يىغىلىشىپ ئەھمىيەتلىك بىرەر پائالىيەت ئۆتكۈزۈڭ. بالىلىرىڭىزنى ئەنئەنىۋى ئۆرپ ـ ئادەت، يىغىلىشلار بىلەن تو-نۇشتۇرۇڭ. ئۇلار ئۇستىخىنى سىزگە، روھى ئاللىكىملەرگە تەۋە شالغۇت تۇغۇندىلاردىن بولۇپ قالمىسۇن، ھېيت ـ بايرام كۈنى ئائىلىلىكىزدىكىلەر بىر يەرگە يىغىلىپ بىر يىللىق مەنە-لىك، نەتىجىلىك ئىشلىرىڭلارنى ئەسلەڭ ھەمدە كەلگۈسى بىر يىللىق ھاياتىڭلار توغرىلىق چوڭ ـ چوڭ ئىشلارنى پىلانلىنىۋېلىڭ...

ھېيت ـ بايرام خۇشاللىق، شادلىق پائالىيىتى. شۇڭا ئە-گەر دوستلىرىڭىز بىلەن ئارازلىشىپ قالغان بولسىڭىز، ھېيت-بايرام مۇناسىۋىتى بىلەن ئېچىلىپ كېتىڭلار. ئىنسان زىددىيەت بىلەن ياشاپ بولالمايدۇ. يامغۇرمۇ توختايدۇ، بۇلۇتمۇ تارقايدۇ. ئەڭ ياخشىسى يېقىن ـ يورۇقلار ئارىسىدىكى نىزالارنى چىرايلىق-چە سۈپۈرۈپ تاشلاڭلار. ئىككى ئادەم ئارىسىدا ئۇزۇنغىچە زىددى-يەتنىڭ ساقلىنىپ تۇرۇشى ياخشى ئىش ئەمەس. ئەگەر تونۇش ـ بىلىشلىرىڭىزنىڭ ئارىسىدا زىددىيەت بولسا ھەر ئىككى تەرەپنى مۇشۇنداق بايرام، ھېيتتىن پايدىلىنىپ، بىر يەرگە چاقىرىپ چاي قۇيۇپ ئۇلارنى ئەپلەشتۈرۈپ قويۇڭ...

ئۇرۇق ـ تۇغقانلار بىلەن بىر يەرگە جەم بولۇڭ، بالىلىرىڭ-لار كۆرۈشسۇن، تونۇشسۇن قوشنىلىرىڭىز بىلەن ھېيتلىشىڭ.

ئۆزىڭىز بىلمىدىغان، تونۇيدىغان قوشنىلىرىڭىزدىن كەمبە-

www.uyghurkitap.com

غەل، نامراتلار بولسا سەممىيلىك بىلەن ياردەم قىلىڭ، يۆلەڭ، ھەممەيلەن ھېيت ـ بايرامدىن تەڭ بەھرىمەن بولسۇن. ھېيت ـ بايرام بىرى كۈلۈپ يەنە بىرى بويۇن قىسىپ تۇرىدىغان چاغ ئەمەس. ھەممەيلەننىڭ چېھرىدە شادلىق ئۇچقۇنلىرى چاقنىسۇن. چېغىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ: «مېنى ئاجىز كىشىلەرنىڭ ئارىسىدىن ئىزدەڭلار» دېگەن. ھېيت ـ بايرامدىلا ئەمەس، ھەر-قانداق چاغ، ھەر قانداق يەردە ئاجىز ـ مىسكىنلەرگە سىلى رەھىم قىلىشنى ھەرگىز ئۇنۇتماڭ. ئۆرپ ـ ئادەت يوقىمىسۇن. ئۇنىڭ داغدۇغا، زىلزىلىسى مىللىي ئىپتىخارلىق تۇيغۇڭىزنى يىلدا بىر قېتىم بولسىمۇ چالغىتسۇن.

## 46. سىز قەيەرگە بارماقچى؟①

ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتى بىر قېتىم ئوقۇش پۈتكۈزۈش ئالدىدا تۇرغان بىر تۈركۈم ئوقۇغۇچىغا قارىتا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. نەتىجىدە 27% ئوقۇغۇچىنىڭ ھېچقانداق ياشاش نىشانى يوق، 60% ئوقۇغۇچىنىڭ نىشانى غۇۋا، 10% ئوقۇغۇچىنىڭ ئېنىق، ئەمما قىسقا مۇددەتلىك نىشانى بار، 3% ئوقۇغۇچىنىڭ ئېنىق ۋە مەڭگۈلۈك نىشانى بار چىققان. دېمەككى، 87% ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى نىشانسىز، غايىسىز، مەقسەتسىز ئۆگىنىۋاتىدۇ، كۈن ئۆتكۈزۈۋاتىدۇ، دېگەن گەپ. ئەگەر بۇ تەكشۈرۈش ئوقۇش پۈتتۈرۈپ بولغان، ئائىلىسى، خىزمىتى بار كىشىلەر ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلسا، بۇ نىسبەتنىڭ تېخىمۇ يۇقىرى چىقىدىغانلىقىغا گەپ كەتمەيدۇ. دېمەككى، 90% كە يېقىن ئادەم مەقسەتسىزلا لاغايلاپ، ئۇچرىغان ياكى باشقىلار بۇيرۇغان ئىشلارنى ئالۋاڭ ھېسابىدا قىلىپ كۈن ئۆتكۈزۈۋاتىدۇ، دېگەن گەپ. ئەگەر بۇ تەكشۈرۈش بىزنىڭ جەمئىيىتىمىزدە، بىزنىڭ كىشىلىرىمىز ئارىسىدا ئېلىپ بېرىلىپ، سەمىمىي - راستچىل جاۋابقا ئېرىشكىلى بولىدىغان بولسا (مەن ئاشۇ مەقسەت - نىشانسىز ئادەملەرنىڭ سەمىمىيلىك بىلەن جاۋاب بېرىشىدىن ھەقىقەتەن گۇمانلىنىمەن. چۈنكى غايە - ئېتىقادسىز ئادەملەر ئەڭ كاززاپ

① بۇ تېما ئاپتورنىڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2006 - يىللىق 2 - سانىدا ئېلان قىلىنغان «بىز قەيەرگە بارماقچى» ناملىق مۇلاھىزىسىدىن قىسقارتىپ ئېلىندى.

www.uyghurkitap.com

كېلىدۇ) ، بۇ نىسبەت بىزدە قانچىلىك چىقىشى مۇمكىن؟ كۆز بويامچىلىق بىلەن ئەپلەپ ـ سەپلەپ شەكىللۋاز جان باقتىلار جەمئىيىتىمىزنىڭ ئېكولوگىيىسىنى غىق ـ غىق قۇستۇرۇپ تۇرۇۋاتامدۇ؟

ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتى يۇقىرىقى تەكشۈرۈش ئوبيېكتلىرىغا قارىتا 25 يىلدىن كېيىن يەنە بىر قېتىم ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ ھەيران قالارلىق مۇنداق پاكىتنى بايقىغان:

ئېنىق، مەڭگۈلۈك نىشانغا ئىگە 3% ئادەم ئۆز نىشانى ئۈچۈن ئۈزلۈكسىز تىرىشقان ۋە ھەممىسىلا جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى قاتلىمىدىكى غالىب كۈچلەرگە، كەسپىي رەھبەرلەرگە، ئىجتىمائىي نوپۇز ئىگىلىرىگە ئايلانغان؛

ئېنىق، قىسقا مۇددەتلىك نىشانغا ئىگە 10% ئادەم داۋاملىق تىرىشىش ئارقىلىق ھەر قايسى ساھەلەردىكى كەسپىي ئەربابلارغا، جەمئىيەتنىڭ ئوتتۇرا قاتلام كىشىلىرىگە ئايلانغان؛

نىشانى غۇۋا 60% ئادەم مۇقىم خىزمەت ۋە تۇرمۇشقا ئېرىشكەن، ئەمما ھېچقانداق ئالاھىدە نەتىجە قازىنالمىغان؛

ھېچقانداق تۇرمۇش نىشانى يوق 27% ئادەم ناھايىتى مەنىسىز تۇرمۇش كەچۈرگەن، ھەدېسىلا باشقىلاردىن، جەمئىيەتتىن ئۆزگە پۈرسەت، شارائىت يارىتىپ بەرمىگەن دۇنيادىن ئاغرىنىپ، قاقشاپ، زارلاپلا ئۆتكەن.

ئويلاپ باقايلى: سىز، بىز قانداقراق ئۆتىۋاتىمىز؟ قانداقراق ياشاۋاتىمىز؟ بۇ پەرقلەردىن شۇنى ناھايىتى ئېنىق كۆرۈۋالالايمىزكى، غايە — نىشان بىر ئادەمنىڭ ھاياتى ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان قۇياش، يۇلتۇز بىلەن باراۋەردۇر. قۇياشسىز كۈن-

لەر، يۇلتۇزسىز تۈنلەردە تىمسىقلاپ، ئۇيان ـ بۇيان ئۇسۇپ ـ دوقۇرۇپ، ئىنجىقلاپ، زارلاپ ئۆتمەي باشقا ئامال يوق. غالىبلار دەل نىشان ـ مەقسىتى ئېنىق ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن باشتىن ـ ئاخىر تەۋرەنمەي كۈرەش قىلالايدىغانلاردىن چىقىدۇ. مەقسەت ـ نىشانى نائېنىق ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن بەدەل تۆلەشكە جېنى ئاغرىيدىغان بىلى بوش لاتاغىلاپلاردىن مەدىكار، تىلەمچى چىقسا چىقىدۇكى، غالىب خوجىلار ھەرگىز چىقمايدۇ. ئەمما ئۇنتۇماڭ، غايە ـ ئېتىقاد باشقىلار ھەدىيە قىلىدىغان سەدىقە ئەمەس، ئۆز قىزىقىشىڭىز، ئىقتىدارىڭىز، دۇنيا قارىشىڭىزغا ئاساسەن ئۆزىڭىز تىكلەپ تۇر ـ غۇزىدىغان، ساقلايدىغان، قوغداپ كۈرەش قىلىدىغان مۇقەددەس مەسئەل. بۇ مەسئەلگە ئوت ياقالىغان ۋە ئۆچۈرۈۋەتمەي ساقلىيا ـ لىغانلارلا ئۇنىڭ ھاياتبەخش يارقىن يورۇقىدا دىلىنى يۇيۇپ، يولىنى يورۇتالايدۇ.

بىر نىشانىنىڭ تۇرغۇزۇلۇشى بىر ھاياتنىڭ ئىمانغا كىرىشىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. سەن نىشان ئۈستىدە ئىزدىنىش جەريانىدا جەزمەن جاۋاب بېرىشكە تېگىشلىك نۇرغۇن سوئالغا دۇچ كېلى ـ سەن. سەن كىم؟ قانداق ئادەم بولماقچى؟ نېمە ئىش قىلماقچى؟ نېمە ئىش قولۇڭدىن كېلىدۇ؟ دەۋر ۋە مۇھىت ساڭا قانچىلىك ئىمكان بېرىدۇ؟ ئائىلەڭ، سەن ياشاۋاتقان كونكرېت مۇھىتچۇ؟ ئۆز نىشانىڭ ئۈچۈن تۈزگەن كونكرېت پىلانىڭ قانداق؟ بۇنىڭ ئۈچۈن يىلدا، ئايدا، ھەپتىدە، ھەربىر كۈندە قانچىلىك ئىش قىلىشىڭ كېرەك؟ بۇ سوئاللار سېنىڭ روھىڭنى سەگىتىدۇ ۋە ئۆز نىشانىڭ ئۈچۈن نېمە قىلىش، نېمە قىلماسلىق كېرەكلىكى، نېمىنى ئالدى بىلەن، جەزمەن بېجىرىش كېرەكلىكىنى، نېمىنى قىلماسلىق، تاشلىۋېتىش كېرەكلىكى توغرىلىق ئۆلچەم، نىشان

www.uyghurkitap.com

بېرىدۇ. سەن ئىشلىرىڭنى شۇ بويىچە تەرتىپكە سېلىپ مېڭىشقا باشلايسەن. ئەمەلىيەتتىمۇ، دانىشمەنلىك، ئاقىلانىلىك نېمىنى قىلىش ئەمەس، دەل نېمىنى بالدۇر، نېمىنى كېيىن قىلىشنى بىلىشتىن ئىبارەت. مۇھىم ۋە ئەھمىيەتسىز ئىشلارنىڭ ئېنىق ئايرىلىشى سېنىڭ زېھنىڭ، ۋاقتىڭ، مىلىڭ، كۈچۈڭنىڭ ئەھ-مىيەتسىز ئىشلارغا سەرپ قىلىنىشىنى زور دەرىجىدە ئازايتىدۇ. پۈتكۈل زېھنىڭنى ئۆز نىشانىڭغا مەركەزلەشتۈرەلەيسەندە، بىراۋ ھەيدىمىسىمۇ ئۆز ئىشىڭ ئۈچۈن ئاكتىپ ئىنتىلىش ھالىتىدە تۇرىسەن. ئەگەر جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ھەممىسىدىلا مۇشۇ خىل نىشان ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۇن - تىنىسىز، جان تىكىپ كۈرەش قىلىش روھى شەكىللىنىدىكەن، بۇنداق جەمئىيەتنىڭ ھاۋاسىدىن جۇشقۇنلۇق، بەرىكەت، شادلىق، ئىناقلىق سادالىرى ئۇززۇلمەي ياڭراپ تۇرىدۇ. نۇرغۇنلىرىمىزدا تالانت، ئىقتىدار بار. ئەمما، توغرا نىشان ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن ئايانماي جان بېرەلەيدىغان، ۋاقتى كەلگەندە ۋاز كېچەلەيدىغان جۈرئەت، چىدامچانلىق يوق. شۇ سەۋەبلىك بەزى كەم تېپىلىدىغان تالانت ئىگىلىرى مەڭگۈ مۇنەۋ-ۋەر ياللانما خادىم، مەدىكار بولىدۇكى، خوجايىن، دىرېكتور بولالمايدۇ. بەزىلەر ئۆز خوجايىنىنىڭ دۈت - كالۋالىقىدىن توخ-تىماي قاقشاپ، زارلايدىيۇ، يەنە شۇنىڭغا بىر ئۆمۈر قۇل بولۇپ خارلىقتا ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئۆز نىشانى ئۈچۈن نېمە قىلىش، نېمە قىلماسلىقنى ئايدىڭلاشتۇرالماسلىق ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن كەسكىن يول تۇتالماسلىق، زامانىمىز تالانتلىقلىرىدىكى ئېغىر مەنىۋى تراگېدىيە.

تۆمۈر خەلپە، خوجىنىياز ھاجى، راخمان گۇگۇتلار ( «ئالتە كۈنلۈك پادىشاھ» ) قولىغا قورال ئېلىپ زۇلمەتلىك كونا

جەمئىيەت بىلەن كۈرەش قىلدىيۇ، ئەمما مەقسەت، نىشـ
ـان، غايە ـ ئېتىقادىدىكى ئېنىقسىزلىق ۋە بۇ يولدىكى كەسكىنـ
ـلىكنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقى سەۋەبىدىن، بىر ـ بىرىدىن ئاچـ
چىق تراگېدىيىلەرنى بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى تەكرارلاپ چىقىشـ
ـتى. ئابدۇقادىر داموللام، مەمتىلى ئەپەندى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇـ
رىيلار ئۆز غايە، مەقسىتى — زامانىۋى دۇنياغا يۈزلىنىش ئۈچۈن
جاھالەتكە ئوت ئېچىش — خەلقنىڭ دىلىنى ئاقارتىپ، ئىلىم ـ
پەنگە يۈرۈش قىلىش يولىدا ئېنىق، كەسكىن يول تۇتتى. گەرچە
ئىستىبدات ھاكىمىيەت ئۇلارنى بۇيۈك مەقسەتلىرىگە يەتكۈزمىگەن
بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ نىيمىنى قىلىش، نىيمىنى قىلماسلىق، نىيمـ
ـنى ھەممىدىن بالدۇر، چىڭ تۇتۇپ قىلىش ھەققىدىكى ياڭراق
دەۋەت، جانلىق ئىش ـ ئەمەللىرى مىڭلىغان، مىليونلىغان قەلبـ
ـكە ئۆچمەس ئوت سالدى، ئۇلارنى ھىدايەتكە يېتەكلىدى. دېمەكـ
ـكى، مەنىلىك ھايات ئۈچۈن يېقىلغان بىر نۇرلۇق چىراغ قاراڭـ
ـغۇدا تېنەپ ـ تەمتىرەپ قالغان مىليونلىغان قەلبى كورغا
نۇر ـ زىيا بەخش ئەتتى. بىز ئۇلارنىڭ ھايات تارىخىنى ۋاراقلاپ
باقساق، ئۆز ھاياتىنىڭ مەنىسىزلىكى ھەققىدىكى دەردلىك ئاھـ
ـسىنىشلارنى كەمدىن ـ كەم ئۇچرىتىمىز. مەنىلىك ھايات دېگەن
شۇنداق بولمامدۇ؟

سىز، بىز قانداق قىلارمىز؟ قايسى مەقسەت، قايسى
غايە ـ ئېتىقاد ئۈچۈن جان بېرەرمىز؟ ياكى يەنە شۇ
مەقسەت ـ نىشانسىز لەيلىۋەشتەك لەيلەپ يۈرۈپ كۈننى كەچ
قىلارمىزمۇ؟ ئىدارىدە ھۆكۈمەتنى، ئۆيدە ئۆزىمىزنى، بالا ـ
چاقىلىرىمىزنى، باھانە ـ سەۋەبتە خۇدانى ئالداپ ئۆتۈۋېرەرمىزـ
ـمۇ؟ ئەمما، ھەرگىز ئۇنتۇماڭكى، باھانە ـ سەۋەبتە ھەممىنى

ئالداپ، كۆز بويسىڭىزمۇ، ئۆزىڭىزنىڭ ئاجىز، زەيپانىلىكى-ڭىزنى يوشۇرغاندەك قىلسىڭىزمۇ ھەق ۋەزگە ئالداناس.

ئاڭلىسام، ئىلىم — ئىمان ئىزدەشتە كېچىكىش يوقمىش. نىشان تۇرغۇزۇش ھەقىقىي ھاياتقا قەدەم بېسىشنىڭ تۇنجى قەدى-مى.

تەۋەككۇلگە تولغان ھاياتلىق مەنتىقىسىزنى چۆرۈپ تاشلاپ، قەيەرگە، قانداق بېرىش ھەققىدە دادىل ئىزدىنىپ باقايلى ۋە شۇ يولدا قەتئىي ئاداشماي كۈرەش قىلىپ باقايلى. ئىزدەنگۈچىلەرگە بەخشەندە قىلىۋېتىلگەن بەرىكەت، ھېكمەت، سائادەت نۇرلىرىنى نىمجانلاشقان، لايغەزەللەشكەن، غايىسىز، خۇنۇك گەۋدىمىزدە كۆرۈپ قالساق ئەجەب ئەمەس.

بۇرادەر، ياخشى ئويلىنىڭ، سىز قەيەرگە، قانداق بارماق-چى؟



www.uyghurkitap.com

# 47. كۈندىلىك پىلانىڭىز ۋە ھېساباتىڭىز ئېنىق بولسۇن

سىزدە ئۇزاق مەزگىللىك ئېنىق ھاياتلىق نىشانى تۇرغۇزۇلغاندىن كېيىن، سىزنىڭ ۋاقىتلىق پىلانلىرىڭىز ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. يەنى سىز ئۆمۈرلۈك نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن يىللىق پىلان ۋە ئايلىق، ھەپتىلىك، كۈنلۈك پىلان تۈزۈشىڭىزگە توغرا كېلىدۇ. بۇ پىلانلار سىزنىڭ ئۆمۈرلۈك ھاياتلىق نىشانىڭىز، غايىڭىزگە ماس كېلىشى كېرەك. بەلكىم سىز غايە ــ نىشانىڭىز بىلەن ئۇنچىۋالا ئالاقىسى يوق كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان بولۇشىڭىز مۇمكىن. مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھەر كۈنلۈك پىلانىڭىز بولسۇن. بۇ پىلان ھەم تۇرمۇش ئىشلىرىنى ھەم كەسپىي خىزمەتلەرنى ھەم سىزنىڭ نىشانىڭىز ئۈچۈن كېرەك بولىدىغان زۆرۈر بىلىم، ئۇچۇر، ھۈنەرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

فىزىك بولماقچى ئىكەنسىز، كۈندە مەلۇم بىر تەجرىبە ياكى مەسىلىنى ھەل قىلىشنى ئۆگىنىڭ. مۇزىكانت بولسىڭىز كۈندە مەلۇم بىر ئاھاڭ، كۈينىڭ ئۇدارىنى ياخشى چېلىش، نوتىسىنى ئىگىلەش، تەتقىق قىلىشنى ئۆزىڭىزگە ۋەزىپە قىلىڭ. تىل ئۆگەنمەكچى بولسىڭىز ھەر كۈنلۈك جەزمەن يادلايدىغان سۆز، ئوقۇيدىغان تېكىستىڭىز بولسۇن...

ئىزچىللىق ئاساسىدىكى تىرىشچانلىق سىزنى ئىنتايىن تېز ئالغا باستۇرىدۇ. «ئاز بولسىمۇ ئۈزۈلۈپ قالماي داۋاملاشقان ئەمەل ئەڭ ياخشىدۇر». ۋاقتىم يوق، مەن بەك ئالدىراش تۇرسام دەپ باھانە كۆرسەتمەڭ. ئىنسان ياخشى ئويلانسا ۋاقىت ئۇنىڭدا بەك جىق. تاماق يېگەچ، يول ماڭغاچ، ھاجەتتە ئولتۇرغاچمۇ نۇرغۇن ئىشقا تەپەككۇر يۈرگۈزگىلى بولىدۇ…

پىلانىڭىز بولىدىكەن، ھەر كۈنى كەچلىكى ئۆز - ئۆزىڭىزدىن ھېسابات ئېلىپ تۇرۇڭ. پىلانىڭىزنى قانچىلىك ئورۇندىدىڭىز؟ يەنە بېجىرىلمىگەن قانداق ئىشلىرىڭىز قېپقالدى؟ ئۆز ئەقىدە - ئېتىقادىڭىز، غايە - نىشانىڭىز ئۈچۈن پايدىلىق ئىشتىن قايسىسىنى قىلدىڭىز؟ قىلىشقا تېگىشلىك بولمىغان نېمە - نېمە ئىشلارنى قىلدىڭىز؟ كىملەرنى خۇش قىلىپ، كىملەرگە ئازار بەردىڭىز؟ بۇ بىر كۈنىڭىزدىن ئۆزىڭىز رازىمۇ؟ رازى بولمايدىغان يەرلىرىڭىزنى بۇندىن كېيىن تۈزىتىش، ياخشىلاش ئۈچۈن قانداق قىلىسىز؟…

ھەر كۈنى بەش مىنۇت ۋاقىت چىقىرىپ يۇقىرىقىلار ئۈستىدە قىسقىچە ئويلىنىڭ. ئۆزىڭىز رازى بولمىغان جايلار ھەققىدە ئەستايىدىلراق ئويلىنىپ، بۇنى تۈزىتىش ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈڭ

ھاياتتا ئېنىق پىلان - خۇلاسە بولۇش سىزنى ئارتۇقچە ۋاقىت، زېھىن ئىسراپچىلىقىدىن ساقلايدۇ ھەمدە ئېنىق بىر نىشانغا قاراپ ئىلگىرىلىشىڭىزنى زۆرۈر كاپالەت بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. ھاياتىڭىزنى ھەقىقىي مەنە ۋە شادلىققا تولدۇرىدۇ… مۇشۇ خىل ئۇسۇل بىلەن ئىش ئېلىپ بارالىسىڭىز ئۇزۇنغا



www.uyghurkitap.com

قالماي تۇرمۇشىڭىز، خىزمىتىڭىز، كەسپىڭىز، ئۆزىڭىز ۋە كىشىلەر بىلەن بولغان ئالاقىڭىزدە ھەيران قالارلىق ئاكتىپ ئۆزگىرىشنى ھېس قىلىپ يېتەلەيسىز.

«بىز تۇرمۇشتىن مەنە ئىزدەيمىز» (ئادىل تۇنىياز).

مەنە دەل بىزنىڭ ئېنىق، كونكرېت، ھېسابلىق تۇرمۇش مەنتىقىمىزدە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# 48. پىخسىقلىق ئەيىب ئەمەس

ئەرلەرنىڭ مەرد، سېخىي، ھاتەملىكى باشقىلاردا ئىنتايىن ياخشى تەسىر قالدۇرىدۇ. ئاياللارمۇ ئەرلەرنىڭ قولى ئوچۇق بولۇشىنى ياخشى كۆرىدۇ. ئەمما، قولى ئوچۇق بولۇۋېرىشمۇ ياخشى ئەمەس. تۇرمۇشتا قالايمىقان مەردلىك قىلىۋېرىپ ئاخىرى پۇشايمانغا قالىدىغان ئىشلار تولا ئۇچرايدۇ. مەردلىكنىڭمۇ ۋاق-تى- سائىتى، ئورنى بار. پىخسىقلىقمۇ قەدىرلەشكە ئەرزىيدىغان ئېسىل پەزىلەتلەرنىڭ بىرى.

كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىكى پىخسىقلىق ئالدىراپ پۇل خەجلەپ كەتمەسلىكنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، بىز پىخسىقلىقنىڭ ماھى-يىتىنى تەپسىلىي كۆزىتىدىغان بولساق، بۇنىڭدىن شەخسنىڭ پۇلغا بولغان كۆز قارىشىنى، ئىقتىساد ئېڭىنى ئىنتايىن ئوڭايلا بايقىۋالالايمىز.

بەزىلەر ئىنتايىن قولى كەڭ، مەرد كېلىدۇ. مائاشىنى ئال-غان ياكى قولىغا پۇل كىرگەن ھامان دوستلىرى بىلەن كۆڭۈل ئېچىشقا ياكى كىيىم كېيىش، يەپ - ئىچىشكە قاترايدۇ. ئەمما ئەپسۇسلىنارلىق يېرى، بۇنداقلارنىڭ يەپ - ئىچىشىپ بەرگىلى ئاغىنىلىرى كۆپ بولسىمۇ، بېشىغا كۈن چۈشكەندە يانچۇقىدىن دەررۇ ئىشلىتىشكە پۇل، ياردەم سوراشقا دەرھال ئەسقاتىدىغان ئاغىنە تاپالماي قالىدۇ. ئىقتىساد باشقۇرۇشتا چېچىلاڭغۇ، يى-راقنى كۆزلىمەيدىغان مۇنداق ئەرلەرنىڭ مەردلىكىنى كۆرەڭلىك دېمەي ئامال يوق. پۇل دېگەن تاپقان ھامان خەجلەپ تۈگىتىۋېتى-

دىغان نەرسە ئەمەس. يىراق مەزگىللىك پۇل خەجلەش، پۇل
تېجەش، پۇل توپلاش ئادىتى بولمىسا، سىز ئاسانلا باشقىلارنىڭ
ئالدىدا سارغىيىپ، تۇرمۇشتا مۇشكۇل ئەھۋالدا قالىسىز.

يەنە بەزى ئەرلەر بولسا پۇل يىغىمەن، پۇلنى قالايمىقان
خەجلىمەيمەن دەپ خەجلەش زۆرۈر بولغان جايلاردىمۇ ئىككىلە-
نىپ، پۇل چىقارغىلى ئۇنىماي پۇل ئالدىدا چۈپەيلىك قىلىدۇ.
كېسەلدىن قوپالماي سېسىق يوتقانغا پۈركىنىپ ھەپتە يېتىشقا
رازى بولىدىغان، ئەمما دوختۇرغا بېرىشقا ياكى دورا يېيىشكە
چىدىمايدىغان ئادەملەرمۇ ئارىمىزدا يوق ئەمەس. ئۇلارنى بىرەر
كاتتا پىلان ئۈچۈن پۇل يىغىۋاتامدىكىن دېسە ياكى تۈزۈك پىلانى
ياكى غايىسى يوق. مەقسىتى پۇل خەجلىمەسلىك، پۇل يىغىش.
مەقسەت پەقەت پۇل يىغىشقىلا قارىتىلىپ قالسا، ئىنسان
پۇل - دۇنيانىڭ قۇلىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. كىرىمنىڭ ساغلاملىق
ۋە نورمال تۇرمۇش ئېھتىياجىدىن ئاشقان قىسمىنى ئاندىن چىڭ
سىقىپ سۈيىنى ئىچسەكمۇ مەيلى، ئەمما مال - دۇنيانى دەپ
جاننى بەدەل قىلمايلى. بولمىسا، ئۆمۈر بويى تاپقان - تەرگىنىد-
مىز، خەجلىمەي يىغقانلىرىمىزمۇ داۋالىنىشقا يەتمەي قالىدۇ.

نەرسە - كېرەك سېتىۋالغاندا، بەكلا ئالدىراپ كېتىپ ساختا
مالغا ياكى باھادا نامۇۋاپىق مالغا ئۇچراپ قالماڭ. بازاردىكى
ئوخشاش ماللارنىڭ باھا پەرقى، سۈپەت پەرقىنى ئەستايىدىل
تەكشۈرۈپ ئاندىن ئۆزىڭىزگە يارىغىنىنى سېتىۋېلىڭ. پۇل تې-
جەيمەن دەپ ھەددىدىن زىيادە ئەرزىنىنى ئېلىپ سۈپىتى سىزنى
داغدا قويمىسۇن، شۇنداقلا مودا قوغلىشىپ داڭلىق ماركىلىق
مال سېتىۋالىمەن دەپ بەكلا قىممىتىگمۇ ئېسىلىۋالماڭ، ئادەتتە
داڭلىق ماركىلىق مەھسۇلاتلارنىڭ ماركا ئوبرازىلا نەچچە يۈز
يۈەن ئارتۇق باھا پەرقى پەيدا قىلىدۇ. مال سېتىۋېلىڭ، ماركا

سىتىۋالماڭ.

كىيىم ـ كېچەك سېتىۋالغاندا مودا بولۇۋاتقان ماللارغا قاراپ كەتمەڭ. جاھاندىكى چىرايلىق نەرسىلەرنىڭ ھەممىلا ئادەمگە چىرايلىق كۆرۈنۈشى ناتايىن. يەنە كېلىپ مودا نەرسىلەر ئەڭ تېز ۋاقتى ئۆتىدىغان، بىمەنە، ئۆتكۈنچى مەھسۇلاتلاردۇر. كىيىم ـ كېچەكنىڭ بەدەن قۇرۇلۇشىڭىزغا ماس كېلىدىغىنى، سىزگە راھەت تۇيغۇ بېغىشلايدىغىنى ئەڭ ئېسىللىرىدىندۇر. باھاسىدىن قورقۇپ بەكلا پۇچەك كىيىملەرگىمۇ ئېسىلىۋالماڭ. «ئەرزان گۆشنىڭ شورپىسى يوق» دەپ ئىككى كۈندە كىيگۈسىز ھالدا پېتىدىن چۈشۈپ كۆڭلىڭىزنى تېخىمۇ غەش قىلمىسۇن.

يېمەك ـ ئىچمەكتە بەتخەجلىك، ئىسراپخورلۇق قىلماڭ. ئۆز ئېھتىياجىڭىزغا قاراپ ئىستېمال قىلىش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈڭ. يۇقىرى ئىستېمال ئادىتىدىن يىراق تۇرۇڭ. تۇرمۇش ھەشەمەتخورلۇقتا ئەمەس، ئاددىي ـ ساددىلىق ئىچىدىكى ساغلاملىقتا موھتاج. بەدىنىڭىز، تېنىڭىزگە پايدىلىق، سالامەتلىكىڭىزگە زىيان يەتكۈزمەيدىغان تاماقلارنى ئىستېمال قىلىڭ. ھەرگىزمۇ پۇل تېجەيمەن دەپ ناشتىسىز، ئاچ قورساق يۈرۈيدىغان ئىشنى قىلماڭ...

باشقىلار نېمە دېسۇن، كارىڭىز بولمىسۇن، تۇرمۇشتا بەتخەجلىك قىلماڭ. پىخسىقراق بولۇڭ، پۇلنى پىلانلىق ھالدا ئىشلىتىڭ. ئەمما پىخسىق بولىمەن دەپ ئۆزىڭىزنى تاشلىۋېتىدىغان رەزگى پىخسىقلاردىن بولماڭ. بولمىسا ئەتراپىڭىزدىكىلەرنىمۇ بىزار قىلىپ قويىسىز، ئۆزىڭىزمۇ سالامەتلىكىڭىزدىن، ئابرۇيىڭىزدىن، ئەڭ ئاخىرىدا يەنە بېرىپ پۇلىڭىزدىن ئايرىلىپ قالىسىز.

# 49. باشقىلارنىڭ ئىشەنچىنى يەردە قويماڭ

ئادەمنىڭ ئادىمىيلىكى ئادەملەر بىلەن بولغان ئالاقە جەريانىدا ھەقىقىي ئىپادىلىنىدۇ. ئالاقە كىشىلەر ئارىسىدا سەمىمىيەت، راستچىللىقنى شەرت قىلىدىغان جەريان بولۇپ، كىشىلەرنىڭ بىر- بىرىگە تۇتقان پوزىتسىيىسى قانچە ئىشەنچ ئاساسىغا قۇرۇلغانسېرى ئادەمدىكى ئالىيجاناب پەزىلەتلەر شۇنچە روشەن گەۋدىلىنىپ چىقىدۇ. ئەكسىچە ساختىپەزلىك، مەككارلىق كەبى ئادەتلەر ئىنسانلارنى ھايۋانىي سۈپەتكە ئىگە قىلىپ قويىدۇ.

بۇرادەر، سىز ئادەم، تەبىئەتتىكى جاندارلار ئىچىدىكى ئەڭ يۈكسەك سەمەرە. ئىنسانغا زامانىي ئەۋۋەلدىلا بۈيۈك نېئمەت سۈپىتىدە، باشقا جاندارلاردىن پەرقلىق ھالدا ئەقىل ئاتا قىلىنىدى ۋە كاتتا شەرەپكە ئىگە قىلىندى. دېمەككى، ئۇنىڭ يارىتىلمىسىغا يارانقۇچىنىڭ ئىشەنچى ۋە سىناقلىرى سىڭىپ كەتتى. ئادەم ئاتا ئىبلىس شەيتاننىڭ (ئۇنىڭغا چەكسىز لەنەتلەر بولسۇن) ئازدۇرۇشى تۈپەيلى يارانقۇچىنىڭ ئىشەنچىنى يەردە قويدى. ئىنسانلار شۇنىڭدىن كېيىن تالاي قېتىم ئازدى. ۋەھالەنكى، ھەربىر قېتىملىق ئېزىشىدا، باشقىلارنىڭ ئىشەنچىنى يەردە قويغىنىدا «ئىنسان خام سۈت ئەمگەن بەندە»، «ئادەم ئازغۇچى»، «ئادەم ئاتامۇ ئېزىپتىكەن» دەپ ئۆزلىرىنىڭ خاتالىقىغا باھانە ئىزدەپلا كەلدى. ئەمما، سىزنىڭ باشقىلارنىڭ ئىش-

شەنچىنى يەردە قويۇشقىنىڭ ئادەم ئاتا بىلەن، سىزنىڭ ئادەم بولۇپ قالغىنىڭىز بىلەن، ئانىڭىزنىڭ ئەمچىكىنى ئەمگىنىڭىز بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى؟

بۇرادەر، كەمچىلىك ئۆتكۈزگەنىكەن، دادىللىق بىلەن ئۆز ئۈستىمىزگە ئېلىشىمىز كېرەك. ئادەم ئاتىنى شىپى كەلتۈرۈپ، ئانىمىزنىڭ بەرگەن ئاپئاق سۈتىنى گۇناھكارلىققا تارتىپ يۈرۈشنىڭ نېمە هاجىتى؟... ئادەم بولۇپ تۆرەلگىنىڭىزگە، ئانىڭىزنىڭ سۈتىنى ئېمەلىگىنىڭىزگە خۇش بولۇپ، سەممىي ياشاڭ. ياخشى ئەمەللەر بىلەن مەشغۇل بولۇڭ. كىشىلەر بىلەن ئىشەنچ ئاساسىدا مۇئامىلە قىلىڭ.

ئىشەنچ بولمىسا، كىشىلەر ئارا ئىشەنچ تۇيغۇسى يوقاپ كەتسە، جەمئىيەت ئىجتىمائىي ۋابانىڭ ئاسارىتىدە قالىدۇ. ھەممىمىز ئۆزىمىزدىن باشلاپ، سەممىيلىكنى ئۆزىمىزگە ھەمراھ قىلايلى. يالغان سۆزلىمەيلى. كىشىلەرنىڭ ھەققىنى يەۋالمايلى. سودىدا، مۇئامىلىدە ئادىل، پاك، دۇرۇس بولايلى. بىز باشقىلارنى ئۆز سەممىيىتىمىز ئارقىلىق ئۆزىمىزگە ئىشەندۈرەلىسەك ئاندىن باشقىلاردىن سەممىي راستچىل بولۇشنى، ئىشەنچكە ياراشنى تەلەپ قىلالايمىز. ئۆزىمىزدە ئىشەنچكە يارىغۇدەك سالاھىيەت ـ پەزىلەت يوق تۇرۇپ، بىز يەنە كىملەردىن ئاغرىنىمىز؟ كىملەرنى ئىشەنچسىزلىك، كاززاپلىقتا ئەيىبلەيمىز؟

بۇرادەر، ئۆزۈڭ تۈزەل، ئاندىن خوتۇنۇڭنى، بالىلىرىڭنى تۈزەت. ئائىلەڭ تۈزەلسە ئاندىن ئەتراپىڭ، جەمەتىڭ، قەۋمىڭ، مىللىتىڭ، دۆلىتىڭ تۈزۈلىدۇ. سەن ئىشەنچكە يارىساڭ، دۇنيانىڭ ئىشەنچكە يارىشىدىن شۈبھىلەنمە!

## 50. مۇئامىلىدە ئادىل بولۇڭ

سىز كىشىلىك جەمئىيەتتە خىلمۇ خىل كىشىلەر بىلەن ئالاقە قىلىسىز. گەرچە كىشىلەرنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ ئالاقە ئۇسۇلى ۋە مەزمۇنى ئوخشاش بولمىسىمۇ، لېكىن ئالاقە يەنىلا ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. شۇڭا ئالاقىدە ئىلاجىنىڭ بارىچە ئادىل، باراۋەر مۇئامىلە قىلىشقا تىرىشىڭ. سودىدا بايراق بىرى كەلسىلا مالنىڭ باھاسىنى ئۆرلىتىپ خەقنى ئالدايدىغان ئادەتتىن، قوشنىلارنىڭ بىرگە ئالاھىدە يېقىنچىلىق قىلىپ يەنە ـ بىرىنى ئۇنىڭ مەلۇم بىر سەۋەنلىكى، ئاجىزلىقى تۈپەيلى يەكلەيدىغان ئىشنى قىلماڭ. ھېيت ـ بايرام، توي ـ تۆكۈنلەردە باي ـ كەمبەغەل، باشلىق، پۇقرا دەپ ئايرىماي ھەممىگە باراۋەر ئاساستا مۇئامىلە قىلىڭ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىنى بايلارلا چاقىرىلىپ كەمبەغەللەر چاقىرىلمىغان زىياپەتكە بېرىشتىن چەكلىگەن. ھەممە ئادەمدە ئۆزىگە چۇشلۇق غۇرۇر، ئىززەت بولىدۇ. بىراۋنىڭ كىشىلىك ئىززەت ـ نەپسى تېگىشلىك ھۆرمەتكە ئېرىشەلمىسە، بۇ زۇلۇملار ئىچىدىكى كىشىگە ئەڭ چوڭ ئازار بېرىدىغان زۇلۇمدۇر.

مەيلى بالىلىرىڭىزغا بولغان مۇئامىلىدە بولسۇن ياكى قېرىنداشلىرىڭىز، قولۇم ـ قوشنا، دوست ـ بۇرادەرلىرىڭىز، ئىشداشلىرىڭىز بىلەن بولغان مۇئامىلىدە بولسۇن ھەممىسىگە باراۋەر مۇئامىلە قىلىڭ. سىز بەلكىم بىرەرىگە بەكرەك ئامراق ياكى بىرەرى بىلەن بەكرەك يېقىن بولۇشىڭىز مۇمكىن. ئەمما

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بۇ يېقىنچىلىق باشقىلاردا ھەسەت ۋە كۆڭۈل ئاغرىقى پەيدا قىلىپ قويمايدىغان بولسۇن. نۇئمان ئىبنى بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئۇنىڭ دادىسى ئۇنى ئېلىپ رەسۇلۇللانىڭ قېشىغا بېرىپ، مەن بۇ ئوغلۇمغا بىر ئوغۇل مەھرەم سوۋغا قىلماقچى دېدى. رەسۇلۇللا: «سەن بارلىق ئوغۇللىرىڭغا شۇنداق قىلدىڭ-مۇ! » دەپ سورىدى. دادام ياق، — دېدى. رەسۇلۇللا: «ئۇنداق-تا سەن ئۇنىڭغا بەرگەن سوۋغىتىڭنى قايتۇرۇۋالغىن» دېدى. يەنە بىر سوۋغات بېرىش مەسىلىسىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام-نىڭ: «بۇ ئىشتا ئاللادىن قورقىن، ھەممە ئوغۇللىرىڭغا باراۋەر مۇئامىلىدە بولغىن» دېگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ.

بۇرادەر، بالىلىرىڭىزنىڭ بىرىگە يوشۇرۇنچە بىرەر نەرسە ھەدىيە قىلماڭ، بەرمىسىڭىز بەرمەڭكى، بەرسىڭىز تەڭ بېرىڭ. بىرىدە مۇغەمبەرلىك يەنە بىرىدە ئۆزىنى پەس كۆرۈش، سىزدىن رەنجىش، ئازار يېيىش تۇيغۇلىرى ئويغىنىپ قالمىسۇن. ئۆيدە ئالاھىدە ئىمتىيازلىق بالىلار شەكىللىنىپ قالمىسۇن. سودا، كەسىپ ـ خىزمەتلەردىمۇ ھەممىگە باراۋەر مۇئامىلە قىلىڭ. سودا ـ خىزمەت باشقا گەپ، يېقىنچىلىق باشقا گەپ. يېقىنچىلىق داستىخاندا بولسۇن. سودا، كەسپىنىڭ ھەممىگە باراۋەر پرىنسى-پى بولغىنى ياخشى. بولمىسا سودىدا زىيان، كەسپتە چېكى-نىش، باشقىلاردا رەنجىش پەيدا قىلىپ قويۇشىڭىز مۇمكىن. «كۆڭۈلچەكنىڭ كۆتى ئوچۇق» دەيدىغان گەپ بار. ئەڭ ئاخىرىدا خەقكە ياخشى كۆرۈنىمەن دەپ ئوسال بولىدىغىنى يەنىلا سىز. سودىدىكى، ھاياتلىقتىكى ئادىل، باراۋەر پرىنسىپنى ھەرگىز بۇزماڭ. ئەدلى ـ ئادالەت بۇزۇلسا تورمۇش تارازىسىنىڭ مەلۇم بىر تەرىپى بېسىپ كېتىدۇ ـ دە، ھاياتلىقنىڭ نورمال تەڭپۇڭلۇ-قى ئاغدۇرۇلۇپ كېتىدۇ.

## 51. ئەر ـ خوتۇنلار، ئالمىشىپ قالماڭلار...

ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ تەن ـ ئەزايىغا سىنچىلاپ قاراپ باقىدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ يارىتىلمىسىغىلا مۇئەييەن ئىش تەقسىماتىغا ماسلاشقان ئالاھىدىلىكلەر مۇجەسسەملەنگەن. ئەرلەرنىڭ تەن ـ ئەزايىنىڭ مۇستەھكەم، بەردەم، قوپال، چوڭ بولۇشىدا ئۇلارنىڭ ئائىلە، جەمئىيەت ئۇچۇن تۈۋرۈكلۈك رول ئوينىشى ۋەزىپە قىلىپ تارتۇقلانغان. ئاياللارنىڭ نازۇك، ئەۋرىشىم بەدىنى ۋە ئىللىق، مېھرىبان تەبىئىتىگە يېنىك، يەڭگىل ئىشلارنى قىلىش، بالا تۇغۇپ، تەربىيىلەش، مېھرى ـ لاتاپەتنىڭ ئەڭ توپ تامغىلىرى بەخشەندە قىلىنغان. ئەرلەرنىڭ بەدىنىنىڭ مۇستەھكەم، خاراكتېرىنىڭ چىداملىق بولۇشى ئۇلارنىڭ ئايال، بالا ـ ئائىلىنى خاتىرجەملىك تۇيغۇسىغا ئېرىشتۇرۇشنى كاپالەتلەندۈرۈشكە كېرەك بولسا، ئاياللارنىڭ مېھرى، نازاكىتى ئەر ئۇچۇن غۇرۇر، ئىپتىخار ۋە بەخت مەنبەسى ئىدى. ئاياللارنىڭ ئېغىر، ئالدىراش ئىشلارغا قېلىشى ماھىيەتتە ئۇنىڭ سېھرىي ـ نازاكىتىنى خىرەلەشتۇرۇپ ئەر ـ ئايال، ئائىلە ئوتتۇرىسىدىكى مېھرىلىك باغلىنىشنى زور دەرىجىدە كېمەيتىۋېتىدۇ. شۈبھىسىزكى، ئاياللارنىڭ ئۆزىگە خاس نازاكەت دۇنياسىدىن چىقىپ ئەرلەر تويىغا قوشۇلۇپ قارا ئىش قىلىشى، ئەتىدىن ـ كەچكىچە پالاقلاپ خىزمەت قىلىشى ئەرنىڭ ئۆينى لايىقىدا قامدىيالماسلىقى، ئايالى، پەرزەنتلىرىنى ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي جەھەتتىن خاتىر-

جەملىك تۇيغۇسىغا ئېرىشتۈرەلمىگەنلىكىدىن بولىدۇ. دېمەككى، ئەر ھەل قىلىشقا تېگىشلىك ئائىلە كاپالىتى ئايالنى ياكى مېھىر دۇنياسىدىكى خېنىم ـ خانىشقا ئايلاندۇرىدىغان ياكى ئىش ـ ئەمگەك دۇنياسىدىكى ياللانما خادىم، خىزمەتچى، مەدىكارغا ئايلاندۇرىدىغان ئىنتايىن مۇھىم ئامىل.

جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ـ ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسىدىكى ئۆزگىرىشلەر ئەر ـ ئاياللارنىڭ ئائىلە، جەمئىيەتتىكى ئورنىنى زور دەرىجىدە ئۆزگەرتىۋەتتى. ئاياللار ئائىلىلەردىن چىقىپ، ئەسلىدىكى مېھىر ـ نازاكىتىنى بېسىپ قويۇپ چىشىنى چىشلەپ، بېلىنى باغلاپ ئىشلەشكە، ئائىلىنى قامداش ئۈچۈن ئورتاق كۈچ چىقىرىشقا باشلىدى. كىچىكىدىن باشلاپلا ئوقۇش بىلەنلا بولۇپ كېتىپ، ھەتتا كىر يۇيۇپ دەزمال سالالمايدىغان، تاماق ئېتەلمەيدىغان قىزلارمۇ كۆپلەپ پەيدا بولۇشقا باشلىدى. ئەكسىچە ئاش ئېتىپ، كىر يۇيۇپ پۈتۈن ئائىلىنىڭ ھاجىتىدىن چىقىدىغان ئەرلىرىمىزمۇ ئۇچراپ قالىدىغان بولۇپ قالدى.

ئائىلىلەردە كىمنىڭ قانداق رول ئويناپ، كىمنىڭ قانداق ئىش قىلىشى بۇ ئەر ـ خوتۇن ئىككىيلەننىڭ ئىرادىسى ۋە ئىقتىدارىغا باغلىق ئىش. بۇنىڭغا سىرتتىن يەنە بىراۋنىڭ ئارىلىشىپ سەن ئۇنى قىل، سەن بۇنى دەيدىغانغا قانۇنىي جەھەتتىن ھوقۇقى يوق. ئەمما بىز جەمئىيەتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن قارايدىغان بولساق، ئەر ـ ئاياللار ئوتتۇرىسىدا ئائىلىدىكى ئىشلار توغرىلىق ئاز ـ تولا پەرقىنىڭ بولۇشى ئائىلە خاتىرجەملىكىنى كاپالەتلەندۈرىدىغان، ئەر ـ خوتۇننىڭ ئىززەت ـ نەپسىنى تېگىشلىك ھۆرمەتكە ئېرىشتۈرىدىغان مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرىدۇر. ئەگەر ئائىلىدىكى ئىشلاردا مەلۇم زۆرۈرىيەت تۈپەيلى بىر ـ بىرىگە ياردەم-

لىشىش بولسا، بىز بۇنى مېھرىبانلىق ۋە كۆيۈنۈشنى كۆچەيتىدى-
غان غەمخورلۇق سۈپىتىدە مەدھىيىلەيمىز. لېكىن، ئاش -
تاماق ئېتىش، كىر يۇيۇش، ئۆي تازىلاپ يىغىشتۇرۇش، بالا
بېقىش... قاتارلىق خوتۇنلارغا خاس ئائىلە ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى
بىر بۇقىدەك ئەرنىڭ زىممىسىگە تاشلىنىپ قېلىپ، خوتۇن كى-
شى نەلەردىدۇر قانداقتۇر بىر ئىشلار بىلەن ئالدىراش يۈرسە
ھەمدە ئۆيگە كەلگەندىن كېيىن تاماق ئېتەلمەيتتىم، كىر يۇيال-
مايتتىم دەپ ئىنجىقلاپ يېتىشىنىلا بىلسە، بۇ ئىنتايىن چوڭ
نومۇس ۋە غەزەپلىنەرلىك، يىرگىنىشلىك ئىشقا ئايلىنىپ قالى-
دۇ. ئېرىغا تېتىغۇدەك تاماق ئېتىپ ئۇنى ئائىلە ئىللىقلىقىدىن
بەھرىمەن قىلالمايدىغان، ئۆيدىكى نازاكىتى ۋە سۈلكىتى ئارقى-
لىق ئېرىنى شاد قىلالالمايدىغان خوتۇنلارنىڭ ئاقىۋىتى خەيرلىك
بولماس. ھەر قانچە مۇنەۋۋەر تالانت ئىگىسى، ئىقتىدارلىق ئايال-
نىڭمۇ ھامان بىر ئۆيى بولىدۇ، ئۇنىڭمۇ پەرزەنتلىك بولغۇسى،
نەسەبىنى داۋاملاشتۇرغۇسى كېلىدۇ. دېمەككى، ئۇ سىرتتىكى
مۇنەۋۋەر خىزمەتچىدىن ئائىلىدىكى ئادەتتىكى بىر مېھرىبان ئا-
يال، تەربىيەتلىك، پەزىلەتلىك ئانا ئورنىغا قايتىپ كېلىشى كې-
رەك. بۇ خىل ئەسلىگە قايتىش ئەلۋەتتە بىر ئايال ھازىرلاشقا
تېگىشلىك ئاياللىق خىسلەتلەرگە ئىگە بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.
ئايال كىشىدە مېھرىبانلىق، سۆيۈش، سەۋرچانلىق، كەڭ قور-
ساقلىق، ئائىلە ئىشلىرىغا بولغان سەرەمجانلىق، چېۋەرلىك،
ئاش - تاماقتا ماھىرلىق، ئېرىنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇش، پەرزەنت
تەربىيىلەش... قاتارلىق ئەڭ ئەقەللىي، توپ خىسلەت - پەزى-
لەت، ماھارەتلەر بولۇشى كېرەك. شۇندىلا ئۇ ئېرىنىڭ جان -
دىلى بىلەن سۆيۈشىگە نائىل بولالايدۇ. ئاياللار بىلىش كېرەك-

كى، ئەرلەر بىر ئايال كىشىنىڭ خىزمەت ئىقتىدارى ۋە نەتىجە-
سىدىنمۇ، چىرايىدىنمۇ بەكرەك ئۇنىڭ ئائىلىدىكى مېھرىبانلى-
قى، كۆيۈنۈشى، ئائىلە ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى چېۋ-
ۋەرلىكىگە كۆڭۈل بۆلىدۇ. ئەرنى كۆيدۈرۈپ - سۆيدۈرىدىغىنى
سىرتتىكى مەدىكار ئايال ئەمەس، ئائىلىدىكى مېھرىبان خوتۇن.

شۇنىڭغا ئوخشاشلا، ئەرلەردىمۇ ئەرلەرگە چۈشلۇق پەزى-
لەت، ساپا بولۇشى كېرەك. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق
دېگەن: «ئەگەر مەن بىر كىشىنى يەنە بىر كىشىگە سەجدە قىلىش-
قا بۇيرۇيدىغان بولسام، ئەلۋەتتە، ئايال كىشىنى ئېرىگە سەجدە
قىلىشقا بۇيرىغان بولاتتىم». ئاڭلا، ئەر، سەن مۇشۇنداق كاتتا
شەرەپكە لايىق ئىنسانسەن. ئەر خوتۇنىنىڭ ئىشتان، - پايپىقىنى
يۇيۇپ ئولتۇرغۇچى، خوتۇنىغا 365 كۈن تاماق سۇنۇپ ئولتۇ-
رۇپ، خوتۇنىنىڭ پىشىگە سەجدە قىلغۇچى سۇنغان ھۆكۈمران،
بايقۇش بەندە ئەمەس. يارانقۇچى ئەڭ دەسلەپكى ئىنسان سۈپىتىدە
ئادەم ئاتىنى — ئەرنى يارىتىشىدا ۋە پۈتكۈل پەرىشتىلەرنى ئۇنىڭ-
غا سەجدە قىلدۇرۇپ، زېمىننى ئۇنىڭ مەنپەئەتلىك يوسۇندا
پايدىلىنىشىغا بەرگەندە ئۇنىڭ تېنىگە، ئەقلىگە كەڭ دەرىجىدە
قۇۋۋەت - پاراسەت بەرگەن. ئېسىڭىزدە تۇتۇڭكى، ئەر، يارانقۇ-
چى بۇ كاتتا ئەقىل، بۇ قۇۋۋەتلىك تەننى سىزگە زېمىندا بۇزۇق-
چىلىق قىلىش ئۈچۈن بەرگەن ئەمــەس؛ ســزنىـڭ كالـدەك
يەپ - چېچىپ ياشىشىڭىز ئۈچۈنلا بەرگەن ئەمەس؛ سىزنىڭ
لايغەزەللەرچە خارامۇشلۇق ئىچىدە ئاھسىنىپ ياشىشىڭىز ئۈچۈن
بەرگەن ئەمەس؛ سىزنى خوتۇن كىشىنىڭ قولتۇقىدىن چىقماي
قۇللۇق قىلسۇن دەپ بەرگەن ئەمەس. سىز يارانقۇچىنىڭ ئۈمى-
دى، سىز زېمىنغا ياخشىلىق ئۇرۇقلىرىنى چېچىش ئۈچۈن يارال-

غان، سىز تېنى ۋە ئەقلىنى مەرھەمەتلىك يول ـ ئەمەللەرگە سەرپ قىلىپ جاسارەت، پاراسەت، پەزىلەت ئىچىدە ياشاپ ئۆتۈش-كە يارالغان؛ سىز جۇشقۇنلۇق ۋە كۈچ ـ ئىقتىدارنىڭ سىمۋو-لى؛ سىز ئائىلە، خوتۇن، بالا، قەۋمنىڭ باشپاناھى، قوغدىغۇ-چىسى. سىزدە ئائىلىنى ۋە ئائىلە ئەزالىرىنى خاتىرجەم قىلغۇ-دەك ساپا، ماھارەت بولسۇن. ئەر كىشى پۇل تېپىشى، ئاش تېپىشى كېرەك. خوتۇنى تېپىپ بەرگەن ئاش ـ پۇلغا كۆزدىنى پـارقـرىتىـپ قاراپ ياشاش ـ ئەرگە نومۇس، ئەرگە يات. ئائىلىنى قامدىيالمايدىغان، خوتۇن ـ بالىلىرىنى تەلتۆكۈس خا-تىرجەم قىلالمايدىغان ئەرلەر قەرزدارلىق تۇيغۇسىدىن قۇتۇلالماي-دۇ. يا ئىشلەشنى بىلمەيدىغان ياكى خوتۇن كىشىنى راۋرۇس سۆيەلمەيدىغان، خوتۇنىدىن ئەڭ ئەقەللىي ئاياللىق سۈپەت ـ خىسلەتلەرنى تەلەپ قىلالمايدىغان ئەرلەر ھەقىقەتەنمۇ سۇنغان ھۆكۈمرانلاردۇر. ئەرلەر كۆڭۈل مەملىكىتىنىڭ شائىر ـ شەۋكەت-لىك سۇلتان ـ خانلىرى، ئاياللار مەلىكە- خانزادىلىرىدۇر. سۇلتاندا سۇلتانغا چۇشلۇق سۈر، ھاكىملىق روھى بولماي، ئەكسىچە چۆرىلەرچە پايپاق يۇيۇپ ئولتۇرسا ئۇنى قايسى مەلىكە كۆزگە ئىلىپ، ئىتائەتكە كىرسۇن؟ ئۇنىڭ قانچىلىك ئىناۋىتى بولسۇن؟ ئۆز ئائىلىسىدە ئىناۋىتى يوق ئەرنىڭ دۇنيالىقتا ئىززى-تى بولماس.

بۇرادەر، خوتۇنىڭىز بىلەن ئورنىڭىز ئالمىشىپ قالمىسۇن. بۇ ئەرلەر ئەزىز، ئاياللار خار دۇنيا ئەمەس. شۇنداقلا ئەر ـ ئاياللارنىڭ ئورنى بىر ـ بىرىدىن يۇقىرى ـ تۆۋەن تۇرىدىغان دۇنيا تېخىمۇ ئەمەس. ئەر ـ ئاياللار باراۋەرلىكى ئەر ـ ئاياللار-نىڭ تەڭلىششى، ئوخشاش كىيىنىپ ـ ياسىنىشى ياكى ھەممە

www.uyghurkitap.com

ئىشنى ئوخشاش قىلىشى دېگەنلىك ئەمەس. ئاياللار قىلىدىغان،
ئەرلەر قىلىدىغان ئىشلار بولىدۇ. بۇ ئايرىمچىلىق ئەمەس. ئايال-
لارنى خورلاش، ئۇلارغا قەتئىي ياردەملەشمەسلىك دېگەنلىكمۇ ئە-
مەس. ئاياللارنىڭ ئىشلىرىغا پۈتۈن كۈچىڭىز بىلەن ياردەملە-
شىڭ. پەيغەمبىرىمىزمۇ ئۆيدە بولغان چاغلىرىدا ئۆز ئاياللىرىغا
ياردەمدە بولاتتى. ئاياللارغا جان دەپ ياردەملىشىڭ. لېكىن ئايال-
لارنىڭ ئەسلى تەبىئىتىگە ھەقدا قىلىپ ئاقىلانە قازىلىق بىلەن
تەڭشەپ بېرىلگەن ئىشلارنى ئاياللاردىن تارتىۋالماڭ. ئىككىڭلار-
نىڭ ئورنى ئالمىشىپ قالمىسۇن. سىز جاسارەت بىلەن ئىشلەڭ.
ھۇرۇنلۇق قىلىپ يېتىۋالماڭ. سىز دۇنياغا ئويناش ئۈچۈن
كەلمىگەن، ئەر ئىشلىشى كېرەك. ئەر تەردە ئەر بولىدۇ. ئەر
يەتكۈچە ئىشلەپ، ئايالىنى ئۇزۇل - كېسىل خاتىرجەملىك تۇيغۇ-
سىغا ئېرىشتۈرەلىسە، ئاندىن ئايالىدىن ئاياللىق مېھىر - خىس-
لەتنى تەلەپ قىلالايدۇ، ئەلۋەتتە. بولمىسا، ئىشلەشنى، ئائىلى-
سىنى خاتىرجەم، ئايالىنى ئىنتائەتچان قىلالمىغان ئەرنىڭ خۇدا-
نىڭ قۇتلۇق كۈنى پايپاق يۇيۇپ، پەشتاما تارتىپ، سەي توغراپ،
خوتۇنىغا قاشلىق ئېتىپ ئولتۇرغىنى ئولتۇرغان.

## 52. ئائىلە بويىچە دەم ئېلىشقا ۋاقىت چىقىرىڭ

ئەرلەر سىرتنىڭ ئىشلىرى، سودا، خىزمەت، كەسىپ ۋە ئائىلىنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرى بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئائىلە ئەزا-لىرى بىلەن ھېسسىيات ئالماشتۇرۇش، ئېچىلىپ - يېيىلىپ ئولتۇرۇشقا ئانچە ۋاقىت چىقىرالمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە تېلېۋى-زورنىڭ ئومۇملىشىشى بىلەن دەم ئېلىش ۋاقىتلىرى كەچلىكلەر-دىمۇ نۇرغۇن ئاتا - ئانىلار تېلېۋىزور بىلەنلا بولۇپ كېتىدۇ - دە، ئۆز ئائىلىسىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ. نۇرغۇن ئاتا - ئانىلار تېلېۋىزوردىكى مەۋھۇم دۇنيا ئۈچۈن ھەسرەتلىك ياش تۆكىدىيۇ، ئەمما ئەتراپىدىكى رېئال دۇنياغا كۆزىنى يۇمۇۋالىدۇ. قىممەتلىك دەم ئېلىش ۋاقىتلىرى، ئائىلە ئەزالىرىنىڭ مىڭبىر تەسلىكتە بىر يەرگە جۇغلىنىدىغان ئالتۇن ۋاقىتلىرى تېلېۋىزورنىڭ ئالدىدا ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئاتا - ئانا بالىدىن، ئەر - خوتۇندىن يىراقلىشىپ كېتىدىغان، بىر - بىرىنىڭ ھال - ئەھۋالىنى ئۇنچىۋالا بىلىپ كەتمەيدىغان، ھەممەيلەن قاتنىشىدى-غان كەڭ - كۇشادە يېيىلىپ - ئېچىلىپ ئولتۇرىدىغان ئائىلە شادلىق سورۇنلىرى كېمىيىپ، ئائىلە ئەزالىرى ئارىسىدا ئورتاق پاراڭ تېمىسى يوقاپ كېتىدۇ. بۇ ھال بارا - بارا كىشىلەر ئارىسىدىكى ياتلىشىش، غېرىبلىق، پەرۋاسىزلىق تۇيغۇسىنى كۈ-چەيتىۋېتىدۇ. شەھەرلەردە مۇزدەك غېرىبلىق ئۇنسىز داۋاملىشى-دۇ. مىغ - مىغ كىشىلەر توپى ئىچىدە كىشىلەر قانغۇچە

هال - مۇڭ بولالىغۇدەك بىرەرىنى تاپالماي ئىچ - ئىچىدىن سىبسىپ پۇخ بولۇپ كېتىدۇ. روھىي كېسەللەر كۆپ بولىدۇ. ئۆلگەن ئىجتىمائىي، كىشىلىك ئالاقە كىشىلەرنى ئىچ مىجەز، ھېسسىياتسىز، سوغۇق، غەمكىن قىلىۋېتىدۇ. مەن شەھەرلەردە ئىچ - ئىچىدىن قېنىپ، يايراپ كۈلىدىغان ئادەملەرنى ئىنتايىن كەم ئۇچرىتىمەن، نېمە ئۈچۈن؟ ئائىلىلەر، كىشىلەر ئارىسىدا قويۇق، قىزغىن ئالاقە يوق. بىر - بىرىنى چۈشىنىش، ئەر-كىن، تولۇپ - تاشقان، سەمىمىي، غەرەزسىز ھېسسىياتقا تول-غان مۇناسىۋەت سۇسلاشقان.

بۇرادەر، مەيلى قانچىلىك ئالدىراش بولۇڭ. مەلۇم ۋاقىت چىقىرىپ ئائىلىڭىزدىكىلەر بىلەن دەم ئېلىڭ، باغچىلارغا بېرىڭ ياكى ھەممىڭلار قولمۇ - قول مەلۇم تاماق تەييارلاپ يەڭلار. ئىشتىن چۈشۈپلا، تېلېۋىزورنىڭ ئالدىدا مۈكچىيىپ ئولتۇرۇۋال-ماڭ ياكى بالىلىرىڭىزنى ھەدېسە ئۆگىنىشكە، تاپشۇرۇق ئىش-لەشكىلا زورلاپ قويماي ئۇلار بىلەن پاراڭلىشىڭ، سىردىشىڭ. تاماق ۋاقتىدىمۇ تېلېۋىزور كۆرىدىغان يامان ئادەتنى تاشلاڭ. تاماق يېگەچ، ئايىغىڭىزنى كىيگەچ، ئولتۇرغاچ، قوپقاچ بالىلى-رىڭىزنىڭ تۈرلۈك ھال - ئەھۋالىنى سوراڭ، ئۇنىڭغا تېگىشلىك مېھىر، كۆيۈنۈش ھېس قىلدۇرۇڭ. بالىلار ئاتا - ئانىسىنىڭ كۆيۈنۈشىدىن ئالەمچە غەيرەت ۋە ئىپتىخار تۇيغۇسىغا ئېرىشىدۇ. ئۇ بالىلارنى قورسىقى توق روھى ئاچ، كىيىم كىيگەن يالىڭاچ بەندىلەرگە ئايلاندۇرۇپ قويمايلى. مۇۋاپىق دەم ئېلىش ۋاقتى چىقىرىپ ئائىلە بويىچە بىرەر كۆڭ كۆڭۈل ئېچىڭ. بۇ ھەرگىزمۇ ۋاقىت، پۇل ئىسراپچىلىقى ئەمەس، بەلكى ئائىلە ئەزالىرى ئار-سىدىكى مۇھەببەتنى، چۈشىنىشنى، ھۆرمەتنى كۈچەيتىدىغان ئىنتايىن كاتتا مەبلەغ سېلىش. بەختىڭىز نېمىلىكىنى، ئائىلىۋى

شادلىقنىڭ قەيەردىلىكىنى سىز ھەممەيلەن ئىچ - ئىچىدىن چىقى-
رىپ شادلىق ئىلكىدە كۈلۈۋاتقان، خوتۇن - بالىلىرىڭىز بىلەن
قول تۇتۇشۇپ قىيغىتىپ كېتىۋاتقان دەقىقىلەردە تولۇقى بىلەن
ھېس قىلالايسىز. دۇنيانىڭ غەم - غۇسسىلىرىنى ئۇنتۇڭ. ئەس-
لى - ۋەسلىڭىزنى خوتۇن - بالىلىرىڭىزغا بېرىپ قويۇڭ. ھار-
غان كاللىڭىز سۈزۈلۈپ سەگەكلەشسۇن. ۋۇجۇدىڭىز بەخت تۇي-
غۇلىرىدا چايقالسۇن. خوتۇن - بالىلىرىڭىز مېھرىڭىز تېغىغا
يۆلىنىپ ھاردۇقىنى چىقارسۇن. ئائىلىڭىز شادلىق بۆشۈكلىرىدە
ئەللەيلەنسۇن.

www.uyghurkitap.com

# 53. مەغلۇبىيەتكە توغرا مۇئامىلە قىلىش

كىشىلىك تۇرمۇشتىكى ھەممە ئىشنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھال-
دا تاماملاپ كەتكىلى بولمايدۇ. ئىنسان ھەر قانداق ئىشنى باشلى-
غاندا جەزمەن چەكسىز ئۈمىد ۋە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئارزۇ-
سىدا بولىدۇ. ئەمما ۋەزىيەتنى توغرا تەھلىل قىلالماسلىق، پاي-
دىلىق ۋەزىيەتنىڭ تۇيۇقسىز ئۆزگىرىپ كېتىشى، ئىجتىمائىي،
ئىقتىسادىي كاشىلىلارنىڭ كۆرۈلۈشى تۈپەيلى، ئارزۇ سۇغا چى-
لىشىدىغان ھاللار دائىم بولۇپ تۇرىدۇ. بىز غەلىبە بىلەن مەغلۇ-
بىيەتنىڭ ئىچىدىن مەغلۇبىيەت ئىسىملىك بۇ ھەممىمىز يىرگى-
نىدىغان ياۋۇز ئەبلەخ بىلەن پات - پات ئۇچرىشىپ قالىمىز.
ئۇنىڭ بىلەن سالاملاشقۇمىز بولمىسىمۇ، ئۇ مەجبۇرىي ھالدا
بىزنى ئۆزىنىڭ سوغۇق، رەھىمسىز قوينىغا تارتقۇشلاپ تۇرىدۇ.
بىز مەغلۇبىيەت تۈپەيلى ئاھ ئۇرۇپ قوپماي ياتىدىغان، ئوڭۇش-
سىزلىققا ئۇچرىسىلا ھەممە نەرسىدىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ تۈگە-
شىپلا كېتىدىغان، ئوڭايلا ئەسلى نىشانىدىن ۋاز كېچىدىغان،
ھەتتا روھىي كېسەل، نېرۋا كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالىدى-
غان، ئۆلۈۋالىدىغانلار توغرىلىق خىلمۇ - خىل گەپ - سۆز،
چۆچەكلەرنى دائىم ئاڭلاپ تۇرىمىز. ھەئە، مەغلۇبىيەت ھەقىقە-
تەن قورقۇنچلۇق، ياۋۇز! ئۇ گاھىدا بىراۋنىڭ پۈتكۈل ھاياتىنى،
ئائىلىسىنى، تاپقان - تەرگىنىنى بىردەمدىلا ھالاك قىلىۋېتىدۇ.
توساتتىنلا كەلگەن بالا - قازانىڭ بىزنى روھىي، جىسمانىي
جەھەتتىن ئازابقا دۇچار قىلىشى بەرھەق. ئەمما باشنى يېرىش،

مىشىلداپ ياش ئاققۇزۇش، ئۆيگە بېكىنىۋېلىپ، ئۆز ـ ئۆزىنى
قىيناش ئارقىلىق زادى نېمىگە ئېرىشىش مۇمكىن؟

مەغلۇبىيەت سىزدىكى مەلۇم كەمچىلىك تەرەپلەرنى ئاشكارد-
لاپ بېرىدىغان يەكۈن ـ سىناق. ئاجىزلىق مەغلۇبىيەتكە ئېلىپ
بارىدۇ. بۇ ئاجىزلىق مەيلى روھىي جەھەتتىكى گادايلىق بىلەن
خۇلاسىلەنسۇن ياكى ماددىي جەھەتتىكى نامراتلىق، ئىقتىسادىي
قىيىنچىلىق تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان بولسۇن، ئۇ ھامان سىز-
نىڭ ۋە سىز پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقانلارنىڭ ئارىسىدىكى پايدى-
سىز ئامىللارنى دەلىللەپ بېرىدۇ. مەغلۇبىيەت پۈتۈن بىر ئادەم-
نىڭ ناچارلىقى ياكى قابىلىيەتسىزلىكىنى ئەمەس، بەلكى مۇئەي-
يەن شارائىت ئاستىدىكى تاللىشىڭىزنىڭ ۋە ئۇسۇلىڭىزنىڭ ئە-
مەلگە مۇۋاپىق بولمىغانلىقىنى دەلىللەپ بېرىدۇ. بۇ مەنىدىن
سىزنىڭ ئۇسۇلىڭىز، تاللىشىڭىز نامۇۋاپىق بولغان بولۇشى مۇم-
كىن. ئەمما سىز تېخى ئۆزۈل ـ كېسىل ناقابىل ئادەم ئەمەس-
سىز. دېمەك، سىز ئوڭۇشسىزلىقتا توغرا مۇئامىلە قىلسىڭىز،
ئۆز ئاجىزلىقىڭىز ياكى سىز ئالاقە قىلغان تەرەپتىكى يېتەرسىز-
لىكلەرنى بايقاپ ئۇنى تۈزىتىش، تولۇقلاش كېرەكلىكىنى ھېس
قىلىپ يېتەلەيسىز. مەسىلەن: سىز ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن
ئۆتەلمىدىڭىز دەيلى، سىزنىڭ ئۆيگە بېكىنىۋېلىپ قوپماي يىغلاپ
ياتقىنىڭىزنىڭ نېمىگە پايدىسى بار؟ ئىمتىھانىنىڭ ئادىل، دۇرۇس
ئېلىپ بېرىلغان ـ بېرىلمىغانلىقىدىن گۇمانلىنىشقا ھەددىڭىز
يوق. ئوقۇتقۇچىلاردىن، ئاتا ـ ئانىڭىزدىن، مەكتىپىڭىزدىن
ئاغرىنىدىغانغا تېخىمۇ ھەددىڭىز يوق. ئوقۇش سىزگە كېرەك.
ئوقۇتقۇچى، مەكتەپ پەقەت ۋە پەقەتلا سىزگە مۇئەييەن ئۆگىنىش
شارائىتى ۋە ئۆگىنىش ئۇسۇلى ھەققىدە ساۋات، چۈشەنچە ھازىر-
لاپ بېرەلەيدۇ. يىغلىماڭ، قاقشىماڭ، باتنىماڭ… سىزنىڭ

www.uyghurkitap.com

قىلىدىغىنىڭىز ئۆز ئاجىزلىقىڭىزنى تەن ئېلىش، پەقەت شۇلا!
ئۆزىڭىزنىڭ ياخشى ئۆگەنمىگەنلىكىڭىزنى، پۈتۈن كۈچىڭىز بى-
لەن تىرىشمىغانلىقىڭىزنى ئېتىراپ قىلىش ۋە بۇندىن كېيىن
جان دىل بىلەن تىرىشىش ئىرادىسى تىكلەپ ئورنىڭىزدىن دەس
تۇرۇش. خوتۇنىڭىز بىلەن جېدەللىشىپ قالغان بولسىڭىز پۇر-
قىرىتىپ تاماكا چېكىپ، هاراق ئېچىپ خۇدىڭىزنى بىلمەي رەس-
ۋالىشىپ يۈرۈشىڭىزنىڭ ياكى دەردىڭىزنى ئىچىڭىزگە يۇتۇپ
يۈرۈشىڭىزنىڭ هاجىتى بارمۇ؟... خوتۇنىڭىز گەپ قىلمىسا،
سىز گەپ قىلىڭ. تەشەببۇسكارلىق ئەرلەردىكى پەزىلەت. ئالار
چاغدىمۇ ئۇ ئالدىڭىزغا كېلىپ «مېنى ئېلىڭ، مەن تېگەيمۇ»
دېمىگەن بولغىيتتى؟ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئاراڭلاردىكى زىددى-
يەت، ئۇنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبى، هەر ئىككىڭلارنىڭ دىققەت
قىلىدىغان جايلىرى هەققىدە سەۋرچانلىق بىلەن پاراڭلىشىشقا
تەكلىپ قىلىڭ. سودىدا زىيان تارتقان، كەسىپتە ئوڭۇشسىزلىققا
ئۇچرىغان بولسىڭىزمۇ ئوخشاشلا دەردىڭىزنى چۈشكۈنلۈكتىن،
ئۈمىدسىزلىكتىن، هاراق ـ شارابتىن ئالماي، مەسىلىنىڭ ما-
هىيەتلىك تەرىپى زادى نەدە؟ سىز قەيەردە كەتكۈزۈپ قويدىڭىز؟
بۇلارنى ئەستەيدىل تەھلىل قىلىپ چىقىڭ ۋە تەشەببۇسكارلىق
بىلەن ئۇنى تولۇقلاڭ، ئەڭ زور دەرىجىدە تىرىشچانلىق كۆرسى-
تىپ بولسىمۇ، پايدىسىز ۋەزىيەتنى ياخشىلاشقا تىرىشىپ بېقىڭ.
ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندا، مەزلۇملارچە تېخىمۇ بەك تۈگۈلۈپ
بېشىنى ئىچىگە تىقىۋېلىش زىيان ـ كۈلپەتنى تېخىمۇ ئېغىرلاش-
تۇرۇۋېتىدۇ. كەلگۈلۈك كەلگەن ئىكەن، ئۇنى ئۇستىڭىزگە
ئالماي ئامالىڭىز يوق. قېچىپمۇ قۇتۇلالمايسىز. ئۇنىڭغا تېخىمۇ
بىچارىلەرچە، ئاجىزلارچە مۇئامىلە قىلماي، داددىللىق بىلەن يۈز-
لىنىڭ ۋە كېيىنكى قەدىمىڭىزنى قانداق ئېلىش توغرىلىق ئويلى-

نىڭ. ئەگەر مەلۇم بىر ساھەدىكى ئوڭۇشسىزلىق قۇتۇلدۇرۇۋې-
لىش، ئەسلىگە كەلتۈرۈش قەتئىي مۇمكىن بولغۇسىز ھالغا
چۈشۈپ قالغاندا، مەغلۇبىيەتنىڭ كەينىدىن يەنە لالما ئىتتەك،
ئەسكى لاتىدەك سۆرىلىپ يۈرمەي، ئۇنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كېتىڭ
ۋە دەرھال يېڭى نىشان تۇرغۇزۇڭ. بۇغا ئوۋلىيالمىغان بولسى-
ڭىز، كەكلىك ئوۋلىسىڭىز نېمە بوپتۇ؟...

شۈكرى قىلىڭ، ھېلىمۇ بۇنىڭدىن بەك ئېغىر مەغلۇبىيەتكە
ئۇچرىمىدىڭىز؟ ئۈمىدلىنىڭ، بەلكىم زور مۇۋەپپەقىيەتلەر سىز-
نى ساقلاۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، ئەڭ چىرايلىق ئاپتاپ
گۈلدۈرماملىق يامغۇردىن كېيىن چىقىدۇ. ئاتلىنىڭ! يەنە بىر
يېڭى مەنزىل سىزنى ساقلاۋاتىدۇ.

www.uyghurkitap.com

# 54. ئاچچىقىڭىزنى ئۆيدىكىلەردىن ئالماڭ

بىزدە بەزى ئەرلەر بار، سىرتتا خىزمەت، سودا ياكى باشقا ئالاقىلەردە ئىچ پۇشۇپ، ئوڭۇشسىزلىقتا ئۇچراپ قالسا، قاپىقى سېلىنىپ ئۆيىگە قايتىپ كېلىپلا دەردىنى خوتۇن - بالىلىرىدىن ئالىدۇ. خوتۇن - بالىلىرىغا قاپىقىنى ئاچمايدۇ. ھەتتا ۋارقىراپ - جارقىراپ، ئۇرۇپ - سوقۇپ كېتىدىغان ئەرلەرنىمۇ خېلى كۆپ ئۇچرىتىش مۇمكىن. قورسىقى ئېچىپ قالسىمۇ ئەتىدىن - كەچكىچە ئىشلەپ چارچاپ كەلگەن ئايالىغا ۋارقىرايدىغان، بولۇشىغا ئىچىپ غەرق مەست ھالدا قايتىپ كېلىپلا خوتۇن - بالىلىرىنى ۋارقىراپ يۇرۇپ ئويغىتىپ، ئۇلارغا پوپوزا قىلىدىغان، كەلسە - كەلمەس بۇيرۇقلارنى چۈشۈرۈپ لاۋزىلارچە ھۆركىرەيدىغان، سىرتتا ئوڭۇشسىزلىقتا ئۇچرىسا، خۇددى ئائىلىسىدىكىلەر گۇناھكاردەك ئۇلارنىمۇ تەڭ چىشلەپ تارتىپ ئۆيدە بوران چىقىرىدىغان ئەرلەر، ئاتىلارغا نېمە دەيمىز؟

تۇرمۇش تۈپتۈز يول ئەمەس. بۇ يولدا سىزگە ئازغان، تىكەنمۇ، تىك قىيا ھاڭمۇ، سۇ - مۇزلۇق ئوكيانمۇ، سۇسىز، گىياھسىز چۆل - باياۋانمۇ ئۇچرايدۇ. ئەمما ھەرگىز ئېسىڭىزدىن چىقارماڭكى، تۇرمۇشنىڭ قەھرىتان سوغۇقىدا سىزگە ئىللىقلىق بەرگۈچى مەڭگۈ سۇۋۇماس ماكانىڭىز - ئائىلە ۋە ئۇندىكى سىز ئۇچۇن مەڭگۈ ئوت - ھارارەت سۇنۇپ تۇرىدىغان ئەزىزا-

نە كىشىلىرىڭىزدۇر. تۇرمۇشنىڭ چىدىغۇسىز قوقاس قىزنقىدا سىزگە مۇزدەك بۇلاق سۇيىنىڭ راھىتىنى بېرىپ، چاڭقىغان تەن - روھىڭىزغا نىجادلىق بەرگۈچى يەنىلا ئائىلىڭىز، ئائىلە-ڭىزدىكىلەردۇر. تىكەن كىرسە مەلھەم سۈركەپ كىرپىكلىرىدى-كى مېھىر - مۇھەببەت موچىنلىرى بىلەن تىكەننى يۇلۇپ ئېلىپ ئورنىغا سۆيگۈ دەرياسىنىڭ پاكىز ئابىھاياتلىرىنى قويۇپ داۋالى-غۇچى، سىرتلاردا، نامەلۇم قول، يات تىل - دىل تەرىپىدىن شىكەستىلەنگەن تېنىڭىز - دىلىڭىزنىڭ دەرد - كۆلپەتلىرى ئۇچۇن سەمىمىي ۋايىم يەپ بېرەلەيدىغىنى ۋە گۈل - گۈلىستان باغدەك ئىللىق، خۇش پۇراق قۇچاقلىرىدا شادلىق، خاتىرجەم-لىك، بەخت، گۈزەللىك تۇيغۇلىرىنى دەستە - دەستىلەپ سىزگە قوشقوللاپ سۇنىدىغىنى يەنىلا خوتۇن - بالىلىرىڭىزدۇر. ئەجەبا، سىزگە مېھىردىن بۆلەك نەرسە سۇنمايدىغان ۋە سىزدىن مېھىر-دىن بۆلەك ئارتۇق نەرسە تەلەپمۇ قىلمايدىغان مۇنداق كاتتا مەر-ھەمەتكە سىزنىڭ بېرىدىغىنىڭىز قوپاللىق، غەزەپ، ئاچچىق، ھەتتا تاياق - توقماق بولسا - ھە؟! يۇسۇپ خاس ھاجىپ ھەزرەتلىرى: «بەگلەر غەزەپلەنسە بەگلىك بۇزۇلىدۇ» دېگەننى ئىنتايىن دانالىق بىلەن. شۇبھىسىزكى، ئەر غەزەپلەنسە، يەنە كېلىپ ئورۇنسىز، يوقىلاڭ ئىشلارغا تولا غەزەپلىنىۋەرسە خوتۇن كىشىنىڭ مۇھەببەتكە، ئاسراشقا تەشنا قەلبى قاتتىق ئازار يەي-دۇ. يەنە كېلىپ سىرتتىكى ئىشلارنى سۆرەپ ئەكىلىپ دەردىنى خوتۇن - بالىلىرىدىن ئالىدىغان ناھەقچىلىككە بويىنىنىڭ ئۇستىدە دۇرۇس ئىشلەيدىغان كاللىسى بار ھەر قانداق ئىنسان بالىسى ھەرگىز چىداپ تۇرالمايدۇ، بۇنداق ئىش تولا تەكرارلىنىۋەرسە

www.uyghurkitap.com

ئائىلىدە ماجىرا، زىددىيەت كۆپىيىپ قالىدۇ ـ دە، خەيرلىك باشلانغان نىكاھقا چىۋىن چۈشۈپ قالىدۇ.

بۇرادەر، خىزمەت، كەسىپ، سودا، كىشىلەر بىلەن بولغان ئالاقە ھامان ئائىلە خاتىرجەملىكى ۋە ئائىلە ئەزالىرى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتتىن تۆۋەن، كېيىن تۇرىدۇ. يەنى بىر ئائىلە ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا، سىرتتا بېجىرىلىدىغان بارلىق ئىشلار ئائىلە، ئۆي ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. ئەرنىڭ جان دەپ خىزمەت قىلىشى تۈپ نېگىزىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئائىلىنى خاتىرجەم قىلىش، قامداش، خوتۇن ـ بالىلىرىنى جايىدا بېقىش ئۈچۈندۇر. ئۇنىڭ ھەر قانداق ئادەم بىلەن بولغان ھەر قانداق مۇھىم ئىشى، مۇنا- سىۋىتى، مەنسىپى، نەتىجىسى، تەتقىقاتى… قارىماققا شەخسنىڭ كەسپىي ئىقتىدارىنى نامايان قىلىش ۋە نەتىجە قازىنىش ئۈچۈن بولۇۋاتقاندەك قىلىسمۇ، ئەمما ئاشۇ نەتىجىلەر يەنىلا ئۆيدىكى خاتىرجەم ئائىلە مۇھىتىنىڭ تىرەك ـ يۆلەك بولۇشى ئاساسىدا روياپقا چىقىدۇ ۋە يەنە ئاخىرىدا شۇ ئۆي، شۇ ئائىلىگە قايتىپ كېلىدۇ… بىزنىڭ مەقسىتىمىز ياخشى ياشاش، ئۆمرىمىزنى ئە- مەللەرنى قىلىش بىلەن شاد ـ خۇرام ئۆتكۈزۈش. ئەجەبا ئاشۇ ياخشى ئەمەللەر بىر ساغلام، دۇرۇس ئەقىدىگە ۋە ئىشەنچكە تولغان ئائىلە مۇھىتىنى شەرت قىلمامدۇ؟… «بىز ئائىلىدىن كەلگەن، ئائىلىگە قايتىمىز» (ئابدۇرېھىم دۆلەت) . سىرتتىكى ئىشلارنى دەپ ئۆيدىكى ئىشەنچ، ھۆرمەتنى بۇزمايلى. ھاياتلىقتىد- كى ۋاستىلىك ئىشلارنى ھاياتنىڭ تۈپ مەقسىتى ئورنىغا دەسسە- تىۋالمايلى. سىرتقى ئىشلار ۋاستە، ئائىلە ۋە ئائىلە ئەزالىرى ئارىسىدىكى چىن ئەقىدە، ھۆرمەتنى ساقلاش ئاساسىدا خاتىر-

جەم، خۇشال ياشاپ ئۆزىمىزنىڭ ھاياتلىق نىشانى ئۈچۈن كۈرەش
قىلىش، مانا بۇ ئائىلە قۇرۇش، ئۆي تۇتۇشتىكى تۈپ مەقسەت!

سىرتتا مەيلى قانچىلىك زور قىيىنچىلىققا يولۇققۇڭ، ئۆيگە
كۈلۈپ كىرىڭ. خالىسىڭىز مۇشكۈلاتىڭىزنى ئائىلىدىكىلەر بى-
لەن ئورتاقلىشىڭ. ئەمما، ۋارقىراپ - جارقىراپ يۈرۈپ ئىللىق
ماكانىڭىزنى مۇدھىش ئۆڭكۈرگە، مېھىر گۈلخانىڭىزنى مۇز دۆ-
ۋىلىرىگە، ئەڭ سەممىي مۇھەببەتلىك تەلپۈنۈشلەرنى زەھەرخەندە
ئۆچمەنلىككە ئايلاندۇرۇۋالماڭ.

www.uyghurkitap.com

# 55 . مۇۋاپىق چېنىقىپ بېرىڭ

تەن ئالمىساق بولمايدىغان رېئاللىق شۇكى، ئۇيغۇرلارنىڭ تەن ساپاسى شىددەت بىلەن ئاجىزلاپ كېتىۋاتىدۇ. بىز ئەپسانە، رىۋايەت ۋە ئاقساقاللىرىمىزنىڭ ئاغزاكى بايانلىرىدىن كۈچ ۋە پاراسەتتە كىشىنى تاڭ قالدۇرىدىغان نۇرغۇن قەھرىمانلىرىمىزنىڭ شەرەپلىك ھېكايىلىرىنى ھەۋەس بىلەن ئاڭلاپ چوڭ بولغان. ئەمما، بۈگۈن قارايدىغان بولساق، ئەرلىرىمىزمۇ بارغانچە ئىنچىكە، زىلۋالىشىپ كېتىۋاتىدۇ (ئۆزۈممۇ شۇنىڭ ئىچىدە). بوي ئېگىزلىكى، بەدەن قۇرۇلمىسى، تەن كۈچى، چىدامچانلىقى، كېسەلگە قارشى تۇرۇش كۈچى... قاتارلىق كۆپ خىل ئامىللار نۇقتىسىدىن قارايدىغان بولساق، ياشلىرىمىز، ئۆسمۈرلىرىمىزنىڭ بەدەن ساپاسىدىكى ئاجىزلىشىش، پاكارلىشىش، ماغدۇرسىزلىق، كۆپ كېسەل بولۇش ئەھۋاللىرىنىڭ ئىنتايىن ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى بايقايمىز. بىز بۇنى ئوزۇقلۇق، ياشاش مۇھىتىنىڭ ئۆزگىرىشى، تۇرمۇش ئادىتىنىڭ ناچارلىقى... قاتارلىق ئامىللارغا باغلاپ چۈشەندۈرۈشىمىز مۇمكىن. ئەمما بىزنىڭ مەقسىتىمىز چۈشەندۈرۈشلا ئەمەس، بەلكى ساغلام، جۇشقۇن، تېتىك، بەردەم تەن ساپاسىغا ئېرىشىش ئۇلۇغ غايە، ئۇلۇغ پىلان ئۇچۇن شۇنى كۆتۈرەلىگۈدەك مەزمۇن تەن كېرەك. زەئىپ تەن يۇكسەك غايىلەرنى كۆتۈرۈشتە ھالسىراپ قالىدۇ...

بۇرادەر، بىزدە «تەن ساقلىق زور بايلىق»، «ساغلاملىق

بىباھادۇر» دېگەنگە ئوخشاش ھېكمەتلەردىن كۆپ مىڭى تېپىلى-
دۇ. ئاشۇ كاتتا ھېكمەتلەرنىڭ ھەممىسى بىرلا گەپنى «سىزدە
ساغلام تەن بولسۇن» دېگەننى تەۋسىيە قىلىدۇ. ئۇنداقتا، ئاشۇ
ساغلام تەن، ساغلام ۋۇجۇد قانداق يېتىلىدۇ؟

دېھقانلارنىڭ ئەمگىكى تەڭداشسىز چېنىقىشتۇر. شۇڭا ئۇلار
ئەڭ ئادەتتىكى تائاملار بىلەنمۇ بەقۇۋۋەت، تەندۇرۇس. ئۇلارنىڭ
يىلدا يەيدىغان گۆش مىقدارى شەھەرلىكلەر، ئىشچى - خىزمەت-
چىلەر ھەپتىدە ياكى ئايدا يەيدىغان گۆش مىقدارىغا تەڭ كېلىشى
مۇمكىن. ئۇلار يازدا يالاڭ ئاياغ دېگۇدەك يۈرۈپ ئادەتلەنگەن.
قىشتىمۇ ئۇنچىۋىلا قېلىن كىيىنىپ كەتمەيدۇ. ئازراقلا زۇكام
بولۇپ قالسىمۇ، دوختۇرخانىغا يۈگۈرمەيدۇ، دورىغا يېلىنمايدۇ.
ئۇلار بەدىنىنى ھەرىكەت ئارقىلىق ۋە تەبىئىي ئوزۇقلۇقلار ئارقى-
لىق تەڭشەشنى بىلىدۇ. مانا بۇ ساغلام تەنگە ئېرىشىشتىكى
ئاچقۇچ.

بۇرادەر، ھەرىكەت قىلىپ بېرىڭ، بەرىكەت ھەرىكەتتە.
مەيلى سىز قانچىلىك قۇۋۋەتلىك يەڭ، لايىقىدا ھەرىكەت بولمىسا
يېگەن تائامىڭىز قۇۋۋەتلىك تەن - ئەزايىڭىزغا بارماس. چۈشكىچە
ئۇخلاپ ياتماڭ، سەھەر تۇرۇپ ئاز - تولا ھەرىكەت ئىشلەڭ ياكى
سەھەرنىڭ ساپ ھاۋاسىدا ئايلىنىپ بېرىڭ. ھەرگىزمۇ كۈن
چىققۇچە ئۇخلاپ يېتىپ، ئاندىن ھاپىلا - شاپىلا قوپۇپلا يۈز -
كۆزىڭىزنى چالا - پۇلا يۇيۇپ، ئۇيقۇلۇق ھالدا ئاز - تولا ناشتا
قىلىپ يەنە ئىشقا، سودىغا خاراموش ھالدا يۈگۈرمەڭ. ئۇيقۇلۇق
ھالدا يېگەن تائامدا تەممۇ بولماس، ئىشتىھامۇ بولماس. كەچلى-
كى يانپاش يېتىپلا تېلېۋىزورنىڭ ئالدىدا ۋاقىت ئۆتكۈزمەڭ.
كۈندۈزلىرى ئىلاجىنىڭ بارىچە ئاز - تولا پىيادە ھەرىكەت قىلىپ

www.uyghurkitap.com

بېرىڭ. ئۇنىڭدىن باشقا، مۇمكىن بولسا مۇۋاپىق چېنىقىش ھە-
رىكىتى ئىشلەڭ. كۆپىنچە كىشىلەر چېنىقىشقا زادىلا ئەھمىيەت
بەرمەيدۇ. بولۇپمۇ ئوتتۇرا ياشلىق كىشىلەر، ياشلار ئارىسىدا
چېنىقىدىغانلار يوق دېيەرلىك. مانا بۇ ھال بىزنىڭ كىشىلىرد-
مىزنى ئوڭايلا كېسەل، ئاجىزلىق، چۈشكۈنلۈكنىڭ قوينىغا باش-
لايدۇ. ئەگەردە سىزمۇ ئاشۇ خىل ھۆرۈن، ئاجىزلىق بىلەن
سۆرۈلۈپ ياشاۋەرسىڭىز، بالىلىرىڭىزدىمۇ ئەلۋەتتە تەن - ئەزا-
يىنى كۆچلەندۈرۈشكە قارىتا ھەۋەس، تونۇش، قىزىقىش بولماي-
دۇ. سىز ھۆرۈن، ئىبىنجا بولسىڭىز بالىلىرىڭىزنىڭ تېخىمۇ
ئىنجىمارۇق، كېسەل كۆرپىسى ھالدا يوغىناپ قېلىشى ئېھتىمال-
غا بەك يېقىن. چۈنكى ئەۋلادلارنىڭ تەن ساپاسى ئىنتايىن زور
دەرىجىدە ئاتا - ئانىسىنىڭ تەن ساپاسىغا باغلىق بولىدۇ. بالىلى-
رىڭىزنىمۇ ئاجىز، كۈچسىز، لاتىدەك بوش قىلىپ تەربىيىلەپ
چىقماڭ. «ئەۋلادلىرىڭلارنى باشقا بىر زامان ئۈچۈن تەقدىم ئې-
تىڭلار، ئۇلار سىلەر ياشىغان زاماندىن باشقا بىر زاماندا ياشىماق
ئۈچۈن كەلگەندۇر» . (ئابدۇقادىر داموللام. «مىفتاھۇل ئەدەپ-
تىن» ) ئۇلار ئۈچرايدىغان بېسىم سىز ئۈچرىغاندىنمۇ كۆپ،
ئېغىر بولىدۇ. ئۇلارغا يېيىش - ئىچىشنىلا ئەمەس، ھەرىكەت
قىلىش، چېنىقىشنىمۇ، ئىسسىق - سوغۇققا بەرداشلىق بېرىش-
نىمۇ ئۆگىتىڭ. ئۇلار ئىنتايىن قىممەتلىك بىر ئەۋلاد، شۇنداقلا
سىزمۇ ئىنتايىن قىممەتلىك ئۇلىغۇچ. ئۇلىغۇچ مەزمۇت بولمىسا
تۇرلۇك بېسىملارغا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. سىزدە ئۇلۇغ غايە
بارمۇ؟ ئۇلۇغ غايە بېجىرىم تەنگە موھتاج. سىزنىڭ شىللىڭىزدە
ئائىلە، جەمئىيەتنىڭ قانچىلىك مەسئۇلىيىتى بار؟ مەسئۇلىيەت
ھەرىكەتكە، ئەمەلگە، تەننىڭ بېجىرىم - تېتىكلىكىگە موھتاج.

ئۆنتۆپ قالماڭ، لاله ئوتتا[1] قوغۆن چۆشمەيدۆ. بوشاڭ ئەردىن باتۆر چىقمايدۆ. قىيىنچىلىق، مۆشكۆلات ئالدىدا توشقاندەك تۆ- گۆلۆپ، لالمىدەك قۆيرۆق قىسىپ قاچماسلىق ئۆچۆن مۆستەھ- كەم تەن، قەتئىي ئىرادە، ئۆلۆغ غايە بىردەك كېرەك، جىسمانىي شەرت بولمىسا روھىي كاپالەت ئەسقاتماس.

① لاله ئوت ـ بۆغداي، قوناقلىقتا ئۆسىدىغان ئىنتايىن ئاجىز ئوت.

www.uyghurkitap.com

## 56 . ساياھەت قىلىڭ

ئەر كىشىنىڭ نەزەر دائىرىسى كەڭ، پىكرى ئوچۇق، بې-كىنمە تەپەككۇر، ئويدىن يىراق بولغىنى ياخشى. مەلۇم بىر رايون ياكى تۇرمۇش مۇھىتىدا ئۇزاق مەزگىللىك بېكىنمە ياشاش ھالىتى كىشىنىڭ خىيالىنى ئاددىي، ئوي - پىكرىنى تار، تەپەككۇرىنى ئۆلۈك قىلىپ قويىدۇ. مەشھۇر كىشىلەرنىڭ تەر-جىمىھالىغا قاراپ باقىدىغان بولساق، بىز ئۆيىگە ياكى مەلۇم بىر چەكلىك رايونغا سولىنىپ ئولتۇرۇپ، كاتتا نەتىجىلەرنى ياراتقان ھېچقانداق بىر شەخسنى ئۇچرىتالمايمىز. ئەگەردە مەلۇم بىر شەخس قازناقتا سولىنىپ ئولتۇرۇپ كاتتا نەتىجىلەرنى ياراتقان دېگەندىمۇ، ئۇنىڭ قىلغان ئەمگىكىنىڭ چەكلىمە، بىر تەرەپلىمى-لىك، يۈزەكىلىك ۋە ساددىلىق، گۆدەكلىكتىن خالىي بولۇشى ناتايىن. قازناقتىن چىققان پەلسەپە دۇنياغا ماس كەلمەس. قە-پەس ئىچىدىكى قۇشنىڭ ئوي - خىيالى خەقكە سايراپ بېرىش ۋە دان تاشلاپ بېرىشنى كۈتۈشتىن ئىبارەت بولىدۇ.

بۇرادەر، ساياھەتكە، سەپەرگە چىقىپ بېقىڭ، دۇنيانى كۆ-رۈڭ. سەپەر ئەرنىڭ نەزىرىنى كېڭەيتىدۇ. سىز بوسۇغىدىن ئاتلاپ ئۆزىڭىزگە يات دۇنيا بىلەن ئۇچراشماي تۇرۇپ، ئۆزىڭىز، ئائىلىڭىز، مەۋجۇتلۇقىڭىز، تەقدىرىڭىز ۋە ئەتىڭىز ھەققىدە تېرەن ئويلارغا پاتالمايسىز، ئۆزىڭىزنى ھاياتنىڭ ھەقىقىي مەنى-لىك قاينام - تاشقىنلىق دۇنياسىغا ئاتالمايسىز. مەلۇم رايون

ياكى مۇھەتتا ئۆزۈن ياشاش كىشىنى چۈشكۈن، شۈكرىچان، كالىدەك مۆرىمەس، ئالغا ئىنتىلمەس قىلىۋېتىدۇ. شۈكرىچانلىق ئىنتايىن ئېسىل پەزىلەت. ئەمما ناچار مۇھىت، قاششاق كەيپىيات، خورلۇققا تولغان بۇرۇقتۇرما شارائىتقىمۇ قۇللارچە شۈكرى قىلىش پەزىلەت ئەمەس جىنايەتتۇر. سۇزۇك سۇمۇ ئۇزاق تۇرسا سېسىيدۇ. تۇلپارنىمۇ باغلاپ قويسىڭىز قېچىرلىشىپ كېتىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاشلا ئادەمدىمۇ ئىنتايىن پايانسىز تەپەككۇر، تەسەۋۋۇر، ئىجاد ئىقتىدارى بولىدۇ. ئىنسانغا بۈيۈك نېئمەت قاتارىدا تارتۇقلاپ بېرىلگەن ئەقىل ـ پاراسەتنى خۇدانىڭ قۇتلۇق كۈنى ئۆزگەرمەس. مەززىسىز تەكرار ئىشلارغا سەرپ قىلىۋېرىش كىشىنىڭ تەپەككۇرىنى بوغىسا بوغىدۇكى ئاچمايدۇ. شۇڭا، ئىشلىرىڭىزنى مەلۇم ۋاقىت تاشلاپ قويۇپ ئۆزگىچە مۇھىت، ئۆزگىچە ئادەملەر دۇنياسى بىلەن ئۇچرىشىپ بېقىڭ. ئۆزىڭىز ھەرىكەت قىلىپ ئادەتلەنگەن تار دۇنيا بىلەن رەڭگارەڭ پايانسىز دۇنيانى سېلىشتۇرۇپ بېقىڭ، ئۆزىڭىز بىلەن باشقا مۇھىت ـ يات شارائىتتىكى كىشىلەرنى تەققاسلاڭ. كىشىلەر قانداق ياشاۋاتىدۇ؟ دۇنيانىڭ تەرەققىيات رىتىمى قانداق كېتىۋېتىپتۇ؟ سىز قايسى خىل تۇرمۇش ئۇسۇلى بىلەن قانداق ھالدا ياشاۋېتىپسىز؟ سىزنىڭ ياشاش ئۇسۇلىڭىز دۇنياۋى ئۆزگىرىشنىڭ تەرەققىيات رىتىمى، يۈزلىنىشى بىلەن ماس كېلەمدۇ ـ كەلمەمدۇ؟ ماس كەلمەيدىكەن دەپ قارىسىڭىز نېمىنى ماس كەلمەيدۇ؟ نېمىشقا ماس كەلمەيدۇ؟ دۇنياۋى يۈزلىنىش بىلەن سىزنىڭ ئارىڭىزدىكى ھال، سىز ياشاۋاتقان جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي ھالى ئارىسىدىكى پەرق قانچىلىك؟ بۇ خىل پەرقلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئامىللار زادى نېمە؟ سىزدە قانچىلىك ئىقتىدار بار

www.uyghurkitap.com

ئىكەن؟ سىز ئاشۇ خىل ئىقتىدارىڭىزنىڭ قانچىلىك قىسمىنى سەرپ قىلىپ، قانچىلىك قىممىتىڭىزنى نامايان قىلىپ كېلىۋېتىپسىز؟ سىز هازىرقى تۇرمۇش هالىڭىز ۋە ياشاش ئىقتىدارىڭىز بىلەن جەمئىيەتتە قانچىلىك ئورۇنغا ئىگە بولالايسىز؟ سىز شۇغۇللىنىۋاتقان كەسپىنىڭ هازىرقى ئەھۋاللىرى قانچىلىك؟ سىزنىڭ كەسپىڭىزدىكى ئەڭ يېڭى تەتقىقات يۈزلىنىشلىرى بىلەن سىزنىڭ سەۋىيىڭىز ئارىسىدا قانچىلىك پەرق بار بولۇشى مۇمكىن؟ سىز قانداق قىلىشىڭىز كېرەككەن؟...

ساياھەت ـ سەپەر قىلىش دېمەك ئۆزۈڭ، ئۆزلۈكۈڭ ھەققىدە قايتا ئويلىنىش دېمەكتۇر. سەپەر سەن ئۈچۈن بىر پارچە ئەينەكتۇر. ساياھەت ـ سەپەر جەريانىدا ئۇچرىغان ھەربىر نەرسە ـ ئىش سېنى ئۆزلۈكسىز ئۆزۈڭ ھەققىدە سېلىشتۇرما ئويلىنىشقا سۆرەيدۇ. سەن بۇ خىل سېلىشتۇرما ئويلىنىشتىن قاچمەن دەپمۇ قاچالمايسەن. سەپەر ساڭا ئۆز ئارتۇقچىلىقىڭنىڭ ۋە ئاجىزلىقلىرىڭنى بىرمۇ ـ بىر دەپ بېرىدۇ. ئەقلى ـ ھوشى سەگەك كىشىلەر ئۆزىگە ـ كۆزىگە يولۇققان ھەربىر مىدىر ـ سىدىردىن ئۆزىگە يارىشا مەنە ـ ھېس تاپالايدۇ. سەن بىخۇدلۇقتىن سەگىيسەن، ئاڭقاۋلۇقتىن ئويغىنىسەن، كىرىزىس تۇيغۇسى سېنى قىينايدۇ ۋە ناباب شۇكرىچانلىق، بىغەملىك ئىلكىدە ئۇخلاپ قالغان ئىنسانىي قەدىر ـ قىممەت تۇيغۇلىرىڭنى سىلكىپ ئويغىتىدۇ. دۇنياغا ئىنسانغا، ئائىلىگە، جەمئىيەت، مىللەت، مەۋجۇتلۇققا بولغان سادىدا، ئاددىي، گۆدەك، بىر تەرەپلىمە پىكىر ـ قاراشلىرىڭ تازىلىنىدۇ. ھەر تۈرلۈك كىشىلەر توپى ۋە ئىدىيىلەر قايىنىمى ساڭا دۇنياغا تېخىمۇ كەڭ، ئاقىلانە نەزەر، سوغۇققان پوزىتسىيە بىلەن قاراش كېرەكلىكىنى ئەسكەرتىدۇ.

يېنىكلىك، تەنتەكلىك، ئىتتىكلىك قىزىققانلىقتىن قوتۇلسەن ۋە ھاياتنىڭ ـ تۇرمۇشنىڭ، ئائىلىنىڭ، ئىنساني مېھىر ـ مۇھەببەتنىڭ، ۋاقىتنىڭ قەدرىگە تېخمۇ يېتىدىغان بولىسەن.

بۇرادەر، سەپەر قىلىڭ. قەلبىڭىزگە تىنىپ كەتكەن ئەخلەت ـ چاۋا، بىنورمال قاراش، ئادەتلەر تازىلانسۇن، ھاياتقا بولغان مۇھەببىتىڭىز، مەسئۇلىيەتچانلىقىڭىز تولۇپ ـ تاشسۇن. نەزىرىڭىز كېڭەيسۇن، گۆدەكلىكىڭىز، يەڭگىللىكىڭىز تۈگەپ، سوغۇققان، ئەتراپلىق، ئىنچىكە ئويلىنىدىغان دانىشمەن ئەرگە ئايلىنىڭ. سەپەر ئەرنىڭ بىلىنى قاتۇرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

## 57. ھەدېسىلا قۇسۇر ئىزدىمەك

بىر مۇنەۋۋەر ئەر تۇرمۇشتا مۇكەممەللىك قوغلىشىشقا ئام-راق كېلىدۇ. مەن شەمسىددىن تەبرىزىنىڭ «ئىنساننىڭ ياشىمى-قى نە ئۈچۈندۇر!» دېگەن سوئالغا بەرگەن: «ئىنساني كامىل بولماق ئۈچۈن» دېگەن قارىشىغا ھەقدا دەپ باش قوشقۇچىلاردىن ھەممە ئەرلەرگىمۇ مۇكەممەللىك قوغلىشىشنى، تاكامۇللىشىشقا تىرىشىشنى تەۋسىيە قىلغۇچىلاردىن. ئەمما ئۇنتۇمايلىكى، تۇر-مۇشتا ئۇزۇل - كېسىل كامىللىق، مۇكەممەللىك يوق. بىزنىڭ تەۋسىيىمىز پەقەت ئۆز كەمچىلىكلىرىمىزنى ئۈزلۈكسىز تو-لۇقلاپ نىسپىي بولغان مۇكەممەللىك ئۈچۈن تىرىشىشنى كۆرسى-تىدۇ. بۇ بىر كۈندىلا ياكى مەلۇم مەزگىللىك تىرىشىش ئارقى-لىقلا ئەمەلگە ئاشىدىغان ئىش ئەمەس. بەلكى ھاياتلىقنىڭ پۈت-كۈل جەريانىغا ياندىشقان ھالدا ئىزچىل داۋاملىشىدىغان باسقۇچ. شۇڭا مۇكەممەللىك قوغلىشىمەن دەپ بىراقلا ھەممىسىنى ئىنكار قىلىپ، ھەممىلا نەرسىدىن ئاغرىنىشقا بولمايدۇ. بولۇپمۇ باشقى-لاردىن قۇسۇر ئىزدەپ، كىگىزدىن قىل تېرىشكە بولمايدۇ.

ئايالىڭىز ياكى خىزمەتداش دوستلىرىڭىزدا مۇئەييەن كەم-چىلىك، يېتەرسىزلىكلەر بولۇشى مۇمكىن. مۇمكىنلا ئەمەس، مۇقەررەر. ئۇلارنىڭ كەمچىلىك، يېتەرسىزلىكلىرىنى تۈزىتىشى-گە ياردەم بېرىڭ، يەنى ئۇلاردا قانچىلىك كەمچىلىك بار، بۇنىڭ ئەتراپىتىكىلەرگە قانداق يامان تەسىرى بولۇشى مۇمكىن··· بۇ

نۇقتىلارنى سەمىمىيلىك بىلەن، ئۇلارنىڭ دىلىغا ئازار بەرمەيدى-
غان تەرزدە بايان قىلىپ ئۇلارنىمۇ خۇشال هالدا مۇكەممەللىككە
يېتەكلەڭ. ئەمما، ئۇلارنىڭ دىلىغا ئازار بېرىدىغان گەپ - سۆز
غەيۋەتلەردە بولماڭ. مۇهەممەد ئەلەيهىسسالام مۇنداق دەيدۇ:
«جەزمەنكى، سەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئەيىبلىرىنى ئىزدىسەڭ، ئۇ-
لارنى ۋەيران قىلىسەن ياكى پاتلا ۋەيران قىلىسەن»، باشقىلاردىن
قۇسۇر ئىزدىمەڭ. مۇنداق بىر گەپ بار: «خوتۇن تاللاش بىر
دۆۋە بۇزۇق ئالما دۆۋىسىدىن ئۆزىگە يارىغان، باشقىلىرىغا قارى-
غاندا زېدىسى ئازراق بىر ئالمىنى تاللىۋېلىشتۇر». دېمەككى،
تۇپ نېگىزىدىن ئالغاندا، سىزمۇ - خوتۇنىڭىزمۇ، دوست -
بۇرادەرلىرىڭىزمۇ بىر بۇزۇق، زېدە ئالما. بۇزۇلغان قىسمىنىڭ
چوڭ - كىچىكلىكى جەهەتتىن بىز بىر - بىرىمىزدىن پەرقلىنى-
مىز. شۇڭا، ئايالىڭىزدا ۋە هەم باشقىلاردا كەمچىلىك بارلىقىنى
چىن كۆڭلىڭىزدىن تەن ئېلىڭ هەمدە ئالمىنىڭ بارچە «بۇزۇق،
سېسىق» قىسمىنى داۋالاڭ. ئەگەردە داۋالىيالمىسىڭىز بۇ «بۇ-
زۇق، سېسىق» لىقىنىڭ يامراپ، كېڭىيىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن
تىرىشىڭ. ئەمما هەرگىز «سەن ئۇنداق، سەن مۇنداق» دەپ
كوتۇلدىماڭ، قۇسۇر ئىزدىمەڭ. بەلكى ئۇنىڭغا «بۇزۇق» قىس-
مىنى قانداق يېپىش - يۆگەشنى ئۆگىتىڭ، ئۇنىڭ كەمچىلىكلى-
رىنى سىز تولۇقلاڭ. تۇرمۇش بىر - بىرىدىن قۇسۇر ئىزدەپ،
بىر - بىرىنىڭ مەيدىسىدىن ئىتتىرىپ ياتلىشىدىغان سەهنە ئە-
مەس، بەلكى بىر - بىرىنىڭ كەمچىلىكلىرىنى يېپىپ، هەمكار-
لىق ئاساسىدا ئورتاق، ئومۇمىي مۇكەممەللىك ئۈچۈن تىرىشىدى-
غان مەيدان.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# 58. ئۆگىنىشتە كېچىكىش يوق

ھېچقانداق مەكتەپ، مەدرىس، مۇنتىزىم ساۋات تەربىيىسى كۆرۈپ باقمىغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيي كەلدى، «ئىقرە» (ئوقۇ) دېيىلدى. ئۇ ئوقۇشنى بىلمەيدىغانلىقىنى ئېيتقاندا «ئىقرە» دېگەن ئاۋاز يەنە بىر رەت تەكرارلاندى... ئوقۇش، ئۆگىنىش، ئىلىم ئىزدەش ھەربىر بەندە ئۈچۈن پەرز قىلىندى... ياش، جىنس، ئىرق پەرقسىز ھالدا بىر ئورتاق نىشان ئۈچۈن ئىزدىنىش، ئىلىم ئۆگىنىشكە تەۋسىيە قىلىش تولىمۇ ئاقىلانە ھەيدەكچىلىكتۇر.

جاھان ئىنتايىن تېز ئۆزگىرىۋاتىدۇ، ئىلىم - پەننىڭ تەرەققىياتى ۋە ھەر قايسى كەسىپ، ساھەلەردىكى تېخنىكا ئۆزگىرىشىنىڭ سۈرئىتى كىشى ئىشەنگۈسىز دەرىجىدە تېزلىشىپ كېتىۋاتىدۇ. بۇ ھال شەك - شۈبھىسىز ھالدا كىشىلەر ۋە دۆلەت، مىللەتلەرنىڭ مەۋجۇتلۇق قىممىتى، تەقدىرىگە ئىنتايىن ئېغىر خىرىسلارنى ئېلىپ كېلىۋاتىدۇ. مۇشۇنداق شارائىتتا ئۆگىنىشنى ئۆزىگە ئىزچىل ھەمراھ قىلالمىغان كىشى، مىللەتلەرنىڭ تەقدىرى شۈبھىسىزكى، نائېنىق مەۋھۇملۇقتا، قاراڭغۇلۇقتا قالىدۇ. تەرەققىياتنىڭ خىرىسلىرى ئالدىدا لايىقىدا ئىدىيىۋى تەييارلىق ۋە ئىلىم كۈچى، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت كۈچى بولمىسا، بىر مىللەتنىڭ ئۆتمۈشىنىڭ قانچىلىك پارلاق، خىيال - غايىلىرىنىڭ قانچىلىك ساماۋى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇ خارلىقتا، خورلۇقتا قالىدۇ.

بۇرادەر، ئۆگىنىشنى تاشلىماڭ، تاشلىغان بولسىڭىز باشلاڭ. بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان ئۆگىنىش سىزنى مۇنتىزىم مەكتەپكە كىرىپ كىتاب ئوقۇڭ، دەرس ئاڭلاڭ دېگەنلىك ئەمەس (ئۇنداق قىلالىسىڭىزغۇ بەك ياخشى ئىش بولاتتى). سىز ئاللىقاچان ئائىلىڭىز بار ئەر. ئۆز خىزمەت دائىرىڭىزدىكى كەسپىي بىلىملىرىڭىز ۋە چۈشەنچىلىرىڭىزنى ياخشىلاڭ، مۇكەممەللەشتۈرۈڭ. ھېچبولمىسا ئىش ئورنىدىن قېپقېلىش ھەققىدىكى قورقۇق ئەندىشىلەردىن خالىي بولالايسىز. جەمئىيەتتىكى تۈرلۈك ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ۋە كەسپلەردە جىددىي كېرەك بولىدىغان تىل، كومپيۇتېر سەۋىيىسىنى جەزمەن ھازىرلاڭ، ھېچبولمىسا باشقىلارنىڭ ئالدىدا تىلىڭىز تۇتۇلمايدۇ، خەقكە يېلىنىپ - يالۋۇرمايسىز، ئىشلىرىڭىزنى خېلىلا توسالغۇسىز، چۈشىنىپ تۇرۇپ بېجىرەلەيسىز. بالىلىرىڭىزنىڭ ئوقۇشىغا مۇناسىۋەتلىك بىلىملەرنى بىرەر قۇر كۆرۈپ قويۇڭ. بالىلارنىڭ يېتىلىشىدە ئاتا - ئانىنىڭ ساپالىق، بىلىملىك بولۇشى ئىنتايىن زور رول ئوينايدۇ. ئۇ سورىغان سوئاللارغا ھەرگىز سەل قارىماي جاۋاب بېرىشىڭىز كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن قورساقتا ئاش، سۇنىڭ ئارىلاشما قالدۇقاتلىرىلا ئەمەس، ئاز - تولا ئىلىم - بىلىم بولۇشى كېرەك. يەنە مۇمكىن بولسا دۇنيا ۋەزىيىتى، ئۆز مەدەنىيىتىڭىز، تارىخىڭىز، ئەدەبىيات - سەنئىتىڭىزگە دائىر ئۇچۇرلارنى ئوقۇپ قويۇڭ، بىلىپ قويۇڭ. ئىنسان ئوقۇغىنى، ئۆگەنگىنى توغرىلىق پۇشايمان قىلماس. ئەمما بىلمىگىنى، ئوقۇمىغىنى توغرىلىق ئىنچىل پۇشايمان قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. ئۆگىنىڭ، كىتاب ئوقۇڭ. تۇرمۇشتىن مەنە تاپالايسىز. بۇزۇقچىلىقتىن نېرىراق تۇرالايسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرلىكى تورسى

## 59. مايلىق تاماقلارنى كۆپ يېمەڭ

تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ كىشىلەرنىڭ ئىستېمال ئادىتى ۋە سەۋىيىسىدە زور ئۆسۈش، ئىلگىرىلەشلەر بولدى. بۇ كىشىلەرنىڭ ساغلام ئۆسۈش، قۇۋۋەت تولۇقلاش ئارزۇسىغا ماددىي جەھەتتىن مەلۇم ئىمكانىيەتلەرنى ئېلىپ كەلگەن بىلەن يەنە ئۆز نۆۋىتىدە يۇقىرى ئىستېمال ئادىتىدىن بولىدىغان مەلۇم كېسەللىكلەرنىمۇ بىرگە ئېلىپ كەلدى. دىئابېت كېسىلى، يۇقىرى قان بېسىم، قاندا ماي ماددىسى ئېشىپ كېتىش، جىگەرنى ماي قاپلاش... قاتارلىق ئوتتۇرا ياش، ياشانغان كىشىلىرىمىزنى ئازابلاۋاتقان كېسەللىكلەر دەل مايلىق تاماقلارنى بەك كۆپ يېيىش، قۇۋۋەتلىك تاماقلارغا ئادەتلىنىش، ھەرىكەت ئاز بولۇش... قاتارلىق ئامىللاردىن كېلىپ چىقىۋاتقان ھادىسىلەردۇر.

مايلىق تاماقلارنى بەك كۆپ يېمەڭ. يەنى كۈندىلىك يېمەكلىك ئادىتىڭىزدە مايلىق تاماقلار مۇتلەق كۆپ قىسىم نىسبەتنى ئىگىلەپ كەتمىسۇن. كىشىلەر گۆشسىز تاماق يېيەلمەس بولۇپ كەتتى. بۇ ھال ئۇزاق داۋاملاشسا كىشىلەرنىڭ ساغلام، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشىگە پايدىسىز. چۈنكى گۆشنى بەك كۆپ ئىستېمال قىلىش بەدەن، ئۇستىخاننى ئاستا ـ ئاستا ئاجىزلاشتۇرۇپ چىرىتىۋېتىدۇ. تېۋىپلىرىمىز بەزى بىمارلارنى كەمبەغەللەرچە تۇرمۇش كەچۈرۈشكە تەۋسىيە قىلىۋاتىدۇ. بەدىنىدە ماي مىقدارى

ئېشىپ كەتكەن، قان بېسىم، قان قۇيۇلۇپ قېلىش قاتارلىق كېسەللەرگە گىرىپتار بولغان بىمارلارنىڭ ئاخىرى بېرىپ قوناق تامىقى، مايسىز، گۆشسىز تاماقلارغا چۈشۈپ قېلىشى بەلكىم يۇقىرى ئىستېمال ئادىتىنى شەكىللەندۇرۇۋالغان كىشىلىرىمىز-نىڭ قورساق، ساغلاملىق ئالدىدا تۆلەيدىغان بەدىلى بولۇشى مۇم-كىن. قېرىغاندا يېمەكلىك جازاسىغا ئۇچراپ، ھەر تەرەپتىن زور قىيىنچىلىققا ئۇچرىماي دېسىڭىز، ئەڭ ياخشىسى ياش چېغىڭىز-دىن باشلاپ قورساقنى پەم بىلەن تەڭشەپ تويغۇزۇشنى ئۆگىنىۋې-لىڭ. مايسىز، گۆشسىز تاماقلارغىمۇ ئادەم ئۆلۈپ قالمايدۇ، دېھقانلىرىمىز ھېلىھەم يەنە شۇ خىلدىكى تائاملار بىلەن يەنە تەندۇرۇس ھالدا كەتمىنىنى راۋرۇس چېپىپ كېلىۋاتىدۇ. ماي-سىز، گۆشسىز تائاملار ئارقىلىق ئۆزىڭىزنى، تېنىڭىزنى ھەر تەرەپلىمە تەڭشەپ تۇرسىڭىز، قىيىنچىلىق، ئوڭۇشسىزلىق كۈن-لەردىمۇ ئۇنچىۋالا زارلاپ، ئىچىڭىزگە ئېلىپ كەتمەيسىز. تۇر-مۇشنىڭ ھەر ئىككى تەرىپىگە ماس ھالدا يۈزلىنىڭ.

يەنە بىر تەرەپتىن ئىزچىل، مايلىق تائاملار بىلەن ئوزۇقلى-نىشنىڭ ئائىلىدىكى پەرزەنتلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە مۇئەييەن پاسسىپ تەسىرى بار. باللىرىڭىز تاماق يېگىلى ئۇنىماي قىينام-دۇ؟ يالۋۇرۇپمۇ باللىرىڭىزغا تاماق يېگۈزەلمەي جىلى بولغان، ئاچچىقلانغان چاغلىرىڭىز بولغانمۇ؟ شۇنچىۋالا قۇۋۋەتلىك يەپ تۇرۇپ باللىرىڭىزنىڭ چىرايىدا قان، پۇت - قولىدا ماغدۇر يوقمۇ؟ ئىنكاسى ئاستىمۇ؟...

تەتقىقاتلار مايدا پىشۇرۇلغان يېمەكلىكلەرنى كۆپ يېيىشنىڭ ئىشتىھانى، چوڭ مېڭىنىڭ ئىنكاسىنى تۆۋەنلىتىۋېتى-دىغانلىقىنى، مايدا پىشۇرۇش جەريانىدا يېمەكلىك تەركىبىدىكى

ئوزۇقلۇق ئېلېمېنتلىرىنىڭ زور زىيانغا ئۇچرايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ چىقتى. باللىرىڭىزغا ئۇماچ، قوناق تاماقلىرىنى، مايسىز، گۆشسىز تائاملارنىمۇ يېگۈزۈپ تۇرۇڭ. ئۇلارغا ئۆز قەۋمىڭىز ئىچىدىكى مۇتلەق كۆپ قىسىم ئاممىنىڭ ھېلىھەم مانا شۇنداق مايسىز، گۆشسىز تائاملار بىلەن غىزالىنىدىغىنىنى، ئۇلارنىڭ يەنىلا خۇشال، ساغلام ئۆسۈۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈڭ. مۇمكىن بولسا باللىرىڭىزنى سەھرالارغا، يېزىلارغا ئېلىپ بېرىپ بىر تال داننىڭ قانچىلىك بەدەل ھېسابىغا ئاندىن قاچىغا چىقىدىغىنىنى بىلدۈرۈڭ، دېھقانلارنىڭ مېھنەت سىڭگەن تائاملىرىدىن غىزالاندۇرۇڭ. ئۇلارنى ئىش ـ ئەمگەك بىلەن چېنىقتۇرۇڭ. شۇندىلا باللىرىڭىز تاماق تاللىمايدۇ، ئىشتىھاسى ئېچىلىدۇ، تېجەشلىك، ئاش ـ ناننىڭ قەدرىنى قىلىدىغان پەزىلەتلىك ئىنسانغا ئايلىنىدۇ. بەك مايلىق تاماق ئىنكاسىنى ئىنتايىن تېز دەرىجىدە ئاستىلاشتۇرۇۋېتىدۇ. باللىرىڭىزنى يېمەكلىك ئارقىلىق ئاجىزلاشتۇرۇۋەتمەي، بەلكى يەم بىلەن پەم بىرلەشكەن ھالدا تەربىيىلەپ كۈچلەندۈرۈڭ. ئۆزىڭىزمۇ قېرىغاندا يېگۈڭىز بار نەرسىنىمۇ يېيەلمەيدىغان بىچارە ھالغا چۈشۈپ قالماڭ.

www.uyghurkitap.com

## 60. پۇل تېپىش

كلاسسىكلىرىمىزدىن تارتىپ بۈگۈنكى زاتى مۇبارەكلىرد-
مىزگىچە ۋە دىندىن پەنگىچە ھەممىسىنىڭ ئۆزىگە خاس پۇل،
ئىقتىساد قارىشى بار. پۇل ھاياتلىقتىكى ئىجتىمائىي ئالاقە،
تۇرمۇش ئېھتىياجىدا كەم بولسا بولمايدىغان تاۋار ئالماشتۇرۇش
ۋاستىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىنتايىن مۇھىم مۇھاكىمە
تېمىسى بولۇپ كەلدى. پۇل توغرىلىق نۇرغۇن كۆزقاراشلارنى
تېپىش مۇمكىن. بىز ئۇيغۇرلارنىڭ پۇل ھەققىدىكى كۆزقاراشلى-
رىنى تىنتىپ باقىدىغان بولساق، بىزدە يىغىنچاقلاپ قىسقارتقاند-
دا، پۇلغا قارىتا مۇنداق ئۈچ خىل كۆزقاراشنى ئۇچرىتىش مۇم-
كىن. بىرى، پۇلنى ھەممىدىن مۇھىم ئورۇنغا قويۇۋېلىش، پۇل
تېپىش ئۈچۈن ھەر قانداق ۋاستە تاللىماي تىرىشىش؛ ئىككىن-
چىسى، تاپسا خەجلەش، لېكىن پۇل تېپىش ئۈچۈن ئۇنچىۋالا
كۆچىمەسلىك، ئىنتىلمەسلىك؛ ئۈچىنچى، پۇلنى كۆزگە ئىل-
ماسلىق، ئۇنى ئۇنچىۋالا مۇھىم دەپ قارىماسلىق، روھىي بايلىق-
نى ماددىي بايلىقتىن ئايرىپ ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇۋېلىش. بىزدە
پۇلنى مەنسىتمەسلىك ۋە پۇلغا ئىنتىلمەسلىك قارىشىنى ئىنتايىن
كەڭ ئومۇملاشقان دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. بولۇپمۇ سوپىزم ۋە
ئۇنىڭ تەسىرىدە بۇرمىلانغان دىنىي ئېتىقاد بىزگە پۇل -
دۇنيانى ئىنتايىن يامان نەرسە، كىشىلەرنى بۇلغىغۇچى، ئازغۇ-
چى، توغرا يولدىن چىقارغۇچى زەھەر قاتارىدا بوياپ كۆرسىتىپ،

كىشىلىرىمىزنى ئالدى بىلەن ماددىي جەھەتتىن ئاندىن مەنىۋى جەھەتتىن زور قالاقلىق ۋە قاششاق، رەزگى چۈشكۈنلۈككە پاتۇ-رۇۋەتتى. بۇ خىل گۆدەك ئىقتىساد ئېڭىنىڭ قارا سايىسىنى ھېلىھەم كىشىلىرىمىزنىڭ ئادەت ـ تەپەككۇرىدىن يېتەرلىك تې-پىش مۇمكىن.

بۇرادەر، سىزمۇ پۇلنى ئۇنچىۋالا مۇھىم ئەمەس دەپ قارام-سىز؟ مەنىۋى بايلىق، روھىي يۈكسىلىش بولسىلا بولدى دەپ ئويلامسىز؟ پۇل راستىنلا كىشىلەرنى بۇزامدۇ؟ ھەقىقەتەنمۇ تاپقىنىمىزغا شۈكرى قىلىپ ئارتۇقچە پۇل ـ ئىقتىساد غەلۋىسى قىلماي ياشىغىنىمىز ئەۋزەلمۇ؟... تاپقىنىمىز يېگىلى، ئىچكى-لى، كىيگىلى يەتسىلا، شۈكرىنى چوڭقۇر ئوقۇپ ياشاۋېرىش ھەقىقىي تۇرمۇش، ھايات بولامدۇ؟...

ئاڭلاڭ، مەن دەپ باقاي. سىزمۇ ئويلىنىڭ، پىكىر قاتناش-تۇرۇڭ. پۇل ـ ئىقتىساد مەسىلىسى ئۇيغۇرنىڭ بۈگۈنى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ بىرى. ھەربىر زاتى ئۇيغۇرنىڭ بۇ ھەقتە تىرىشىپ باش قاتۇرمىقى ۋە ئۆز ئىخلاسى بويىچە تىرى-شىپ بىر يول تۇتمىقى بەكلا مۇھىمدۇر...

گەپنى قىسقارتىپ يىغىپ ئېيتساق، بىر ئادەم، بىر مىللەت-نىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە قەدرى ـ قىممىتىدە پۇل ـ ئىقتىساد ئىنتا-يىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. توغرا ئۇ ھاياتنىڭ مەقسىتى ئەمەس، ھاياتنىڭ مەنىسى ئېخىمۇ ئەمەس. لېكىن ھاياتلىقتىكى كەم بولسا ئەسلا بولمايدىغان ئىنتايىن مۇھىم ۋاستە. بىزنىڭ يازغۇچى ـ شائىرلىرىمىز، دىنىي مۆتىۋەرلىرىمىز ھېلىھەم باشقىلار بەرگەن ئاش ـ ناننى يەپ تۇرۇپ، غورىگۇل تۇرمۇشتا چىشىنى چىشلەپ ياشاپ تۇرۇپ يەنە پۇلنى تىللايدۇ، پۇلنى سۆكىدۇ ئۇنى ئەڭ

يامان سۇپەتلەر بىلەن سەتلەشتۇرىدۇ. ئەمما ئىزچىل پۇل غېمىدىن، ئىقتىسادىي بېسىمدىن ۋايىم يەپ، ھەممىسىنىڭلا چىراي زەپىراندەك، دىدارىدا قان يوق، يۈرىكىدە ئەندىشىلا بار. پۇلنى رەزگىلەشتۈرۈپ سۈپەتلەشنىڭ زادى نېمە ئەھمىيىتى، پايدىسى بار؟

پۇلنى يامان قىلىپ كۆرسىتىش دەل پۇل ـ مال، دۇنياغا ھەددىدىن زىيادە بېرىلىپ كېتىپ، ھاياتلىقتىكى ئەڭ ئەقەللىي ئىنسانىي ئېتىقاد، غايە، مېھىر ـ ئىنساب، دىيانەتلەرنى تەرك ئەتكەن ئىنسانلارنىڭ نەپسىنى چەكلەش سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، بۇ بىر نورمال ئەقىدە قاراش. ھەقىقەتەنمۇ پۇل ـ مال دۇنياغىلا بېرىلىش كىشىنى پەس، رەزگىلەشتۈرۈۋېتىدۇ ۋە ئىنساننى پۇل ئۈچۈنلا ھەر قانداق رەزىل، ئىپلاسلىقلاردىنمۇ تەپتارتىپ قالمايدىغان دەرىجىدە ئىنساپسىز، رەھىمسىز قىلىۋېتىدۇ. بۇ نۇقتىدىن نوقۇل پۇل چوقۇنۇشنى تەنقىدلەش، سۆكۈش، چەكلەش كېرەك. لېكىن كىشىلەرنىڭ پۇل ئالدىدىكى ئاجىزلىقى ۋە ئىنساپسىز رەزىللىكى، ئاچكۆزلۈكىنى پۇلنىڭ ئۆزگە ئارتىپ قويۇش ئەقىلگە سىغمايدىغان بىمەنىلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس. پۇل ئۆزى بىر پارچە قەغەز. ئۇنىڭدا نىيەت، ھېسسىيات، كۆڭۈل، ياخشى ـ يامان تۇيغۇسى ئەسلا مەۋجۇت ئەمەس. ئەمما پۇلغا چۇشكەن كۆڭۈلدە نىيەت، غەرەز، ئوي ـ خىيال بولىدۇ. پۇل رەزىل ئەمەس، پۇل ئەزىز ئەمەس، پۇل رەھىمسىز، رەزگى، ياۋۇز نەرسە ئەمەس، شۇنداقلا مېھىرلىك، رەھىمدىل، شەپقەتلىك قۇتقازغۇچ كۈچ تېخىمۇ ئەمەس، بەلكى پۇلغا يۈزلەنگەن ئادەم ئۆز ئەقلى ۋە ھېسسىياتى، ئىنساپى ۋە نەپس ـ خاھىشىنى قانداق تەڭشەپ ـ تىزگىنلەش جەريانىدا

www.uyghurkitap.com

ئاندىن رەھىمدىل ياكى رەھىمسىز، پەس ياكى ئەزىز، شەپقەتسىز
ياكى ساخاۋەتلىك مېھرىبان غەمخانىگە ئايلىنىدۇ. دېمەككى،
پۇلنىڭ ئۆزى بىر ئەينەك. كىشىلەر پۇلنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ
ھەقىقىي بەشىرىسىنى ئاشكارىلايدۇ. ئۆز زەردارلىرى ۋە غەنىلىرد-
ىنىڭ يىرگىنچلىك قىلمىشلىرىنى پۇل - مالنىڭ ئاتى - زاتىغا
ئارتىپ ئۇنى تىللاش، قارغاش يېتەرلىك تەنتەكلىكتىن باشقا
نەرسە ئەمەس. كىشىلەردىكى پەزىلەتسىزلىكنى پۇل - مالغا
يۈكلەپ، ئۇنى يىرگىنچلىك نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ قويۇپ گاداي-
لىقتا يېلىڭ - يالىڭاچ سارغىيىپ ئۆتۈش كىشىلىرىمىزدىكى
ئىنتايىن ساددا، كۆلكىلىك ۋە تراگىكومىدىك ئىقتىساد ئېڭىدىن
بېشارەت بېرىدۇ. مەن گاھىدا بىزنىڭ ئۆتمۈشتىكى بايلىرىمىز
شۇنچىۋالا رەھىمسىز، ئىنساپ - دىيانەتسىز ئادەملەر بول-
غىيمىتى دەپ قالىمەن. چۈنكى بايلارنى، بايلىقنى تىللاش ئەزەل-
دىن يېتەرلىك پۇل - مالغا ئېرىشەلمىگەن ئاۋامنىڭ ئىشى.
بايلار ئەزەلدىن پۇل - مالنى تىللاپ باققان ئەمەس. ئاغرىنغان
دېگەندىمۇ پۇل - مالنى دەپلا ئىلىمدىن، زۆرۈر بولغان ئىش -
ئەمەلدىن، مېھىر - مۇھەببەتتىن، ئىنسانلار ئارا بولغان كىشى-
لىك ئالاقىدىن مەھرۇم قالغىنىدىن ئەپسۇس يېگەن بولۇشى مۇم-
كىن. بىز بۇنى پۇل - مالنىڭ زەھەرخەندىلىكى دېمەيمىز،
بەلكىم پۇل كەينىدىن شاپاشلاپ چاپقان ئىنسانىنىڭ ئۆز ئەقلى،
نەپسىنى، غايىسىنى جايىدا كونترول قىلالمىغانلىقى، ئاجىزلىقى
دەيمىز. ئۆز ئاجىزلىقىمىزنى جانسىز، ھېسسىز نەرسىلەرگە
يۈكلەپلا قۇتۇلىمەن دېمەيلى. ئاجىزلىقىمىزغا ياتىدىغان ئىشلاردا
باھانە ئىزدەش، ئۆزىمىزدىكى ئاجىزلىقلارنى باشقا ئىشلارغا يۈك-
لەپ قويۇپ قۇتۇلۇشقا ئۇرۇنۇش بىزدىكى ئومۇمىي پسىخىك

ئاجىزلىق. لېكىن بۇنىڭ زادى نېمىگە پايدىسى بار؟ پۇلنى ياماننى
لاشتۇرۇپ، ئۇنىڭ نامىنى سېسىتىپ كىشىلەرگە يامان كۆرسى-
تىپ بىز زادى نېمىگە ئېرىشتۇق؟ تۇرمۇشىمىز نە هالدا؟ قورق-
ماي بازارغا چىقىپ ئازادە هالدا نەرسە - كېرەك سېتىۋالالام-
دۇق؟ ئىككىلەنمەي رايون، دۆلەت ئاتلاپ ساياهەت قىلىپ كېلە-
لەيدىغانلاردىن ئارىمىزدىن قانچىلىك چىقىشى مۇمكىن؟ پۇل يوق
تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىمۇ ئوقۇيالمايۋاتقان، ئالىي مەكتەپلەردە
ئوقۇيالمايۋاتقان، هەتتا باشلانغۇچ مەكتەپتىمۇ تۇزۇك ئوقۇيالماي-
ۋاتقان باللىرىمىزدىن قانچىلىكى باردۇ؟ قانچىلىك ئۇلۇغ
پىلان - غايە، مەقسەتلەر پۇل، ئىقتىساد سەۋەبلىك سېسىپ،
بېسىلىپ تۈگەۋاتقاندۇ؟ ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئىقتىساد سەۋەبلىك
قانچىلىك ئەقلىي قۇۋۋەت، زېهنىي كۈچ، ئادەم بايلىقى، تەنقى-
قات يوشۇرۇن كۈچى، ئىختىساسلىق زەكيىلەرنىڭ خوراپ تۈگە-
ۋاتقانلىقى، هارام بولۇۋاتقانلىقىنى ستاتىستىكىلاپ چىقىش مۇم-
كىن ئەمەس. مەن مەلۇم بىر ئاقىلنىڭ «قولىدا پۇل بولىدىغان
بولسا بىزنىڭ خەقتەك ئاقىل، چېۋەر، دانا ئادەم يوق» دېگىنىنى
ئاڭلىغانىدىم. ئىجادىي ئىقتىدارى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان بىر زېرەك
ياش پۇلى يوق ئوقۇيالماي تىرىكچىلىك غېمىدە يول بويىدا مايلام-
چىلىق قىلسا، ناۋايخانىدا كۆل تارتىپ، زوۋۇلا تۇتۇپ ئولتۇر-
سا، مېۋە - چېۋە، شاپاق - شۆپەك ساتسا، كاۋاپچىلىق قىلسا،
ئاشخانىدا قاچا يۇيۇپ، يۇندا تۆكسە ياكى توپا توزىتىپ كەتمەن
چېپىپلا يۈرۈپ ئۇنىڭدىكى قىممەتلىك تالانت، بايلىقلار بىهۇدە
ئۆلۈپ، خوراپ تۈگەپ كەتسە، ئەجەبا بۇ ئېچىنارلىق ئىش ئە-
مەسمۇ؟ ئەگەر بىر مىللەتنىڭ ئومۇمىي ئەزالىرى پۇل - مالنى
زەهەر، ئاردۇرغۇچ ياۋۇز ئىبلىس دەپ قورسىقى تويسىلا تىللاپ،

www.uyghurkitap.com

ئۇخلاپ ئۆتۈۋېرىپ، يېتەرلىك ماددىي يۆلەك ئۇچۇن تىرىشىپ تىرماشمىسا ۋە باللار، پەرزەنتلەر تۈزۈك ئوقۇش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىسە، جەمئىيەتنىڭ سەھىيە، مائارىپ، قاتناش، پاراۋانلىق سىستېمىلىرى ياخشىلانمىسا، كىشىلەرنىڭ ساپاسى ھېلىھەم ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ قۇيۇنىدىن كۆتۈرۈلگەن بۇس - بۇخىناق بىلەن تىنىپ تۇرسا، سودا - سانائەت، پەن - تېخنىكا ساھەسىدە ھېچقانداق ئىلگىرىلەش ۋە يۈكسىلىشلەر بولمىسا بۇ مىللەت قانداق راۋاجلىنىدۇ؟ قانداق مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ؟ ئۇنىڭ مەدەنىيىتى قانداق مەنگە ۋە يۈكسىلىش كۈچىگە ئېرىشىدۇ؟

بۇرادەر، مەن ئىنسابنى، پەزىلەتنى ئۇنتۇمىغان ھالدا پۇل تاپ دېگۈچىلەردىن. ئىلىمنى، مەنىۋى پاكىزلىق، ئەخلاقىي يۈكسىلىش، روھىي پاكلىنىشنى كۈچەيتىپ تەرغىپ قىلغۇچىلار دۇنيانىڭ غەم - ئەندىشە ۋە پۇل - مالغا تەئەللۇق خىياللىرىدىن خالىي بولغان پاكىز قەلبىنى ئەڭ ئىزگۇ سۆپەتلەر بىلەن مەدھىيىلەيدۇ. مەنمۇ شۇلارغا ھەقدا دەپ باش قوشىمەن ۋە مەنىۋى بالاغەتكە يېتىشنى بار كۈچۈم بىلەن تەشۋىق قىلىمەن ھەمدە بىر تەرەپلىمە ھالدا مەنىۋىيەتنىلا تەكىتلىگۈچىلەرگە تولۇقلىما بېرىشنى زۆرۈر دەپ قارايمەن.

چۈنكى مەنىۋى بالاغەت ماددىي كاپالەتتىن بىر قەدەممۇ ئايرىلالمايدۇ. ئىنساننىڭ جىسمىمۇ تەن ۋە روھتىن تۈزۈلگەن. تەندىن خالىي روھ، روھتىن خالىي تەن ھەرىكەتتىكى تىرىك ئىنساننى ھاسىل قىلالمايدۇ. تەن بىلەن روھنىڭ مۇۋاپىق تەڭپۇڭلۇق ئاستىدىكى بىرىكىشى ئاندىن ساغلام ئىنساننى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدۇ. تەن زەئىپ، يېرىم، پالەچ بولسا روھنىڭ بۈيۈك سەپىرىمۇ ئەمەلگە ئاشالماس. روھ كەمتۈك، ئەقىل يېرىم،

بنورمال بولسا تەن كونتروللۇققا، ساغلام قوماندانلىققا ئېرد-
شەلمەي كالامپايلارچە، هاماقەتلەرچە، بىمەنىلەرچە هەرىكەت
ئىشلەيدۇ. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاشلا بىر ئادەمدىكى مەنىۋى
پەزىلەت بىلەن ماددىي مەئىشەت جەزمەن تەكچۇڭلۇق ئاساسىدا
بىرىكىشى كېرەك. ئىنساندا بايلىقلا بولۇپ ئەقىل - ئىنساب
بولمىسا ئۇ ياۋۇز هايۋانغا ئوخشاپ قالىدۇ. ئەقىل، ئىنساب،
غايە - خىياللا بولۇپ بايلىق بولمىسا، هەتتا ماددىي كاپالەتنى
ياخشىلاش ئۇچۇن تىرىشىش هەققىدىكى خىيالمۇ بولمىسا، ئۇنىڭ
هاياتى خارلىقتىن، مۇشكۇلاتتىن قۇتۇلالمايدۇ. يېتەرلىك ماددىي
مەئىشەتسىز ساماۋى چۈشلەر ئاتنىڭ ئورنىدا ساپان تارتىدۇ.
مەنىۋى ساپامۇ بولمىسا، تايىنىدىغان ماددىي هاسىمۇ بولمىسا،
شۇنداقلا بۇ خىل يۆلەكسىز، تېرەكسىز، خار - زەبۇن تۇرمۇش-
تىن قۇتۇلۇشقا ئىنتىلىدىغان جان پىدالىقمۇ بولمىسا، بۇنداق
كىشىنىڭ تۇرمۇشىنى لالما ئىتنىڭ تۇرمۇشى دېمەي ئامال يوق.
باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 1 - يىللىق «ئېلىپبە» دەرسلىكىدىكى
«هورۇن» ناملىق نەسرىدىن ئەپەندى لەتىپىسى ئېسىڭىزدە بار-
مۇ؟ «تاپسام يەيمەن، تاپالمىسام شۈكرى قىلىپ يۈرۈۋېرىمەن».
هورۇننىڭ بۇ جاۋابىغا قارىتا ئەپەندىم ئەپسۇس، كىنايە، ئاچ-
چىق، تەنە ئارىلاش مۇنداق دەپ جاۋاب بېرىدۇ: «ئۇنداقتا سىز
شەهىرىمىزنىڭ ئىتلىرىغا ئوخشاپ قاپسىز - دە!» . ئايانماي
قوپاللىق بىلەن سوراپ باقايلى: بىزدىكى قانچىلىك ئادەم ئاشۇ
هورۇننىڭ تۇرمۇشىدا «تاپسا يەپ، تاپالمىسا شۈكرى دەپ» ناچار
شارائىتنى ئۆزگەرتىشكىمۇ كۈچىمەي، سۆرۈلۈپ ياشاۋاتىدۇ؟
ئەجەبا مۇشۇ خىل ئېچىنارلىق شارائىتقا چۈشۈپ قېلىشتا خەلقى-
مىزدىكى پۈلغا بولغان سوغۇق نەزىرىنىڭ مۇئەييەن تەسىرى

www.uyghurkitap.com

بارمۇ يوق؟ كىشىلەر پۇلغا، ئىقتىسادقا تايىنىپ كاتتا ـ كاتتا ئىشلارنى قىلىپ دۇنيانى تەۋرىتىۋاتسا، بىز يەنە شۇ كونا مۇقامدا پۇل ـ مال، دۇنيانى تىللاپ ئېشەك هارۋىسىدا دۇنيانىڭ بەڭ خىياللىرىنى قىلىپ ياشاۋېرىمىزمۇ؟ خەقلەر نېمە ئىشلارنى قىلىۋاتىدۇ؟ بىزنىڭ دېھقانلىرىمىزنىڭ كۈنى نە هالدا؟ نۇرغۇن ياشلىرىمىز نېمە ئۈچۈن مۇقىمسىزلىق، ئەخلاقسىزلىق قاتارلىق ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنىڭ باشلامچىلىرىغا ئايلىنىپ قالىدۇ؟...

مەنىۋىيەت ئىنتايىن سۈزۈك دۇنيا، لېكىن ئاشۇ سۈزۈك دۇنياغا خاتىرجەم ئېرىشىش ئۈچۈن سەندە توق قورساق، راھەت ئۈستىباش، خاتىرجەم تۇرمۇش بولۇشى كېرەك. قورسىقىڭ ئاچ، ئېتىڭ يالىڭاچ، كىر ـ توپا، ئائىلەڭ، خوتۇن ـ بالىلىرىڭ سېرىقتال تۇرمۇش ئىلكىدە غېرىبسىنىپ ياشاۋاتسا سەن خاتىرجەم، روھىڭ پاك يۈرەلەمسەن؟ بۈگۈنكى دۇنيادا يانچۇقى قۇرۇق، يېنى بوش ھەر قانداق ئادەم ئۆز ئىززەت ـ نەپسى، قەدىر ـ قىممىتىنىمۇ راۋرۇس ساقلىيالماس بولۇپ قالدى (ئەمەلىيەتتىمۇ ئىززەت ـ نەپسىڭ، قەدىر ـ قىممىتىڭ ناھايىتى زور ھالدا ئىقتىساد ۋە پەزىلەت ـ ساپايىڭ بىلەن باغلىنىشلىق). بىر ئائىلە، بىر قەۋمنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئىقتىسادتىن ئايرىلغان ھالدا ھەرگىز مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ ۋە راۋاجلىنالمايدۇ، جەمئىيەتشۇناسلىق مەسىلىلىرى بويىچە يېتىلىۋاتقان ياش تەتقىقاتچى ئابدۇرېھىم دۆلەت ھوقۇق، ئىقتىساد، مەدەنىيەتنى بىر مىللەتنىڭ مەۋجۇتلۇق داڭقىنىدىكى ئۈچ پاچاققا ئوخشاتقانىدى. دېمەك بىر پاچاق بولمىسا، داڭقاننىڭ ئۆرە تۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس...

بۇرادەر، پۇل تېپىشتا ئىقتىساد قارىشىڭىز جەزمەن ئېنىق، كۈچلۈك بولسۇن. ئابدۇقادىر داموللام «مىفتاھۇل ئەدەب» نامـ

لىق كىتابىدا: «بارلىق نەرسىلەرنىڭ تەمىنى قايتا تېتىپ
كۆردۈم. لېكىن، مەن تېتىغان نەرسىلەر ئىچىدە گادايلىقتىنمۇ
تەمى ئاچچىق نەرسە يوق ئىكەن» دېگەن بىر ھېكمەتنى نەقىل
كەلتۈرگەن. بىز بۇنى مەنىۋى گادايلىق ياكى ماددىي گادايلىق
دەپ چۈشەنسەكمۇ ياكى ھەر ئىككىسىنى كۆرسىتىدۇ دەپ چۈشەنـ
سەكمۇ بولۇۋېرىدۇ. چۈنكى گادايلىق ھەر ئىككىسىدىن تۈزۈلـ
دۇ. ئەجەبا، بىز، سىز مۇشۇ تەمى ئەڭ ئاچچىق نەرسىنى بىزار
بولساقمۇ تىللاپ تۇرۇپ شوراپ ئىمىۋېرىمىزمۇ؟ بار ئىمكانىيەتـ
لەرنىڭ ھەممىسىدىن پايدىلىنىپ پۇل، ئىقتىساد توپلاڭ. يېنىـ
ڭىزدا بارنى ئىقتىساد قىلىڭ ھەمدە بار ئىقتىدارىڭىزنى ئىشقا
سېلىپ، بىكار ياتماي ھەر تۈرلۈك ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىڭ.
چەت ئەلدە ئوقۇپ باققان ھەربىر ئادەمنىڭ تەسىراتى ئىزچىل
ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى بىكارچىلىقىدىن ئەپسۇسلىنىش ۋە تىرىشىپ
ئىشلەش، مۇئەييەن ئىقتىساد ئۈچۈن جان دەپ تىرىشىش بولۇپ
كەلدى. سىز نېمە ئۈچۈن بىكار ياتىسىز؟ ئالتۇندەك ياشلىقىڭىز
بىكار يېتىپ تېلېۋىزور كۆرۈش، قارتا ئويناش، غەيۋەت سېـ
لىش، ھاراق ئىچىش، خىيال سۈرۈش بىلەن ئۆتسە بۇ ھاياتتىكى
مەنىمۇ؟ بىكارچىلار بۇزۇلار. بىكارچىلار ئەڭ زېرىكەرلىك تۇرـ
مۇش كەچۈرەر. ھەربىر دەقىقە ۋاقىت، زېھنىڭىزنى چىڭ تۇتۇپ
ئىشلەڭ. ئۆز غايىڭىز يولىدىكى ھەربىر قەدەم سىزگە جەزمەنكى
ئىقتىسادمۇ، مەنىۋى ساپانىمۇ تەڭ بېرىدۇ. غايە يۆلەككە موھـ
تاج. ئۇلۇغ غايىلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن جەزمەنكى ناھاـ
يىتى زور ماددىي بەدەل كېرەك بولىدۇ. ئاشۇ غايىلىرىڭىز ئۈچۈن
تىرىشىپ پۇل توپلاڭ. بىر بەختلىك ئائىلە ئۈچۈن بىر موچەن،
بىر سىنىتمۇ ھەرگىز ئارتۇقلۇق قىلمايدۇ. ئائىلىڭىز، بالىلىـ

رىڭىزنىڭ كېلەچىكى ئۈچۈن پۇل تېپىڭ. كىشىلەرنىڭ ئالدىدا
يۈزۈم سارغايماي ياشاي، موھتاجلىقتا قولۇم قىسىلمىسۇن دېسە-
ڭىز، پۇل تېپىڭ. ئەمما ھەرگىز ئۇنتۇماڭكى، ھالال يول
بىلەن، سەممىيلىك بىلەن، ئۆز ئەمگىكىڭىز بىلەن پۇل تې-
پىڭ. ھارامغا، كىشىنىڭ ھەققىگە، باشقىلارغا ئازار بېرىدىغان
يامان يوللارغا يېقىن بارماڭ. پۇلنى، پۇل تېپىشنى ياشاشتىكى
مەقسەت قىلىۋالماڭ. شۇنداقلا پۇل تاپىمەن دەپ ئىنسانىي خىس-
لەتلىرىڭىزنى پۇل ـ بايلىق ئاستىغا پايخان قىلىپ سېلىپ بەر-
مەڭ. پۇل تېپىڭ، لېكىن پۇلغا قۇل بولۇپ قالماڭ. پۇل
تاپقاندىن كېيىن ئۇنى ياخشى يوللارغا سەرپ قىلىڭ. خەير ـ
ئېھسانىنى ئۇنتۇماڭ. پۇل تېپىپ بولۇپلا ئەسلىدىكى پەزىلەتلىرى-
ڭىزنى، دوستلىرىڭىزنى تەرك ئېتىپ پەسلىشىپ كەتمەڭ. ئادەم
ئۆلگەندىن كېيىن، «مىيىتقا ئۈچ نەرسە ئەگىشىدۇ، ئۇنىڭ
ئەھلى، مېلى ۋە ئەمىلى… ئۇنىڭ ئەھلى ۋە مېلى قايتىپ كېلى-
دۇ، ئەمىلى قالىدۇ» (ھەدىستىن). پۇل تاپقاندىن كېيىن،
جەزمەن ياخشىلىق قىلىڭ. پۇلغا ئەقىل بىلەن مۇئامىلە قىلىڭ.
پۇل تاپسىڭىز، نىيەت ـ ئىقبالىڭىز توغرا بولسا، تېخىمۇ بەخت-
لىك، شاد ـ خۇرام، ئەركىن ـ ئازادە ھېس تۇيغۇدا ياشىيالاي-
سىز. تىلىڭىز تۇتۇق، دىلىڭىز بوغۇق بولۇپ قالمايدۇ. مۇسابا-
يېفلار غايىسىگە تايىنىپ ئەمەس، بەلكى توغرا ئەقىل ۋە دۇرۇس
نىيەت ئاساسىدىكى بايلىقى بىلەن ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدا
ئۆچمەس سەھىپىلەرنى يارىتىپ مەكتەپ قورغان، پەننى مائارىپ-
نى ئومۇملاشتۇرۇشقا ئوقۇتقۇچى، تېخنىك ئىشچى، ئوقۇغۇچى
تەربىيىلەشكە يېتەرلىك مەبلەغ سالالىغان، جۇڭگودىكى تۇنجى
ئەڭ ئىلغار كۆن خۇرۇم زاۋۇتىنى غۇلجىدا قەد كۆتۈرگۈزەلى-

گەن. پۇل بولسا ئاندىن زامانغا لايىق ساپاغا ئېرىشكىلى، ئۆز غايىمىز ئۈچۈن ئازادە كۈرەش قىلغىلى، خەير - ساخاۋەت، ياخشىلىقنىمۇ لايىقىدا قىلغىلى بولىدۇ. بولمىسا ھەر يەردە قېقىلىپ - سوقۇلۇپ، تىترەپ، سارغىيىپ، تۈگۈلۈپ - پۈكۈلۈپ ياشايدىغان گەپ، ئابدۇقادىر داموللام «مىفتاھۇل ئەدەب» تە نەقىل كەلتۈرىدۇ: «خارلارنىڭ خار تۇرمۇشقا رازى بولۇشى ئۇلارنى تېخىمۇ خارلاشتۇرۇۋېتىدۇ». توغرا، يېتەرلىك ماددىي مەئىشەتنى رەت قىلىدىغان ئىدىيە ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىدە مەسىلە بار. مەسىلىنى تۈزەيلى، ئىقتىسادتا قەد كۆتۈرەيلى ۋە شۇ ئارقىلىق ئومۇمىي گەۋدىمىزنى تىك، ئېگىلمەس - پۈكۈلمەس قىلىپ قۇرۇپ چىقايلى.

## 61. ئۇزۇلۇكسىز يېڭى نىشان بەلگىلەڭ

بىز باشتىلا كىشىلىك غايە ۋە ئۆمۈرلۈك نىشان تۇرغۇزۇشنىڭ مۇھىملىقى ھەققىدە سۆزلەپ ئۆتكەنىدۇق. ئاشۇ كىشىلىك غايىگە ماس ھالدا ھەر قانداق ئادەمدە مۇئەييەن باسقۇچلۇق نىشان بولىدۇ. كىشىلەر ئاشۇ نىشان بويىچە خىزمەت، سودا، كەسىپ - تىجارەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىدۇ ۋە مەڭگۈلۈك نىشانى ئۈچۈن تىرىشىدۇ

سىزدىمۇ مەلۇم باسقۇچلۇق نىشان بولسۇن ھەمدە ئۇنى ئۆزىڭىزنىڭ مەڭگۈلۈك پىلان - غايىلىرىڭىز بىلەن پات - پات ماسلاشتۇرۇپ، تەڭشەپ تۇرۇڭ. سىز بەلكىم ئۆز قىزىقىشىڭىز ۋە غايىڭىزگە ئەسلا ماس كەلمەيدىغان مەلۇم كەسىپ ياكى تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان بولۇشىڭىز مۇمكىن ياكى ئۆزىڭىز پىلانلىغان ئىشلاردا مەغلۇب بولغان بولۇشىڭىز مۇمكىن. مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھەرگىز ئۈمىدسىزلەنمەڭ ۋە ئەسلى غايىڭىزدىن ۋاز كەچمەڭ. نۇرغۇن ئادەملەر ئىرادىسىنىڭ قەتئىي بولماسلىقى تۈپەيلى مەلۇم ئىشلاردا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىسىلا، پۈتۈن ھاياتلىق ئۈمىدىدىن ۋاز كېچىپ چۈشكۈنلىشىپ كېتىدۇ. يەنە بەزىلەر قىزىقىشىم، ئۆز ئىقتىدارىغا ۋە غايە، نىشانىمغا ماس كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىمەن دەپ، ئەمما مۇۋاپىق ئىش - ئورۇن تاپالماي، ئاقىۋەتتە بىكار لاغايلاپ قىممەتلىك ۋاقىت، ئۆمرىنى زايە قىلىۋېتىدۇ. بۇ ئۇنچىلىك ئاھ ئۇرىدىغان ئىش ئەمەس. مەلۇم بىر ئىشتا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىسىڭىز

ئىككىلەنمەي يەنە بىر يولنى تاللاڭ ـ دە، شۇنىڭ ئۈچۈن كۈرەش قىلىشنى باشلاڭ. يوقاتقىنىڭىز ئۈچۈن ماتەم تۇتۇش قايغۇلۇق ئەسلىمە، ئاچچىق ئۆرتىنىشتىن بۆلەك نەرسە ئەكىلىپ بەرمەي‐دۇ. شۇڭا دەرھاللا بۇرۇلۇش ياسىشىڭىز، يېڭى نىشان بەلگىلە‐شىڭىزگە توغرا كېلىدۇ. بەزى چاغلاردا غايىڭىز بىلەن كەسپى‐ڭىز، قىزىقىشىڭىز بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئىشىڭىز ماس كەل‐مەيدىغان چاغلارمۇ بولۇپ قالىدۇ. مەيۇسلىنىپ ئىش ـ خىزمەت ئۈنۈمىگە تەسىر يەتكۈزىدىغان ئىشنى ھەرگىز قىلماڭ. سىز قىلىۋاتقان ئىش بەلكىم سىزنى غايە چوققىڭىزغا يېتەكلەيدىغان مەلۇم بىر پەلەمپەي بولۇشى مۇمكىن. سىز شۇ ئارقىلىق بەلكىم ھېچبولمىسا ئىقتىسادىي كاپالەت، ئابرۇي ـ ئىناۋەت، ئىشەنچ ـ ھۆرمەتكە ئېرىشىشىڭىز ۋە كەلگۈسى نىشانىڭىز ئۈچۈن مۇھىم بولغان ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئالاقە چەمبىرەكلىرىنى ئورنىتىۋالىشىڭىز مۇمكىن. ئەقىل بىلەن قارايدىغان بولساق ۋە توغرا يول بىلەن ماڭساق، زېمىندا ئەھمىيەتسىز ئىش مەۋجۇت ئەمەس.

شۇڭا، مەلۇم بىر ئىشتا مەغلۇب بولسىڭىز، دەرھاللا يەنە بىر نىشان ئۈچۈن ئىلگىرىلەڭ. ۋەزىيەت، تەرەققىيات پايدىسىز بولۇپ قالغان ئەھۋاللار ئاستىدا، ئەسلى نىشانىم دەپ مەلۇم بىر نۇقتىغا چىڭ ئېسىلىپ تۇرۇۋېلىش بەلكىم سىزنى تېخىمۇ زور پالاكەت، ھالاكەتكە يۈزلەندۈرۈش مۇمكىن. ۋاز كېچىش ھەقىقە‐تەن زۆرۈر بولۇپ قالغاندىمۇ يەنە رۇدىپايدەك چاپلىشىۋېلىش سىزنى تېخىمۇ پەسلەشتۈرۈۋېتىدۇ. پايدىسىز ئامىللارنى نەزەرگە ئېلىشنى ۋە دەرھال چېكىنىپ چىقىۋېلىشنى ئۆگىنىۋېلىڭ. بەل‐كىم بىر ئاخىرلىشىش يەنە بىر پارلاق باشلىنىشقا ھامىلدار بولۇشى مۇمكىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## 62. ھالال ـ ھارامنى ئايرىشنى بىلىش

كۆزگە كۆرۈنگەن قەلەم ساھىبى ئەزىزى ئۆزىنىڭ «ھالال ۋە ھارام» ناملىق ماقالىسىدە [1] ھالال ۋە ھارام ئىبارىسىگە لۇغەتلەر ئارقىلىق ئىنچىكىلىگەن مۇنداق تەبىرنى بېرىدۇ:

ھالال: ① كىشىنىڭ ئۆزىگە تەۋە بولغىنى، ئۆز مېھنىتى ۋە قان ـ تەرى بەدىلىگە ئېرىشكىنى؛ ② پاك، توغرا، سەممىي؛ ③ قانۇنىي.

ھارام: ① ئۆزىگە تەۋە بولمىغان؛ ② پاسكىنا، يىرگىنىشلىك، بۇلغانغان؛ ③ قانۇنسىز

دېمەككى، ناھايىتى روشەن ھالدا كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، كىشىنىڭ ئۆز مېھنىتى ۋە قان ـ تەر بەدىلىگە ئېرىشكەن، قانۇنلۇق ئىگىدارچىلىقىدىكى نەرسە، مۈلۈك، ئادەملەر كىشىلەرگە ھالالدۇر. شۇنداقلا پاكىز، بۇلغانمىغان، سېسىمىغان، جايىدا تەييارلانغان يېمەكلىكلەر، دۇرۇسلۇق، سەممىيلىك، دىيانەت بىلەن بېجىرىلگەن ئىش ـ ئەمەللەر ھالالدۇر. ئەكسىچە، ئۆزىگە تەۋە بولمىغان نەرسىلەرنى ئىگىلىۋېلىش، بۇلاش، ئوغرىلاش، تىقىۋېلىش، قويمىچىلىق قىلىش، يالغان ئېيتىش، ئالداش، قانۇنسىز نەرسە، شەيئى، ئادەملەرگە غەيرىي ـ يامان نىيەتتە بولۇش، پاسكىنا، يىرگىنىشلىك، تەبىئىتى ئۆزگەرگەن نەرسە، يېمەكلىكلەر ۋە ئەخلاقتىن چەتنىگەن، كىشىلەرگە ئازار

[1] ئەزىزى: «ھىدايەت نۇرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003 ـ يىل 4 ـ ئاي نەشرى.

بېرىدىغان، نورمال ئىجتىمائىي تەرتىپكە بۇزغۇنچىلىق ئېلىپ كېلىدىغان ئىشلار هارام جۇملىسىدىندۇر.

بۇرادەر، كىشىلەر ئەقلىگىلا، پەنگىلا چوقۇنۇپ، تېخنىكا ۋە ماددىي يۈكسىلىشلەرنىڭ كەينىدىنلا سوكۇلداپ يۈرۈپ، هالال ـ هارامنى ئۆنچىۋالا ئايرىپ كەتمەيدىغان، گۇناھ ئېڭى ئاجىز بولۇپ كەتتى. بۇ ئىنتايىن خەتەرلىك يۈزلىنىشتۇر. بىز دىن، قانۇن، پەن، ئەخلاق، مەدەنىيەت فورماتسىيىلىرى يېتەرلىك بار دەۋردە ياشاۋاتىمىز. كىشىلەر ئەركىنلىك، كىشىلىك هوقۇق دەۋالىرى بىلەن هەممىلا نەرسىنى نەپسى خاهىشى بويىچە ئۆلچەمسىزلەشتۈرۈشكە تىرىشىۋاتىدۇ. بۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ. تۇرمۇشتا چەك بولمىسا، كىشىلەر ئورتاق رىئايە قىلىدىغان تەرتىپ بولمىسا زادى بولمايدۇ.

هالال ـ هارام، گۇناھ تۇيغۇڭىزنى يوقاتماڭ. كىشىنىڭ هەققىگە هەرگىز قول ئۇزاتماڭ. خەقنىڭ قانۇنلۇق ئىلكىدىكى هەر قانداق نەرسە، مەسىلەن: باشقىلارنىڭ مۈلكى، بايلىقى، هۆرمىتى، خوتۇنى، قىزى، سىڭىللىرى، ئائىلىسى، نىكاهى ··· قاتارلىقلارغا سوغۇق نەزەر تىكمەڭ. ئۇچرىغانلا نەرسىنىڭ هەممىسىنى يەۋەرمەڭ. تەبىئەتتە يېيىشكە بولمايدىغان، يېيىش پەندىمۇ، دىندىمۇ، ئەخلاقتىمۇ، قانۇندىمۇ چەكلەنگەن جاندار، ئۆسۈملۈكلەر بار. ئالدىنى ئېلىش مۇمكىن بولمايدىغان سارس، يۇقۇملۇق قۇش زۇكىمى قاتارلىق كېسەللىكلەر هالال ـ هارامنى ئايرىمىساق ئەسلا بولمايدىغانلىقىنى بىزگە يېتەرلىك تونۇتتى، سىگنال بەردى. «پەرۋەردىگارىڭ زالىم يۇرتلار (ئاهالىسى) نى هالاك قىلسا، ئەنە شۇنداق هالاك قىلىدۇ. ئاللانىڭ ئازابى هەقىقەتەن قاتتىقتۇر. ئاخىرەت ئازابىدىن قورقىدىغان ئادەم بۇنىڭدىن ئەلۋەتتە ئىبرەت ئالىدۇ» (سۈرە هۇد 102 ـ 103 ـ ئايەت).

ھەممە ئادەم ئەتكەن تاماقنى يەۋەرمەڭ. ھەممىلا ئاشخانىدا غىزا-
لىنىۋەرمەڭ. ئىنساننىڭ تېنى ھالال تائاملار ئارقىلىق قۇۋۋەتلە-
نىپ، ياخشى ئەمەللەر ئۈچۈن ھەرىكەتلىنىشكە يارىتىلغان. ھالا-
للىق ئۈچۈن ئەزىلەپ يارىتىلغان مۇبارەك تېنىڭىزنى ھارامدا
بۇلغىماڭ. ئادەمنىڭ نەپسى، لەۋزى ھالال نەرسە. ئۇنى ئاس-
راش، قوغداش، ئېھتىيات بىلەن غىزالاندۇرۇش كېرەك.
گال ـ نەپس، ھالال ـ ھارامنى ئايرىماي كەپلەپ تىقىۋېرىدىغان
ئازگال ياكى ئەخلەت كۆلچىكى ئەمەس. ھارام نەرسە شۈبھىسىز-
كى، سىزگە تەئەللۇق بولمىغان نەرسە، پاسكىنا، چىركىن،
كىشىنى يىرگىندۈرىدىغان، باشقىلارغا ئازار بېرىدىغان ياكى يەنە
بىراۋنى ئازابلايدىغان نەرسە. بىزدە باشقىلارنىڭ ھەققىنى يەۋال-
غانلارنى ياكى ھارامغا كۆنگەنلەرنى «پوكىنىڭ ئېتىلىپ ئۆلەر-
سەن، گېلىڭغا ھونناق چىقۇر» دەپ تىللايدىغان، ئەيىبلەيدىغان
ئادەت بار. شۈبھىسىزكى، ھارامغا كۆنگەنلەر خىيانەتچى (مەيلى
دىنغا، پەنگە، ئەخلاققا، قانۇنغا، ئېرىگە، خوتۇنىغا، بالىسىغا
بولسۇن)، جىنايەتچى، ئەخلاقسىز، ئىنابسىز كىشىلەردۇر.
بۇنداقلارنى ئەل ـ ئاۋام لەنەت ـ نەپرىتىدە كۆمۈپ تاشلايدۇ ھەم
ئۆزىمۇ ئۆز قىلمىش ـ ئەتمىشىگە يارىشا جازاسىنى يەيدۇ…

پوزىتسىيىڭىز قەتئىي بولسۇن، نەپسىڭىزنى، ئەخلاقىڭىز-
نى، پەزىلىتىڭىزنى كامىللىق بىلەن قوغداشنى ئۆگىنىۋېلىڭ.
ھالال ـ ھارامدىكى قەتئىيلىك سىزنى شاد ـ بەختىيار، پاك ـ
بىغۇبار، راھەت ـ ئىپتىخار ھېس قىلدۇرسا قىلىدۇكى، سىزگە
زەررىچە زىيان ئېلىپ كەلمەس، جەمئىيەتكە گۈزەل ئەخلاق،
تىنچ ـ ئاسايىشلىق ياغدۇرسا ياغدۇراركى، نەسلىڭ ـ پەسلىڭ
ئېلىپ كەلمەس.

## 63. تەۋەككۇل قىلىپ بېقىڭ

ئىنسان كىشىلىك تۇرمۇشتا ئىزچىل تۇرلۇك تاللاش ـ شاللاشلارغا دۇچ كېلىپ تۇرىدۇ ھەمدە تاللاش ئالدىدا ئۆزىدىكى نۇرغۇن پسىخىك ساپا ياكى ئاجىزلىقلارنى ئاشكارىلايدۇ. كىشىلەر تاللاش ئالدىدا ئەڭ ئوڭاي ئاشكارىلايدىغان پسىخىك ئاجىزلىقنىڭ بىرى قورقۇش، ئەندىشە قىلىش، ئۆزىگە ئىشەنمەسلىك، ئىككىلىنىشتۇر. تاللاش ئالدىدىكى ئىككىلىنىش كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە ئىشىنىش، ئۆز قابىلىيىتى، ئىقتىدارىغا ئىشىنىش دەرىجىسىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. مەلۇم ھاللاردا، ئاز ـ تولا ئىككىلىنىش بىھاجەت چاغلاردىمۇ، يەنە ئالدى ـ كەينىگە قاراپ لىڭتاسىملىق قىلىپ دەرھال قەتئىي بىر قارارغا كېلەلمەسلىك، ئەرلەرنى زور زىيانغا ۋە باشقىلارنىڭ ئەيىبلىشىگە ئۇچرىتىدۇ.

تەۋەككۇل قىلىڭ، قارامىراق بولۇڭ، جىددىي پەيتلەردىمۇ لامزەللىلىك قىلىپ، ئۆزىگە ياكى يەنە بىرىگە ئىشىنەلمەي جىممىدە تۇگۇلۇپ تۇرۇۋېلىش ياخشى خىسلەت ئەمەس. ھەر قانداق ئىشنى باشلاشتىن ئاۋۋال ۋەزىيەتنى ئەستايىدىل كۆزىتىپ ياخشى ئويلىنىڭ. لېكىن ئىشنى قارامىلىق، يۈرەكلىك ۋە ئۆزىڭىزگە قالتىس ئىشەنچ ـ ئۈمىد بىلەن باشلاڭ. پۈت ئېلىپ باشلاپ بولغان ئىشلىرىڭىزنى يەنە قايتىدىن ئېھتىيات غەلۋىرىدە تاسقاپ ئىككىلىنىش، گۇمان، قورقۇش، ۋايىم يېيىش بىلەنلا بولۇپ

كەتسىڭىز، ئىشلىرىڭىزنى ھەرگىزمۇ باشقا ئېلىپ چىقالمايسىز. بىزگە خاراكتېرى كەسكىن، قارام، تەۋەككۇلچىلىك روھى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان ئەرلەر بەك كېرەك. كەسكىنلىك ۋە تەۋەككۇلچىلىك تېزلا ئىشنىڭ مېزىنى ئۇيان غېزىنى بۇيان قىلىدۇ ۋە ئىشنىڭ نەتىجىسىنى يا ئۇيانلىق يا بۇيانلىق قىلىپ ئاخىرلاشتۇرىدۇ. ئىشتا ھامان ئىككى نەتىجە بار: غەلىبە، مەغلۇبىيەت. مەيلى قورقۇڭ، ئىككىلىنىڭ، ئۆزىڭىزگە ئىشىنىڭ ياكى ئىشەنمەڭ، ئىشنى كەسكىنلىك بىلەن بېجىرىڭ ياكى ئەركە خېنىمدەك ئاۋايلاپ، سىيلاپ ـ سىيپاپ ئېھتىيات بېجىرىڭ؛ سىزنى ساقلايدىغىنى ياكى ھالاكەتنىڭ قاينىمى ياكى تەنتەنىنىڭ بايرىمى. شۇنداق ئىكەن يەنە نېمىگە ئىككىلىنىسىز. ھاياتلىقتىكى نۇرغۇن ئىشلارغا ئىككىلىنىش كەتمەيدۇ. ئەقىل بىلەن كەسكىن ئايرىپ مېڭىش ھاياتنى جۇشقۇن، مەنىگە باي رەڭگارەڭلەشتۇرىدۇ. كەسكىن، قارام ئەرلەر مەغلۇب بولسىمۇ ئارتۇقچە ۋايىم يەپ يىغلاپ يېتىۋالمايدۇ، بەلكى بېشىنى سىلكىۋېتىپ يەنە بىر يولغا يۈرەكلىك ھالدا ئات سالالايدۇ. تەۋەككۇلچىلىك روھى ئاجىز ئەرلەر قورقۇنچاق، ئېھتىياتچان، يۈرەكئالدى كېلىدۇ. ئۇلار مۇۋەپپەقىيەت گۈللىرىنىمۇ تىكىنى بارمىكىن ياكى راستىمىدۇ، يالغانمىدۇ دېگەندەك ئىشەنچىسىز گۇمان بىلەن تۇتىدۇ.

بۇرادەر، ئۆزىڭىزگە ئىشىنىڭ. ھەر قانداق ئىشتا مىسىلداپ تۇرماي، كەسكىن، قارام بولۇڭ. مەن دۇنيادا لامزەللە ئادەمنىڭ ياخشى تەرىپىنى قىلغان ئىنساننى ئۇچرىتىپ باقمىدىم. ھەددىدىن ئارتۇق ئېھتىياتچانلىق ۋە ئۆزىگە ئىشەنمەسلىك ئىشلىرىڭىزنىڭ بېجىرىلىش ئۈنۈمىنى ھەسسىلەپ تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ. بەزى ئىشلاردا تەۋەككۇل قىلىپ بېقىڭ. قورقمايدىغان، يۈرەك-

لىك، ئۆزىگىزگە ئىشىنىدىغان، يۈرىكى، بىلى قاتقان ئەرگە
ئايلىنىسىز. ئەرلەرنىڭ تولا ئىشلاردا يۈرىكى سىلىپ، پاچىقى
قورقۇش، ئەندىشىدە دىرىلداپ تىترەپ، بەدىنىنى تەر بىسىپ
تۇرسا بۇ شۇ ئەر، ئائىلە، جەمئىيەت ئۈچۈن ھەرگىزمۇ ياخشى-
لىقنىڭ بىشارىتى ئەمەس. جەمئىيىتىمىز قىز بالىغىمۇ قاملاش-
تۇرۇپ ئىككى ئىغىز گەپ قىلالمايدىغان تاۋى نازۇك يىگىتلىرد-
مىز، ئەرلىرىمىز بىلەن تولماقتا. بىز بۇنداق ئەرلەردىن، يە-
گىتلەردىن قانداقمۇ زور ئۈمىدلەرنى كۈتەلەيمىز؟ ئەر، بەردەم
بول. دۇنيا سىنى يەپ كەتمەيدۇ. تەۋەككۇل قىل، يۈرىكىڭنى
پىشۇر، تىنىڭنى تاۋلا. مەغلۇبىيەت چوڭ گەپ ئەمەس. ھەممە-
دىن ئىچىنارلىقى، ئەرنىڭ تىترىشى، ئەرنىڭ قورقىشى، ئەرنىڭ
بوشىشى.

www.uyghurkitap.com

# 64. بىراۋ بىلەن توۋلىشىپ بېقىڭ

كىشىلىك ھاياتنى تۇپتۇز، سىپسىلىق بولىدۇ، دەپ كەتكىلى بولمايدۇ. تۇرمۇش قايناپ تۇرغان دېڭىزدۇر. بۇ دېڭىزدا ھەر قانداق خاتىرجەملىكمۇ ياكى داۋالغۇشمۇ ھامان نىسپىيدۇر. شۇڭا ئادەمدە كۆتۈلمىگەن ھادىسە — ئىشلارغا قارىتا روھىي، ئىدىيىۋى تەييارلىق بولغىنى تۈزۈك. بولۇپمۇ خاراكتېر قەتئىيلىكى كىشىلەرنى ھەر قانداق شارائىتتا مەغرۇر، ئىشەنچ بىلەن ياشاش كاپالىتىگە ئېرىشتۈرىدىغان مۇھىم بايلىق. شۇڭا ئىنساننىڭ يۈرەكلىك، قورقماس، غەزەپ - نەپرىتى ئېنىق بولمىقى بەكلا زۆرۈردۇر.

نۆۋىتى كەلسە بىراۋ بىلەن توۋلىشىپ بېقىڭ. بۇ قانداقتۇر سىزگە قانۇنسىزلىقنى، جېدەل - ماجىرا تېرىشنى تەرغىپ قىلغانلىق ئەمەس. نۇرغۇن كىشى بۇ گەپنى ئاڭلاپلا بىر قىسما بولۇپ قېلىشى، سىياسىي ئىبارىلەرگە تولغان سەگەك ئېڭى قوزغىلىپ قېلىشى مۇمكىن. ئەمما، مەن ئۇچرىغانلا بىرى بىلەن ۋارقىرىشىپ - جارقىرىشىپ يۈرۈشنى تەرغىپ قىلماقچى ئەمەسمەن، بەلكى نۆۋىتى كەلسە دەۋاتىمەن، نۆۋەت قانداق كېلىدۇ؟

بىرەرسىنىڭ ئەخلاقسىز، قانۇنسىز قىلمىشىنى كۆرگەن چاغدا بۇ مەن بىلەن ئالاقىسىز دەپ بېشىڭىزنى ئىچىڭىزگە تىقىۋالماڭ.

«دۇنيانىڭ ھەر قانداق يېرىدە يۈز بەرگەن ھەر قانداق شەكىلدىكى جىنايەت، رەزىللىك، مەيلى ئۇ بىزدىن قانچىلىك يىراقتا ياكى بىز بىلەن قىلچە ئالاقىسىز بولسىمۇ، بىز بىلىشنى خالىمىساق-مۇ، يەنىلا ھەممىمىزگە تەئەللۇقتۇر» (چىڭغىز ئايتماتوف). ئەخلاقسىز، قانۇنسىز قىلمىشلارنى ئەيىبلەڭ. ئۇلارغا توۋلاڭ، ۋارقىراڭ. بىر چاغلاردا ئۇستاز ژۇرنالىست، پىشقان مۇھەررىر قۇربان مامۇت ئاكىنىڭ «كوچا تەرتىپىنى بۇزغانلارغا پۈشتەك چالىدىغان قاتناش ساقچىسى بار يۇ، نېمىشقا تىل قائىدىسىنى بۇزغانلارغا پۈشتەك چالىدىغان ئادەم يوق» دېگەن سۆزىنى ئوقۇ-غاندىم. تىل، دىل، دىن، ئەخلاق، ئاممىۋي تەرتىپنى بۇزىدى-غانلارغا پۈشتەك چېلىڭ. ئۇلارنى توسۇڭ، ئاڭلىمىسا ۋارقى-راڭ، توۋلاڭ. ئوغرى قېشىڭىزدىلا بىراۋنىڭ يانچۇقىنى كولاۋات-سا، يۈزىڭىزنى تەتۈر ئۆرۈۋالماي ۋارقىراڭ. جىنايەت، بۇزۇق-چىلىق ئالدىدا شۈمشەيگەنلەر پەزىلەتلىك ئىنسانلار جۈملىسىدىن ئەمەس. مەن مانا مۇشۇنداق چاغدا ۋارقىراپ بېقىڭ، مۇشتۇم-زورلۇقتا بولغان غەزەپ - نەپرىتىڭىزنى ئاشكارا ئىپادىلەشنى ئۆگىنىڭ دېمەكچى. ھەرگىزمۇ بىگۇناھ بىراۋنىڭ ياقىسىدىن ئېلىپ، ئانا - مانىسىدىن قويۇپ تىللاڭ دېمەكچى ئەمەس.

ئەرلەر نۆۋىتى كەلسە ئۇرۇشۇپ، سوقۇشالايدىغان، بىر - بىرى بىلەن ۋارقىرىشىپ توۋلىشالايدىغان بولۇشى كېرەك. دۆ-لەتنىڭ ھەر يىلى ئەسكەر قوبۇل قىلىپ تەربىيىلىشىمۇ بەلكىم جەمئىيەتتە يامان قىلىق، ناچار خاھىشقا كاللىسى، ھېسسىياتى بىلەنلا ئەمەس، مۇشتى بىلەنمۇ قارشى تۇرالايدىغان مۇستەھكەم بىرلىكسەپ قۇرۇش ئۈچۈن بولسا كېرەك.

ھەممىلا ئادەم توغرا ـ خاتالىقنى كۆڭلىدىلا بىلسە، ئۇنى ئاشكارا ئەمەلىيىتىدە ئىپادىلىمىسە، يامان ئىش ـ ئەمەللەرنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ مىت قىلىپ قويمىسا، شۈبھىسىزكى، جەمئىيەت ئىنتايىن تېز ۋەيران بولۇپ كېتىدۇ، ئائىلىلەر غەم ـ ئەندىشە بالاسىدا قالىدۇ، ئاياللار، بالىلار، مۆمىنلەر قاراقسىز قالىدۇ. گەپ، ئىش مۇشتۇمزورلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كېتىدۇ. شۇڭا، كىشىلەر غەزەپلىنىدىغان جايدا لايىقىدا غەزەپلىنىش، ۋارقىراشنى ئۆگىنىۋېلىشى كېرەك.

ئۆمرىدە بىرەرى بىلەن بىرەر ئېغىز گەپ تالىشىپ باقمىغان ئادەمنى كىشىلەر ياقتۇرۇشى مۇمكىن. چۈنكى ئۇ كىشىلەر بىلەن بولغان مەنپەئەت مۇناسىۋىتىدە ھامان يول قويۇش، باشقىلارغا ئۆتۈنۈپ بېرىش، ۋاز كېچىش پوزىتسىيىسىدە بولىدۇ. شۇڭا كىشىلەر ئۇنى ياقتۇرىدۇ، ئەمما ياخشى كۆرمەيدۇ. كىشىلەر بىلەن ھېچقانداق ئارازلىشىپ باقمىغان بىر ئادەمنىڭ قەلبى يۇمشاق، نازۇك، ئىنتايىن زىل كېلىدۇ. ئۇلار تۇرمۇشنىڭ ئادەتتىكى بېسىملىرىنىمۇ، باشقىلارنىڭ ئانچىكى گەپ ـ سۆزلىرىنىمۇ ئىنتايىن ھار ئېلىپ كېتىدۇ، ھەق ـ ناھەق مەسىلىلىرىدە ئوڭايلا باش ئېگىدۇ. تۇرمۇشنىڭ، كىشىلەرنىڭ قاتتىق ـ قوپۇرۇق زەربىسىگە ئۇچراپ باققان ئادەم تېخىمۇ قەيسەر، كەڭ قورساق، ئەپچان، سەۋرچان ۋە قەتئىي بولۇپ يېتىشىپ چىقىدۇ. قىيىنچىلىق، ھاقارەت، خورلۇق ئۇلارنى تېز پۈكتۈرەلمەيدۇ. ئەر كىشى قەتئىي، مىجەزى كەسكىن، غەزەپ ـ نەپرىتى ئېنىق بولۇشى كېرەك. ئەر باشقىلار بىلەن ۋارقىرىشالايدىغان، جىنايەتكە مۇشت كۆتۈرۈپ چىقالايدىغان، ئائىلىسىنى، مىللىتى،

دۆلىتىنى قوغداش يولدا ھېچنەرسىدىن قورقمايدىغان قەيسەر يۈ-
رەككە ئىگە بولۇشى كېرەك. مانا مۇشۇنداق يۈرەككە ئىگە بولۇش
ئۈچۈن يۈرىكىڭىز قېتىشى كېرەك. بىرەرى تىكىلىپ قارىسىمۇ
سىزنى سوغۇق تەر باسسا، بىرەرى قاتتىقراق گەپ قىلسىمۇ
دۈدۈقلاپ تىترەپ، دەيدىغان گېپىڭىزنىمۇ تاپالماي قالسىڭىز
تۇرمۇشتا خورلۇقتا قالىسىز، خورلۇقتا قالمىسىڭىزمۇ تۈزۈك
خۇۋلۇق كۆرەلمەيسىز. شۇڭا، ئەردەك بولۇڭ، يۈرەكلىك، قەت-
ئىي، توغرا ھەققىتىڭىز ئۈچۈن سۆزلىڭىزمۇ، قانۇنىي ئاساس-
ىڭىزمۇ، قانۇن ئۆلگۈرمەيدىغان جىددىي پەيتلەردە مۇشتىڭىزمۇ
تەييار تۇرسۇن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

## 65. ئىشنىڭ ناچىرى يوق، ئادەمنىڭ ناچىرى بار

ئىنسان تۇرمۇشتا تۈرلۈك ـ تۈمەن ھۈنەر ـ كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىدۇ ۋە شۇ ئارقىلىق تىرىكچىلىك قىلىپ جېنىنى جان ئېتىپ، ھاياتلىق يولىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. مەيلى قانداق ھۈنەر ـ كەسىپ بولسۇن، ماھىيەتتە تۈپتىن ئوخشاش، يەنى ئىنسان ۋە ئۇنىڭ تۈرلۈك مەنپەئىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش جەريانى بولۇپ، بۇ مەنىدىن كەسىپتە ياخشى ـ ناچار دەپ ئايرىلىش بولمايدۇ. ھەربىر كەسىپ ئۆز ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ياخشى ـ يامان تەرەپلەرنى ھازىرلىغان بولۇپ، بىرىنى پەس يەنە بىرىنى ئەزىز كۆرۈش ئاقىلانىلىك ئەمەس. كىشىنىڭ چىلىكتىنمۇ ئىخلاس بىلەن شۇغۇللىنىشى ئۆزىگە خاس مەنە بار. موزدۇزلۇقتىمۇ چەكسىز ئىمكانىيەت مەۋجۇت. ئوقۇتقۇچىلىقنىڭ جاپاسىنى بىر تۇتقان ئىنسان بىلىدۇ. دەرۋازىۋەنلىكنىڭ دەردى ـ پەيزىنى قاراۋۇللار بىلىدۇ.

شۇڭا، مەيلى قانداق ئىش بىلەن شۇغۇللىنىڭ، كۆرەڭلىمەڭ ۋايىسماڭ. سىزنىڭ شۇغۇللىنىۋاتقىنىڭىز پەقەتلا ئىش تەقسىماتىدىكى، ئېھتىياج ئوخشىماسلىقىدىكى كەسىپ ئايرىمىسى. ھوللىنۋودنىڭ بىر داڭلىق ئەر كىنو چولپىنىنىڭ ماشىنىسىنىڭ سەپەر جەريانىدا چاقى ئېتىلىپ كېتىپتۇ ۋە يول بويىدىكى بىر رېمونتخانىغا ياسىتىش ئۈچۈن ئەكىلىپتۇ. قارىسا

رېمونتچى ئىنتايىن چىرايلىق، كېلىشكەن نازىنىن قىز ئىكەن.
قىز ئىنتايىن چېۋەرلىك بىلەن چاقنى ياساشقا كىرىشىپتۇ.
ئەسلى چولپان مېنى ھەممىلا ئادەم تونۇيدۇ، بىلىدۇ، چوقۇنىدۇ
دەپ ئويلىغان ئىكەن. دېمىسىمۇ ئۇنىڭغا غايىۋانە ئاشىق بولۇپ
يۈرگەن قىزلارمۇ ئاز ئەمەس ئىكەن. ئەمما، بۇ رېمونتچى قىز
ئۇنىڭغا ئالاھىدە دىققەت قىلىپمۇ كەتمەپتۇ، پەقەت چاق ياساش
بىلەنلا بولۇپ، ئىشنى تېزلا تاماملاپتۇ.

— ئىشقا بەكلا چېۋەركەنسىز. سىزگە بەكلا مەستلىكىم
كەلدى. تەكلىپ قىلسام، ماشىنامدا بىرگە دېڭىز بويىنى ئايلىـ
نىپ كەلسەك، قانداق؟ — دەپتۇ چولپان قىزغا سەممىيلىك
بىلەن.

— كەچۈرۈڭ، ئىشلەۋاتىمەن، — دەپتۇ قىزمۇ سەممىيـ
لىك بىلەن رەت قىلىپ.

— سىز مېنى تونۇمىدىڭىزمۇ؟ — دەپتۇ چولپان ئاخىرى.

— نېمىشقا تونۇمىغۇدەكمەن؟ — دەپتۇ قىز ۋە ئۇ رول
ئالغان بارلىق فىلىملەرنى بىرمۇ بىر ساناپ بېرىپ داۋاملاشتۇـ
رۇپتۇ. — ئەمما تونۇسام ـ تونۇمىسام بۇنىڭ نېمە كارايىتى؟
سىز كىنو ئارتىسى، كەسپىڭىز شۇ. سىز ئۆز كەسپىڭىزدە
نەتىجە قازانغان بولسىڭىز، ئۇ ئۆزىڭىزنىڭ ئىشى، ھەيران قالغۇـ
دەك ئىش ئەمەس. مەنمۇ ئۆزۈمنىڭ رېمونتچىلىق كەسپىدە ناھاـ
يىتى ياخشى ئىشلەۋاتىمەن.

شۇنداق، كەسپىنىڭ ياخشى ـ ناچىرى يوق. مەن مۇنداق
ئىش قىلىۋاتىمەن، كەسپىم مەينەت، جاپالىق دەپ قايغۇرۇپ
ئولتۇرۇشنىڭ قىلچە ھاجىتى يوق. ئىخلاس، مۇھەببەت بىلەن
قىلىۋاتقان ئىشىڭىزغا قايتىدىن قاراپ چىقىڭ ۋە ھەربىر ئىشـ

www.uyghurkitap.com

ڭىزنى يۈكسەك مەسئۇلىيەت، ئەستايىدىللىق بىلەن ئىشلەڭ. ھەر قانداق ئىش پۈتمەس - تۈگىمەس يوشۇرۇن قاتلامغا ئىگە. ئەڭ ئەرزىمەس ئىشلاردىن كاتتا نەتىجىلەرنى يارىتىش مۇمكىن ئەمەس دەپ كىم ئېيتىدۇ؟ گەپ ئۇنى بايقاش ۋە ئىخلاس مۇھەب-بەت بىلەن ئىشلەشتە. قاقشىماڭ، زارلىماڭ، ئىشنىڭ يامان تەرەپلىرىنىلا ئويلىماي، ئۇنىڭ ياخشى تەرەپلىرىدىن سۆيۈنۈپ تۇرۇپ بېجىرىڭ. شۇ چاغدىلا، سىز جاھاندا ناچار ئىشنىڭ ئەسلا مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى، پەقەت ناچار ئۇسۇل، ناچار قاراش-نىڭلا مەۋجۇتلۇقىنى بايقايسىز.

## 66. يېرىم يولدا توختاپ قالماڭ

ھەر قانداق بىر ئىش باشلىنىش، ئاخىرلىشىشتىن تەركىب تاپىدۇ. باشلانغان ئىكەن ئاخىرلىشىشى كېرەك. يەنى نىشانلانغان مەنزىلگە بېرىپ تاماملىنىشى كېرەك. ئوتتۇرا يولدا توختاپ قېلىش تاماملىنىشتىن ئەمەس، توختاپ قېلىشتىن، چۇشۇپ قېلىشتىن، ۋاز كېچىشتىن، چېكىنىشتىن، ئاجىزلىق، لامزەل-لىكتىن دېرەك بېرىدۇ.

بىزدە نۇرغۇن ئادەم بىر ئوبدان تىجارەتنى باشلىۋېلىپ، ئوتتۇرا يولدىلا توختىۋالىدىغان ياكى ياخشى باشلانغان ئىشنىڭ ئاخىرىنى چىقىرالمايلا تاشلاپ قويىدىغان ئىشلار كۆپ ئۇچرايدۇ. گەرچە بىز بۇنى شۇ ئىشقا مۇناسىۋەتلىك تۈرلۈك ئامىللارغا باغلاپ چۈشەنسەكمۇ، ئەمما شۇ كىشىنىڭ ئەقىدە - ئېتىقادى، ئىرادىسىنىڭ ئاجىز، پوزىتسىيىسىنىڭ قەتئىي بولمىغانلىقىنىمۇ نەزەرگە ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئىرادىمىزنىڭ ئاجىزلىقى بىزنى يېرىم يولدا ھاردۇرىدۇ، بوشاشتۇرۇۋېتىدۇ. ئۆز ئىشىمىزغا قويغان ئىخلاسىمىزنىڭ سۇسلۇقى بىزنى قىلىۋاتقان ئىشىمىزنىڭ ئەھمىيىتى، مەنىسىنىمۇ ھېس قىلالماس قىلىۋېتىدۇ. نەتىجىدە تولا ئىشلىرىمىز داغدۇغىلىق باشلىنىپ جىممىدە يوقاپ كېتىدۇ. نۇرغۇن دۇكان - سارايلىرىمىز داۋراڭ بىلەن تىجارەت باشلاپ ئاز مەزگىلدىن كېيىنلا جىممىدە تاقىلىپ قالىدۇ. بەختلىك باشلانغان بەزى نىكاھلىرىمىز ھەپتە - ئون كۈن ئۆتمەيلا جېدەل - نىزادا باش ئاغرىتىدۇ. شۇ قەدەر ئۇلۇغ پىلان، غايە

بىلەن باشلانغان ئوقۇش بىر ~ ئىككى يىلدىن كېيىن ئەڭ ئادەتتىكى يوقىلاڭ ئىشلارنىڭ ئاستىغا كۆمۈلۈپ قالىدۇ.

گەپ بىزنىڭ ئەقىدە ـ ئېتىقادىمىزدا ۋە چىدامچانلىقىمىزدا. ھەر قانداق پىلان سىزدىن مۇئەييەن بەدەل تۆلەشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ بەدەل ئويقۇ بولۇشىمۇ، ئويۇن ـ تاماشا بولۇشىمۇ، پۇل ـ ئىقتىساد بولۇشىمۇ، كاللا، تەپەككۇر بولۇشىمۇ مۇمكىن. نىشانىڭىز ئۈچۈن بەدەل تۆلەشتىن نېمىشقا يالتىيىسىز؟ ئوقۇش نىشانىڭىز بولسا ئويۇن ـ تاماشا، ئۇيقۇنى ئازايتىپ بارلىق زېھنىڭىزنى، ئاخىرىغىچە ئوقۇش، ئۆگىنىش، تەتقىقاتقا قارىتىشىڭىز كېرەك. تىجارەت قىلماقچى بولسىڭىز، ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇللار ئارقىلىق بازارنى تەھلىل قىلىپ، خېرىدارنى جەلپ قىلىشنىڭ يول ـ ئۇسۇللىرى ھەققىدە ئىزدىنىشىڭىز، قىيىنچىلىق، ئوڭۇشسىزلىق تۇپەيلىلا، نىشانىڭىزدىن ۋاز كەچمەسلىكىڭىز كېرەك. بەدەلسىز بەخت مەۋجۇت ئەمەس. چىداڭ، ئىزچىللىق ۋە قەتئىيلىكنى ساقلاڭ. ھەر قانداق ئىش قىلماڭ، ئاخىرىغىچە داۋاملاشتۇرۇڭ. يېرىم يولدا توختاپ قالماڭ. نىشانىڭىز توغرىلا بولىدىكەن، ئۇسۇلىڭىزنى، پوزىتسىيىڭىزنى ئۆزگەرتسىڭىز ئۆزگەرتىڭكى، نىشانىڭىز ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان قەتئىيىتىڭىزنى يوقىتىپ قويماڭ. بىر ئىشتىن ۋاز كەچسىڭىز، يەنە بىر ئىشقا قول تىقماي بولمايدۇ. ئۇنىمۇ يېرىم يارتا تاشلاپ قويسىڭىز، بۇنىمۇ چالا ـ پۇلا بىر نېمە قىلىپلا ھېرىپ قالسىڭىز تۇرمۇشتا تۇتامغا چىققۇدەك مېۋىگە ئېرىشەلمەيسىز. نەتىجە ـ مۇۋەپپەقىيەت پولات بەل، تۆمۈر قوڭ، تاش مەيدە ئىنسانلارنى ساقلايدۇ. ئىرادىسىز، ئاسان ھېرىپ قالىدىغان، ئوڭاي رايى قايتىدىغانلارنى ساقلايدىغىنى يەنىلا خام ـ خىيال، ساماۋى چۈش ۋە تېخىمۇ زور بېسىمدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

## 67. ھۈنەرسىز ئەر ھوسۇلسىز يەرگە ئوخشايدۇ

بىزدە «ئەر كىشىگە 72 خىل ھۈنەرمۇ ئازلىق قىلىدۇ» دەيدىغان ھېكمەت بار. بۇ ئەرلەرنىڭ كەسىپ ـ ھۈنەر ئىگىلىشى-نىڭ ئۇلارنىڭ ھاياتىنى قانداق ئۆتكۈزۈشىگە ئىنتايىن زور تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. دېمىسىمۇ ھۈنەرلىك، قو-لىدىن كۆپ ئىش كېلىدىغان ئەر جاھاندا ئۇنچىۋالا خورلۇققا، كىشىلەرنىڭ ئالدىدا خىجىلچىلىققا قالمايدۇ. ھۈنەرلىك ئەر كۆ-چى ھۈنىرى، قابىلىيىتى بىلەن جان باقالايدۇ، بەختلىك ھايات كەچۈرەلەيدۇ. قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىغان بىكار تەلەت ئەر-لەر بولسا، كۆڭلىرىنى غەيۋەت ـ شىكايەت، بۇزۇقچىلىق بىلەن ئۆتكۈزىدۇ، كىشىلەرنىڭ ئالدىدا ئىززەت ـ ئىناۋىتى بولمايدۇ، خەقلەرنىڭ ئالدىدا تىلى نۇتۇق، چىرايى سېرىق، گېپى ئۆتمەس بولۇپ قالىدۇ، كۆڭلىرى غۇربەتچىلىك، غەم ـ ئەندىشىدىن خا-لىي بولالمايدۇ...

ھۈنەر ئۆگىنىش، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگى-شىپ ئىش تەقسىماتىدا زور ئۆزگىرىشلەر بولدى ھەمدە يېڭىدىن زور بىر تۈركۈم كەسىپلەر بارلىققا كېلىپ، كىشىلەرگە كەڭ تاللاش ئىمكانىيىتى پەيدا بولدى. ئەمما، كىشىلەر مەلۇم بىر ھۈنەر، كەسىپ دائىرىسىدىلا چەكلىنىپ قالىدىغان ھادىسە ئوتتۇ-رىغا چىقتى. يەنى بىزدە گەپ قىلىش، ماتېرىيال كۆرۈپ، قە-غەزدە ئىش بېجىرىشتىن بۆلەك ئىشلار قولىدىن كەلمەيدىغان،

www.uyghurkitap.com

ئىشخانىدىن چىقسا نان تېپىپ يېيەلمەيدىغان زور بىر تۈركۈم كىشىلەر قوشۇنى شەكىللەندى. ھەقىقەتەنمۇ بىزدە ئىدارىسىدە كۆتىگە تەپسە جېنىنى جان ئېتەلمەيدىغان، نەدە تۇرۇپ نەگە بېرىشىنىمۇ بىلەلمەيدىغان كىشىلەر خېلى كۆپ ساندا مەۋجۇت. بۇ بۈگۈنكى زامان كىشىلىرىگە نىسبەتەن تولىمۇ خەتەرلىك ھالدۇر. چۈنكى بۈگۈن بىر ئوبدان يۈرۈشۈۋاتقان ئىش، خىزمەت، بازار ئەتىلا كاساتلىشىپ ئىشسىز قالىدىغان ئىشلار دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. ئاشۇنداق چاغلاردا نېمە قىلىپ جان بېقىش كېرەك؟ ئىدارە بىر ئادەم ئۈچۈن مەڭگۈلۈك قەبرە ياكى تايىنىدىغان تۈۋرۈك ئەمەس. شۇنداقلا مەلۇم بىر خىزمەتكە ئورۇنلىشىش كىشىنىڭ مۇقىم، خاتىرجەم ئورۇنغا ئېرىشىشىدىن دېرەكمۇ بەرمەيدۇ. شۇڭا، كىشىلەردە يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى بولغان قىيىنچىلىق - مۈشكۈلاتلارغا قارىتا تەييارلىق بولۇشى، ھەر قاچان تاۋۇقىم چېقىلسا پوكىنىمنى نەگە ئاسىمەن، دەيدىغان ئىدىيە كاللىدا بولۇشى كېرەك ھەمدە قوشۇمچە قىلىپ يەنە جانغا ئەسقاتىدىغان، قولدىن كېلىدىغان ماھارەت، ھۈنەردىن بىرەر ئىككىنى ئۆگىنىپ قويغان تۈزۈك. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەردىكى كۆپكە ماھىرلىق ئۇلارنىڭ ئىقتىدارىنى نامايان قىلىپ، باشقىلارنىڭ ئېتىراپ قىلىشى، ھۆرمىتىگە ئېرىشىشىگە پايدىلىق. ئائىلە تۇتۇش، پەرزەنت تەربىيىلەشكە كۆپ خىل ئىقتىدار يېتىلدۈرگەن ئەرلەرنىڭ ئوينايدىغان رول ئىنتايىن چوڭ بولىدۇ. بېشىغا تۇيۇقسىز مۈشكۈلات تاغلىرى يىقىلغاندا، كۆپ ھۈنەرلىك ئەر ئۆز ئىلكىدىكى كامالەت ۋە ماھارىتىگە تايىنىپ ئارتۇقچە غەم - ئەندىشىسىز يەنە يېڭى مەنزىل تېپىپ يول ئالالايدۇ.

ھۈنەر ئەرگە قاناتتۇر. قاناتسىز قالماڭ، خەتەرلىك پەيتلەردە ئەسقاتارغا زاپاس قانات، كۈچىڭىز بولسۇن.

# 68. رەھىمسىزلىك ئەرلەردىكى مۇھىم پىسخىك ساپادۇر

«ئەر، يىگىت» سۆزىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى مەنىسى جەڭچى بولاتتىكەن. جەڭچى هازىرلاشقا تېگىشلىك سۈپەت ئادەتتە غەزەپ ـ نەپرىتى، مۇھەببەت ـ سۆيگۈسى ئېنىق، قەتئىي، تېز پۈكمەس، هوشيار، بەردەم بولۇشتۇر. يىغلاڭغۇ، مىشچان ئەر-دىن يارامىلىق جەڭچى چىقمىغانغا ئوخشاشلا، مىجەز ـ خاراكتېرى نازۇك ئەرلەرمۇ ئائىللىق قەسىرىنىڭ ۋە ئائىلە ئوردىسىنىڭ تو-لۇق هوقۇقلۇق شاھىنشاھلىرى، قوغدىغۇچى پاسىبانلىرى بولال-مايدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەربىر ئىنسانىنى پادىچىغا ئوخ-شاتقان ۋە «ئۆز پادىلىرىڭلارنى قوغداڭلار» دېگەن. بىر ئەر ئۈچۈن ئۇنىڭ خوتۇنى، ئائىلىسى، بالىلىرى قوغداش كېرەك بولغان ھەققىياتلار جۇملىسىدىندۇر. ئۇنى لايىقىدا قوغداپ ئىز-زەتكە ئېرىشتۇرىمەن، دەيدىغان هەر قانداق بىر ئەردە مۇلايىملىق-مۇ، مېھرىبانلىقمۇ، كەڭ قورساقلىق، ياۋاش ـ يۇمشاقلىقمۇ، شۇنداقلا رەھىمسىزلىكمۇ يېتەرلىك بولۇشى كېرەك. بىزدىن، بىزنىڭ ئەرلىرىمىزدىن تاۋى نازۇك يۇمشاقلىق، ھەممىلا نەرسى-نى ئەپۇ قىلىۋېتەلەيدىغان مەۋقەسىز كەڭ قورساقلىق خىلى يې-تەرلىك چىقىشى مۇمكىن. ئەمما، مۇستەھكەم قەتئىي ئەقىدىگە يانداشقان رەھىمسىزلىك بىزدە ئۇنچە كۆپ ئەمەس. ئەرلىرىمىز

www.uyghurkitap.com

ئۆزىدە رەھىمسىزلىكتىن ئىبارەت بۇ پسخىك ساپانىمۇ يېتىلدۈ-
رۈپ قويۇشى كېرەك. يەنى خوتۇن ـ بالىلىرىغا قالايمىقان ۋارقى-
راپ ـ جارقىرايدىغان پاخپاق چېچىلىشىش ئەمەس. ئەڭ مۇھىم
لازىم يەرلەردە ئىشلىتەلەيدىغان ئورۇنلۇق رەھىمسىزلىك ئەرلەر-
نى تېخىمۇ ئىززەتلىك، ئائىلىنى تېخىمۇ مۇستەھكەم، جەمئىيەت-
نى تېخىمۇ ساغلام قىلىدىغان ساپادۇر.

بۇرادەر، ھەر قانداق ئەخلاقسىزلىققا رەھىمسىزلىك قىلىش-
نى ئۆگىنىۋېلىڭ. ھەممىلا نەرسىنى ئەپۇ قىلىۋېرىشكە، توغرا
چۈشىنىۋېرىشكە، كىشىلەرنىڭ خۇسۇسىي تۇرمۇشى دەپ يول
قويۇۋېرىشكە بولمايدۇ. شۇنداقلا ھەددىدىن زىيادە غىلجىڭ، تاۋى
نازۇك، سۆرەلمە بولۇۋالماڭ. توغرا، بۇ شەخس ئۆزى شۇنداق
بولاي دەپلا بولۇۋالىدىغان ئىش ئەمەس. لېكىن ئۆزىڭىزدە ئاشۇن-
داق نازۇكلۇق، كىشىلەردىن ئاغرىنىپلا يۈرىدىغان، باشقىلارغا
ئازار يېتىپ قالارمىكىن دەپ ئەڭ ئەقەللىي ئىشلاردىمۇ تەمتىرەي-
دىغان ئامىللار بولسا، دەرھال ئۇلارنى چۆرۈپ تاشلاڭ. خوتۇنى-
ڭىز بۇزۇقچىلىق قىلغان بولسا، يەنە ئۇنىڭ يىغىسىغا ياكى
تۆلكىلەرچە مىشىلدىشىغا قاراپ مەيلىلا دەۋېتەمسىز؟ بالىلىرىڭىز
يىغلىسىلا ھەممە ئىشنى ھەل قىلىپ بېرەمسىز؟ بەزى ئىشلاردا
رەھىمسىزرەك بولۇڭ. قاتتىق قوللۇق، باغرى تاشلىق ئەرلەر
يېتىلدۈرۈشكە تېگىشلىك مۇھىم ساپالارنىڭ بىرى. ھەممىلا نەر-
سىگە تەرەت سۇيىدەك ئىلمان مۇئامىلە قىلماي، كەسكىن، قەت-
ئىي يوسۇندا مۇئامىلە قىلىشنى ئۆگىنىڭ. دۇنيا كۆز يېشىغا
ئىشەنمەيدۇ. باشقىلارغا كۆيۈنمەن، مېھرىبانلىق قىلىمەن، يول
قويىمەن دەپ بەدقىلىق ياۋۇزلۇققا داغدام يول ئېچىپ بەرمەڭ.

ئەرلەردىكى قەتئىيلىك، رەھىمسىزلىكنىڭ سۇسلىشىش، غىلـ
جىڭ مىجەز، نايناقلىق، نازۇكلۇق، كىيسىپ گەپ قىلالماسـ
لىق، مۇھەببەت ـ نەپرىتىنىڭ نا ئىينىق بولۇشى جەمئىيىتىمىزـ
دىكى بارلىق ئەخلاقسىزلىق ۋە بۇزۇقچىلىقلارنىڭ ئانىسى ـ دادىـ
سىدۇر. ھەربىر ئەر ئۆزىدە رەھىمسىز قەتئىيلىكتىن ئىبارەت
بۇ ساپانى يېتىلدۈرۈشكە سەل قارىماسلىق كېرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## 69. تەنقىدكە توغرا مۇئامىلە قىلىش

ئىنساننىڭ خاراكتېرى مۇتلەق ياخشى بولۇپ كېتەلمەيدۇ. ئۇ ھامان مەلۇم ياش، دەۋر ۋە مۇھىتنىڭ چەكلىمىلىكلىكى، تەسىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. مەسىلەن: كۆپىنچە ياشلار ياۋ-روپا ئۇسلۇبىدىكى، ئاممىباب، ئاھاڭ ئۇدارى تېز ياكى غەمكىن، مۇڭلۇق، ئاددىي كۈي - مۇزىكىلارنى ئاڭلاشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئوتتۇرا ياشلىق، ياشانغان كىشىلەر خەلق ناخشىلىرى، قەدىمكى كۈي - ئاھاڭلارنى ۋە مۇقام - مەشرەپلەرنى كۆرۈش - ئاڭلاشتىن ئىنتايىن ھوزۇر ھېس قىلىدۇ. بىزدە خېلى كۆپ ئادەم ياشلار مۇقامدىن بەزدى، خەلق ناخشىلىرىدىن بىزار، تايىنى يوق گۇل-دۇر - گۇپپاڭ بىر نېمىلەرنىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈشنىلا بىلىدۇ، ياشلار بۇزۇلدى... دەپ ياشلارنىڭ شاشلىقىدىن ئاغرىنغان بول-دى. ئەمەلىيەتتە بۇ ئۇلارنىڭ يېشى، ياشلىقتىكى قىزىقىش ئىن-تىلىشىنىڭ ئاددىي، گۆدەكلىكى، ئائىلە تەربىيىسى، قىزىقىشى-نىڭ يېتەكلىنىشى قاتارلىق كۆپ خىل ئامىللارغا باغلىق. شۈب-ھىسىزكى، ياشلارمۇ بىر مەزگىلدىن كېيىن مۇقامغا يانىدۇ. بۇ مۇقەررەر قانۇنىيەت. شۇنىڭغا ئوخشاشلا ھەربىر ئادەمدە ياش، دەۋر، مۇھىت چەكلىمىسى تۈپەيلى ۋە تەربىيىنىڭ يېتەرسىز بولۇشى سەۋەبلىك ئۇنداق - مۇنداق كەمچىلىكلەر بولۇشى ۋە شۇ ھالدا مۇئەييەن تەنقىد پىكىر - تەكلىپلىرىگە ئۇچراپ تۇرۇشى مۇمكىن.

تەنقىدكە توغرا مۇئامىلە قىلىش. كىشى ئۆزىدىكى ئىللەت ۋە سەۋەنلىكلەرنى كۆرەلمەيدۇ، كۆرسىمۇ تەن ئالغۇسى كەلمەيدۇ. ھەتتا ئۆزىدىكى شۇ قەدەر يىرگىنىشلىك ئىپلاسلىقنىمۇ گۈزەل ئىنسانىي خىسلەت قاتارىدا ساناپ ئۇنى بازارغا سېلىشقا ئۇرۇنىدىغان تەنتەكلەر ئارىمىزدا ئاز ئەمەس. «ئىلىم يوق يەردە نادانلىق ئۆزىنى ئىلىم دەپ جاكارلايدۇ» (ئابدۇقادىر جالالىدىن). مۇنداق ئەھۋالدا ئەتراپتىكىلەرنىڭ سىزگە بولغان تەنقىدىي پىكىر - تەكلىپلىرىگە ئىلمىي مۇئامىلە قىلىشىڭىزغا توغرا كېلىدۇ.

تەنقىدكە ئۇچرىسىڭىز ھەرگىز چىچاڭشىپ سەكرەپ كەتمەڭ. تەنقىد ئالدىدا خۇدىنى يوقىتىش دانانىڭ ئىشى ئەمەس. تەنقىد ئالدىدا تېخىمۇ سوغۇققان، تەمكىن بولۇش كېرەك. تەنقىدكە ئۇچرىغاندا، ئەستايىدىللىق بىلەن شۇ خىل كەمچىلىكلەر سىزدە بارمۇ - يوق، بۇ ھەقتە ئالدىرىماي ئويلىنىڭ. بار ئىكەن، تەنقىد قىلغۇچىغا رەھمەت ئېيتىڭ ۋە تۈزىتىشكە تىرىشىڭ. تەنقىد سىزگە كۆيۈنۈشنى، سىزنىڭ ئاجىزلىقىڭىزنى ئۆزگەرتىپ كامىل ئىنسان بولۇشىڭىزنى مەقسەت قىلىدۇ. سىزگە يامانلىق تىلىگۈچى بەلكىم سىزنى تەنقىد قىلىپمۇ يۈرمەس، بەلكى كەينىڭىزدىن سۆز - چۆچەك تاپار، سىزنى ئەل - جامائەت ئالدىدا سېستار. سىزگە كۆيۈنگۈچى، سىنى ئاسرىغۇچى بەندە سىزگە يۈزتۇرانە كەمچىلىكلىرىڭىزنى ئېيتىپ بېرىدۇ ۋە سىزنىڭ نۇقسانلاردىن ئامالىنىڭ بارىچە خالىي ئىنسان بولۇشىڭىزنى تىلەيدۇ. ئۇلارغا رەھمەت دەپ ۋە سەمىمىيلىك بىلەن كەمچىلىكلىرىڭنى تۈزەت. تەنقىد قىلغۇچىغا ھۆرپەيمەڭ، يولسىز تەنقىد بولسا، ئۆزىڭىزنى سەمىمىيلىك بىلەن ئىپادىلىيەلىشىڭىز تامامەن مۇم-

كىنىغۇ.

يەنە بىر نۇقتا شۇكى، ئالدىڭىزدىكى يەنى سىزنى تەنقىد قىلغۇچى بىر ئەينەك، سىزنىڭ ئارتۇق ـ كەم تەرىپىڭىزنى جايىدا كۆرسىتىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن بۇ ئەينەك ئۆزى ساق، پاكىز بولۇشى كېرەك. بىزدە ھاياتقا بولغان ئۆلچەم ـ ئېتىقادى ساغلام ئەمەس كىشىلەرمۇ باشقىلارنى ھاراق ئىچمىدىڭ، تاماكا چەكمىدىڭ، قىز باللار بىلەن ئېغىز ـ بۇرۇن يالىشىپ ئوينىمىدىڭ دەپ تەنقىدلەپ، تىللاپ، ئەيىبلەپ كېتىدىغان ھاللار ئۇچرايدۇ. مۇنداق ئەخمىقانە تەنقىد ئالدىدا قەددىڭىزنى تىك تۇتۇڭ ۋە سىزمۇ لايىقىدا جاۋاب قايتۇرۇشنى بىلىڭ. ھەر قانداق تەنقىدكە سۈكۈت قىلىۋېرىشمۇ ئاقىلانىلىق ئەمەس. بىز توغرا، ئىلمىي تەنقىدكە قول قۇۋۇشتۇرۇپ «مەرھابا» دەيمىز. ئەخمىقانە بىلجىرلاش، ئىلمىيلىكتىن چەتنىگەن سەپسەتىلەرگە چىش ـ تىرنىقىمىز بىلەن قارشى تۇرىمىز. چىركىن ئىدىيە، سېسىق سەپسەتىلەرنىڭ يامرىشىنى پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن توسىمىز. توغرا تەنقىدنى جان دەپ قوبۇل قىلىمىز، ناتوغرا ئەيىبلەشلەر ئالدىدا ئۆز ئىززىتىمىز ۋە ھەقىقىمىزنى قوغداشنى بۇرچ دەپ بىلىمىز. مانا بۇ ئىدىيە مەۋقەسى مۇستەقىل ۋە قابىل بىر ئەرنىڭ تەنقىدكە تۇتىدىغان پوزىتسىيىسىدۇر.

تەنقىد ئالدىدا ھوشىنى يوقىتىپ، تۇگىشىپ كەتمەسلىك، ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىش، ھاياتقا، دوستقا سەمىمىي مۇئامىلە قىلىش ئاقىلانە ھاياتلىق پوزىتسىيىسىدۇر.

# 70. قۇرۇق سۆز ـ چۆچەكلەرگە ئىرەن قىلماڭ

غەيۋەت، پىتنە ـ پاسات يېتەرلىك تۆكمە بولغان بىر دەۋردە ياشاۋاتىمىز. بەزىدە ئەپقاچتى گەپلەرنىڭ قايسىسى راست، قايسىسى يالغان ئۇققىلى بولماي قالىدۇ. شۇڭا، كىشىلىك تۇرمۇشتا سوغۇققان بولغان تۈزۈك. يەنى ھەر قانداق ئادەم توغرىلىق ھەر قانداق كىشىدىن ھەر قانداق جايدا ئاڭلىغان گەپ ـ سۆزلەرگە قۇلاق سالماڭ ۋە سىزمۇ قېتىلىپ جاھانغا پىتنە ـ پاسات تېرىماڭ. مۇمكىن بولسا كىشىلەرنىڭ ئەيىبى، ئاجىزلىقلىرىنى يېپىڭ، ئۇنى خەلقئالەمگە ياياڭ. رەسۇلۇللا: «مېنىڭ ھەر قانداق ئۇممىتىم كەچۈرۈلگۈچىدۇر. ئەمما ئاشكارىلىغۇچىلار كەچۈرۈلمەيدۇ» دېگەن ھەمدە: «دۇنيادا بەندە بەندىنىڭ ئەيىبىنى ياپسا، ئاللاھ قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ ئەيىبىنى ياپىدۇ» دېگەن. خەيرىيەتكى، كىشىنىڭ ئارقىسىدىن قىلىنىدىغان گەپلەرنىڭ ئىچىدە ئۇبدان گەپ، ياخشى تەرىپ ئاز بولىدۇ. شۇڭا ئەڭ ئاقىلانە، ئادىل تاللاش — غەيۋەت ـ شىكايەتتىن نېرى تۇرۇشتۇر.

شۇنداقلا، بەلكىم سىزنىڭ كەينىڭىزدىنمۇ كىشىلەر ئارىسىدا تۈرلۈك ـ تۈمەن گەپ ـ سۆزلەر، ھەتتا سىزگە توقا ـ تۆھمەت ئارتىدىغان پىتنە ـ ئىغۋالارمۇ تارقىلىشى مۇمكىن. خەقنىڭ ئىنساب ـ دىيانەتنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ شەيتان بىلەن قول تۇتۇشۇپ تۇرۇپ تاپقان، توقۇغان گەپلىرىگە چىچاڭ-

شىپ كەتمەڭ، باشقىلارنىڭ سۆزلىرى ئۇچۇن قايغۇرۇپمۇ كەتـ-
مەڭ. كىشىلەر ياكى يامانىنىڭ ياكى ياخشىنىڭ كەينىدىن گەپ
تاپىدۇ. ئاقىل بولسىڭىز، كىشىلەر توقۇغان سۆز - چۆچەكلەر-
دىن ئىبرەت ئېلىڭ ۋە ئۇن - تىنىسىز هالدا ئۆز ئىشىڭىز بىلەن
مەشغۇل بولۇڭ. سۆز - چۆچەككە بېرىلىپ كېتىش سىزنىڭ
قىممەتلىك ۋاقتىڭىز، زېهنىڭىزنى خورىتىۋېتىدۇ. تۇرمۇش نى-
شانىڭىزنى بۇرۇۋېتىدۇ. سۆز - چۆچەككە قۇلاق سالماي، ئۆز
نىشانىڭىز ئۇچۇن كۈرەش قىلىۋېرىڭ. مانا بۇ پىتنە - پاساتقا
بېرىلىدىغان ئەڭ لايىق جاۋاب ۋە كاتتا هۇجۇم. كىشىلەرگە ئۆز
ئەمەلىيىتىڭىز ئارقىلىق ئۆز پەزىلىتىڭىزدىن ئۇچۇر بېرىڭ.
چۈنكى پىتنە - پاساتنى ئۆزىڭىز ئاقلاش ئارقىلىق بېسىقتۇرالماي-
سىز هەم ئۆزىڭىزنى ئاقلاشقا ئۇرۇنۇش سىز هەققىدە تېخىمۇ
كۆپ پىتنە - پاساتلارنى پەيدا قىلىدۇ. سىزنى جىلى قىلىپ
ئېلىشتۇرۇۋېتىدۇ.

سىرتقا دۇنيادىكى پايدىلىق ئۇچۇر، ئىلىملەرگە سەگەك بو-
لۇش، غەيۋەت - شىكايەت، پىتنە - پاسات ئالدىدا گاس - گاچا
بولۇۋېلىش بىر ئەر ئۇچۇن بەكمۇ ئاقىل تاللاشتۇر.

# 71. ئايالىڭىز بىلەن ئارازلىشىپ قالسىڭىز

كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئەر ـ خوتۇنلار ئارا ئاز ـ تولا جېدەل ـ ماجىرا، توقۇنۇشلارنىڭ بولۇپ تۇرۇشى نورمال ئەھۋال. ھېچقانداق جېدەل ـ ماجىراسىز ۋە نىزاسىز ئائىلىنى تېپىش مۇمكىن ئەمەس. ئەر ـ خوتۇنلار ئارىسىدا ئاز ـ تولا غىزىلدىشىپ قالىدىغان، قاراش ئوخشىماسلىقى سەۋەبىدىن تاكاللىشىپ قالىدىغان ئىشلاردىن ساقلىنىش تەس بولغانىكەن، ئەر ـ خوتۇننىڭ ئارىدىكى ئارازلىشىشقا توغرا مۇئامىلە قىلمىقى بەكلا زۆرۈردۇر ۋە جېدەل جەريانىدىكى بەزى ئۇسۇل ـ چارىلەرگە دىققەت قىلىشى، نىكاھنى، مۇناسىۋەتنى قوغداپ ئارازلىشىشتىن كېيىنكى مۇناسىۋەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ماھىر بولۇشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا دىققەت قىلىپ قويغاننىڭ زىيىنى يوق.

1. ئارازلىشىش جەريانىدا ياكى تاكاللىشىپ قالغاندا ھەرگىزمۇ ئايالىڭىزنىڭ يېغىرىغا ياكى غۇرۇرىغا تېگىدىغان گەپ ـ سۆزلەرنى قىلماڭ. زىددىيەت كىچىككىنە ئىشلاردىكى قاراش ئوخشىماسلىقىدىن باشلىنىشى مۇمكىن. كىچىككىنە زىددىيەتنى بىر ـ بىرىڭلارنىڭ غۇرۇرى، ئىززەت ـ نەپسىگە ھۇجۇم قىلىدىغان نەيزە ـ قىلىچقا ئالماشتۇرۇۋالماڭلار.

2. گەپنى زىددىيەتنىڭ ئۆزىگە قارىتىڭ. ھەرگىزمۇ زىددىيەت ياكى ئارازلىشىش بىلەن ئالاقىسى يوق بۇرۇنقى كونا خامان-

لارنى سورۇپ، ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى سۈرەپ قويۇپ جېدەلنى ئۇلغايتماڭ.

3. كاللىڭىز سەگەك ۋاقتىدا تاكاللىشىڭ. ھەرگىزمۇ ھاراق ئىچىپ مەستلىكتە ياكى غەزىپىڭىز قايناپ تۇرغاندا ئايالىڭىز بىلەن جېدەللەشمەڭ. كەيپىياتىڭىزنى، ئۆزىڭىزنى تۇختىتىۋېلىپ سوغۇققانلىق بىلەن مۇنازىرىلىشىڭ. ئاچچىقىڭىز بېسىلمىسا بىردەم سىرتقا چىقىپ ئايلىنىپ كىرىپ ياكى تۇختىتىۋېلىپ كەيپىيات تۇراقلاشقاندا، ئاندىن جېدەللەشسىڭىزمۇ كېچىكمەيسىز.

4. پۇت ـ قولىڭىزنى ئىشقا سالماڭ. ئايالىنى ئۇرغان، غەزىپىنى، ئاچچىقىنى باسالمىغان ئەرگە خۇدامۇ رەھمەت نەزىرى بىلەن باقمايدۇ. ئۇرۇش، قول تەگكۈزۈش زىددىيەتنى يوغىناتسا يوغىنىتىدۇكى، خوتۇنىڭىزنىڭ قەلبىگە ساقايماس جاراھەت ـ ئۆچمەنلىك سالسا سالىدۇكى، ئۇنى قايىل قىلىپ ئىتائەتىڭىزگە ئەكىرەلمەيدۇ.

5. ئىزالىشىپ قالسىڭىز، خوتۇنىڭىزغا ئۆيىڭىزنى تاشلاپ بېرىپ قېيداپ چىقىپ كەتمەڭ. ئۆيدىن قېيداپ چىقىپ كېتىشنىڭ ئۆزىلا ئۇنىڭدا يېتەرلىك كەمچىلىك ۋە ئاجىزلىق بارلىقىنى دەلىللەپ بېرىدۇ. يەنە كېلىپ قېيداش، ئۆيدىن يامانلاش خوتۇن خەقنىڭ ئىشى.

6. ئىزادىن كېيىن خوتۇنىڭىزغا باتناپ يۈرمەڭ. ئەر كىشى تەشەببۇسكارلىقتا ئەرلىك مەردانىلىكىنى نامايان قىلىدۇ. ئىزادىن كېيىن خوتۇنىڭىزغا ئاكتىپلىق بىلەن گەپ قىلىڭ ۋە ئىزانى پەسەيتىشكە مۇناسىۋەتلىك گەپ ـ سۆزلەرنى قىلىپ، ئارىدىكى سوغۇقچىلىقنى ئاز قالدۇرۇڭ. زىددىيەت ئەر ـ خوتۇنچىلىق

مۇناسىۋەت ۋە نىكاھنىڭ پۈتۈنلەي بەربات بولغانلىقىدىن دېرەك
بەرمەيدۇ. زىددىيەت مەلۇم مەسىلىلەردىكى قاراش، ئادەتنىڭ
ئوخشىماسلىقىدىن كېلىپ چىقىدۇ. نىكاھنى، ئائىلىنى ساقلاپ
قېلىش ھەممىدىن مۇھىم ئىش. شۇڭا، نىزادىن كېيىن قىلىدىـ
غان ئىش قېيداش، باتناش، بىر ـ بىرىگە زەھەرخەندە سۆزلەر
بىلەن ھۇجۇم قىلىش، بىر ـ بىرىنىڭ ئەيىبىنى كوچىلاش ئەـ
مەس، بەلكى زىددىيەتنىڭ تۈگۈنىنى تېپىپ چىقىش ۋە ھەر
ئىككى تەرەپ ئۆزلىرىدىكى كەمچىلىكلەرنى تېپىپ چىقىپ، كەڭ
قورساقلىق بىلەن ئورتاق بىر نۇقتا مەسلەككە كېلىش. نىزادىن
كېيىن ھەرگىزمۇ يەنە قارشى تەرەپنىڭ كەمچىلىكىنى تىلغا ئالـ
ماڭ. قارشى تەرەپتىن مەسىلە كولاش زىددىيەتنى چوڭقۇرلاشـ
تۇرسا چوڭقۇرلاشتۇرىدۇكى، ھەرگىزمۇ ئاچچىقنى پەسەيتمەيـ
دۇ.

ئەر بولغۇچى زىددىيەت ئالدىدا سوغۇققان، ئەپۇچان بولۇشى
كېرەك. تاۋى نازۇكلۇق، قېيداش، كوت ـ كوتلۇق ۋە ئورۇنـ
سىز قەھر ـ غەزەپ ئەرنىڭ نوپۇزىنى تۆكىدىغان، ئائىلە، نىـ
كاھنى ۋەيران قىلىدىغان كۇشەندىدۇر. ھاياتنى، بەختنى چىرىـ
تىدىغان كۇشەندىلەردىن نېرى تۇرۇڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# 72. ئەنئەنە بىلەن يېڭىلىقنى مۇۋاپىق ماسلاشتۇرۇڭ

ئەنئەنە بىر مىللەت كىشىلىرىنىڭ ئۇزاق مەزگىللىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا شەكىللەندۈرگەن ئادەت ـ قاراشلىرىنىڭ يىغىندىسى بولۇپ، ئۇ پاراسەت ئاساسىدا ۋە ئۇزاق مەزگىللىك تۇرمۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا سىناقتىن ئۆتكەن تەجرىبە ۋە ئىلىملەر جۇغلانمىسى بولۇپ، ئۇنىڭدا شۇ مىللەتنىڭ مەۋجۇتلۇق خاسلىقى، مەدەنىيەت قىممىتى ئەڭ روشەن دەرىجىدە ئەكس ئېتىدۇ. ئەنئەنە بىر مىللەتنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە تەرەققىياتىنىڭ ماددىي ـ مەنىۋى ئاساسىدۇر، ئەنئەنە مىللىي مەۋجۇتلۇقنىڭ ئۇلتېشى.

يېڭىلىق، زامانىۋىلىق بولسا دەۋر، ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇل ـ ۋاستىلىرى، تېخنىكا، سانائەت كۈچلىرىنىڭ يېڭىلىنىشى، مىللەتلەر ئارا ئالاقىنىڭ كۈچىيىشى جەريانىدا شەكىللىنىدىغان مۇئەييەن زامان، ماكان چەكلىمىلىكىگە ئىگە، ئەمما ئەنئەنىگە نىسبەتەن ئاكتىپ يېڭىلاش، تولۇقلاش، ئۆزگەرتىش رولىنى ئوينايدىغان يېڭىچە مەدەنىيەت ئېقىمىدۇر. زامانىۋىلىق ئىنتايىن زور دەرىجىدە دەۋرنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي تۈزۈلمىسى، تېخنىكا سەۋىيىسى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئارىلىشىش دەرىجىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا زامانىۋىلىقتا ئىلغار تەرەپمۇ ناچار تەرەپمۇ بولىدۇ. ئوخشاشلا ئەنئەنىدىمۇ مىللەت ۋە قەۋملەرنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان، ئۇلارنىڭ قىممىتىنى

نامايان قىلىدىغان تەركىبلەرمۇ، شۇنداقلا مىللەتنىڭ، كىشىلەر-
نىڭ يېڭى دەۋردىكى يېڭى تۇرمۇش، رىقابەت مۇھىتى ۋە دەرىجە-
سىگە پاسسىپ تەسىر كۆرسىتىدىغان ئېلېمېنتلارمۇ بولىدۇ.
شۇڭا ئەنئەنە بىلەن زامانىۋىلىقنى دۇرۇس مۇئامىلە قىلىش، بىرى-
نىلا تەكىتلەپ يەنە بىرىنى چەتكە قېقىشقا ھەرگىز بولمايدۇ.
ئەنئەنىگىلا ئېسىلىۋېلىپ يېڭىلىققا كۆزىنى يۇمۇپ ئارقىسىنى
قىلىۋالىدىغان، يېڭىچە قاراش، ئېقىم ۋە زامانىۋى مەدەنىيەتتىن
ئۆزىنى ئېلىپ قاچىدىغان مەدەنىيەت بېكىنمە ۋە تەرەققىيات
ئىقتىدارىنى، باشقا مەدەنىيەت كۆچلىرىگە تەسىر كۆرسىتىش
ھاياتىي كۈچىنى يوقاتقان پالەچ مەدەنىيەتكە ئايلىنىپ قالىدۇ.
يېڭىلىققىلا ئىنتىلىپ ئەنئەنىنى تەرك ئېتىش، ئاتا ـ بوۋىلىرى-
نىڭ بارلىق گۈزەل ئەخلاقى، ئىلمىي، پەننىي دەۋەت ـ رىغبەت،
ھېكمەتلىرىنىڭ ھەممىسىنى جاھاننىڭ كەينىدە قالغان ئەسكى-
ي لاقا ـ لۇقا قاتارىدا كۆزدىن سېلىۋېتىش بولسا، شۇ قەۋم
كىشىلىرىنىڭ ئادەت ـ قاراشلىرىنى بىلىشسىز، قارىغۇ، مەۋقە-
سىز، ئۆلچەمسىز قىلىۋېتىدۇ. بۇنداق مەدەنىيەت يىلتىزى يوق
دەرەختكە، چەپ ـ چۆرىسى يوق قومۇش كەپىگە ۋە تاۋۇس ئەللە-
يىنگىلا ئوخشايدۇ. ئۇلار قارىماققا رەڭگارەڭ، چىرايلىق، سىپايە
كۆرۈنىدۇ. ئەمەلىيەتتە مەنىسىز، قۇپقۇرۇق، يالغان، بىمەنە ۋە
تېگى ـ تەكتىدىن رەزگى ئالدامچىلىققا ئايلىنىپ كېتىدۇ. پەقەت
ئەنئەنە ئۆزىدىكى سەرخىل ھاياتى كۈچلەرنى ساقلاپ قېلىپ دەۋر،
تېخنىكا، سانائەت، مۇھىتتىكى پايدىلىق ئېلېمېنتلارنى ئاكتىپ
ئۆزلەشتۇرۇپ قوبۇل قىلىپ، زاماننىڭ مەسىلە ـ مەپكۇرلىرىغا
قارىتا لايىقىدا ئىنكاس قايتۇرالىغىنىدا ۋە ئەسلى گۈزەل مەۋقە-
سىدىن تېپىپ كەتمىگەندىلا مىللەتنىڭ مەۋجۇتلۇقى، قىممىتى
ھەقىقىي مەنىدىكى ساغلام تەرەققىيات، يۈكسىلىشكە قاراپ تەرەق-

www.uyghurkitap.com

قىي قىلالايدۇ. بولمىسا، ئەنئەنە بىلەن يېڭىلىق ئۆزلىرىدىكى ئەشەددىي جاھىللىق ۋە كۆرەڭ مەغرۇرلۇق بىلەن بىر - بىرىنى رەت قىلىپلا يۈرۈپ تېخىمۇ چوڭ مەنىۋى بۆلگىنىش، كىشىلەر ئارا ھاڭ پەيدا بولۇش، بىر - بىرىنى چۈشەنمەسلىك ۋە كېلىشەلمەسلىكتەك مەرەز ئادەتلەرگە تەرەققىي قىلىپ، تېخىمۇ بىمەنە، ئاجىز، خاسلىقى يوق ئەبجەش مەدەنىيەتلەر ئارىلاشمىسى-غا ئايلىنىپ قالىدۇ. مەدەنىيەتتىكى ئەبجەشلىك ئىنتايىن خەتەر-لىك ھالدۇر. قېچىرنىڭ پەخىرلەنگۈدەك ئەجدادى ئۇمىدلەنگۈدەك ئەۋلادى يوق. ئەبجەش، ئارىلاشما مەدەنىيەتمۇ قېچىرنىڭ ھالى-دىن ھېچ پەرقلەنمەيدۇ.

بۇرادەر، ئەنئەنە بىلەن يېڭىلىق مەسىلىسىدە ھوشيار بولۇڭ ۋە ئىنتايىن ئاقىل تاللاش ئېلىپ بېرىڭ. ئەنئەنىۋى ئۆرپ - ئادەت، مەدەنىيەتكە ئائىت نەرسىلەرنى ۋە قاراش - ئادەتلەرنى ئالدىراپ چەتكە قاقماڭ. ئۇلار سىزنىڭ ئەجدادلىرىڭىز يەكۈنلە-گەن، جۇغلاپ توپلىغان ۋە سىزگىچە نەچچە ئەۋلاد، داۋاملاشتۇ-رۇپ كەلگەن ئىنتايىن قىممەتلىك بىباھا بايلىق، مىراس. ئەج-دادلىرىڭىز باشلىغان يول، ئاچقان بوزنى تاشلىماڭ. بەلكىم ئۇ نەرسىلەر ئىچىدىكى بەزى ئادەتلەر قارىماققا بەكلا مۇتەئەسسىپ-لىك، قالاقلىق كۆرۈنۈشى مۇمكىن. ئەمما جەمئىيەتنىڭ ئومۇ-مى تەڭپۇڭلۇقى، مىللىي ئەنئەنىنىڭ بىر پۈتۈنلۈكى ۋە خاسلىقى نۇقتىسىدىن قارىسىڭىز، ئاشۇ كونا، قالاق، چاكىنا كۆرۈنگەن ئادەتلەرنىڭ ئىچىدە چاقناپ ياتقان بىباھا ھېكمەت دۇردانىلىرىنى بايقاپ يېتەلەيسىز. «سىلەر پىششىق ئىگىرگەن يىپىنى چۇۋۇپ، پارچە - پارچە قىلىۋەتكەن خوتۇندەك بولماڭلار» (سۈرە «نەھل» 92 - ئايەت). ئەمما ئەنئەنىنى ياقىلايمەن دەپلا زامانىنىڭ ئىلمىي تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە خىلاپ كەلمەيدىغان بەزى ئادەتلەرگە ئې-

سىلىقۋالماڭ ۋە تۇرمۇشىمىزغا سىڭىپ كىرگەن بەزى تېنىك-
ۋى، زامانىۋى ئىمكانىيەتلەرنى قارىتقۇيۇق چەتكە قاقماڭ. بىزنىڭ
ساددا ئادەملەر ئەنئەنىنى كۆپىنچە دوپپا، ياغلىق، كىيىم -
كېچەكتىنلا ئىزدەشكە ئامراق. ئەمما ئەنئەنە نوقۇل كىيىمدىلا
ئەمەس، بەلكى كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەك،
ئىدىيە - ئەخلاق، تۇرمۇش مىزانى، كىشىلەر ئارا ئالاقە...
قاتارلىق ئىنتايىن چوڭ مەنە، مەزمۇن شەكىللەرگە بېرىپ تاقى-
لىدۇ. دوپپا كىيىۋېلىپلا مەن ئەنئەنىنى نامايان قىلغۇچى دەپ
داۋراڭ سېلىش بەكلا ئاددىي تەنتەكلىكتۇر. شۇنداقلا گاللىستۇك-
نى قاملاشتۇرۇپ تاقاپ بۇزۇقچىلىقنى بولۇشىچە قىلىشمۇ،
ئاتا - بوۋىسىنى تىللاپ سېستىش، جەددى - جەمەتى داۋاملاش-
تۇرۇپ كەلگەن تىلدىكى، دىلدىكى، دىندىكى، گىندىكى بارلىق
ئادەتلەرگە ئۆكتە قوپۇشمۇ زامانىۋىلىق ئەمەستۇر.

بىزدە گۈزەل ئەخلاقىي ئادەتلەر ۋە پەلسەپىگە، هاياتىي كۈچ-
كە باي ئىدىيە - قاراشلار خېلىلا يېتەرلىك بار. ئەمما بىزدە
پەن روهى، سودا - سانائەت، تېخنىكا يېڭىلاش ئېڭى، تەبىئىي،
ئىجتىمائىي پەنلەردىكى يىرىك تەتقىقات مېتودى، پۇل، ئىقتىساد
قارىشى جەهەتتە يېتەرسىزلىك خېلىلا ئېغىر. بىزدە مۇستەهكەم
ئائىلە، ئائىلە قارىشى بار، كەمچىلى ئائىلە سايمانلىرى، ئۆي
ئەسلىهەلىرى. بىزدە ئىنتايىن كەم تېپىلىدىغان گۈزەل تەن ۋە
جىسمانىي قۇرۇلما بار، يېڭى زاماندا تولۇقلايدىغىنىمىز قاشنى
چەكتۈرۈش، چاچنى كەستۈرۈش، يوتا - پاچاقنى ئاچتۇرۇش،
زىننەت - ئەۋرەتلەرنىڭ ئىززەت - قىممىتىنى يەرگە ئۇرۇش
ئەمەس، بەلكى گۈزەللىكنى قانداق ساقلاش، ئارتۇقچىلىقنى مە-
دەنىيەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن قانداق خىزمەت قىلدۇرۇش مە-
سىلىسىدۇر. بىزدە تەڭداشسىز يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتى

بار، يېڭى زاماندا بىزنىڭ قىلىدىغىنىمىز ئۇنى باشقا مىللەتلەر-
نىڭ لازىغا، ئاچچىقسۇ ۋە خىمىيىۋى تەركىبلەر قوشۇلغان تەم
تەڭشىگۈچىلەرگە مىلەپ خاسلىقىنى، تەم - تۇسىنى يوقىتىۋەت-
مەستىن، ئۇنى تېخىمۇ مەززىلىك هالدا پىشۇرۇش، ساقلاش،
ئوراپ قاچىلاش، توشۇش، تېخنىكىۋى ئۇسۇلدا جايىدا بىر تەرەپ
قىلىش مەسىلىلىرىنى هەل قىلىشتۇر. بىزدە ئۆزىمىزگە خاس،
تەن - ئەزايىمىزغا ۋە هۈنەر - سەنئىتىمىزگە ماسلاشقان بىباها
كىيىم - كېچەك مەدەنىيىتى بار، يېڭىلىق، تېخنىكا ئىنقىلابى
شارائىتىدا بىزنىڭ قىلىدىغىنىمىز تەننىمۇ، روهنىمۇ قىينايدى-
غان، كىشىلەرنىڭ ئەۋرەتلىرى ۋە زىننەتلىرىنى كۆز - كۆز
قىلىش مەقسىتىدىلا تىكىلگەن، گۈزەللىك، ئىستېتىك ئۆلچىمى-
نىڭ تايىنى يوق، بىزنىڭ مەدەنىيىتىمىز، ئەخلاق، قىممەت
قاراشلىرىمىز بىلەن ماس كەلمەيدىغان لايىھىلىگۈچىلەر لايىھە-
لەپ، تىكىپ، بازارغا سالغان تار، كالتە، قىسقا، نېپىز،
تىكىلىشىدە گۈزەللىككە ياتىدىغان لايىھە سەنئىتىدىن ئەسەرمۇ
يوق لاتا - پۇتىلار دۇنياسىغا دۇم چۈشۈش ئەمەس، بەلكى توقۇ-
مىچىلىق سەنئىتىمىزنى زامانىۋى تېخنىكا بىلەن بىرلەشتۈرگەن
ئاساستا كىشىلىرىمىزنىڭ تەن قۇرۇلما ئالاهىدىلىكى، سەنئەت،
گۈزەللىك قارىشى، ياسىنىش ئادىتى سىڭگەن، هەرىكەتكە، ئە-
دەپكە، نەسەبكە ماسلاشقان كىيىم - كېچەك مەدەنىيىتىنى بەرپا
قىلىشتىن ئىبارەت. بىزدە ئىنتايىن گۈزەل ئەخلاق ئۆلچەملىرى
بار، يېڭى دەۋرنىڭ ئارىلاشما مەدەنىيەتلەر كەلكۈنىدە بىزنىڭ
قىلىدىغىنىمىز جان - جەهلىمىز بىلەن ئەخلاق، ئەدەپ، هايا،
نومۇس، ئادىمىيلىك خىسلەتلىرىنى قوغداش، ئومۇملاشتۇرۇش-
تۇر. بىزنىڭ قىلىدىغىنىمىز ئەخلاقنى هاقارەتلەش ئەمەس، ئۆل-
چەمسىز، مىزانسىز تۇرمۇش شەكلىنى تەرغىپ قىلىشمۇ ئە-

مەس؛ نكاھسز مۇھەببەت ۋە ئالاقىنى قوللاش، قوغداش ئە-
مەس؛ نوقۇل ئەركىنلىكنىلا تەكىتلەپ كىشلەر جەزمەن رىئايە
قىلىدىغان مۇقەددەس ئەقىدە، قانۇن - نىزاملارنى دەسسەپ -
چەيلەش ئەمەس، بەلكى ئەقىدە - ئەخلاق ئاساسىدا زامانىۋى
تېخنىكا ۋە ھۈنەر - سەنئەت سانائىتىدىن پايدىلىنىپ، كىشلە-
رىمىزنىڭ ماددىي - مەنىۋى ساپاسىنى ئۆستۈرۈش، تۇرمۇش
سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، مەدەنىيەتنىڭ خاسلىقىنى گەۋدە-
لەندۈرۈپ ئاكتىپ تەسىر كۆرسىتىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش،
مەدەنىيەتتە ئۆز - ئۆزىنى قوغدىيالايدىغان مۇداپىئە سېپى ۋە ھەم
باشقىلارنى قايىل قىلىپ ئەگەشتۈرەلەيدىغان يېتەكچىلىك كۈچى
شەكىللەندۈرۈش. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەربىرىمىزنىڭ ئەنئەنىنى يىل-
تىز، تۈۋرۈك، مەنبە قىلىپ تۇرۇپ ئۇنىڭدىكى ئاجىز تەرەپلەرنى
تولۇقلاش، مۇكەممەللەشتۈرۈپ بېيىتىش، زامانىۋىلىقتىن پاي-
دىلىق ئامىللارنى قوبۇل قىلىپ ئەنئەنىنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن
ئورتاق تىرىشىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. ئەنئەنە بىلەن زامانىۋىي-
لىقنى قارىمۇ قارشى كۈچلەرگە ئايلاندۇرۇپ قويمايلى، ئەنئەنە
زامانىۋىلىقتىن كۈچ ئالسۇن، زامانىۋىلىق ئەنئەنىدىن سۇ ئىچ-
سۇن ۋە ئۆزىمىزگە خاس مەدەنىيەت، سالاھىيەت، كىملىك،
خاسلىق بىلەن قەد كۆتۈرسۇن.

مىللىي كىيىم - كېچەكلىرىڭىز بولسۇن، ھەر كۈنى كىي-
مىسىڭىزمۇ يات - يات كىيىپ قويۇڭ. خەقلەر دوپپا - ياغلىقنى
ماتەم كىيىمى، مۇراسىم كىيىمى دەپلا قالمىسۇن. ئۇ نادانلىق-
نىڭ، كونىلىقنىڭ بەلگىسى ئەمەس، تويدا ياكى ئۆلۈم - يىتىم-
دىلا كىيىدىغان قارىلىقمۇ ئەمەس، بەلكى سىزنىڭ مىللىي ئۇس-
تىبىشىڭىز. ئۇنى كىيىپ تۇرۇشنى ئۇنتۇپ قالماڭ. ئەنئەنىۋىي
ھېيت - بايراملارنى داغدۇغىلىق تەبرىكلەڭ. يات مىللەت -

قەۋملەرنىڭ بايراملىرىنى بولۇشىغا تەبرىكلەپ، ئۆزىڭىزنىڭ ئەنـ
ئەنىۋى، مىللىي ئايەملىرىدە شۇمشىيىپ تۇرۇۋالسىڭىز بۇ سىزـ
نىڭ مىللىي ئىخلاسىڭىزنىڭ تولىمۇ سۇسلۇقىدىن دېرەك بېرىـ
دۇ. تىلىڭىزنى قەدىرلەڭ، ئۇنىڭ ساپلىقىنى قوغداڭ ۋە ئۇنى
كەلگۈسى ئەۋلادلارغا ساق، ساپ يەتكۈزۈپ بېرىش ئۈچۈن پۈتۈن
كۈچىڭىز بىلەن تىرىشىڭ. مەيلى خەنزۇچە مەكتەپتە ئوقۇغان
بولۇڭ ياكى يات تىللارنىڭ ئىخلاسمەن ئەگەشكۈچىسى بولۇڭ،
ئانا تىل سىزنىڭ كۆزىڭىز، ئۆيىڭىز، سۆزىڭىزدۇر. يات تىللار
پەقەت كۆزەينەك، دېرىزىدۇر. كۆزەينەكنى دەپ كۆزىڭىزنى،
دېرىزە ـ كۆزنەكنى دەپ ئۆيىڭىزنى ۋەيران قىلىۋەتمەڭ، بەلكى
ئانا تىلىڭىزنى پۇختا بىلىش ئاساسىدا باشقا تىللاردا ئەركىن ئالاقە
قىلىدىغان سەۋىيىنى هازىرلاڭ. ئەجدادلىرىڭىزنىڭ تارىخ ـ شەـ
جەرىسىنى، ئۇلۇغلىرىمىزنىڭ تەرجىمىهالىنى ۋە ئۆز تەۋەيىڭىزـ
دىكى مىللىي خاسلىقنى گەۋدىلەندۈرگۈچى داڭلىق ئورۇن، يەر،
شەخسلەرنى بىلىڭ. مۇقام ئاڭلاڭ، خەلق ناخشىلىرىدىن هۇزۇرـ
لىنىپ قويۇڭ. شۇنداقلا دۇنياۋى مەدەنىيەت ئېقىملىرى نەدىن
نەگە كېتىۋاتىدۇ، بىزنىڭ مەدەنىيىتىمىزگە پايدىلىق قانداق تېخـ
نىكا ۋە ئۇچۇرلار بار، دىققەت قىلىپ قويۇشنى ئۆگىنىۋېلىڭ.
يەنى ئەنئەنە دەپ ئىشىكنى چىڭ تاقىۋالماڭ هەمدە يېڭىلىق،
زامانىۋىلىق دەپ ئىشىكنى، ئىدىيىنى هەممىلا نەرسىگە ئېچىپ
بېرىۋەرمەڭ... ساغلام تەرەققىيات تاللاش ـ شاللاشنىڭ تۈپ
مەقسىتى بولسۇن!

## 73. ئايالىڭىزدىكى ئۆزگىرىشلەرگە دىققەت قىلىپ قويۇڭ

ئەر ـ خوتۇن بىر ئائىلىدە ياشىغان بىلەن ۋاقىتنىڭ ئۆزىرىدىشىغا ئەگىشىپ تۇرمۇشتا بىر تەرەپ قىلىدىغان ئىشلار كۆپىيىدۇ ۋە ئەر بىلەن ئايال ئوتتۇرىسىدىكى دەسلەپكى ھېسسىيات، ئالاقە، كۆيۈنۈش قىزغىنلىق تەدرىجىي سۇسلىشىپ بىر ـ بىرىنىڭ ھالى ـ ئەھۋالىنى بۇرۇنقىدەك سورۇشتۇرۇپ كەتمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ. گەرچە بۇ بىر نورمال ئەھۋال بولسىمۇ، لېكىن ئەر ـ ئاياللار يەنىلا بىر ـ بىرىنىڭ پسىخىك، فىزىئولوگىيىلىك ئۆزگىرىشلىرى، ئوي ـ خىياللىرىغا دىققەت قىلىپ تۇرغىنى تۇزۇك.

ئەرلەرگە نىسبەتەن ئايالىنىڭ ھالىغا يېتىش، ئايالىغا كۆڭۈل بۆلۈش ئەقەللىي مەجبۇرىيەت جۈملىسىدىندۇر. مەسئۇلىيەتچان ئەرلەر خوتۇنىغا كۆڭۈل بۆلۈش، ئۇنىڭدىكى پسىخىك، فىزىئولوگىيىلىك ئۆزگىرىشلەرنى بايقاش ۋە لايىقىدا ھالىغا يېتىش ئارقىلىق خوتۇنىنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇر ھۆرمىتىگە، مۇھەببىتىگە ئېرىشەلەيدۇ ۋە خوتۇنىنى گەپ ـ سۆزسىز ئىتائىتىگە ئەكىرەلەيدۇ. خوتۇنى بىلەن كارى بولمايدىغان، خوتۇنىنىڭ ئىنتىلىشى، قىزىقىشى، ھەۋىسى، ئېھتىياجى بىلەن قىلچە كارى بولمايدىغان ئەرلەر ئۆز ئىدىيىسى ۋە مەپكۇرىسىنى خوتۇنىغا زورلۇق بىلەن تاڭىدۇ ـ دە، خوتۇنىنىڭ نارازىلىقىنى قوزغاپ قويىدۇ ياكى خوتۇنى بىلەن كارى يوق ھالدا تاشلىۋېتىپ، خوتۇنىنىڭ مېھىر-

www.uyghurkitap.com

گە، سۆيۈشكە، ئاسراشقا تەشنا قەلبىنى قاغجىرىتىۋېتىدۇ ـ دە،
خوتۇنى ئۆزىگە لازىم كۆيۈم ـ سۆيۈمنى تاشقى دۇنيادىن،
كوت ـ كوت خوتۇنلارنىڭ پىتنە ـ پاساتقا تولغان غەيۋەت ـ
شىكايەت سورۇنلىرىدىن، هاراق ـ شارابتىن ئىزدەشكە چۈشى-
دۇ. ھەتتا تالاغا قاراپ قالىدۇ، بۇزۇلىدۇ. ئۆز ئېرىدىن كۆڭلى
سۇ ئىچكەن خوتۇنلار ھەرگىزمۇ يەنە بىر ئەرگە كۆڭۈل بەرمەي-
دۇ، ئۆز ئېرىگە تولۇپ ـ تاشقان ھۆرمەت، قايىللىقى بار ئاياللار
يەنە بىر ئەر ھەر قانچە قالتىس، مۇكەممەل، جەلپ قىلارلىق
بولسىمۇ، ئۆز ئېرىگە بولغان ساداقىتىدىن، نىكاھقا بولغان مەس-
ئۇلىيىتىدىن تانمايدۇ.

بۇرادەر، خوتۇنىڭىز نېمىگە ئېھتىياجلىق، كۆڭۈل بۆلۈپ
قويۇڭ. ھەربىر ئىنساننىڭ يېشى چوڭايغانسېرى ياقتۇرىدىغان،
ئۆز جورىسىدىن كۈتىدىغان نەرسىلىرىمۇ ئۆزگىرىپ بارىدۇ. 30
ياشلىق ئايالغا 18 ياشلىق قىزچاقىقا تۇتقان مۇئامىلىنى قىلسىڭىز
ئۇنىڭ غىدىقى كېلىشى تەبىئىي. ئايالىڭىزدىكى مىجەز، كەيپى-
يات، ھەۋەس ئۆزگىرىشلىرىگە دىققەت قىلىڭ ۋە ئۇنىڭغا شۇ
بويىچە مۇئامىلە قىلىڭ. ئايالىڭىزنىڭ دەردى ـ ھالىنى ئاڭلاڭ.
ئىچى پۇشۇپ قالغان بولسا كۆڭلىنى ئاچىدىغان ئىشلارنى پىلانلا-
پ، ئۇنىڭغا ئەر، ئائىلىنىڭ مېھرىنى ھېس قىلدۇرۇڭ. خوتۇن
كىشى ئۆز ئېرىنى ھەقىقىي يۆلەك، تايانچ ھېس قىلىشى كېرەك.
يەنى ئەر كىشى ئۆز خوتۇنىغا ئۆزىنىڭ ئۇنىڭ تۇرمۇشىدا كەم
بولسا ئەسلا بولمايدىغانلىقىنى، ئەرنىڭ خوتۇنىغا نىسبەتەن خۇش-
لۇق، بەخت، خاتىرجەملىكتىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى ئەمەلى-
يەتتە ھېس قىلدۇرۇشى كېرەك. خوتۇن كىشى ئۆزىنىڭ ھەربىر
ھەرىكىتىنىڭ ئەرنىڭ نەزىرى، كۆيۈنۈشى ئاستىدا ئىكەنلىكىنى
ھېس قىلالىسا، ئۆز ئېرىگە سادىقلىق بىلەن ئەگىشىدۇ.

## 74. تۇرمۇشىڭىزغا باشقىلار چېپىلىۋالمىسۇن

ئەر ـ ئاياللارنىڭ تۇرمۇشى ئىككىيلەننىڭ قانۇنىي نىكاھ-
لىق مۇناسىۋىتى بولۇپ، ئۇ ئەڭ ئالدى بىلەن ئەر ـ ئايالنىڭ
خۇسۇسىي ئىشىدۇر. شۇڭا، ئەر ـ ئاياللارنىڭ تۇرمۇشىغا زورۇر
تېپىلمىغاندا ئارىلىشىش، بولۇپمۇ ياخشى نىيەت بىلەن ئەمەس
ئەرزىمەس، ئەھمىيەتسىز ئىشلار ئۈچۈن ئارىلىشىپ، قول تىقىپ
يۈرۈش ئەخلاقسىزلىق ۋە قانۇنسىزلىقتۇر.

تۇرمۇشىڭىزغا باشقىلارنىڭ سوغۇق قولى، يامان نىيىتىنى
ئارىلاشتۇرماڭ. خوتۇنىڭىز بىلەن سىزنىڭ ئارىڭىزدىكى خۇسۇ-
سىي ئىشلارنى يەنە بىراۋغا سۆزلەپ يۈرمەڭ ھەمدە ئايالىڭىزنىڭ
باشقىلارغا سۆزلەپ يۈرۈشىنىمۇ توسۇڭ. ئائىلىگە مەنسۇپ
سىر ـ ئەسرارلارنىڭ سىرتقا چىقمىغىنى تۈزۈك.

ئائىلىڭىزگە مەنسۇپ خۇسۇسىي تۇرۇشىڭىزغا يەنە بىرىنىڭ
ئارىلىشىشىنى ئامالىنىڭ بارىچە توسۇڭ. بىزدە كۆپىنچە ھاللاردا
ئاتا ـ ئانىلار پەرزەنتلەرنىڭ تۇرمۇشىغا ئارىلىشىۋالىدىغان ياكى
ئاچا ـ سىڭىل، ئاكا ـ ئۇكا، دوست ـ بۇرادەرلەر ئائىلە
ئىشلىرىغا باش قاتۇرۇپ، ئىككىيلەننىڭ تۇرمۇشىغا ئىچكىرىلەپ
كىرىدىغان ئىشلار ئۇچراپ تۇرىدۇ. مەيلى قانداق بولۇشىدىن
قەتئىينەزەر، باشقىلارنىڭ ئۆز مەۋقەسىنى ۋە دۇنيا قارىشىنى
ئاساس قىلىپ تۇرۇپ يەنە بىراۋنىڭ تۇرمۇشىنى كونترول قىلى-
شى ھامان كۆڭۈلسىزلىك ۋە ئاغرىنىش پەيدا قىلماي قالمايدۇ.
توغرا، ئاتا ـ ئانىلار ياكى قېرىنداشلار بولسۇن، ھامان ياخشى

www.uyghurkitap.com

نىيەت بىلەن ئارىغا قىسىلىشى مۇمكىن. ئەمما بىرەيلەننىڭ تۇرمۇشقا قىسىلىپ كىرىشى يەنە بىر تەرەپتە ھودۇقۇش، تەمتىرەش، بىزارلىق، نارازىلىق كەيپىياتى ئويغىتىپ قويىدۇ - دە، يېقىن ھۆرمەتلىك كىشىلەر ئارىسىدىمۇ ئارازلىشىش پەيدا بولۇپ قالىدۇ.

خوتۇنۇم ئازادە ھەرىكەت ۋە پىلان قىلسۇن، مەنمۇ ئۆز ئائىلەمنىڭ ئىشلىرىنى ئۆزۈم لايىقىدا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۆزدىمىزگە خاس تىنچ - ئامان تۇرمۇش كەچۈرەيلى دەيدىكەنسىز، ئۆز ئىشلىرىڭىزنى ئۆزىڭىز پىلانلىق ئاساستا لايىقىدا ئورۇنلاشتۇرۇڭ. يېقىن تۇغقانلىرىڭىز ئارىلاشقان تەقدىردىمۇ ئۇلارنىڭ پىكىر - تەكلىپ، تەشەببۇسلىرىنى سىلىق رەت قىلىڭ. بۇ ھال بىرەر قېتىم داۋاملاشسا، ئۇلار قايتا سىزنىڭ تۇرمۇشىڭىزغا پۈت تىقماسلىقى مۇمكىن. ئەگەردە ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ گەپ قىلمىسىڭىز، گەپ - سۆزسىزكى ھامان بىر كۈنى ئائىلىڭىزدە توقۇنۇش كۆرۈلۈشى مۇمكىن. توقۇنۇشتىن خالىي، ئەر - خوتۇننىڭ ئۆز تاللىشى بويىچە خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرەي دەيدىكەنسىز، تۇرمۇشىڭىزغا باشقىلارنىڭ ئەقىل، كۆرسەتمە پىلانلىرىنى دەستەك قىلماڭ. ئىككىيلەننىڭ ئىشىنى ئىككىيلەن پىلانلاش، ئورۇنلاشتۇرۇشقا يېتەرلىك ۋە ھوقۇقلۇق. ئەر - خوتۇنلۇق ئىمتىيازىڭلار ۋە ئائىلە پىلانىڭلارنى باشقىلارنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويماڭلار.

## 75. خىزمەتلا بىردىنبىر دۇنيا ئەمەس

ئەر كىشى خىزمەت، كەسىپ، سودا ـ تىجارەتنى مۇھىم دەپ بىلىدۇ. بۇ قىلىق سىغمايدىغان ھەقىقەت. ئەگەر بىر ئەر كەسىپنى مۇھىم دەپ بىلمىسە ئۇنىڭ ئائىلە، خوتۇن، بالا ۋە جەمئىيەتتىكى تۇرلۇك ـ تۇمەن مۇناسىۋەتلەرنى جايىدا ھەل قىلىپ كېتەلىشى ناتايىن. شۇڭا ئەرلەرنىڭ كەسىپچان بولغىنى ياخشى. ئەمما خىزمەتتىن، كەسىپتىن بۆلەك ھېچنەرسىسى بولمىغان كارى بولماسلىق، تاشقى دۇنيانى ئۇنتۇپ قېلىشمۇ ياخشى ئەمەس.

بىز كىشىلىك دۇنيادا خىزمەتتىن تاشقىرى يەنە ئائىلە مۇناسىۋىتى، قوشنىدارچىلىق، ئادىمگەرچىلىك، ئاغىنىدارچىلىق، سودا ـ سېتىق... قاتارلىق نۇرغۇن ئالاقە مۇناسىۋەتلىرىگە دۇچ كېلىمىز. خىزمەتنىلا بىلىپ ئائىلىنى قانداق تۇتۇش، خوتۇنىنىڭ كۆڭلىنى قانداق ئېلىش، نىكاھ مۇناسىۋىتىدىكى ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلارنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش، پەرزەنتىنى قانداق تەربىيىلەش، ئائىلە ئىقتىسادىنى قانداق باشقۇرۇش، كىشىلەر ئارا قانداق ئالاقە قىلىش، قوشنىلار بىلەن قانداق ئەپ ئۆتۈش... قاتارلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنى بىلمىسەك ئىدارىدە مۇنەۋۋەر خىزمەتچى بولغان بىلەن ئائىلىدە لاياقەتسىز ئەر، مەسئۇلىيەتسىز دادا، جەمئىيەتتە تۇزۇك كارغا كەلمەس بار بىلەن

يوقنىڭ ئارىسىدىكى قەدىرسىز ئادەمگە ئايلىنىپ قالىمىز. بىزدە مۇنەۋۋەر ياللانمىلار خېلى كۆپ. كۆپىنچىمىز ئىدارىنىڭ ئەڭ ياخشى ئۈلگىلىك تۈزۈم ئىجراچىلىرى، ئەمما باشلىق باشقۇرمايدىغان، تۈزۈم ھەيدىمەيدىغان نۇرغۇن ئەقەللىي ئىنسانىي پرىنسىپاللىق مەسىلىلەردە نېمە قىلىشنى بىلمەي گاڭگىراپ قالىدىغانلار ئارىمىزدا ئاز ئەمەس. ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان قىزغىمۇ راۋرۇس ئىككى ئېغىز گەپ قىلالماي تىل چايناپ دۇدۇقلايدىغان يىگىتلىرىمىز، كىشىلەر بىلەن تەبىئىي يوسۇندا پاراڭلىشالمايدىغان، ساپلا كىتابىي گەپلەرنى تولا قىلىپ كىشىنى بىزار قىلىدىغان، تۇرمۇشقا كىتابتىكى بويىچە نەزەرىيىۋى تەپەككۇر، ھېسسىي خام - خىيال بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان، قاملاشتۇرۇپ سودىمۇ قىلالمايدىغان، قوشنىلارغا ئۇيغۇرچە سالام قىلىشنىمۇ بىلمەيدىغان، ئەقەللىي سورۇن - مۇراسىم ئەدەپ - قائىدىلىرىنى ئۇقمايدىغان زىيالىي، سەركىلىرىمىز، ئەركەكلىرىمىز ئاز ئەمەس.

بۇرادەر، خىزمەتلا، كەسىپلا، كىتابلا بىردىنبىر دۇنيا ئەمەس. ئاللا ياراتقان ئىككى كىتابنىڭ بىرى تەبىئەت، يەنى ئادەملەر ۋە يوسۇنلار تولغان دۇنيا. تۇرمۇش كاتتا كىتاب، تەڭداشسىز مەكتەپتۇر. ئائىلىنى قانداق باشقۇرۇش، كىشىلەر بىلەن قانداق ئالاقە قىلىش، بالىلىرىڭىزنى قانداق تەربىيىلەش، سودا - سېتىقنى قانداق قىلىش دېگەندەك كۈندىلىك تۇرمۇشىڭىز بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ماھارەت تەلەپ قىلىدىغان ئىشلارنى ئۆگىنىڭ. كىشىلەر بىلەن ئارىلىشىڭ. بازار چۆرگىلەڭ. تۇرمۇشنى چۈشىنىڭ، قوشنىلىرىڭىز بىلەن بېرىش - كېلىش قى-

لىڭ. خىزمەت تۇرمۇشنىڭ ئاران ـ ئارانلا بىر قىسمى. سولان-
غان قۇش، دۈم يېتىۋالغان قومچاقتەك كۈن ئۆتكۈزمەي، خىز-
مەتتىن بوشىغان چاغلىرىڭىزدا ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ كەڭ قاي-
نىمىغا ئازادە كىرىڭ. تۇرمۇشنىڭ رەڭگارەڭ، قاينام ـ تاشقىن-
لىقى روھىڭىزنى بېيىتىپ، كۆچىڭىزنى ئۇرغۇتۇپ، تۇرمۇشى-
ڭىزنى تېخىمۇ زور مەنىگە ئىگە قىلىدۇ. خىزمەتنى تېخىمۇ
ئۈنۈملۈك بېجىرىپ، ئائىلىڭىزنى تېخىمۇ باياشات قىلالايسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## 76. ئاياللارغا چاقچاق قىلىشتا دىققەت قىلىڭ

بىز ئەر ـ ئاياللار ئارىلاش ئىشلەپ ـ چىشلەيدىغان بىر دەۋردە ياشاۋاتىمىز. بۇ هال شۈبهىسىزكى، ئەر ـ ئاياللار ئارد. سىدىكى مۇناسىۋەت ئالاقىنى قويۇقلاشتۇرىدۇ. ئەمما، ماس هالدا ئەر ـ ئاياللار ئارىسىدىكى ساقلاشقا تېگىشلىك مۇئەييەن هايا، ئەخلاق پەردىلىرىنى يىرتىدۇ.

بۇرادەر، سىز بەلكىم نۇرغۇن ئاياللار توپى ئىچىدە خىز. مەت، هەرىكەت قىلىدىغانسىز. كۈندىلىك تۇرمۇشىڭىز ئاياللار بىلەن بولغان ئالاقىدىن ئايرىلالماسلىقى مۇمكىن. ئاياللار ئەر. لەرگە نىسبەتەن هامان يات جىنس. توي قىلىپ بولغان ئەرلەر. مۇ، بالىلىق، ئائىلىلىك ئەرلەرمۇ ئەخلاق، ئەقىل، هايا بىلەن ئۆزىنى ۋە ئۆز نەپسىنى يۇگەنلەپ، سىلكىشلەپ تۇرمىسا، ئۇ يات ئاياللارغا بولغان يامان نىيەت، يامان ئوي ـ خىيالدىن ئۆزىنى تارتالمايدۇ. بۇ بىر ئوبيېكتىپ هادىسە، شۇنداقلا بىر نورمال ئەركەكتە كۆرۈلىدىغان، ئويغىنىدىغان سېزىم. ئەمما ئۇنى كى. شەنلەشكە توغرا كېلىدۇ. چۈنكى، هەربىر جان جۈپتى بىلەن يارىتىلغان. جۈپ بىلەن كۆپايىلىنىش ئادالەت ۋە ئىنساپ جۈملى. سىدىندۇر. شۇڭا، بۈگۈنكى زامان ئەرلىرى ئۇچرايدىغان هېس. سىيات بېسىمى هەر قانداق تارىخى دەۋردىكىدىن كۆپ ئېغىر بولىدۇ. چۈنكى، ئاياللار ئەرلەرگە چاپلىشىپ دېگۈدەك مىدراپ،

قۇتراپ يۈرىدۇ. ئاياللار يالىڭاچلىنىۋاتىدۇ. ئىززەت — ئەۋرەتلىرىنى ئېچىش، ئوچۇق قويۇشتىن خىجىل بولمايدىغان ھالغا كېلىپ قېلىۋاتىدۇ. شەھۋەت ئوتلىرى كوچىمۇ ـ كوچا، بىنامۇ ـ بىنا گۈرۈلدەپ كۆيۈپ تۇرىدۇ. ئەر ئۆيدىمۇ، تالادىمۇ بىر خىل ھېسسىي قوزغىلىش، شەھۋەت ئويغىنىشىدىن قۇتۇلالـ ـماي بىچارىلەرچە قىينىلىدۇ. شەھۋەت ئوتلىرىنىڭ جەمئىيەت ئارا كەڭ يامرىشى ئاقىللارغا زۇلۇم، شەھۋەتخور بەندىلەرگە ھۇزۇردۇر. ئەخلاق يىرتىلىۋاتقان، ھايا سۆكۈلۈۋاتقان، ئاياللار يالىڭاچلىنىۋاتقان مۇشۇنداق بىر دەۋردە ئۆز ئىمان ـ غۇرۇرىنى ۋە روھىي پاكلىقىنى ساقلاشنى بىلىدىغان ئەرلەرنىڭ شاد ـ خۇرام ياشىمىقى بەس مۇشكۇلدۇر. ئەخلاقسىزلىق يامرىغاندا، ئۆزىنى تۇتۇپ ياشىيالىغان ئەرنىڭ ئەجىر ـ مۇكاپاتقا مۇشەررەپ بولۇشىـ ـدا شۈبھە يوق.

بۇرادەر، ئۆز ئىززەت ـ نەپسىڭىزنى ساقلاڭ. ھەدىستە: مىسكىن ئىپپەت قوغلىشىدۇ دېيىلىدۇ. سىز بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرۇۋاتقان ئاياللار يەنىلا يەنە بىراۋنىڭ ھەققى ھوقۇقىدۇر. ئۇ. لارغا قالايمىقان چاقچاق قىلماڭ، ئەخلاقتىن چەتنىگەن ھالدا غەيرىي نىيەت ـ غەرەزدىكى گەپ ـ سۆزلەرنى قىلماڭ. «بىر مۇسۇلماننىڭ قېنى، ئابرۇيى ۋە مېلى يەنە بىر مۇسۇلمانغا ھارامـ ـدۇر» (ھەدىس) ئەرلەر ئاياللارغا چاقچاق قىلىشقا ئامراق كېلىـ ـدۇ. ئەمما ئىنتايىن چاتاق يېرى، ئاياللارنىڭ كۆپىنچىسى ئەرـ ـلەرنىڭ چاقچىقىنى راست دەپ ئىشىنىپ قالىدۇ ـ دە، كۆڭلىدە يوق ئوي ـ خىياللار ئويغىنىپ قالىدۇ. شۇڭا، ئاياللارغا چاقچاق قىلىشتا دىققەت قىلىشىڭىز تۈزۈك. ئىسلامدا زىنانىڭ تۈرلىرى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئىچىدە ئېغىز، كۆز… قاتارلىق ئەزالارنىڭ ھارامخورلارچە ھەرىكىتىدىنمۇ زىنا شەكىللىنىدىغانلىقى بايان قىلىنغان. يات ئاياللار ئالدىدا ئېغىزىڭىزنى، كۆزىڭىزنى يۇمۇشنى ئۆگىنىۋېلىڭ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىككى چات ۋە ئىككى جېخنىڭ ئارىسىنى ياخشى ساقلىيالىغان بەندىلەرگە خۇش خەۋەر بېرىدىغانلىقىنى قەيت قىلغان. سىز خۇش خەۋەرگە ئىنتىزارمۇ ياكى لاۋۇلداپ تۇرغان ئازاب ئوتلىرىغا تەشنا ـ زارمۇ؟

## 77. ئۆينى قەبرە ياكى قىبلە قىلىۋالماڭ

ئەر بىلەن ئايالنىڭ تۇرمۇشى مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا ئىككى كىشىلىك دۇنيا. ئەمما كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا، جىمى ئالەمدۇر. چۈنكى ئۇ بەزى هاللاردا ئىككىيلەننىڭ خۇسۇسىي ئىشى ھېسابلانسا، كۆپ هاللاردا كەڭ جەمئىيەت بىلەن ئورتاق، باغلانما مۇناسىۋەت هاسىل قىلىدۇ. بىزنىڭ نۇرغۇن ئائىلىلىرىمىز ئىككى كىشىلىك دۇنيادىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئۇنىڭدا ئەر - خوتۇن ئىككىيلەننىڭ خۇسۇسىي تۇرمۇشىدىن باشقا ھېچقانداق كەڭ مەنىلىك ئۇچۇر - ئىزلارنى تېپىش مۇمكىن ئەمەس. نۇرغۇنلىرىمىز خوتۇننى ئۆزىمىزگە خوتۇن، ئۆيگە ئايال، بالىغا ئانا قىلىش ئۈچۈنلا ئالىمىز. ئەمما ئۇ تولۇق مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بىر ئەرنىڭ هاياتى — ئىماننىڭ يېرىمىدۇر. تويىنى چوڭ بولۇپ قالغانلىق ئۈچۈنلا قىلىش بىزنىڭ ئىنتايىن نۇرغۇن ئادەملىرىمىزنىڭ نىكاھ قارىشى. شۇنىڭغا ئوخشاشلا نۇرغۇن ئائىلىلىرىمىزدىن ئەر بىلەن خوتۇننىڭ خۇسۇسىي تۇرمۇشى ياكى خىزمەت ئۇچۇرلىرى ياكى تېلېۋىزور، توڭلاتقۇ دېگەندەك سايمانلارنىلا تېپىش مۇمكىن. ۋەهالەنكى، بىزنىڭ ئائىلە قۇرۇشتىكى مەقسىتىمىز نوقۇل شەھۋىتىمىزنى كەڭتاشا قاندۇرىدىغان جۈپ تېپىش ياكى باش تىققۇدەك بىرەر ئۆي تۇتۇۋېلىش ياكى ئۆي بېزەشلا ئەمەس، بەلكى هاياتلىق ھەققىدىكى ئىزدىنىشلىرىمىزنى

مۇقىم ھەمراھ، تۇرمۇش كاپالىتى بىلەن تەمىنلەش ئارقىلىق تېخىمۇ مەنىلىك ئىش ـ ئەمەللەر بىلەن مەشغۇل بولۇش.

بۇرادەر، ئۆيىڭىزدە تېلېۋىزور، توڭلاتقۇ دېگەندەك سايمانلاردىن بۆلەك سىزنىڭ غايە ـ نىشانلىرىڭىزنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدىغان نېمە بار؟ ئىشتىن چۈشۈپ كېلىپ نېمە ئىش قىلىسىز؟ يانپاشلاپ يېتىپ تېلېۋىزور كۆرۈش، ئۇخلاش، كېچىلەپ قوغلاپ يۈرۈپ ئىچىش، ئويناش، تېتىقسىز يۇمۇر سۆزلەپ ۋالاقلاپ كۈلۈپ ئولتۇرۇشلا بىر ئەرنىڭ تۇرمۇش مەزمۇنى بولۇپ قالسا، بۇنى ئىنتايىن ئېغىر تراگېدىيە دېيىش كېرەك. بۇ يالغۇز بىر ئەرنىڭ ۋاقىت، زېھىن، ھايات تراگېدىيىسىلا ئەمەس، بىر ئايال، پەرزەنت، ئائىلىنىڭ بەخت ـ ئىستىقبال تراگېدىيىسى ۋە مۇشۇنداق ئادەت ئومۇملاشقان بىر قەۋمنىڭ مەۋجۇتلۇق تراگېدىيىسىگە بېرىپ تاقىلىدۇ. ھاياتىڭىزدا ئۆزىڭىزنى پىدا قىلغۇدەك بىرەر ئىدىيە ـ قاراش، كەسىپ ـ قىزىقىش بارمۇ؟ جەمئىيەتنىڭ قانداق مەسىلىلىرىگە قىزىقىسىز ۋە جەمئىيەتتىكى قايسى ياخشى ئىشلاردىن قانچىلىك پەخىرلىنىپ، ئۇنى قانچىلىك دەرىجىدە، ئەمەلىي قوللىيالايسىز؟ ناچار قىلىقلاردىن يىرگىنىش دەرىجىڭىز ۋە ئۇنى توسۇش، ياخشىلاش ھەققىدىكى قارىشىڭىز قانچىلىك؟ بىر كۈن بىر ئاي، بىر يىلدا بىرەر كىتاب ئوقۇپ باقتىڭىزمۇ؟ ئۆزىڭىزنىڭ تارىخ، مەدەنىيىتىڭىزگە بولغان تونۇشىڭىز، بىلىشىڭىز ۋە مۇھەببىتىڭىز قانچىلىك؟ ئاياڭىز بىلەن ئائىلىدىكى ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلاردىن بۆلەك يەنە نېمە تېمىلاردا پاراڭلىشالايسىز؟ ئاياڭىزنى قايسى ياخشى يولغا قانچىلىك يېتەكلىيەلىدىڭىز؟ . باللىرىڭىزنى نىشانلىقراق تەربى-

يىلەش ھەققىدە ئاز ـ تولا ئويلىرىڭىز بارمۇ؟ قوشنىلىرىڭىز بىلەن بولغان ئالاقىڭىز قانچىلىك؟...

بىر ئەرنىڭ خوتۇنغىلا باغلىنىپ، ئۆيىگىلا قامىلىپ قېلىشى ئۇنىڭ قىممىتىنى ئىنتايىن پەسلەشتۈرۈپ، ھاياتنى تولىمۇ ئاددىي ۋە پۇچەك قىلىۋېتىدۇ. بىر ئەردە ئۆزىنى بېغىشلىغۇدەك غايە ـ ئېتىقاد ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن توختاۋسىز ئىزدىنىش، كۈرەش قىلىش روھى بولۇش كېرەك. دۇنيادىكى ئەڭ مۇنەۋۋەر ئەرلەرنىڭ ھەممىسى ئۆيدىمۇ، سىرتتىمۇ، ئوڭدىمۇ، چۈشىدىمۇ ئۆز غايىسى ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلىپ ئاندىن مۇۋەپپەقىيەت تاجىنى كىيگەنلەردىندۇر. ئوقۇتقۇچى تۇرۇپ ئۆيىڭىزدىن مائارىپ ھەققىدىكى ئۈچۈر ھەتتا پۇراقنى تېپىشمۇ بەس مۇشكۈل تۇرسا، سىز تەربىيىلىگەن بالىلاردىن ئىلخۇمار ئادەم ئەمەس، جانباقتى سەپسەتچى چىقىدۇ. بىر يازغۇچى ئۆزى كېچە ـ كېچىلەپ يازسا، لېكىن ئۆيىدە بىرەر كىتاب ئىشكاپى ۋە ياكى ئەڭ ئادەتتىكى ئەدەبىيات ئۇچۇرلىرىغا ئائىت كىتابلارمۇ بولمىسا، تاشقى دۇنياغا كۆزىنى چىڭ يۇمۇۋالسا ئۇنىڭدىن ئۆزىنىڭ تار دۇنياسىنىلا سىزىپ بېرىدىغان بىر تەرەپلىمە قاراشتىن بۆلەك دۇنياۋى ئاڭ ـ ئىدىيە ھەرگىز چىقمايدۇ. بىر ئەر ئىدارە ـ خىزمەت ئۈچۈن ۋەزىپە تەرتىسىدىلا چاپسا، ئەمما ئۆيىدە ئۆز خىزمىتى، كەسپىي دائىرىسىدە ئىزدەنمىسە ياكى ئۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق ئالاھىدە قىزىقىشى بولمىسا ئۇ پۇل، قورساقنىڭ قۇلى ھەم مەدىكىرىدىن باشقا نەرسە بولماي قالىدۇ. ۋەھالەنكى، كۆپىنچىمىز مائاش ئېلىش ئۈچۈنلا ئىشلەۋاتىمىز، ئۆيگە كېلىپ ئۇخلايمىز، تېلېۋىزور كۆرىمىز، خوتۇنىمىز بىلەن بىللە بولى-

مىز. ھاياتتىكى مەنە، خىزمەتتىكى ئەھمىيەت، ياشاشتىكى غايە-
لەر بىلەن پەرۋايىمىز پەلەك. مەن دەيمەن، يارالمىش ـ يارات-
مىشتىكى مۇقەددەس ئىمكان ـ ئىھسانلارنى ھەلەپكە كۆممەيلى!

بۇرادەر، خوتۇننى قىبلە، ئۆينى قەبرە قىلىۋالماڭ. خوتۇن-
نى ئېلىۋېلىپلا بىر ئوبدان ئىزدىنىشىڭىزنى تاشلاپ قويماڭ. بىر
ئۆيگە كىرىۋېلىپلا بارلىق غايىلىرىڭىزدىن ۋاز كەچمەڭ. مەن شۇ
قەدەر ئىستىقباللىق ياشلارنىڭ خوتۇن ئېلىپ، بىر ئۆيگە كىرد-
ۋېلىپلا جىمجىت يوقاپ كەتكەنلىكىنى جىق كۆردۈم. مەن توي
قىلغاندىمۇ نۇرغۇن ئادەم ماڭا ھازىرچە توي قىلماسلىقنى ناھايد-
تى كۆپ تەكلىپ ـ تەۋسىيە قىلىشتى. خوتۇننى زەنجىرە، ئائد-
لىنى باغلاق دەپ چۈشىنىدىغانلار بىزدە كۆپ بولسا كېرەك.
ۋەھالەنكى، مەن خوتۇننى ھاياتنى پاكىز، ئورۇنسىز ئەندىشە ـ
بېسىملاردىن خالىي ئۆتۈش ئارقىلىق تۇرمۇشنىڭ پۈتۈنلۈكىنى
كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن ئېلىش، ئۆينى خاتىرجەملىك، ماكان
تۇيغۇسىغا ئېرىشىپ تۇرۇپ يۈكسەك پەللىلەرگە ئۇزاش نۇقتىسى
قىلىپ تاللاشنى تەشەببۇس قىلغۇچىلاردىنمەن ھەمدە نىكاھنىڭ
ھاياتلىق ئىزدىنىشلىرىگە توساق بولماستىن، كۈچ ۋە كاپالەت
بولىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشەنگۈچىلەردىنمەن. توي قىلىپلا جد-
مىپ قالغان، باش كۆتۈرەلمىگەن ئەرلەر دەل خوتۇننى قىبلە،
ئۆينى قەبرە قىلىۋالغان ئەرلەردۇر. خۇدا، بىزنى بۇ خىل تار
دۇنيادىن ساقلىسۇن ۋە ئاشۇ كىچىك ئۆيلەك ئاساسىدا كەڭ،
پايانسىز ئالەمگە ئۇچۇق يول بەرسۇن.

# 78. شىرىن كۈنلەرنى ۋە ئازابلىق كۈنلەرنى ئەسلەپ قويۇڭ

ئەر - خوتۇنچىلىق تۇرمۇش خۇددى يىلنىڭ تۆت پەسلىگە ئوخشايدۇ. ئۇنىڭدا مايسىلار ئەمدى باش كۆتۈرۈپ زېمىننى يېشىللىق، گۈل - چېچەكلەرگە ۋە دىماغنى يارىدىغان خۇش پۇراق ھىدقا ئورايدىغان ئەتىيازمۇ، پىشىپ يېتىلىش، مول - ھوسۇل، نەتىجىدىن دېرەك بەرگۈچى ئىللىق يازمۇ، ھوسۇلغا تويۇنغان ۋە شۇنداقلا ياپراقلارنى سارغايتىپ، دەل - دەرەخلەرنىڭ دېمىنى كەستۈرگۈچى كۈزمۇ، ھەممىنى توڭلىتىپ، زېمىندا قەھر، مۇز، شىۋىرغان ئۇچۇرغۇچى قىشمۇ بولىدۇ. ئادەم بەزىدە تۇرمۇشتا شۇ قەدەر قۇرغاقچىلىق، قۇرۇقچىلىق ھېس قىلىدىغان ئۆيدىن ئىللىقلىق، تۇرمۇشتىن شادلىق، ھاياتتىن خۇشاللىق تاپالمايدىغان چاغلىرىمۇ بولىدۇ.

تۇرمۇشىڭىز قۇرغاقچىلىقتا پاتقان چاغلاردا ئولتۇرۇپ ھاياتىڭىزدا ئۆتكەن ئەڭ مەنىلىك، خۇشال كۈنلەرنى ئەسلەڭ. ئۇ مەيلى باللىق، ياشلىق ياكى تويدىن كېيىنكى شادلىق بولسۇن، سىزگە ئازادىلىك مەنە ۋە شادلىق بەخش ئېتىدۇ. ئادەم ئۆز غەمكىنلىكىنى يوقىتىش، ئۆز ئىچ - پۇشۇقىنى ئۆزى ساغلام ئۇسۇل بىلەن چىقىرىشنى بىلىشى كېرەك. سىزدىكى قۇرغاقچىلىقنى سىرتتىن كەلگەن يامغۇر - يېشىن بېسىپ بولۇشى مۇم-

www.uyghurkitap.com

كىن ئەمەس. ئەڭ مۇھىمى ئۆز دۇنيايىڭىزغا بېسىلىپ ياتقان سۈزۈك بۇلاقلارنىڭ بۇلدۇقىنى چىقىرىڭ. خوتۇن ـ بالىلىرىڭىز بىلەن ئولتۇرۇپ بۇرۇن ئۆتكەن كۈنلەرنى ئەسلەڭ، ھېكايە قىلىڭ. بۇرۇن چۈشكەن خاتىرە سۈرەتلىرىڭىز بولسا ۋاراقلاپ كۆرۈڭ. جەزمەنكى روھىڭىز كۆتۈرۈلۈپ، ھاياتىڭىزنىڭ سىزگە مەنسۇپ مەنە ـ شادلىقلىرىدىن قەلبىڭىز خۇشاللىققا تولىدۇ.

شۇنداقلا ھاياتىڭىزدىكى سىز ئۇچرىغان قىيىنچىلىق، ئوڭۇشسىزلىقلارنى ۋە مۇشكۈلاتلارنىمۇ ئەسلەپ قويۇڭ. مۇشكۈلاتلار ئالدىدا قەيسەرلىك بىلەن ئۆتكەن ھەر مىنۇت، ھەر سېكۇنت يالدامىڭىز سىزگە زور غەيرەت ۋە كۈچ بېرىشى مۇمكىن ھەمدە ئۆتمۈشتىكى قىيىنچىلىقلىرىڭىز بىلەن نۆۋەتتىكى تۇرمۇش ھالىڭىز، ئۆزىڭىزنىڭ ھاياتقا بولغان ئىشەنچ ـ مۇھەببەت دەرىجىڭىزنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق سىلكىنىش، ئويغىنىش، ئۈمىد تاپالىشىڭىز مۇمكىن.

ئۆتمۈشنى پۈتۈنلەي كۆمۈپ تاشلىۋەتمەڭ. ئۇ بۈگۈنىڭىزنىڭ ئۇلتېشى بولغانىكەن. ئۇنىڭدا سىزنىڭ تالاي قايغۇ ـ شادلىقىڭىز مۇجەسسەمدۇر. ئۇنى ئەسلەپ تۇرۇش سىزنىڭ بۈگۈنىڭىزگە ئىلھامبەخش كۈچ، ئىشەنچ ۋە مەنە بېرىدۇ… قىيىنچىلىق ئالدىدا بەكلا چۈشكۈنلىشىپ كەتمەيسىز، شۇنداقلا باياشاد تۇرمۇشتىن كېرىلىپ ئۆزىڭىزنى يوقىتىپمۇ قويمايسىز.

## 79. كىيىم كىيىڭ، كېپەن كىيمەڭ

كىيىم - كېچەك كىيىشتىكى مۇددىئا مۇنداق: ① ئەۋرەتنى، تەننى يۆگەش؛ ② بەدەننىڭ ساغلاملىقىنى ساقلاش، قوغداش؛ ③ گۈزەللىك. ئادەم ئاتا زاماندىن تارتىپ قاراپ باقىدىغان بولساق، كىيىم - كېچەكنىڭ قوللىنىشى ئەڭ ئالدى بىلەن تەن - ئەۋرەتنى يۆگەشتىن باشلانغان، ئاندىن كېيىن سوغۇق، ئاپتاپ ۋە تۈرلۈك ھۇجۇم، يارىلىنىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن كىيىش كىيىم - كېچەكنىڭ قوللىنىش، مۇھىملىق دەرىجىسىگە قېتىلىپ كىرگەن. كىشىلەرنىڭ مەدەنىيلىك دەردجىسىنىڭ ئېشىپ بېرىشىغا ئەگىشىپ، كىشىلەر كىيىم - كېچەكنى تەن ئالاھىدىلىكى ياش، جىنس پەرقىگە ئاساسەن ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيەت - سەنئەت ئالاھىدىلىكى بويىچە بېزەپ گۈزەللىك ئۈچۈن كىيىدىغان بولدى. ئىنسانىيەتنىڭ كىيىم - كېچەك تارىخىدىكى مەقسەتدارلىق ھامان بۇنىڭدىن ھالقىپ كېتەلمىدى ھەم كېتەلمەيدۇ.

ئەمما يېقىندىن بېرى قارايدىغان بولساق، تۇرمۇشىمىزغا كىيىم - كېچەكنىڭ مەقسەتدارلىقى نەزەرگە ئېلىنمىغان ھالدا تىكىلگەن ئىنتايىن تار، قىسقا، ئوچۇق، نېپىز، سەنئەت، گۈزەللىك خاھىشىدىن ئەسەرمۇ يوق كىيىملەر پەيدا بولۇشقا باشلىدى. بىز قىزلىرىمىز - يىگىتلىرىمىزنىڭ ئىنتايىن تار، كىندى-

كى، يۈتىسى ئۈچۈق، بەلۋاغ ـ تۆشلىرى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان
كىيىملەرنى كىيىپ غادىيىپ كېتىپ بارغانلىقىنى كۆرۈپ «ھەت-
تىڭەي» دەپ ئەپسۇسلۇق ئىلكىدە باش چايقايدىغان بولدۇق.
ھەتتا بەزىلەرنىڭ بەدەن گۈزەللىكىم نامايان بولماي قالىدىكەن،
دەپ قېلىنراق كىيىملەرنىمۇ كىيمەي شۇ قەدەر تار، نېپىز
كىيىملەرنى كىيىۋېلىپ، سوغۇقتا كاسىلداپ تىترەپ تۇرىدىغان-
لىقىنىمۇ پات ـ پات كۆرۈۋاتىمىز. كىيىم كىيىشتىكى مەقسەت
نېمە؟ كىيىم زىننەتلىرىڭنى خەققە كۆرسىتىش ئەمەس بەندە،
بەلكىم ياتنىڭ كۆزىدىن يوشۇرۇش، يۆگەش ئۈچۈندۇر. كىيىم
كىيىشتىكى مەقسەت نوقۇل گۈزەللىك ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى
ئەڭ ئالدى بىلەن ئۆزۈڭنىڭ ھايا ـ ئىپپىتى، زىننىتىنى يۆ-
گەش، ساغلاملىق ئۈچۈندۇر. يالىڭاچلاش گۈزەللىك ئەمەس.
ئەگەر شۇنداقلا بولىدىغان بولسا يالىڭاچ تەن رەسساملىقىدا پەللە
يارانقان ئەللەرنىڭ گۈزەللىك قارىشى، ئىستېتىك ئېڭى ۋە جەم-
ئىيەتنىڭ ساغلاملىقى مۇقىم كاپالەتكە ئىگە بولسا بولاتتىغۇ.
ئەپسۇسكى، تەن يالىڭاچلانغان ھەر قانداق يەردە گۈزەللىك ئىز-
چىل ئەڭ ۋەھشىيلەرچە دەپسەندە بولۇپ كەلدى ۋە جەمئىيەت
ئىنتايىن ئېغىر ئەخلاقىي كرىزىسلەر قاينىمىدا، ئائىلە، ئايال-
لار، بالىلار ۋەھىمە ئىلكىدە، ئەرلەر بېسىم كرىزىس، كېسەل-
لىك، تەڭقىسلىق ئاسارىتىدە ۋايجانلاپ قالدى...

بۇرادەر، كىيىم ـ كېچەككە توغرا مۇئامىلە قىلىڭ. ئۇ ئەڭ
ئالدى بىلەن ئىنىڭىزنى لايىقىدا يۆگىشى، بەدەن ـ ئەزايىڭىزنى
ئىسسىق ـ سوغۇقنىڭ زەھىرىدىن، تويۇقسىز سوقۇلۇش، زەخى-
مىلىنىش، يارىلىنىشنىڭ ھوجۇمىدىن ساقلىشى، سىزگە ئازادى-

لىك، پاكىزلىق، راھەتبەخش تۇيغۇ بېغىشلىشى، تەن ـ ئەزاي-
ىڭىزغا ماسلىشىشى، سىزگە تەۋە قەۋمىنىڭ گۈزەللىك قارىشى،
ئىستېتىك ئېڭىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلىشى كېرەك. ھەددىدىن
زىيادە تار كىيىملەرنى كىيمەڭ. ئەجدادلىرىمىز ئەزەلدىن كەڭ،
ئازادە كىيىم كىيىپ ئادەتلىنىپ كەلگەن. ئارخېئولوگىيىلىك
تېپىلمىلارغا قاراپ بېقىڭ، تامباللارنىڭ كەڭلىكى ۋە ئېغىنىڭ
يوغانلىقىدىن ھەيران قالىسىز. بۇ دەل بەدەننىڭ كىيىم ـ كې-
چەك ئىچىدە ئازادە، راھەت تۇرۇشى، قان ئايلىنىشىنىڭ راۋان
بولۇشى، سۈركىلىش، غىدىقلىنىش، سىقىلىشنىڭ ئاز بولۇشى
ئۈچۈندۇر. بىر ئەرگە نىسبەتەن تولا سۈركىلىپ غىدىقلىنىش،
بەدەننىڭ سىقىلىپ تۇرۇشى ئىنتايىن زىيانلىقتۇر. ئەرنىڭ قېپى
ئەركىن دولقۇنلاپ ئېقىشى كېرەك. ئەرنىڭ تېنى تولا غىدىقلاندۇ-
ماسلىقى كېرەك. بولمىسا لازىم چاغدا قان دولقۇنلىمايدىغان،
جان ئۇيغانمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. تار كىيىملەر ئەرلەرنىڭ
بۆرىكىنى كاردىن چىقىرىدۇ، تار كىيىملەر ئەرلەرنىڭ ئەركىن
ھەرىكىتىنى بوغىدۇ. ئۇلارنىڭ تېنىنى ئوڭايلا سوغۇقنىڭ، تاش-
قى جىسىملارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىتىدۇ. قان ئايلىنىش راۋان
بولمىغانلىقتىن، ئەزا ـ نېرۋىلارنىڭ ھەرىكەت ئىقتىدارى چەكلى-
نىگە ئۇچراپ، مەلۇم ئەزالارغا بولغان بېسىم ئارتىپ كې-
تىدۇ ـ دە، كىشىلەر ئوڭاي چارچايدىغان، ھارغىنلىق ھېس
قىلىدىغان روھسىز، جانسىز بولۇپ قالىدۇ...

كىيىمنى راھەت ئۈچۈن كىيىڭكى، شەھۋەت ئۈچۈن، شۆھ-
رەت ئۈچۈن كىيمەڭ؛ ساغلاملىق ئۈچۈن كىيىڭكى، مودا ئۈچۈن
كىيمەڭ؛ ھايا ئۈچۈن بولۇشچە ياسىنىڭكى، رىيا ئۈچۈن، زىنا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئۇچۇن ياسانماڭ «تەقۋادارلىق لىباسى ئەڭ ياخشىدۇر» (سۈرە «ئەئراف» 26 ـ ئايەت)... كىيىم بەدىنىڭىزگە، ئىدىيىڭىزگە ماس كەلسۇن. كىيىمدىمۇ ئىدىيە ـ مەدەنىيەت مەۋجۇت. باشقىلارنىڭ يۇڭدۇۋېتىلگەن مېكىياندەك ياسىنىشلىرىغا ئەگىشىپ، قارىغۇلارچە كاسىنى تومپايتىپ، ساغرىلىرىنى لىكىلدىتىپ ئېتىپ مېڭىش بىزنىڭ كىيىم ئىدىيىمىزنىڭ تەشەببۇسى ئەمەس. تەننى سىقىپ چىقىرىپ بەدەن گۈزەللىكى دەپ ئاتىۋېلىش بەدىنى ـ تېنىدە سۇلكەت ـ نازاكەت يوق ئىسكەتسىز سوقا تەن خەقنىڭ ئىشى. بىزدە دۇنيادا كەم تېپىلىدىغان نازاكەتلىك، چىرايلىق بەدەن ئەۋزەللىكى بار. ئەمما ئۇ بازارغا چىقىرىدىغان مال ـ مۈلۈك ئەمەس. هايا، ئىززەت، غۇرۇر، قىممەت، هايا ئاسرالسا ساقلىنىدۇ، ئاسرالمىسا يانجىلىدۇ. غۇرۇر ئالدى بىلەن سىنىڭ ئاسرىشىڭغا موهتاج. سىنىڭ غۇرۇرۇڭنى سىنىڭ رۇخسىتىڭسىز يەنە كىم دەپسەندە قىلالايدۇ. بىزدە «ئىنەك هەجايمىسا بۇقا ئارغامچىنى ئۈزمەيتتى» دەيدىغان گەپ بار. ئۆز ئىززىتىڭىزنى ئۆزىڭىز قەدىرلەش، ساقلاشنى بىلسىڭىز، سىزگە يەنە بىر بەدئەخلاق پەسەندىنىڭ خورلۇق يەتكۈزۈشى مۇمكىن ئەمەس. شۇنىڭغا ئوخشاش، تېنىڭىزنى ئاچمىسىڭىز يەنە بىرى قارىمايدۇ. كىندىكى ئوچۇق ماڭغان هەرقانداق بىر قىزنى هەرقانداق بىر ئەر جەزمەنكى ئوڭاي قولغا كۆنىدىغان ياكى قولغا كۆنۈپ بولغان ياۋاش چوجە، ئاز ـ تولا چاتىقى بار بۇزۇق قىز دەپ قارايدۇ. مەن بۇنىڭغا گەپ ـ سۆزسىز ئىشىنىمەن. چۈنكى، بىر ساغلام ئەخلاقىي مىزانغا ۋە تەبىئىي تۇرمۇش ئېتىقادىغا ئىگە بىر قىز ئۆزىنىڭ هايا ـ زىننىتىنى ياتلارنىڭ كۆزىدىن يوشۇ-

رۇپ، كەلگۈسى ھەقىقىي غوجىدارىغا ئاۋايلاپ ساقلايدۇ. بىز مانا
بۇنى كىيىم كىيىش، تەننى يۆگەش، ساغلاملىقنى قوغلىشىش،
گۈزەللىك ئۈچۈن ئىنتىلىش دەيمىز. «قانداقلا نەرسىدە چاكىنى-
لىق بولىدىكەن، چوقۇم ئەيىب بولىدۇ. ھايا قانداق نەرسىدە
بولىدىكەن، ياراشماي قالمايدۇ» (ھەدىستىن) ھاياسىز گۈزەل-
لىك نېمە ئىش قىلسۇن؟ ساغلام تەنسىز گۈزەللىك نېمە ئىش
قىلسۇن؟ روھىي گۈزەللىكسىز تەن گۈزەللىكى نېمىگە ئەسقات-
سۇن؟

بۇرادەر، سىز خوتۇنى، پەرزەنتلىرى بار ئەركەكسىز. دې-
مەككى، خوتۇنىڭىز، بالىلىرىڭىزنىڭ ھاياسىنى قەدىرلەش،
قوغداش سىزنىڭ مۇھىم ۋەزىپىڭىزنىڭ بىرى. ئائىلىڭىزمۇ ھەد-
دىدىن زىيادە تار، ئوچۇق، قىسقا، زىننەتلىرى كۆرۈنۈپ تۇرىدى-
غان كىيىملەرنى كىيمىسۇن. ئائىلىنىڭ ھاياسى ئەرنىڭ قىممىتى
ۋە غورۇرىدۇر. بىر ئائىلىغا ياتنىڭ ھارام نەزىرى تىكىلسە، شۇ
ئائىلىنىڭ ئېرى ۋە نىكاھىغا زەھەرلىك مىخ قېقىلغان بىلەن بارا-
ۋەردۇر. ئۆزۈمنىڭ قەدىر - قىممىتىنى، ئائىلەمنىڭ خاتىرجەم-
لىكىنى، ئايالىمنىڭ تائەت - ئىتائىتىنى، بالىلىرىمنىڭ نومۇ-
سىنى قوغدايمەن دېسىڭىز، ئائىلىڭىزنى ھايالىق، ئىپپەتلىك
ھالدا كىيىنىش ۋە يۈرۈش تۇرۇشتا ھەيدەكچىلىك قىلىڭ، ئۇنى
تەربىيىلەڭ. بالىلىرىڭىزغا كىيىم - كېچەك ئالغان چاغدىمۇ
كىيىم كىيىشتىكى ئەڭ مۇھىم مەقسەتلەرنى ھەرگىز ئەستىن
چىقىرىپ قويماڭ. بىز مودا قوغلىشىش، بىردەملىك خۇشاللىق
ياكى زامانىنىڭ زالالەتلىرىگە ئەگىشىش ئۈچۈن ياشىمايمىز، بەل-
كى تەن ساق، روھ توق ھالدا مەنىلىك، پاكىز ياشاش ئۈچۈن،

زېمىندا ياخشىلىق، رەھمەت ئۇرۇقلىرىنى تېرىش ئۈچۈن تىرىشىمىز، ياشايمىز. ئەۋلادلىرىمىزمۇ كىچىكىدىن باشلاپ ھايا بىلەن كىيىنسۇن، نومۇس بىلەن يۈگەنسۇن، ئەخلاق بىلەن پۈركەنسۇن. ھەممىمىز ئۈلگە بولۇپ، ئۆز ئەمەلىيىتىمىز ئارقىلىق لايىقىدا كىيىنىپ، ياسانساق بالىلىرىمىز مايمۇندەك ياسىنىپ، كونترول قىلغۇسىز دەرىجىدە بىمەنىلىشىپ كەتمەيدۇ. بىر كىشىدىكى ئۇچۇق قىزنىڭ جەزمەنكى مەيدىسى ئوچۇق ئانىسى بار. گۈزەللىكنى ساغلام، تەبىئىي تەندىن ئەمەس، سۇنئىي بوياش، قىزارتىشتىن ۋە بوياق ـ بېزەكتىن ئىزدەيدىغان بالىلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ كىيىنىش، ياسىنىش قارىشىدا ئېغىر مەسىلە بار. شۇڭا بىز قارىقويۇق ياشلارنى، بالىلارنىلا ئەيىبلەۋەرمەي، ساغلام ئەقىدە ـ ئېتىقادىنى يوقاتقان، بالىلىرىدا دۇرۇس كىشىلىك قاراش يېتىلدۈرەلمىگەن ئاتا ـ ئانىلارنىڭ پەرزەنت تەربىيىسىگىمۇ دىققەت نەزىرىمىزنى ئاغدۇرۇشىمىز كېرەك. «بىزگە ئانىلىق مېھرىنى ئېتىقاد يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرەلەيدىغان ئانىلار كېرەك» (ئابدۇقادىر جالالىدىن). شۇنداقلا ئۆز ھەرىكەت ـ ئەمەلى ئارقىلىق بالىلىرىنى ئەيمەندۈرۈپ، تەپ تارتقۇزالايدىغان، توغرا ياشاش يولىنى ھېس قىلدۇرالايدىغان سۆرلۈك دادىلار كېرەك.

ئەخلاق، ھايا، ساقلىق، گۈزەللىك، ئازادىلىكنىڭ كىيىمىنى كىيگەنلىكى، شۆھرەت، شەھۋەت، شەرمەندىلىكنىڭ كۆرۈمسىز كېپىنىنى كىيمەك.

## 80. هاياتلىقنى بوغمايلى

بىر بوۋاق، هاياتلىق ئىنسانغا نىسبەتەن كاتتا سوۋغا ـ مەرھەمەتتۇر. بالا ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ سۆيگۈ دەرىخىنىڭ خۇش پۇراق چېچىكى. ئۇ نىكاھنى مۇستەھكەملەپ، ئەر ـ خوتۇن ئارىسىدىكى سۆيگۈ زەنجىرىنى تېخىمۇ چىڭىتقۇچى ۋە ئەر ـ خوتۇنغا، ئائىلىگە تېخىمۇ ئورتاق تېما بەلگىلەپ بەرگۈچى خىسـ ـلەتلىك نېئمەت. شۇ مەنىدىن، مەيلى بالىلىق بولمىغانلار بولـ ـسۇن ياكى بالىلىق بولۇپ بولغانلار بولسۇن، ئەر ـ خوتۇنلار ئارىسىدىكى يېقىنچىلىق ۋە شۇ ئارقىلىق ئاپىرىدە بولغۇسى يېڭى جان ـ يېڭى هاياتلىققا توغرا مۇئامىلە قىلغىنى تۈزۈك.

جەمئىيەت ئۆزگىرىپ تۇرلۇك ئىجتىمائىي، سىياسىي سەـ ـۋەبلەر ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ پەرزەنت كۆرۈش ئىستىكىگە نۇرغۇن ياخشى ـ يامان تەسىرلەرنى ۋە ئىمكانىيەت ـ چەكلىمىلەرنى ئېلىپ كەلدى. پەرزەنتلىك بولماقچى بولغانلار بۇرۇنقىغا قارىغانـ ـدا تېخىمۇ ئەۋزەل بولغان تەكشۇرتۇش، كۈتۈنۈش، بېقىش مۇلاـ ـزىمىتى ۋە ئىمكانىيىتىدىن بەھرىمەن بولالايدۇ. ئەمما ئەر ـ خوتۇنلار پەرزەنت مەسىلىسىدە ئۇچرايدىغان بېسىمىمۇ ئاز ئەمەس، يەنە كېلىپ ئاز پەرزەنتلىك بولۇشتىن ئىبارەت، تۇپ، قاتتىق قانۇن، خىزمەت، ئىقتىساد بېسىمى ۋە تۇرمۇش، ئائىلە قارىشىـ ـدىكى ئۆزگىرىشلەر ئەر ـ خوتۇنلارغا نۇرغۇن باش قېتىنچىلىقى،

تۇغۇلۇش ئالدىدىكى ئەۋلادلىرىمىزغا ۋابا ئېلىپ كەلدى. بىز ئاغرىتماي ھامىلە چۈشۈرۈش توغرىسىدىكى ئېلانلارنى ھەممە يەردە ئاڭلاپ تۇرىمىز. كەسپىي ئەخلاق نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ھەر قانداق ھامىلە ئاتا - دادا بولغۇچىنىڭ ھامىيلىقىسىز چۈشۈرۈلمەسلىكى كېرەك. ئەمما بىزنىڭ پۈلنىلا تونۇيدىغان «قارا نىقابلىق چايان» لىرىمىز ئېرى بارمۇ - يوق، نېمىشقا چۈشۈرۈش كېرەك، چۈشۈرسە بولامدۇ - بولمامدۇ پەرۋايى پەلەك ھالدا ھەتتا تۇغۇلۇشقا ھەپتە قالغان تىرىك جانلارنىمۇ بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋېرىدۇ. مەن تۇنجۇقتۇرۇش ئوكۇلى ئۇرۇلغاندىن كېيىنمۇ جېنى چىقماي داستىكى سۇغا تۇنجۇقتۇرۇلۇپ ئۆلتۈرۈلگەن بوۋاقنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلىغان. ئەجەبا، يېڭى جان نېمىگە، قانچىلىك مەنپەئەتكە تاقاشتى؟ قانۇن مەسىلىسىدە بىزدە ئامال يوق. ئەمما، قانۇنىي پرىنسىپلارغا زىت كەلمەيدىغان ئەھۋال ئاستىدا قالايمىقان ھامىلە چۈشۈرۈش، قىردۇرۇش، تۇنجۇقتۇرۇش جىنايەت، رەزىللىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس. دوختۇرخانىلارنىڭ مەسئۇلىيەتسىز قاسساپلىقى بىزدە پاھىشىنىڭ، زىنانىڭ، بۇزۇقچىلىقنىڭ ئەڭ ئەۋج ئېلىشىغا يېشىل چىراغ يېقىپ بېرىۋاتقان يەنە بىر ئامىلدۇر.

سىز توي قىلىپ بولغان، ساغلام نىكاھ ئاساسىدا ئىگە خوتۇنىڭىز بار ئەرسىز. دېمەككى، خوتۇن - بالىلىرىڭىزغا ئىگىدارچىلىق قىلىش سىزنىڭ مەجبۇرىيىتىڭىز. شۇنداق ئىكەن، ئەر - خوتۇنچىلىق تۇرمۇشىغا ھەر ئىككى تەرەپنىڭ مەسئۇلىيىتى نۇقتىسىدىن چىقىپ مۇئامىلە قىلىڭ، بولۇپمۇ پەرزەنت مەسىلىسىدە ئەگەردە ئىمكانىيەت، شارائىت يار بەرسە، ئاندىن بالىلىق

بولۇشنى ئۈيلىشىڭ، ھەرگىزمۇ قاراملارچە ئىش قىلىپ خوتۇنـ
ىڭىزنىڭ قورسىقىنى تومپايتىپ قويۇپ، ئاندىن ئۇنى ئالدۇرۇۋېـ
تىشكە قىستايدىغان ناچارلىقنى قىلماڭ. دېھقانمۇ يەرگە بۇغداينى
باشقۇرۇش، باشقۇرالماسلىقنى چاغلاپ ئاندىن تېرىپ، ئۇندۇرـ
دۇ. سىز دېھقاننىڭ زىرائەتنى ئاغدۇرۇپ ۋەيران قىلىۋەتسە،
ھەتتا قالايمىقان دەسسەپ ـ چەيلىسە قانچىلىك ئازابلىنىدىغانـ
لىقنى كۆرگەنمىدىڭىز؟ نېمىشقا بەزى ئەرلىرىمىز خوتۇنلىرـ
ىنىڭ ھەتتا تۇغۇلۇشقا ئاز قالغان بالىلىرىنى قىردۇرۇپ، ئۆلتۈـ
رۈپ چۈشۈرۈشلىرىگە كۆزىنى مىتمۇ قىلىپ قويمايدۇ؟ مەن بىر
خىزمەتدىشىمىزنىڭ خوتۇنىنىڭ توققۇز قېتىم بالا قىردۇرۇپ
چۈشۈرگىنىنى ئاڭلاپ ھەيرانلىقتىن داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدىم.
مەن شۇ ئەردە قانچىلىك ئەرلىك، ئەركەكلىك تۇيغۇسى بارلىقىغا
بىر نېمە دېيەلمەيمەن. ئەركەكلىك ئەڭ ئالدى بىلەن مەسئۇلىيەت
دېمەكتۇر. ئۆزۈڭ ئىگە بولالمايدىغان ئىشنى تېرىپ ـ باشلاپ
نېمە قىلىسەن؟ سەن تېپىشنىلا بىلىپ بېقىش بىلەن كارى بولمايـ
دىغان ھاڭگا ئېشەك ئەمەسقۇ؟!

دوختۇرلارغا نىسبەتەن بالا چۈشۈرۈش، قىردۇرۇش چوڭ ئىش ئەمەس. ئۇلار بۇنى كىچىككىنە ئوپېراتسىيە قاتارىدا كۆزگە ئىلىپ كەتمەيدۇ. ئەمما بىز بىر ھاياتلىقنى تۇنجۇقتۇرۇش، ئۆلتۈرۈش نۇقتىسىدىن قارىغاندا ئۇ ئاددىي ئىش ئەمەس. «مەن ھاياتلىققا سەممىي مۇئامىلە قىلمىغانلارغا نەپرەت كۆزى بىلەن قارىغۇچىلاردىن» (ئاپتورنىڭ «شىنجاڭ مەدەنىيتى» ژۇرنىلىـ
نىڭ 2005 ـ يىللىق 5 ـ ساندا ئېلان قىلىنغان «ئەقىدە ئېھتىرامى» ناملىق ماقالىسىگە قارالسۇن). بالا چۈشۈرۈش ئاـ

ياللارنىڭ سالامەتلىكىنى نەزەرگە ئالغاندا ئىنتايىن ئېغىر بەدەل-
دۇر. ئاياللار ھامىلە چۈشۈرۈش جەريانىنى تۇغۇتتىن ئېغىر،
قىيىن، جاپالىق ۋە خەتەرلىك دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ ھەم
شۇنداق. ئەخلاق نۇقتىسىدىن قارىغاندا، بالا چۈشۈرۈش، قىردۇ-
رۇش ئىنتايىن ئېغىر ئەخلاقسىزلىق، گۇناھ، جىنايەتتۇر. تۇ-
غۇلمىغان بولسىمۇ قورساقتا تۆرەلگەن ھەربىر جان مۇقەددەس
ۋە بىباھادۇر، يەنە كېلىپ پاك ۋە ھېچقانداق نۇقسان، كەمچى-
لىكتىن خالىي ھالدا بىغۇباردۇر. كىم ئۇنى بىر جان قاتارىدا
كۆرمىسۇن؟ بىر جاننى ئۆلتۈرۈش، بوغۇش ئەجەبا يىرگىنىدى-
غان، غەزەپلىنىدىغان ئەخلاقسىزلىق، جىنايەت جۈملىسىدىن ئە-
مەسمۇ؟ . . .

ئەي، مەسئۇلىيەتسىز ئەر. ئايالنىڭ ۋە ئائىلىنىڭ باشپانا-
ھى. ھاياتلىقنى ئويلا، ئۆلۈمنى ئەستىن چىقارما، ئۆز پۇشتۇڭغا
رەھىمسىزلىك قىلما. تۇنجى بالىنى ئورۇنسىز سەۋەبلەر بىلەن
چۈشۈرۈپ، ئالدۇرۋېتىپ تۇغماس بولۇپ قالغان ئاياللار، پەر-
زەنتلىك بولالماي ھەسرەتتە قالغان ئەرلەر ئارىمىزدا ئاز ئەمەس.
بىر بىغۇبار بوۋاققا قىلىنغان رەھىمسىزلىكتىن ئاسمان - زېمىن
تىترەيمىش. شارائىتىڭنى ئويلاپ ئىش قىل. مەن ئەر - خوتۇن-
لارنى يېقىنچىلىق قىلماڭلار، بالا تۆرىلىپ قالمىسۇن دېمەكچى
ئەمەس. قانچىلىك يېقىنچىلىق قىلىش سىلەرنىڭ ھەققىڭلار -
ھوقۇقۇڭلار. ئەمما ھوقۇقتىن كېيىنلا كېلىدىغان مەجبۇرىيەتنى
ئۇنتۇپ قالماڭلار. بىز قانچىلىك تۇغسا، قانداق تەربىيىلىسە
بولىۋېرىدىغان زاماندا ياشىماۋاتىمىز. مەسئۇلىيەتسىز ھەرىكەت
تۈپەيلى ھەر ئىككىڭلار جىنايەت، قەرزدارلىق تۈيغۇسىغا پېتىپ

قالماڭلار. ئىلمىي، ساغلام ئۇسۇل ئارقىلىق ئۆز نەپسىڭلارنى جايىدا قاندۇرۇڭلار ۋە كەلگۈسى باش ئاغرىقلىرىدىن ساقلىنىڭ-لار. مەن ھەقىقەتەنمۇ سىلەرگە قانداق ئۇسۇل قوللىنىش ھەققى-دە كونكرېت، ئېنىق بىر نەرسە دەپ بېرىشكە ئاجىزمەن. ئەمما تېۋىپلار، دوختۇرلار ئارقىلىق بۇ مەسىلىنى لايىقىدا ھەل قىلىش مېنىڭچە مۇمكىن. مېنىڭ دەيدىغىنىم ۋە دېيەلەيدىغىنىم: ھاياتى-لىققا سەمىمىي مۇئامىلە قىلىڭلار، ئۆز پۇشتۇڭلارنى خەنجەر، پىچاقنىڭ ئالدىغا سۆرەپ ئاپارماڭلار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تور بېكىتى

## 81. ئايالالار نېمىشقا تالاغا قاراپ قالىدۇ؟

بۇرادەر، ئاياللارنىڭ يات ئەرلەرگە بۇزۇلۇشى بىلەن باشلان-
غان ئائىلە پاجىئەلىرىنى تولا ئاڭلايدىغان بولۇپ قالدۇق. ئاياللار
نېمىشقا تالاغا قاراپ قالىدۇ؟ ئاياللارنىڭ تالاغا قاراپ قېلىشىدا
ئەرلەرنىڭ مەسئۇلىيىتى بارمۇ - يوق؟ بىز بۇ ھەقتە ئاز - تولا
مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشنى مەسئۇلىيەت دەپ بىلدۇق:

كونىلار ئايالدا نەپس ئۈچ دەپ قارايدۇ: يېمەك - ئىچمەك،
كىيىم - كېچەك، سۆيگۈ - مۇھەببەت. ئالدىنقى ئىككىسى
ئىقتىساد ۋە ئاياللارنى ماددىي جەھەتتىن قانائەتلەندۈرۈش بىلەن
مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بۇ ئۈنچىۋالا مۇھىم ئامىل بولماسلىقى
مۇمكىن. چۈنكى، بىر تەربىيىلىك ئايال، پەزىلەتلىك خوتۇن
ھەرگىزمۇ مال - مۈلۈك تۈپەيلى ئۆزى ئەقىدە قىلغان ئۆي،
مېھرىنى بەرگەن ئېرىدىن ۋاز كېچىپ يەنە بىر ئەردىن يەم -
ئوزۇق تىلىمەيدۇ. كىيىم - كېچەك ۋە يېمەك - ئىچمەك پاراغى-
تى تۈپەيلى غېنى - زەردارلارنىڭ كەينىدىن لالما كۈچۈكتەك
ئايناقلاپ سوكۇلداش پەزىلەتسىز خوتۇنلارنىڭ ئىشى. شۈبھىسىز-
كى، مۇنداق خوتۇنلار ئاچكۆز، تويماس نەپسى تۈپەيلى ئائىلىسى-
دىن، ئېرىدىن ئايرىلىپ قېلىشى ۋە يات قوللارنىڭ خالىغانچە
تۇتۇپ - سىيلاپ ئويناپدىغان ئويۇنچۇقى بولۇپ قېلىشى تۇرغان
گەپ. ئايال كىشى ياسانچۇق بولمىسا، ھەرگىزمۇ بىراۋنىڭ ئو-

يۈنچۈقى بولۇپ قالماس. نەپسى توق ئاياللار قەلەندەرنىڭ كۆلبە-سىدىنمۇ ئۆزىگە يارىشا خۇشلۇق تېپىپ، روزىغارىنى باياشادلاش-تۇرۇشنىڭ غېمىنى يەيدۇ. مەن ساداقەتنى ئىقتىسادىي سەۋىيە بىلەن تەڭداش ئورۇنغا قويمايمەن. ساغلام ئەقىلگە ئىگە بىر ئايالمۇ ھەرگىز نامراتلىق تۈپەيلى ئېرىنى تاشلاپ كەتمەيدۇ. دېمەككى، بىر ئايالنىڭ ئۆز ئېرىنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ، مۇت-لەق ئىنتائەتكە كىرىشىدە ئەڭ ھالقىلىق ئامىل دەل سۆيگۈ - مۇھەببەتتۇر. ئەگەر بىر ئايال ئۆز ئائىلىسى، ئېرىدىن يېتەرلىك قانائەت تۇيغۇسىغا ئېرىشەلمىسە، ئۇ قەلبىدىكى، روھىدىكى، تېنىدىكى ئاچارچىلىقنى سىرتتىن ئىزدىشى ياكى ئېرىدىن يىراق-لىشىشى مۇمكىن. ئاياللارنىڭ قانائەت تۇيغۇسى نۇرغۇن ئامىل-لاردىن تەركىب تاپىدۇ، ئۇ ئەرنىڭ كۆيۈنۈشى، ھالىغا يېتىشى، سۆيگۈسى، ساداقىتى، ئائىلە ئۈچۈن چىقارغان كۈچى . . . قا-تارلىقلاردىن كېلىدىغان روھىي قانائەت ۋە ئەر - ئاياللىق تۇر-مۇشتىن كېلىدىغان جىنسىي قانائەتتىن تەركىب تاپىدۇ. ئايال روھىي قانائەت ئارقىلىق ئېرىنىڭ ساداقىتى ۋە مېھرىنى تولۇق ھېس قىلالىسا ۋە جىنسىي قانائەت ئارقىلىق روھىي قانائىتىنى يۈكسەكلىككە كۆتۈرەلىسە، ئەرنىڭ ئالدىدا شەكسىز ئىتائەتچان، مۇلايىم خوتۇن، مېھرىبان ئانا، پەزىلەتلىك ئايالغا ئايلىنىدۇ. ئەگەر سۆيگۈ - مۇھەببەت ئېھتىياجى يېتەرلىك تويۇنۇش ۋە قانائەتكە ئېرىشەلمىسە، ھەرقانچە پەزىلەتلىك ئايالمۇ مۇنداق ئەر-دىن ئۈمىدسىزلىنىدۇ، رايى قايتىدۇ ۋە بۇ ئائىلىدىن تەدرىجىي يىراقلىشىشقا باشلايدۇ. ئۆز ئېرىدىن يېتەرلىك قانائەت تۇيغۇسى-غا ئېرىشەلمىگەن ئايال ئېرىنى ئەتراپىدىكى ئۆزى ئۇچرىغان

ئەرلەر بىلەن سېلىشتۇرۇشقا چۈشىدۇ. مۇشۇنداق چاغدا ئەگەردە
يەنە بىر ئەر شۇ ئايالنىڭ ئېرىدىكى ئاجىزلىقلارنى بېسىپ چۈش-
كۆدەك ساپا بىلەن ئايالنىڭ قەلب دۇنياسىغا ئىچكىرىلەپ كىرىپلا
قالسا ئايال كىشى بۇزۇلىدۇ، ئېرىدىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ، نىجات-
لىقنى يات ئەرلەردىن ئىزدەشكە چۈشىدۇ. بىز ئەخلاق، قانۇن
نۇقتىسىدىن ئاياللارنىڭ يات ئەرلەردىن خۇشلۇق ئىزدىشىنى
چەكلەيمىز، مۇنداق بولۇشىنى خالىمايمىز. ئەمما زەردارنىڭ
قويىنىدىن چىقىپ ئۈتۈنچىغا خۇشاللىق بىلەن خوتۇن بولىدىغان،
باينىڭ قولىدىن تاپالمىغان بەخت تۇيغۇسىنى تازنىڭ يېغىر گەدد-
ىنىدىن ھېس قىلىدىغان، شاھزادىدىن قېچىپ كەمبەغەلگە تېگ-
ىدىغان نازنىنلارنىڭ ھېكايىسى بىزدە ئاز ئەمەس. دېمەككى،
ئايال كىشى بىر ئەردىن سۆيگۈ ـ مۇھەببەت ئېھتىياجىنى قاندۇ-
رالمىسا ئۇ ئەرنىڭ ئىتائىتىگە كىرمەيدۇ. ئەر كىشى ئايالنىڭ
قورسىقىنى تويدۇرۇپ، ئۈستىبېشىنى پارقىرىتىپ ياسىيالمىس-
مۇ، ئايالنىڭ كۆڭلىنى ئېلىپ، روھىنى شاد، نەپسىنى توق
قىلالمىسا خوتۇنىنى خوتۇن قىلىپ تۇتۇپ تۇرالمايدۇ. ئايالنىڭ
قورسىقىنى توقلاشنى، ئۈستىبېشىنى ئوڭلاشنىلا بىلىپ
كۆڭلى ـ خاھىشىنى تاشلىۋەتكەن ئەرلەر ئايالنىڭ جىسمىغىلا،
تېنىگىلا ئىگىدارچىلىق قىلىدۇ، ئەمما ئاياللىق قەلبىنىڭ شاھلىق
قەسرىدىكى ئالتۇن كۇرسىغا ئولتۇرالمايدۇ. بۇ كۇرسقا يا باشقا
بىر ھارامتاماق ئولتۇرىدۇ ياكى بۇ ئورۇن بوش قالىدۇ. ئەمما
لوگىكا جەھەتتىن قارىغاندا، بۇ ئورۇننىڭ مەڭگۈ بوش تۇرۇۋېرى-
شى مۇمكىن ئەمەس. ئاشۇ بوشلۇق ئاستىدا نىكاھ پاجىئەسىنىڭ
ئالۋاستى كەمپىرى خورۇلداپ ئۇخلاپ ياتقان بولىدۇ. ئەرلەردى-



www.uyghurkitap.com

كى بوشلۇق، سۇسلۇق، پەرۋاسىزلىق ئىنكاس جادۇگەرنى ئويغى-
تىپ قوپۇرىدىغان خەتەرلىك خورەكتۇر.

ئەي، خوتۇنىغا قانداق كۆيۈنۈش ۋە ئۇنىڭ مېھرىدىن قانداق
بەھىر ئېلىشنى بىلەلمىگەن ئەر. مەسىلىنى ئالدى بىلەن ئۆزۈڭ-
نىڭ خوتۇنۇڭنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالمىغان ئاجىزلىقىڭدىن
ئىزدە. ئەر ھەر تەرەپتىن كۈچلۈك بولسا، خوتۇن كىشى مەڭگۈ
ئۇنىڭ ئالدىدا خۇشلۇق ئىتائىتىدە كۈلۈمسىرەپ تۇرغۇچى مەلى-
كىگە ئايلىنىدۇ. ئەرنىڭ ئاجىزلىقى ئايالنى ئىتائەتتىن چىقى-
رىپ، ئېرىگە ھۆركىرەپ ئۆكتە قوپالايدىغان، ئەرنى، ئىنكاھنى،
پەرزەنتلەرنى كۆزگە ئىلمايدىغان، نومۇستىن قورقمايدىغان، ئەي-
مەنمەيدىغان دەرىجىدە ھازازۇلغا ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ. شۇڭا، ئەر-
نىڭ ئايال ئالدىدىكى كۈچلۈك - ئاجىزلىقى بەكلا مۇھىمدۇر.
بۇ كۈچلۈك - ئاجىزلىق ئۇنىڭ نوقۇل تەن، جىسىم جەھەتتىكى
ھايۋاني كۈچىگە ئەمەس، خاراكتېر، پوزىتسىيە، مۇئامىلە جە-
ھەتتىكى ئىلمي كامالىتىگە قارىتىلغان.

ئەر، خوتۇنۇمنى ئۆز ئىتائىتىمدە ساقلايمەن دەيدىكەنسەن،
خوتۇنۇڭنى رازى قىل. ئىقتىساد جەھەتتىنلا ئەمەس، روھي
جەھەتتىنمۇ رازى قىلىشقا ھەممىدىن بەك كۈچە. ئۇنىڭ روھىنى
ھەرقاچان شاد، توق، خاتىرجەم ئەيلىگىن. ئۇ يات ئەرلەرنى ساڭا
تەققاسلىماس بولسۇن؛ ھەتتا يات ئەرلەرگە تىكىلىپ قاراش ۋە
نەزەر سېلىشتىنمۇ ئەيمىنىدىغان بولسۇن. خوتۇنۇڭ سېنىڭدىن
يېتەرلىك بىخەتەرلىك، قانائەت تۇيغۇسىغا ئېرىشىپ تۇرسۇن.
ئۆزۈڭنى تىڭلا، خوتۇنۇڭنى رازى قىلالمىغان يەرلىرىڭلارنى تو-
لۇقلاپ تۇر. ئەگەر ئايال پەزىلەتلىك بولىدىكەن، ئۇنىڭ ھەربىر

www.uyghurkitap.com

ھەرىكەت ـ قارشىدىن ئۆزۈڭنىڭ كامالەت يولۇڭنى ۋە ئۇنىڭ قەيەرىڭدىن رازى، قەيەرىڭدىن نارازىلىقىنى بىلىپ ـ ھېس قىلىپ تۇرالايسەن.

ئەر، ئۆزۈڭنى كامىللاشتۇر ـ دە، ئايالىڭنىڭ قەلب سۇلتانلىقىنىڭ يەككە ـ يېگانە شاھەنشاھلىقىنى ئىگىلە. خوتۇنۇڭغا ياتلارنىڭ پاسكىنا قولى ـ نەزىرى يەتمىسۇن دېسەڭ، ئۇنى تىرىشىپ ئۆز ھىمايەڭگە ئالمىقىڭ لازىمدۇر.

# 82. پەرزەنتلىرىڭىزنىمۇ ئەگەشتۈرۈۋېلىڭ

پەرزەنت سىزنىڭ ئىزباسارىڭىز ۋە جەددى - جەمەتىڭىزنى
كەلگۈسىگە يەتكۈزگۈچى ۋارىس كۈچلەر. بۇ مەنىدىن ئۇنى قانداق
تەربىيىلەش سىزنىڭ ئەجداد ۋە ئەۋلاد ئالدىدىكى مۇقەددەس ۋەزى-
پىلىرىڭىزنىڭ بىرىدۇر. ئاتا - ئانىلارنىڭ ساپاسى ۋە مەسئۇلى-
يەت تۇيغۇسى بالىلارنىڭ ئەمەلىيىتىدە ناھايىتى جانلىق ئەكس
ئېتىدۇ. بىر ساپالىق ئاتا - ئانا بالىلىرىغا قانداق ھەرىكەت
قىلىش ۋە نېمىلەرنى، قانداق شارائىتتا، قايسى ئىشلارنى قىلى-
ماسلىقنى ئەدەپ بىلەن بىلدۈرەلەيدۇ. . . بالىلارنىڭ ئۆكتەملى-
كى ئاتا - ئانىلارنىڭ ئۇششۇق ۋە بالا تەربىيىسىدىكى يېتەرسىز-
لىكىنىڭ دەلىلى. شۇڭا، بالىلىرىڭىزنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە
ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىڭ. بەزى چاغلاردا پەرزەنتلىرىڭىزنى
ئەگەشتۈرۈۋېلىڭ. كۆپىنچە ئاتا - ئانىلار بالىلارنى ئەگەشتۈرۈپ
سورۇن، يىغىلىش، بازار، خىزمەتلەرگە بېرىشقا قارشى تۇرى-
دۇ، قاچىدۇ. ئەمما بۇنىڭمۇ ئۆزىگە چۇشلۇق ئاساسى بار.

1. پەرزەنتلىرىڭىزنى ئەگەشتۈرۈۋېلىش ئۇلارنىڭ كىشىلىك
مۇناسىۋەتلەردىكى ئەدەپ - قائىدىلەرنى ھېس قىلىپ ئۆزلەشتۈ-
رۈۋېلىشىغا ئىنتايىن پايدىلىق، بىر بالا بىلىمنى گەپتىن بەكرەك
ئەمەلىي ئالاقە ۋە تۇرمۇش جەريانىدا تېز، جانلىق قوبۇل قىلالاي-
دۇ. ئۇلارغا چوڭلارنى ھۆرمەتلەش، كىشىلەر بىلەن سالاملى-
شىش، بىر - بىرى بىلەن ئالاقە قىلىش توغرىلىق بىر تاغار

ۋەز ساتقاندىن كۆرە، ئۇنى سورۇنلارغا، يىغىلىش، مەرىكە، توي، ئۆلۈم ـ يىتىملارغا بىرگە ئالغاچ بېرىك. ئۇ ئەخلاقنى كىشىلەرنىڭ ئەمەلىيىتىدىن ھېس قىلسۇن، ئۆگەنسۇن. ئادىمىگەرچىلىكتىكى قائىدىلەرنى ئۆزى ھېس قىلسۇن. ئۆلۈمنىڭ دەھشىتىنى، خۇشاللىق، بايرامنىڭ تەنتەنىسىنى ئۆزى بىۋاستە سېزىپ يەتسۇن. ئەمەلىي قاتنىشىش ئارقىلىق ھېس قىلىنغان، بىۋاستە سەزگەن تۇيغۇ، ئۇچۇرنىڭ مەنىسى ۋە قوبۇل قىلىنىش دەرىجىسى سۆزلەپ بەرگەندىن نەچچە مىڭ ھەسسە ئارتۇقتۇر.

2. پەرزەنتلىرىڭىز دۇنيانى چۈشەنسۇن. ئۇ كەينىڭىزدە يۈرۈپ سودا ـ تىجارەتنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى، ھەرخىل كىشىلەرنىڭ مىجەزىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئۆزى تونۇپ يەتسۇن. شۇندىلا ئۇ ھەممە نەرسىگە كىتاب، نەزەرىيە بويىچە مۇئامىلە قىلىدىغان ئۆلۈك دوگما تىزمىدىن قۇتۇلۇپ، نەرسىلەرگە ئەمەلىي قارىيالايدىغان، ھەق ـ ناھەقنى، راست ـ يالغاننى ئايرىيالايدىغان بولىدۇ. ئوڭاي ئالدىنىپ كەتمەيدۇ. جۈرئەتلىك، پاراسەتلىك، نەزەر دائىرىسى كەڭ بولۇپ يېتىلىدۇ.

3. سىزنىڭ خىزمىتىڭىزنىڭ، جاپايىڭىزنىڭ قەدرىگە يېتىدىغان، سىزنى ئېخىمۇ ھۆرمەتلەيدىغان، پۇلنى قالايمىقان بۇزۇپ ـ چاچمايدىغان بولىدۇ. ئائىلە ئۈچۈن ئويلىنىدىغان ئاڭ يېتىلىدۇ.

4. ئۆزىنى چوڭ ئايغاندەك، ھەربىرىگە دىققەت قىلىشى كېرەكتەك، ئۆي ئۈچۈن بىرەر ئىش قىلىپ بېرىشى كېرەكتەك ھېس قىلىدۇ. مۇستەقىللىق خاھىشى كۈچىيىدۇ. كۆپ ئىشلاردا ئۆزىنىلا ئويلايدىغان شەخسىيەتچىلىك تۇيغۇسىدىن قۇتۇلۇپ، ئۆي، ئائىلە، ئاتا ـ ئانا، كۆپچىلىكنى ئويلايدىغان ئائىلە،

قوۋم، مىللىي ئاڭ ناھايىتى تېز يېتىلىدۇ.

ئەمما، بالىڭىزنى جەزمەن ساغلام، نورمال سورۇن، يىغىلىشلارغا ئېلىپ بېرىڭ. رېستورانغا ئاپىرىپ ئىچىش - چېكىشنى، تېتىقسىز لەتىپە - يۇمۇرلارنى ۋە ھاياسىز ئويۇن - تاماشا ئۆگەتمەڭ، بالىڭىزغا سەمىمىي ئىنسانلىقنىڭ ھەسەل تەمىنى تېتىتىڭكى، تاپتىن چىققان ھايۋانلىقنىڭ زەھەر - زوقۇملىرىنى بالىڭىزغا زورلاپ يېگۈزمەڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com

## 83. ئەر ـ خوتۇنلار ئارا جېدەلدە ئىتتىكلىك قىلماڭ

بىز باشتا ئەر ـ خوتۇنلار ئارىسىدىكى ئادەتتە كۆپ كۆرۈلىدىغان ئارازلىششتا قانداق قىلىش ھەققىدە توختالغانىدۇق. ئەگەردە ئەر ـ خوتۇن مىجەز، قاراشتا زادىلا بىرلىككە كېلەلمەي، ئۈزۈلدۈرمەي جېدەل قىلىشىۋەرسە ياكى مەلۇم مەسىلە تۈپەيلى توساتتىنلا ئېغىر زىددىيەتكە پېتىپ قالسا قانداق قىلىش كېرەك؟...

ئەر ـ خوتۇنلار ئارىسىدىكى جېدەل مەيلى قانچىلىك ئېغىر بولۇشىدىن قەتئىينەزەر سوغۇققان بولۇش كېرەك. بولۇپمۇ ئەرلەر جېدەل ـ ماجىرا ئالدىدا ئىتتىكلىك، يېنىكلىك قىلسا ھېچكىم كەچۈرمەيدۇ. يىغلاپ، سۈرەن سېلىپ ئالەمنى مالەم قىلىش، ۋارقىراپ ئېسىلىۋېلىش، يامانلاپ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كېتىۋېلىش ئاياللارنىڭ ئەر بىلەن جېدەللەشكەندە كۆرسىتىدىغان ئىپادىلىرى. ئاياللار غەزەپلەنگەندە يىغلايدۇ، چىرقىرايدۇ، يامانلايدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ تەبىئىتى. ئايالىڭىز يىغلاپ ـ چىرقىراپ ئۆينى بېشىغا كىيسە، سىزمۇ ئۇنىڭ بىلەن تەڭ بولۇشۇپ ۋاقىراپ ـ جارقىراشماڭ، ئۇتنى سۇ ئۆچۈرىدۇ. سوغۇققان، ئېغىر ـ بېسىق بولۇڭ، ئايال كىشى ئوڭايلا سۆزۈمنى بەر، ئاجرىشىمەن. . . دېگەندەك نىكاھقا بېرىپ چېتىلىدىغان ھاماقەت سۆزلەرنى قىلىشقا ئامراق كېلىدۇ. بولۇپمۇ مۇشۇنداق

چاغلاردا قاتتىق سوغۇققان بولۇڭ. ھەرگىزمۇ «ئالامسەن، ئالە ئەمسە» دېگىنىڭىزچە نىكاھ مۇناسىۋىتىنى ئۈزىدىغان، بۇزىدىغان ھەرقانداق سۆزنى ئېغىزىڭىزدىن چىقارماڭ، كىشىلەر غەزەپلەنگەندە ئەقلىنى يوقىتىدۇ. ئەرلەرنىڭ غەزەپ ئالدىدا ئەقىل ئارغامچىسىغا مەھكەم ئېسىلىۋالغىنى بەكلا ئەۋزەلدۇر. بولمىسا قالايمىقان ئىش - ھەرىكەت قىلىپ قويۇپ، كېيىن ئورنىنى تولدۇرۇۋالغۇسىز زىيان تارتىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلۈپ قېلىشى مۇمكىن.

بىز، ھەتتا خوتۇننىنى ئۈچ تالاق قىلىپ بولۇپمۇ يەنە قايتىدىن يارىشىۋالغۇسى كېلىپ قالىدىغان ۋە ھەتتا شەرىئەتتە يوق، نەدىكى چەك باسماس سەۋەب - ئىلاجلار بىلەن قايتا «نىكاھ» لىنىۋالىدىغان ئەر - خوتۇنلارنى پات - پات ئۇچرىتىپ قالىمىز. ئۈچ تالا قىلغۇچى - قىلىنغۇچى ئەر - خوتۇنلارغا يول تېپىپ بەرگۈچى چەلپەكچى موللىلارغا لەنەت بولسۇن! جېدەلدە ئېغىزنى چىڭ تۇتۇش، سەۋرچان بولۇش، ھاماقەتلەرچە، تەنتەكلەرچە سۆزلەرنى قىلماسلىق كېرەك. ھاماقەتلىك بىلەن خوتۇنىڭىزنى ئۈچ تالاق قىلغان بولسىڭىز، ئەمدى يەنە ئۇنىڭ كەينىدىن سۆرىلىپ، سوكۇلداپ يۈرۈشىڭىز تۇترۇقسىز چاكىنىلىقىڭىزدىن ئىشارە ئەمەسمۇ؟ ئايالىڭىز ياقىڭىزغا ئېسىلىپ ئىلەنگۈچ ئۈچسا نېمە بوپتۇ؟ مېھىر بىلەن ئېسىلغان بويۇنغا قەھر بىلەن ئېسىلىدىغان چاغلارمۇ بولۇپ قالىدۇ. مېھىرنىلا كۆتۈرۈپ قەھرگە بەرداشلىق بېرەلمىسىڭىز سىزنىڭ قەيىرىڭىز ئەر؟ خوتۇنىڭىز يامانلاپ كەتسە نېمە بوپتۇ؟ دەردى چىققاندا، ئىچ پۇشۇقى بېسىققاندا كېلىدۇ ياكى ئەكىلىۋالسىڭىز بولىدىغۇ. بوران - چاپقۇننى كۆرۈپلا ھاياتتىن ئۈمىد ئۈزۈپ كەتكىلى بولمايدۇ. دەھشەتلىك

كەلكۈن، يەر تەۋرەشلەردە ھەممىلا نېمىسىدىن مەھرۇم بولغان ئەل ـ خەلقلەرمۇ تۇرمۇشقا بولغان ئۈمىدىنى ئۈزگىنى يوق. ئاز ـ تولا زىددىيەتنى دەپلا نىكاھتىن ئۈمىد ئۈزمەك، ئاز ـ تولا كەمچىلىكنى دەپلا خوتۇنىڭىزنىڭ بارلىق ئارتۇقچىلىقلىرىنىمۇ پوقتا كۆممەك، يوقتا چىقارماق، ئازابلىق كۈنلەرنىلا كۆرۈپ بارلىق شېرىن كۈنلەرگە كۆز يۇمۇۋالماق. بەلكىم ئۇنىڭ بىلەن تېخىمۇ باياشاد تۇرمۇش كەچۈرۈشكە ئىمكانىيەت بولۇشى مۇمكىن. بەختنىڭ تەلپى نېمە؟ دەل سەۋرچان، چىدامچان بولۇشتا.

ئەر ـ خوتۇنلار ئارا ھەرقانداق جېدەلدە سەۋرچان بولۇڭ، غەزىپىڭىزنى، ئېغىزىڭىزنى بېسىشنى بىلىڭ. نىكاھ مۇناسىۋىتىگە دەز يەتكۈزىدىغان ھەر قانداق گەپ ـ سۆز، ئىش ـ ھەرىكەتتىن ساقلىنىڭ، بولمىسا غەزىپىڭىز بېسىققاندا خوتۇنىڭىزنىڭ ئۆيىنى چۆرگىلەپ، چىراي سارغايتىپ، يىلىنىپ ـ يالۋۇرۇپ يۈرىدىغان ئىشلارنى سادىر بولمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ. «ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ئاراڭلارنى تۈزەڭلار» (سۈرە «ئەنفال» 1 ـ ئايەت).

## 84. ئارازلاشقاندا ئايرىلىپ تۇرۇپ بېقىڭ

ئەر - خوتۇنلارنىڭ ئازارلاشقاندا، بولۇپمۇ مۇناسىۋىتى ئىنتايىن ئۆتكۈر مەزگىلگە بېرىپ قالغاندا، بىر مەزگىل ئايرىلىپ تۇرۇپ باققىنى ئەۋزەلرەكتۇر. ئائىلىدىكى ھەرقانداق زىددىيەت ئەر - ئايال ئىككى تەرەپنىڭ كەڭ قورساقلىق ۋە ئەپۇچانلىقىغا باغلىق. ئەمەلىيەتتە مۇتلەق ناچار، كېلىشكىلى بولمايدىغان ئىنسان مەۋجۇت ئەمەس. پەقەت بىر - بىرى قارشى تەرەپكە يول قويماسلىق ياكى ئۆزىدىكى ئاجىز - كەمچىلىك تەرەپلەرنى تولۇقلاشقا ئىنتىلمەسلىك سەۋەبىدىن ئىككى شەخس، ئىككى جىنس ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ كۆرۈلىدۇ. تويدىن بۇرۇن كېلىشەلىگەن ۋە ھەتتا بىر بىرىنى كۆرمىسە چىدىيالمايدىغان ھالغا بارغان ئاشىق - مەشۇق بىر جۈپلەر تويدىن كېيىن نېمە ئۈچۈن بىرىنى يەنە بىرىنىڭ كۆرەر كۆزى يوق ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ؟ مەسىلە ئىنتايىن ئاددىي: بىر - بىرىنىڭ ھالىغا يەتمەيدۇ. بىر - بىرىگە يول قويمايدۇ، ئارىدا ئورتاق ئەپۇ يوق. ئۆزىنىلا ئويلاپ قارشى تەرەپتىن قۇسۇر ئىزدەيدۇ.

قاتتىق ئازارلاشقان، بولۇپمۇ ئاجرىشىش گىرداۋىغا بېرىپ قالغان ئەر - خوتۇنلار مەسىلىنى ئۆزىدىن ئىزدىمەي، ھە دېسىلا قارشى تەرەپتىن قالايمىقان ئاجىزلىق، كەمچىلىك ئىزدەشكىلا چۈشۈپ كېتىدۇ ۋە بىردەمدىلا جېنىنى پىدا قىلىدىغان ئامراق

www.uyghurkitap.com

خوتۇنمۇ بەتبەشرە ئالۋاستىغا ئايلىنىپ، نۇقسانلىرى يېپىپ بولغۇسىز، ئۆي تۇتۇش ئەسلا مۇمكىن ئەمەستەك كۆرۈنۈپ كېتىدۇ. ئازارلاشقان مەزگىلدە تېزلا ـ ئايرىلىپ كېتىش، ئاجرىشىش، تالاق قىلىۋېتىش، شۈبھىسىزكى، قاتتىق پۇشايمانغا ئېلىپ بارىدۇ. ئازازلىق چېكىگە چىققاندا، غەزەپلەر تېشىپ قايناپ تۇرغاندا، ئاجرىشىش ئاقىلانىلىك ئەمەس. نىكاھ ئىككى تەرەپنىڭ ئىشەنچ ئاساسىدا ئورتاق ھەمكارلىشىپ، بىر ئائىلە ۋە ساغلام نىكاھ مۇناسىۋىتى ئۈچۈن كېڭىشىپ كۆرەش قىلىش جەريانى بولغانىكەن. ھەمكارلىقنىڭ تاماملىنىشىمۇ جەزمەن سوغۇققان، ئەستايىدىل، سالماقلىق بىلەن بېجىرىلىشى كېرەك.

زىددىيەت چېكىگە چىققان، ئايرىلمىسا زادى بولمايدىغان ئەر ـ خوتۇنلار، ئەر بىر مەزگىل نىكاھ مۇناسىۋىتىنى ساقلاش ئاساسىدا ئايرىلىپ تۇرۇپ باققىنى تۈزۈك. بىر مەزگىللىك ئايرىلىپ تۇرۇش ئارقىلىق ھەر ئىككى تەرەپ قارشى تەرەپ ھەققىدە سوغۇققانلىق بىلەن ئويلىنالايدۇ. توي قىلغان چاغدىكى يەگىت ـ يەڭگىلەر مانا مۇشۇنداق نىزا مەزگىلدە جەزمەن كارغا كېلىشى، ئۇلارنى ئەپلەشتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىشى كېرەك. ئاللا تائالا ئېيتتى: «ئەپلىشىش ياخشىدۇر» (سۈرە «نىسا»، 128 ـ ئايەت).

بۇرادەر، ئاجرىشىش نىيىتىڭىز بولسا ۋە خوتۇنىڭىزغا چىش ـ تىرنىقىڭىزغىچە ئۆچ بولۇپ كەتكەن بولسىڭىز، ئالدىراپ ئۇنىڭ سۆزىنى بېرىۋەتمەڭ ياكى نىكاھ، سۆزنى يوق قىلىدىغان ھەرىكەت، گەپ ـ سۆزلەردىن ساقلىنىڭ. خوتۇنىڭىزنىڭ يامان تەرىپىنى ھەرگىز قىلماڭ. ئۇ يەنىلا سىزنىڭ نىكاھىڭىزدىكى، سىز ئارزۇ ـ ئارمانلاپ ئالغان «پەرىشتە». ئۇنىڭ ئەسكىلىكى

سىزنىڭ ئەسكىلىكىڭىزدىنمۇ دېرەكتۇر. بىر مەزگىل ئايرىلىپ تۇرۇپ سوغۇققانلىق بىلەن ئويلىنىڭ. ئەگەردە نىكاھ مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ قېلىش مۇمكىنچىلىكى 1% كە يەتسىمۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن كۈرەش قىلىڭ. ئۇنىڭ بىلەن سەمىمىيلىك، ئوچۇق-يورۇقلۇق بىلەن پاراڭلىشىپ ئاجىزلىقىڭلارنى بايان قىلىڭلار، بەلكىم بىر مەزگىللىك ئايرىلىپ تۇرۇشتىن كېيىن يەنىلا ئۇنىڭسىز ياشىيالمايدىغانلىقىڭىزنى ھېس قىلىپ قېلىشىڭىز، خوتۇنىڭىزمۇ تېزلا «ئېيىق بولسىمۇ ئېرى» نىڭ ياخشىلىقىنى تونۇپ يېتىپ، نىكاھىڭلار قايتىدىن مۇستەھكەملىنىشى مۇمكىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# 85. باللىرىڭىز يېتىم بولمىسۇن

ئەر ـ خوتۇننىڭ ئارازلىشىپ قېلىش ئادەتتىكى ئىش، ئەمما ئاجرىشىپ كېتىش ھەرگىزمۇ ئادەتتىكى ئىش ئەمەس. چۈنكى ئۇ ھالال نەپىس ـ نەپەسلەرنى يەنە قايتىدىن ھارام قىلىشتۇر. ئاجرىشىش ئەر بىلەن ئايالنىڭ قەلبىگە ۋە كېيىنكى كىشىلىك تۇرمۇشىغا ئىنتايىن ئېغىر جاراھەت ھەمدە نىكاھتىن ئەندىشە قىلىش، تۇرمۇشتىن رايى قايتىش، ئۈمىدسىزلىكتەك ئېغىر دەرد ـ ئەلەملەرنى پەيدا قىلغۇچى زىيانلىق ئىشتۇر؛ ئارىغا زىددىيەت ئۇرۇقلىرىنى تېرىپ، كىشىلەرنى ئۆچمەنلىك، غەزەپ، ئاداۋەتكە باشلىغۇچى نىزا ئۇرۇقىدۇر. ئەگەردە ئارىدا بالا بولۇپلا قالسا، ئاشۇ بىغۇبار، سەبىي، يۇمران قەلبلەرنى لەختە ـ لەختە قىلغۇچى زەھەرلىك خەنجەر، مېھىر ئېقىن ـ تارامىلىرىنى ئۈزۈپ تاشلىغۇچى قورقۇنچلۇق ھاڭ ـ توسىدۇر.

بۇرادەر، ئاجرىشىشتىن بۇرۇن قاتتىق ئويلىنىڭ، مەيلى نىزا ـ زىددىيەت قانچىلىك چوڭقۇر بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئالدىراقسانلىق قىلماڭ. ئۆزىڭىزنى ئويلىمىسىڭىزمۇ بالىڭىزنى، پەرزەنتلىرىڭىزنىڭ كېلەچىكىنى ئويلاڭ. توغرا، بىر ـ بىرىگە بولغان ئەقىدە، ئىشەنچى سۇنغان ئىككى تەننىڭ بىر بالىنى دەپلا بىر ئۆيگە سولىنىپ ئولتۇرۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. «بالا ئاتا ـ ئانىنى مەجبۇرىيەت يۈزىسىدىنلا بىر ـ بىرىگە باغلاپ تۇرىدىغان زەنجىرگە ئايلىنىپ قالسا، بۇنى بىر

پاجىئە دېيىش كېرەك» (ئاپتورنىڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇر-
نىلىنىڭ 2005 ـ يىللىق 5 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان «ئەقىدە
ئېھتىرامى» ناملىق ماقالىسىگە قارالسۇن). مەن ئەزەلدىن ئە-
شەنچ ئاساسى بۇزۇلغان، بىر ـ بىرىگە بولغان ساداقىتىگە دەز
كەتكەن ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ بىر ئۆيدە بىر ـ بىرىگە رەقىبلەرچە
ھومىيىشىپ ئولتۇرۇشىنى قوللاپ كەلگەن ئەمەس. ئەمما، بالا
ئالدىدا، ئالالاتائالانىڭ ئىنسانغا بەخش ئەتكەن بىۇ بىۈيىۈك ئاما-
نەت ـ سوۋغىسى ۋە ئۇنىڭغا قوشۇپ بەرگەن مەجبۇرىيىتى ئالدىدا
مەن ئاجىزمەن، تىلىم ـ دىلىمنى يىغىشىغا مەجبۇرمەن ۋە ئەي،
ئەر ـ ئاياللار، بالىلارنى، ئائىلىنى دەپ بولىسىمۇ ئەڭ زور
دەرىجىدە كۆچەپ بېقىڭلار، دەيمەن. چۈنكى يېتىم بالىلارنىڭ
قەلبىدىكى تولدۇرۇپ بولغۇسىز ئاچلىق ۋە مېھىر تەشنالىقىنى
باشقا ھېچقانداق نەرسە بىلەن تولدۇرۇپ ـ تويدۇرۇپ بولۇش
مۇمكىن ئەمەس. 14 يېشىمدا ئانامنىڭ ۋاپاتى تۈپەيلى باشلانغان
شۇ خىل مېھىر ئاچارچىلىقى مېنى يېتىملار، بولۇپمۇ ئاتا ـ
ئانىسى بار تۇرۇپ يېتىم قالغان بىگۇناھ، بىچارە بالىلارنىڭ
غەمكىن تۇرقىغا قاراپ يىغلىتىدۇ. توغۇلۇش ئۇلارنىڭ ئۆز ئىخ-
تىيارلىقى ۋە گۇناھى ئەمەس. ئەرلەر، ئاياللار، ئويۇن ۋە كۆ-
ڭۈل خۇشلۇقىدا قالغان ئەي ئىنسانلار، بارلىق ئويۇنىڭلارنى
ئەمدى بولىسىمۇ يىغىشتۇرۇڭلار. مەن بىر ساغلام ئەقىلگە ئىگە
ئەر ـ ئايالنىڭ تىرىشىسىلا ئۆي تۇتالايدىغانلىقىغا ۋە ھەتتا ئىنتا-
يىن بەختلىك تۇرمۇش قۇرالايدىغانلىقىغا گەپ ـ سۆزسىز ئىشە-
نىدىغان بەندىمەن. بىر ـ بىرىڭلارغا ئىشەنچ ۋە ئەپۇ ـ رەھمەت
نەزىرىڭلار بىلەن بېقىڭلار. نىكاھ، ئائىلە بىلەن مۇناسىۋەتسىز
بارلىق ھەۋەسلەرنى قايرىپ قويۇپ، تۇرمۇشنىڭ ھەقىقىي ئەمە-

لىي مەنسىگە يۈزلىنىڭلار ۋە بالىلىرىڭلارغا مېھرىلىك كۆزلىـ
ـرىڭلار بىلەن بېقىڭلار. پۈتكۈل بالىلار ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ ئۆز-
لىرىگە كۆيۈنۈشىنى ئۈمىد قىلماقتا. پۈتكۈل بالىلار ئاتا ـ ئانىـ
لىرىدىن تۈپ مەنىدىكى مەسئۇلىيەت تەلەپ قىلماقتا. پۈتكۈل
بالىلارنىڭ قەلبى مېھىر ئاچارچىلىقىدا قاغجىراپ ياتماقتا. . .

ئەي ئەرلەر، پەرزەنتلەرنىڭ ئۆۋالىغا قالمايلى.

ئەي، ئاجرىشىش ئالدىدا تۇرغان ئەر، ئۆز پەرزەنتىڭنى
ياتلارنىڭ ئالدىدا يەرگە قاراتما، ئۇنىڭ سەبىي يۈرىكىنى تىلما،
ئۇنىڭ بوينىنى قىسما. بىر ئەرنىڭ پەرزەنت ئالدىدىكى ئەڭ
مۇھىم ۋەزىپىسى ئۇنىڭغا تېرەك، يۆلەك، مەدەت، كۈچ بولۇش.
ئۇ يىقىلغاندا يۆلەكسىز، ھالسىرىغاندا مەدەتسىز قالمىسۇن. ئې-
غىر كۈنلەردە «دادا، سەن نەدە؟» ياكى «خۇدا، ماڭا قانداق دادا
بەرگەن ئىدىڭ، — ھە؟» ۋە ياكى «خۇدا، نېمىشقىمۇ مېنى بۇ
دۇنياغا، مۇشۇنداق بىر ئائىلىدە تۆرەلدۈرگەنىدىڭ» دەپ سالمىـ
ـسۇن. پەرزەنتلەرنىڭ «دادىنىڭ قارغىشى
ئوق» دەيدۇ. بالىنىڭ قارغىشىنى بومبا دېيىش مۇمكىن. سەبىي
بالىلارنىڭ ئاھى ئىنچىكە شۇ: «ئاجراشماڭلار ئاتا ـ ئانىلار،
يېتىم بولمىسۇن سەبىي بالىلار».

## 86. ئاجراشقاندا چۈپەيلىك قىلما

بۇرادەر، نىزادىن كېيىنكى ياراشتۇرۇش، نەسىھەت ۋە سۈلھى ـ سالا، ئايرىلىپ تۇرۇپ ئويلىنىپ بېقىشلارنىڭ ھېچقايسىسى كارغا كەلمىگەن بولسا، ئەپسۇس ۋە مىڭ ئەپسۇسلاركى، سىلەرنىڭ يۈزلىنىدىغىنىڭلار نىكاھ مۇناسىۋىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇش جەريانى بولىدۇ. مەن بىر ئەرنىڭ يەنە بىر ئايال بىلەن ئۆي تۇتۇش مۇمكىنچىلىكىنىڭ مۇتلەق قالمىغانلىقىغا ئىشەنمەيمەن. ئەجەبا، شۇنچە ھازازۇل، بىشەم دەپ سۆيەتلەپ ئۈچ تالاق ئەمەس، ئۈچيۈزمىڭ تالاق قىلىنغان خوتۇنلارمۇ يەنە ئەرگە تېگىپ شۇنچىلىك خۇشال، بەختلىك تۇرمۇشقا ئېرىشەلەيدىغۇ؟ سەن ئالۋاستى دەپ سۆيەتلىگەن بىر ئايالنى يەنە بىر زاتى ئەركەك پەرىشتە بىلىپ ئۇنىڭ ئىستەكلىرىگە قول سۇنىدىغۇ؟ ئەي، ئۆزدىنى ھېچنەرسىگە تەڭ قىلمايدىغان ئەر، ئۆزىنى مۇكەممەل، چوڭ، نۇقسانسىز ساناپ باشقىلاردىن قۇسۇر ئىزدەشنىلا بىلىدىغان ئەر، ئاللا ئەزىز بىلىپ ياراتقان ئاشۇ ئايال، ئاشۇ ئىنساننى سېنىڭ ياراتماسلىقىڭ نە ھەددىڭ ـ ھە؟! ئۇ شۇنچىۋالا لاياقەتسىزمىدى؟ ئۇنىڭ سېنى سۆيۈندۈرىدىغان ھېچقانداق پەزىلەت، نازاكىتى قالمىدىمۇ؟ ئۆزۈڭنى تۇتۇۋېلىشىڭ، ئۆزۈڭ ھەققىدىمۇ كەڭ قورساقلىق بىلەن، ئايالىڭ ھەققىدىمۇ ئەپۇ نەزەرلىرى ۋە ئۇنىڭ ئارتۇقچىلىقىنىمۇ كۆرەلەيدىغان ئاقىل كۆزلىرىڭ بىلەن قاراپ بېقىشىڭ كېرەك ئىدى. يازغۇچىمىز ئەخەت تۇردى: «ئايال كىشىنى سەت دېيىشنىڭ ئۆزى گۇناھ» دېگەنىدى. چىرايى

كۆرۈمسىز بىر ئايالدا بەلكىم كىشىلەرنى ھەقدا دېگۈزىدىغان پاكىز قەلب بولۇشى مۇمكىن. تاماقنى قاملاشتۇرالمايدىغان بىر ئايال بەلكىم، ساڭا يېتەرلىك مېھىر ۋە ناز ـ كەرەشمە بېرەلەيدىغاندۇ... ئوبدان ئويلىنىشىڭ كېرەك. ھەربىر ئىنساندا ئۇنىڭ تېنى ـ جېنىغا بەخشەندە قىلىپ بېرىلگەن مەلۇم بىر تالانت ـ ئىقتىدار خۇرۇچلىرى بولىدۇ. بەزىلەرنىڭ يېيىشكە، بەزىلەرنىڭ كىيىشكە، بەزىلەرنىڭ يېزىشقا، بەزىلەرنىڭ تىزىشقا، سىزىشقىنىڭ ماھىرلىقى شۇنىڭدىن. ئوخشاشلا سەنمۇ مۇكەممەل ئەمەسسەن ھەم ھەممە تەرەپتىن ئەمەس، مەلۇم بىر تەرەپتىنلا يارامىلىقسەن. ئايالىڭمۇ شۇنداق. ئىشەنمىسەڭ، ئايالىڭنىڭ گەپ ـ سۆزىگە قۇلاق سال، ئۇ سەندىن قانداق نۇقسانلارنى تاپاركىن...

خەير، سەن ئاجراشماقچى بولدۇڭ. ھەدىستە: «ئەر ـ ئايالنىڭ ئاجرىششىدىن ئەرش لەرزىگە كېلىدۇ» دېيىلگەن ۋە يەنە «يول قويۇلغان، ئەمما ئاللانى ئەڭ غەزەپلەندۈرىدىغان ئىش تالاقتۇر» دېيىلگەن. سەن ئاشۇ غەزەپكە قورقماي يۈزلىنىدىغان بولدۇڭ. بىزنىڭ ئارىمىزدا تالاقنى ئويۇن ئورنىدا كۆرىدىغان، ئاجراشسىمۇ قېتىغا ئېلىپ قويمايدىغان، خۇشاللىقتىن گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ، شادلىقتىن تېرىسىگە پاتماي قالىدىغانلارمۇ ئاز ئەمەس. مەن ئاشۇ ئەيىبتىنمۇ، غايىبتىنمۇ ئەيمەنمەيدىغان، بەزىدىنىمۇ، دىندىنمۇ ھېيىقمايدىغان غەپلەت بەندىلىرىنىڭ تەنتەكلەرچە كۆرەڭلىكلىرىنىڭ ئارىسىدا كۆزۈم ياش ھالدا غەمكىن جىمىپ قالىمەن. نىكاھ بىزنى پاكلىيالىشى، تۇرمۇشىمىزدىكى غەم ـ غۇسسىلىرىمىزنى، روھىي بېسىملىرىمىزنى ئاز قالدۇرۇشى كېرەكقۇ؟ نىكاھ ئىماننى پۈتۈنلەش باسقۇچى دەپ قارىلىدۇ. توي قىلىپمۇ تۈگىمىگەن تەنتەكلىك، ئويغانمىغان ئەقىل، تىزگىنگە كىرمىگەن ھېسسىيات ـ شەھۋەتلەرگە لەنەتلەر ۋە غەزەپلەر

بولسۇن! تالاقتىن خۇشاللانغۇچىلارغا ئاللا چېغىدا غەزەپلىنىۋاتـ
ـسا، مەن ئۇنىڭغا يەنە نېمە دەي؟...

بۇرادەر، تالاق ئالدىرايدىغان، يېنىكلىك قىلىدىغان ئىش ئەمەس. سەن قاراپ تۇرۇپ بۇيۇك غەزەپلەرگە خۇشلۇق ئىلكىدە مەيدە كېرىپ بارامسەن؟ ئاللانىڭ غەزىپىنى كۇلۇپ تۇرۇپ قارشى ئالامسەن؟ شەيتان لەئىن ھەر كۇنى ئۆزلىرىنىڭ ئىنسانلارنى ئازدۇرغۇچى چاپارمەنلىرىگە يېڭىدىن ـ يېڭى ۋەزىپىلەرنى تاپشۇرۇپ، زېمىنغا، ئىنسانلار ئارىسىغا ئەۋەتەرمىش. چاپارمەن شەيـ
ـتانلار ھەر كۇنى كەچلىكى ئۆزلىرىنىڭ زېمىندا تېرىغان بۇزۇقـ
ـچىلىقلىرىدىن بىرمۇ ـ بىر شەيتان لەئىنگە دوكلات قىلىمىش، چاپارمەنلەرنىڭ ئىنسانلارنى ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىق، قاتىللىق، زىناغا قۇترىتىپ گۇناھ، جىنايەت، زالالەت يوللىرىغا باشلىغان ئىشلىرى شەيتان لەئىننى ئۇنچىۋالا خۇش قىلىپ كەتمەيمىش. ئەمما كىمكى بىر شەيتان ئورنىدىن تۇرسا ۋە مەن بۇگۇن پوكۇنـ
ـچى بىلەن پوكۇنچى ئارىسىغا مۇنداق ـ مۇنداق خۇسۇمەت ئۇرۇقـ
ـلىرىنى چېچىپ، ئۇلارنى بىر ـ بىرلىرىگە زەھەرلىك تىل، قول سېلىشقا قۇتراتتىم ۋە ئاخىرىدا بىرىنى يەنە بىرىدىن تالاق قىلـ
ـدۇردۇم دېسە، شەيتان لەئىننىڭ خۇشلۇقى ئەرشكە يېتىپ، ئۇ شەيتاننى كاتتا ئىنئاملار بىلەن تارتۇقلارمىش ۋە كۇرسىنىڭ يېنىدىن ئورۇن بېرىپ ئەزىزلەپ ئولتۇرغۇزارمىش. بۇرادەر، سەن ياخشىلىقنى ئۇيالدۇرۇپ، يامانلىقنىڭ قەددىنى تىكمەكچى، ئاللانى غەزەپلەندۇرۇپ شەيتاننى شاد ـ خۇرام قىلماقچىمۇ؟ كەل، ئاللا غەزەپلەنسىمۇ ساڭا يەنىلا يول بەردى. مۇشۇ يولنى بولسىمۇ ھەقنى خۇش قىلغۇدەك پەزىلەت بىلەن باس.

ئاجرىشىش جەڭگاھ ئەمەس، دوست ـ دۇشمەن ئۇرۇشى ئەمەس. شۇڭا، ئاجرىشىشتىن ئىبارەت بۇ ئىنتايىن نازۇك ئىشقا

ئېھتىيات بىلەن مۇئامىلە قىلىش، ئاجرىشىش نىكاھتىنمۇ نەچچە ھەسسە نازۇك، ئىنچىكە ئىشتۇر. چۈنكى، نىكاھ شادلىق، توي مەرىكىسى ۋە ھەممىنىڭ خۇشلۇقىنى ئويغاتقۇچى ئېھساندۇر. ئەمما ئاجرىشىش، تالاق بولسا ھەممىنى بىئارام قىلىدىغان، غەزەپلەندۇرىدىغان جاراھەتتۇر. بۇنى ئىلاجىنىڭ بارىچە باشقىلارنىڭ دىلىغا ئازار بەرمەي، ئىنساب ۋە ئېھتىيات بىلەن بېجىرمەك لازىمدۇر.

1. ئاجرىشىش، تالاقنى سىلىق ئۇسۇلدا بېجىرىش. كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى ئۇزلۇق بىلەن ئاجرىشىش مۇمكىنمۇ، ئاجرىشىش جاراھەتنىڭ قانىشى، يېرىگدىغان جاراھەت تاتلىق قانامدۇ، دېيىش مۇمكىن. بۇ ئەلۋەتتە سىزنىڭ دىيانىتىڭىزگە باغلىق ئىش. خوتۇننى ئۇرۇپ ـ سوقۇپ، تىللاپ رەسۋاسىنى چىقىرىپ، ئاندىن تالاق قىلغۇچىلارمۇ، قۇدا بولغۇچى ئىككى تەرەپ قان چېچىشىپ جېدەل تېرىيدىغان ئىشلارمۇ ئاز ئەمەس. ئەمما نىكاھ تۈپ نىگىزىدىن ئالغاندا، رازىلىق ئاساسىدا تويلاشقۇچى ئىككى تەرەپنىڭ ھەمكارلىشىشى، ياخشىلىق بىلەن بىرلىشىشى بولغانىكەن، ئايرىلىشمۇ ھەر ئىككى تەرەپكە بىسىم ۋە ئۆچمەنلىك، نارازىلىق ئېلىپ كەلمىگىنى ياخشى. نىكاھ ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىنىڭ ھوقۇقلۇق مۇناسىۋىتى. ئىككىيلەن بىرگە ياشاش ئىمكانىيتى يوق دەپ قارىغاندا، ئاندىن ئاجرىشىشنى نىيەت قىلغانىكەن، ئاجرىشىش ۋە تالاقنىمۇ سەمىمىيلىك، تۈزلۈك بىلەن بېجىرىش كېرەك. تىللىشىپ، ئۇرۇشۇپ يۇرۇش ئەر ـ خوتۇننىلا ئەمەس، ئىككى تەرەپنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىمۇ بىئارام قىلىدۇ. ئەڭ ياخشىسى، جېدەل ـ ماجىراسىز ئايرىلىش ھەر ئىككىسىنىڭ ئىززىتىنى پەسلەشتۈرمەيدۇ.

2. خوتۇنىڭىزغا يېتەرلىك مەھرى بېرىڭ، چۈپەيلىك قى-

لىپ ئۇنىڭ ھەققى ـ ھۆرمىتىگە چاڭ سالماڭ. بىزنىڭ نىكاھ ۋە ئاجرىشىشتىكى ئەڭ ئېسىل، ئادىل پرىنسىپىمىز مەھرى مەسىلىسىدۇر. خوتۇن ئالغاندا ئۇنىڭغا رازى بولغۇدەك مەھرى بەرگەن ئىكەنمىز، ئاجراشقاندىمۇ ئۇنىڭ كېيىنكى تۇرمۇشىنى ئويلاشقان ھالدا مەھرى قالدۇرۇشىمىز ئىنساپ ۋە ئىمان جۈملەسىدىندۇر. سىز ئۇنىڭ زىبۇ ـ زىننەتلىرىنى تارتىۋېلىپ، كىيىم ـ كېچەكلىرىنى سالدۇرۇۋېلىپ نېمە قىلماقچىدىڭىز؟ ئايال كىشىنىڭ تۇرمۇشىنى ئويلىشىش، ئىمكانىيەت بولسا ئۇنىڭغا كۆپرەك مەھرى بېرىش كېرەككى، ھەرگىزمۇ خوتۇن كىشىگە تەئەللۇق بولىدىغان مۈلۈك — مەھرىگە لەنەتگەردىلەرچە قول ئۇزاتماسلىق كېرەك. ئاجرىشىش بىر غەزەپنىڭ پىلتىسىدۇر. سىز يەنە بىراۋنىڭ ھەققى ـ ھۆرمىتىگە ھارام قول ئۇزدتىپ، يەنە بىر غەزەپكە ئوت ياقماقچىمۇ؟ ئاجرىشىشتىكى ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش ئەرلەردىكى يەنە بىر پەزىلەتتۇر. تۇل ئاياللارنىڭ كۆپىنچىسى قايتا ياتلىق بولۇشتا، ئەرلەرنىڭ ئاجراشقان ۋاقىتتىكى پوزىتسىيە، پەزىلىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىغا بەكرەك دىققەت قىلمىش.

3. تالاقنى ئەدەپ بىلەن قىلىڭ. تالاقتىن قۇلاقلار، يۈرەكلەر زىڭىلدايدۇ. ئاسمان ـ زېمىن تىترەيدۇ. پازىل ئىنسانلارنىڭ كۆزى ياشقا تولىدۇ. . . خوتۇنىڭىزنى نېملا بولسۇن ئاياشنى بىلىڭ. بىر ئايالغا نىسبەتەن ئۆزى نەچچە يىل ئاۋايلاپ ساقلاپ كەلگەن مېھرىنى رازى بولۇپ، بۈيۈك ئىشەنچ بىلەن بەخش ئەتكەن قەدىردان كىشىنىڭ (بەلكى ھازىر قەدىردان بىلىنمەس) ئېغىزىدىن تالاق سۆزىنى ئاڭلاش زەربە ـ بېسىملار ئىچىدىكى ئەڭ دەھشەتلىكى ھېسابلىنىمىش. شۇڭا ئۇنى چىرايلىقچە، ئۇنىڭ دىلىنى زېدە قىلمايدىغان ئۇسۇلدە دەڭ. تالاقنى ۋاقىراپ

سۈرەن سېلىپ بېرىش كەتمەيدۇ. ئۇنى ئايالىڭىز ئاڭلىسا، ھامىلىرى بولسا ئاڭلىسا بولدى. يەنە بىرى تالاقنى سىپسىق تىللار بىلەن بەرمەڭ. تالاقنىڭ ئۆزىلا ئەڭ سىپسىق ۋە ئەڭ ھاقارەتلىك يامان سۆزدۇر. يەنە بىرى «ئۈچ تالاق» دېگەن سۆزنى ھەرگىز ئېغىزىڭىزدىن چىقارماڭ...

4. خوتۇنىڭىز مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئاجرىشىشنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ھەرگىز ئۇنىڭ يامان گېپىنى ئۇيەر ـ بۇ يەردە پاراڭ قىلىپ يۈرمەڭ. خوتۇنىڭىزنىڭ چۈپرەندىلىكى سىزنىڭ ناكەسلىكىڭىزگە ھەمشىرىك. ئۇچرىغانلىكى ئادەمگە ئۆزىڭىزگە ئايال بولۇپ تۇرغان بىرىنىڭ يامان گېپىنى قىلىپ بېرىش ئەقىللىق ئەرنىڭ ئىشى ئەمەس. چۈنكى سىز ھازىر ئەڭ يامان سۈپەتلەر بىلەن تىللاۋاتقان ئاشۇ ئايالنى سىز بىر چاغلاردا مەلىكە بىلىپ بېشىڭىزدا كۆتۈرگەن، ھەممىلا ئادەمگە ياخشى تەرىپىنى قىلىپ ئېغىزىڭىزدىن كۆپۈك چاچراتقان ۋە ھەتتا قارشىلىقلارغىمۇ ئۇنىماي جاھىللىق بىلەن ئالغان بولۇشىڭىز مۇمكىن. بارىدا ئۇچۇرۇپ يوقىدا سىپستىش ئەڭ ئالدى بىلەن كىشىلەردىكى مەۋقەسىزلىكنىڭ دەلىلى. يەنە كېلىپ ئۇ ھامان يەنە بىرى بىلەن توي قىلىپ تۇرمۇشلۇق بولۇشى مۇمكىن. قالايمىقان سۆزلەپ يۈرۈش ئۇنىڭ ئابرۇيي ـ ئىززىتىگە تېخىمۇ ئېغىر يامان تەسىر ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن ھەم سىزنىڭ ئېغىزىڭىزنى يۇمالماسلىقىڭىز قارشى تەرەپنىڭ غەزىپىنى قوزغاپ، ئۇمۇ سىز ھەققىدە شۇقەدەر تېتىقسىز، تۆھمەتكە توشقان ئوسۇرۇق گەپلەرنى تېپىشى مۇمكىن. زىددىيەتنى يوغىناتماسلىق، ئىززەتنى ساقلاش ئۈچۈن خوتۇنىڭىزنىڭ ياخشى تەرىپىنى قىلىسىڭىز قىلىڭكى، يامان تەرىپىنى قىلماڭ ياكى ئۇ توغرىلىق ھەر قانداق سۆز ـ چۆچەك قىلماڭ.

www.uyghurkitap.com

5. ئەگەر ئاراڭلاردا بالا بولۇپ قالسا، مەيلى بالا قايسى
تەرەپتىن تۇرسۇن، بىرىڭلار يەنە بىرىڭلارنىڭ يامان گېپىنى
بالاڭلارغا قىلىپ بەرمەڭلار. ئاجراشقان ئەر ـ خوتۇنلار ئارىسىـ
دىكى بالىلارنىڭ بىچارىلىكىنى ئويلىسامۇلا كۆزۈمگە ياش كېلىـ
دۇ. ھەر ئىككى تەرەپ ھېچ ئىش ئۇقمايدىغان بىغۇبار بالىغا
بىر ـ بىرىنىڭ ئەسكى تەرىپىنى قىلىپ سەبىي بىر قەلبتە كىچىـ
كىدىنلا ئۆچمەنلىك، ئىشەنچسىزلىق، نەپرەت ھېسلىرىنى ئويـ
غىتىدۇ. تىرىك يېتىم بولغان بالىلار كىمنى ياخشى كۆرۈشىنىـ
مۇ، كىم تەرەپتە تۇرۇشىنىمۇ بىلەلمەي زىددىيەت، ئارسالدىلىق
ئىچىدە دەلدۈش، جۈرئەتسىز، ھېچكىمنى ياراتمايدىغان، قۇسۇر
ئىزدەيدىغان، ھېچكىمگە قېتىلمايدىغان، ياۋايى، تەربىيىسىز يوـ
غىنايدۇ. شۇڭا، ئەرلەر، جېنىم دادىلار، ئانىلار، ئاشۇ يېتىم
قالغان بالىلىرىڭلارغا ھەرگىزمۇ بىر ـ بىرىڭلارنىڭ يامان گېپىـ
نى قىلىپ بەرمەڭلار. سىلەر چىقىشالمىغاچقا ئايرىلىپ كەتكەن.
تۇرمۇشتا مۇناپىقلىقتىن باشقا كەمچىلىكلەرنى ئەپۇ قىلىش مۇمـ
كىنغۇ؟ بالىلىرىڭلارنى دەپ بولسىمۇ، ئىنسانلارنىڭ ئىزگۇ پەزدـ
لىتىنى ياخشى ئىش ـ ئەمەلىنى زىكىر قىلىڭلار. دادا ـ ئانا
مېھرىگە قانمىغان، قەلبىدە تولدۇرۇپ بولغۇسىز كۆيۈم ئاچلىقى
قالغان بالىلىرىڭلار ياخشىلىق دەريالىرىدىن سۈزۈك سۇ ئىچسۇنـ
كى، رەزىللىك ئازگىلىنىڭ سېسىق كىر ـ يۇندىلىرىدا بۇلغانمىـ
سۇن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئىگىسى
www.uyghurkitap.com

# 87. خوتۇندىن ئايرىلىش، ئىشەنچتىن ئايرىلماڭ

تالاق قىلىنغاندىن كېيىنلا بىر ئەر بىلەن ئايال ئارىسىدىكى ساغلام نىكاھ مۇناسىۋىتى ئاخىرلىشىدۇ. دېمەك ئەر بويتاقلىق تۇرمۇشىغا، ئايال تۇللۇق ھالىتىگە قايتىدۇ. ئاجراشقاندىن كېيىن ئاياللار جەزمەن ئۈچ ئاي ئىددەت تۇتۇشى كېرەك. ھازىر بەزى ئاياللار بىرىدىن ئاجرىشىپلا ئارىدىن ھەپتە ـ ئون كۈن ئۆتەر ـ ئۆتمەيلا يەنە بىرى بىلەن ئۆي تۇتۇۋالىدىغان ھاللار كۆزگە چېلىقىپ قالماقتا. ئايالللار ئىددەت تۇتماسلىق ۋە ئايالالار-نىڭ ئىددىتىگە قارىمايلا خوتۇن قىلىپ ئولتۇرۇۋېلىش ئىلمىيلىك ۋە ئەخلاق جۈملىسىدىن ئەمەس. ئەرگە ئىددەت يوق. ئەمما مەلۇم بىر تۇرمۇشنىڭ ئاخىرلىششى بىلەنلا بەزى ئەرلەرمۇ ئەسلى خوتۇنىدىن ئۈچ ئېلىش نىيىتىدە دەرھاللا خوتۇن ئېلىۋالىدىغان، ھەتتا ئالدىنقىسىنىڭ خېتىنى، سۆزىنى بەرمەي تۇرۇپلا يەنە بىر خوتۇن تېپىپ، ئۇنىڭ بىلەن نىكاھ پۈتتۈكى پۈتۈشۈپ قويىدىغان ئەھۋاللارمۇ ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئەمما، بىز تۇرمۇشقا سوغۇققان، ئەستايىدىل مۇئامىلە بىلەن قارىساق، بۇنداق قىلىشنىڭ ئاقىلانىلىك ئەمەسلىكىنى خۇلاسىلەپ چىقالايمىز. چۈنكى، نىكاھ بىر ـ بىرىدىن ئۈچ ئېلىش جەريانى ئەمەس. شۇنداقلا قەستەن خوشلۇق ئىزدەيدىغان كۆڭۈل ئېچىش ئويۇنىمۇ ئەمەس. نىكاھقا دۇرۇس ئەقىدە بىلەن مۇئامىلە قىلالماسلىق بارلىق نىكاھ پاجى-

ئەلىرىنىڭ تۇپ مەنبەسىدۇر.
بۇرادەر، خوتۇنىڭىزدىن ئاجراشتىڭىز، سىز كۆيگەن، سىزنى سۆيدۇرگەن خوتۇن يىرگىنىشلىك، كېلىشكىلى بولمايدىغان ئايالغا ئايلىنىپ ئاخىرى نىكاھىڭىزدىن چىقتى. مەيلى قانداق، نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ سىزنىڭ خىزمىتىڭىزنى قىلىپ كەلگەنىدى. سىز بەلكىم ئۇنىڭدىن ھە دېسىلا قۇسۇر تاپقان بولغىيتتىڭىز ياكى ئۇ سىزنىڭ كۈتكەن ئۈمىدىڭىزدىن چىقالمىغان بولۇشى مۇمكىن. ئەمدى ھەممىسى ئاخىرلاشتى. ئۆيىڭىز قۇپقۇرۇق، قەلبىڭىز يېگانە، روھىڭىز بىگانە. سىزنى يوقلايدىغىنى غېرىبلىق. ئاجرىشىشتىن كېيىنلا نۇرغۇن ئەرلەر ئۆزىنى شۇقەدەر يەڭگىل، ئەركىن ھېس قىلىدۇ ۋە «خوتۇن بار تۇرمۇشقا قانداق چىدىغان بولغىيتىم» دەپ ئويلاپ قالىدۇ. بۇ ئاجرىشىشتىن كېيىنكى دەسلەپكى تەسىرات. ئەمما، ئەمدى ئۇ پۈتكۈل تۇرمۇشنى ئۆزى يالغۇز ئورۇنلاشتۇرۇشقا موھتاج. تاماقنى يالغۇز يەيسىز، يوتقان - كۆرپىنى ئۆزىڭىز سالىسىز، يالغۇز يېتىپ، يالغۇز ئۇخلايسىز، كىيىم - كېچەكلىرىڭىزنى ئۆزىڭىز يۇيىسىز، ئۆيىڭىزنى ئۆزىڭىز رەتلەپ، سىيرىپ - سۇپۇرۇشىڭىز كېرەك. ئەگەردە بالىڭىز بولۇپ قالسا، ئۇنىڭ كىيىمىنى يۇيۇش، كىيگۈزۈش، تاماقىدىن خەۋەر ئېلىش، ئوقۇش، تاپشۇرۇقلىرىنىڭ ھالىدىن، بىخەتەرلىكىدىن، سالامەتلىكىدىن خەۋەر ئېلىشىڭىز كېرەك. . . دېمەككى، سىز تارتىدىغان جاپا ۋە يۈزلىنىدىغان تۇرمۇشنىڭ بېسىمىمۇ ئاز ئەمەس. . .
ئەمما مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، سىزنىڭ چىڭ تۇرۇپ ئايرىلغان ياكى ئايالىڭىزنىڭ چىڭ تۇرۇپ ئايرىلغان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر نىكاھ تاماملانغانىكەن، ئەمدى قايغۇرماڭ،

نىكاھنىڭ تاماملىنىشى ھاياتنىڭ، بەختنىڭ، تۇرمۇشنىڭ تاماملىنىشى ئەمەس. بىر قېتىملىق نىكاھنىڭ ئاخىرلىشىشى، يەنە بىر يېڭى تۇرمۇشنىڭ باشلىنىشىدۇر. تۇرمۇشتا ئۈمىد كېرەك. بۇ سىز ئۈمىد قىلغان ئايرىلىش بولغىنىكەن، ئۈمىدۋارلىق، جۇشقۇنلۇق، جەڭگىۋارلىق بىلەن تۇرمۇشقا يۈزلىنىڭ ۋە تېخىمۇ مەنىلىك ئىشلارنى قىلىش ئۈچۈن تىرىشىڭ.

## 88. بوياتاق ئەرمۇ ئۆلۈپ قالمايدۇ

بوياتاقلىقنىڭمۇ ئۆزىگە چۇشلۇق خۇشلۇقى بار. سەن ئۆز
خىياللىرىڭ ۋە ھەرىكىتىڭنىڭ سەۋەب ـ نەتىجىسىگە ئۆزۈڭ
يالغۇز ئىگە بولىسەن. ئىشنى كىملەرگىدۇر ئارتمايسەن، ئېغى-
رىڭنىمۇ، يېغىرىڭنىمۇ يالغۇز كۆتۈرۈپ، ھايات سوۋغا قىلغان
خوۋلۇق ـ خۇشلۇقتىنمۇ مۇستەقىل بەھرىلىنىسەن. نەگە بې-
رىپ، نەدە تۇرغىنىڭنى ھېچكىم سورۇشتۇرمايدۇ. ئالدىنقى قې-
تىملىق نىكاھ مەغلۇبىيىتى پەيدا قىلغان جاراھەتتىن كېيىنكى
بۇ خىل ئەركىن تۇرمۇش كۆپىنچە ئەرلەرنى بولۇشىچە ياشاشقا
مايىل قىلىۋېتىدۇ. ئەمما بوياتاقلىق مەزگىلىدىمۇ دىققەت قىلىد-
غان ئىشلار يوق ئەمەس. سېنىڭ نىكاھتىن چىققىنىڭ تۇرمۇش-
تىنمۇ چىققىنىڭ ئەمەس. بەلكى تۇرمۇشقا يەككە ـ يېگانە ھالدا
يالغۇز يۈزلىنىشنى تاللىغىنىڭ.

1. ئەركىنلىكتىن كەڭتاشا بەھرىلەن. سەن دوزاخ ـ زەن-
جىر، باغلاق ھېسابلىغان، رايىڭنى، خۇشۇڭنى قايتۇرغان ئائى-
لە، تۇرمۇش ساڭا يالغۇز بەھرىلىنىشكە قالغانىكەن، ئۇنىڭدىن
خالىغىنىڭچە بەھرىلىنىۋال، بارغۇڭ يەرگە بېرىۋال، چەكتىن
ئاشمىغان ئاساستا ئوينايدىغان ئويۇنۇڭنى ئويناۋال. ئۆيگە بېكى-
نىپ ئولتۇرۇپ تۇرمۇش پاجىئەلىرىنى ئويلاۋەرمە. جاراھەتنى
كوچىلاۋېرىش دەرد ـ كۈلپەتنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇشتىن باش-
قىنى قىلالمايدۇ.

2. بۇرۇنقى تۇرمۇشۇڭ ۋە خوتۇنۇڭنى ئۇنتۇپ كەت. ئاج-

ـرىشىپ بولۇپمۇ يەنە بۇرۇنقى تۇرمۇشنى ھە دېسلا ئەسلىتۋېلىش ۋە بۇرۇنقى خوتۇنى بىلەن ئۆتكۈزگەن كۈنلەرنى يادىغا ئېلىپ يۈرۈش كېيىنكى تۇرمۇش ۋە ئىستىقبالىنىڭ دۈشمىنى. ئايالىڭ ياخشى بولسۇن، يامان بولسۇن، سەن ھامان ئاجراشتىڭ. مەن ئاجرىشىشتىن بۇرۇن ئىنتايىن قاتتىق ئويلىنىش، ئاجراشقاندىن كېيىن بۇرۇنقى تۇرمۇش يالدامىلىرىدىن تەبىئىي قول ئۈزۈشنى تەشەببۇس قىلغۇچىلاردىنمەن. تۆكۈلگەن تۇكۇرۈككىمۇ يەنە قا-راپ ئولتۇرغۇلۇقمۇ؟

3. بۇرۇنقى تۇرمۇشنى ئەسلىتىدىغان ھەر قانداق نەرسىنى ئامالىنىڭ بارىچە كۆزۈڭدىن نېرى قىل.

4. ئاجرىشىپ بولۇپلا ھاراق ـ شارابقا ياكى تايىنى يوق كىشىلەرگە ئارىلىشىپ ئۆزۈڭنى بۇلغىۋالما ۋە يامان يولغا كى-رىپ كەتمە. بىر ئەقىدە ـ ئېتىقادى چىڭ، تۇرمۇش قارىشى ساغلام ئەر ھاياتىدىكى ھەربىر مەغلۇبىيەتتىن ئۆزىگە خاس تەجرى-بە ـ خۇلاسە چىقىرالايدۇ ھەمدە ئۇنى كېيىنكى قەدەملىرى ئۇ-چۇن پەلەمپەي قىلىشنى بىلىدۇ. نىكاھ پاجىئەيىڭنىڭ تۇپ يىل-تىزىنى تاپ ۋە ئۆزۈڭدىن بارلىق ئىللەتلەرنى تازىلا.

5. چۇپەيلىك قىلىپ بۇرۇنقى خوتۇنۇڭنىڭ كەينىگە كىرى-ۋالما ھەمدە ئۇنىڭ تۇرمۇشىغا قايتىدىن ئارىلاشما. ئۇ مەيلى قايسى يولدا، قانداق ماڭسۇن، كارىڭ بولمىسۇن. ئۆز ئىلكىڭدە تۇزيەلمىگەن، ئىتائىتىڭگە ئالالمىغان خوتۇننى ئاجرىشىپ بو-لۇپ يېتىلەپ ماڭالامتىڭ؟

6. بويتاقلىقتىن پايدىلىنىپ ئۆز غايەڭ ئۇچۇن بار كۈچۈڭ بىلەن تىرىش. مانا بۇ سېنىڭ كۆلپەتنى ئۇنتۇپ، ھاياتىڭغا يېڭىدىن يېقى مەنە، خۇشاللىق قېتىپ، تۇرمۇشۇڭنى قايتىدىن كۆلدۈرىدىغان ھەقىقىي ياخشى تاللاش.

## 89. بىر مۇشت يەپلا يېتىۋالماڭ

نىكاھتىكى مەغلۇبىيەت شۇبھىسىزكى، ھەر قانداق بىر ئىند-
سانىنى قاتتىق ئازابلايدۇ ۋە ئۇنى كېيىنكى تۇرمۇشتا ئېھتىيات
بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان سەگەك قىلىۋېتىدۇ. ئەمما، بىر قې-
تىملىق مەغلۇبىيەت پۈتكۈل ھاياتىنىڭ بەربات بولۇشىدىن دېرەك
بەرمەيدۇ. نىكاھتىكى ئۈمىدسىزلىك ھاياتتا بولغان ئۈمىد ـ
ئىشەنچكە ئېغىر تەسىر يەتكۈزىۋەرسە بۇ قاملاشماي قالىدۇ.

بۇرادەر، بىر قېتىملىق نىكاھىڭىز كۆڭۈلسىز بولغان بول-
سا، ئەمدى ئۇنىڭ ئۈچۈن قايغۇرۇپ، ئۆزىڭىزنىڭ بارلىق
ئۈمىد ـ غايىلىرىدىنمۇ ۋاز كېچىدىغان ئىشنى قىلماڭ. مەن
بىرسىدىن ئاجرىشىپلا كەتسە جاھاندىن تاپقىلى بولمىغۇدەك دەرد-
جىدە چۈشكۈنلىشىپ تۈگىشىپ كېتىدىغان ياكى چۈشكۈنلۈكتىن
خۇدىنى يوقىتىپ، بىمەنىلەرچە چىركىن تۇرمۇش قايىنىمىغا چۆ-
كۈپ كېتىدىغان كىشىلەرنى كۆپ كۆرىمەن. خوتۇن سىزنىڭ
قىبلىگىز ئەمەس. قىبلىگىزنى توغرا بېكىتىڭ ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن
كۈرەش قىلىپ بېرىڭ. شۇنداقلا خوتۇن كىشى دېگەن شۇنداق
بولىدىغان بولسا. . . دەپ قېيداش پىسخىكىسىدىمۇ بولماڭ،
تۇرمۇشنى قېيداش ئارقىلىق ئۆز رېلىسىغا قايتۇرۇپ ئەكەلگىلى
بولمايدۇ. مەغلۇبىيەتتىن كېيىن بىر ئىنساننىڭ قىلىشقا تېگىش-
لىك ئىشى، تۇرمۇشقا قايتىدىن قاراپ چىقىش ۋە ئۆز ئۆلچەملىد-
رىنى قايتىدىن بېكىتىش.

www.uyghurkitap.com

بىر قېتىم مەغلۇپ بولدۇم دەپلا نىكاھتىن تامامەن يۈز
ئۆرۈمەڭ. ئىنسان هامان ئائىلىگە موهتاج. كۆڭۈللۈك ئائىلە
بەرپا قىلىش يولىدىكى بىر قېتىملىق ئوڭۇشسىزلىقنى دەپ ئائىـ
لىدىن ۋاز كەچكىلى بولمايدۇ. يەنە كېلىپ ئىنسان شەھۋەت
بالاسىدىن ئوڭايلىقچە قۇتۇلالمايدۇ. بىز شەھۋەتنى هالال نىكاھ
شەرتى ئاساسىدا قاندۇرۇشنى كۈچلۈك تەشەببۇس قىلغانىكەنـ
ـمىز، تەبىئىي هالدا ئائىلە كېرەك بولىدۇ. ئەرنىڭ تەندۇرۇسلىـ
قىنىڭ يېرىمىنى ئايالغا باغلىغان ئىكەنمىز، ئەرگە تەبىئىي هالدا
ئائىلە لازىم بولىدۇ. ئەۋلاد قالدۇرۇش ۋە تەربىيىلەشنى مۇهىم
ئىشلار قاتارىغا تىزغانىكەنمىز، ئەلۋەتتە جەمئىيەتتىكى ئائىلە
كېرەك بولىدۇ. بىر ساغلام جەمئىيەت جەزمەن ساغلام ئائىلىنى
شەرت قىلىدۇ. دېمەككى، ئائىلە بولمىسا هەرگىز بولمايدۇ.

بۇرادەر، مەلۇم ۋاقىت ئۆتكۈزۈۋېتىپ قايتا نىكاھىنىڭ كويىـ
غا كىرىڭ. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام قۇربى يەتكەنلەرنى ئۆيلىـ
نىشكە، قۇربى يەتمىگەنلەرنى روزا تۇتۇپ بولسىمۇ، نەپسى،
شەھۋىتىنى تىزگىنلەپ ئەخلاق ـ ئېتىقاد ۋە جەمئىيەتنىڭ ساغـ
لاملىقىنى كاپالەتلەندۈرۈشكە بۇيرۇغان. يەنە كېلىپ ئىنسان
خاتىرجەم ئائىلە مۇهىتىغا هەممىدىن بەك كېرەككىلىك...

بىر مۇشت يەپ يېتىۋالغان بوكسچى مۇنەۋۋەر بوكسچى،
هەتتا ئەڭ ئادەتتىكى هەۋەسكارمۇ بولالمايدۇ. ئائىلە بەختسىزلىـ
كىگە بىرەر قېتىم ئۇچراپلا نىكاھقا، ئايالغا، ئائىلىگە، كىشىـ
لەرگە بولغان ئۈمىدنى پۈتۈنلەي ئۈزۈپ تاشلاش شۇ كىشىدە
ئېغىر قاراش، تونۇش خاتالىقى بارلىقىنى دەلىللەپ بېرىدۇ.
خاتالىق بولسا تۈزىتىڭ، بولمىسا خاتالىقتىن ساقلىنىڭ. هەرـ
گىزمۇ نىكاھتىن، خوتۇن خەقلەردىن ئاغرىنىپ يۈرمەڭ. بەختـ

ـسىزلىك ئاغرىنىدىغان نەرسە ئەمەس، بەلكى تىرىشىپ ئاجىزلىق-
لارنى تولۇقلاپ يېڭىدىغان، بەخت تامان ئىلگىرىلەيدىغان نەرسە.
بىر خوتۇندىن زەربە يەپلا پۈتكۈل ئاياللارغا كۆزىڭىزنى يۇمۇۋال-
ماڭ. قابىل بولسىڭىزلا، پازىل ئاياللار سىزنى تۆت كۆزلەپ
كۈتىدۇ. بەلكى، ئېھتىياتچانلىق، ئىشەنچ بىلەن قايتا نىكاھىنىڭ
كويىغا كىرىڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com

# 90. قايتا نىكاھمۇ بولۇپ قويىدۇ

بىر قېتىم نىكاھ ئوڭۇشسىزلىقىغا ئۇچرىغان ھەرقانداق بىر ئەر ـ ئايال قايتا نىكاھلىنىش ئالدىدا ئىنتايىن ئېھتىياتچان بولۇپ كېتىدۇ. يەنى ئۆزى ئويلاشماقچى بولغان ئەر ۋە ئايالغا ئەستايىدىللىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ. تۇنجى نىكاھتا ھېسسىياتنى ياكى مەلۇم بىر تەرەپتىكى قىزىقىشنى بەكرەك تۇتقا قىلغان بولسا، قايتا نىكاھ جەريانىدا قارشى تەرەپكە ئومۇمىيلىق نۇقتىسىدىن مۇئامىلە قىلىدۇ، بولۇپمۇ قارشى تەرەپنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرىگە بەكرەك دىققەت قىلىدۇ.

بۇرادەر، قايتا نىكاھلىنىش ئالدىدا ئەمدى ھەرگىز ھېسسىيات قوغلاشماڭ. ياخشى كۆرۈش جەزمەن تۇرمۇش قۇرۇشتىن دېرەك بەرمەيدۇ. ئاقىللارنىڭ مۇنداق بىر سۆزى بار: «بەزى قىزلار مۇھەببەتلىشىشكە يارايدۇ، ئەمما توي قىلىشقا لايىق كەلمەيدۇ». مەن بىر قىز بىلەن مۇھەببەتلىشىپ، باشقا بىرى بىلەن توي قىل دېمەكچى ئەمەس. مەن مۇنداق تۇترۇقسىز مۇھەببەت قارىشىغا چىش ـ تىرنىقى بىلەن قارشى تۇرغۇچىلاردىن. توي قىلالىشىڭىزغا، نىكاھىڭىزغا ئېلىپ بەختلىك بولالىشىڭىزغا كۆزۈڭ يەتسە، ئاندىن نىكاھ توغرىلىق بىراۋ بىلەن پۈتۈش. ئەگەردە بىرى بىلەن تۇرمۇشلۇق بولۇشقا كۆزۈڭ يەتمىسە ئۇنى ھەرقانچە ياخشى كۆرسەڭمۇ چىدا، ھېسسىياتىڭنى باس. قەلبىڭنىڭ ئەڭ پىنھان چوڭقۇرلۇقىغا پاكىز ھېسلىرىڭنى شۇ پېتى باغلاپ قوي.

قىز ـ ئوغۇل، ئەر ـ ئاياللار مۇناسىۋىتى سىناپ باقىدىغان، ئايرىلىشىپ، بىرگە يۈرۈپ، بىرگە يېتىپ تەجرىبىدىن ئۆتكۈزۈپ ئەرزىسە ئالىدىغان، بولمىسا قالىدىغان ئىشەك سودىسى ئەمەس. شۇنداقلا مۇھەببەتلىشىش زېرىكىپ قالماسلىق ئۈچۈن ئايرىلىشىپ قويىدىغان ئويۇن تېخىمۇ ئەمەس. بىر قىز پەزىلەت ۋە مىجەز، خاراكتېر جەھەتتە سەن بىلەن ئورتاقلىق ھاسىل قىلالىسا ۋە بىر ـ بىرىڭلار بىلەن ھەمجورلۇققا كۆزۈڭلار ئىلسە، ئۇنىڭغا كۆز قوي، سۆز قوي. ماقۇل بولسا ئال ۋە ئاندىن كېيىن ھەر قانداق يېقىنچىلىقنى لايىقىدا قىل. ئەمما نىكاھلانماي تۇرۇپ ياخشى كۆرۈش، مۇھەببەت، سۆيۈش ـ سۆيۈشۈش دېگەندەك ناملاردا يەنە بىر قىزنى تۇتۇپ ـ سۆرەپ يۈرمە. قىز ـ يىگىتلەر، ئەر ـ ئاياللار ئارىسىدا نىكاھتىن ئىلگىرى جەزمەن مۇئەييەن ئارىلىق ساقلىنىشى كېرەك. مۇھەببەتمۇ نىكاھنى شەرت نىشان قىلىپ ئاندىن باشلىنىشى كېرەك. نىشانسىز، شەرتسىز مۇھەب-بەت ئىككى جىنسنى چىدىغۇسىز روھىي، جىسمانىي، ئىقتىسا-دىي پاراكەندىچىلىكلەرگە سۆرەيدۇ. ۋەھالەنكى، مىڭ ئەپسۇس-كى، جەمئىيىتىمىز ئىككى جىنسنىڭ نىشانسىز يېقىنچىلىقى تۈپەيلى پەيدا بولغان ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي، ئىقتىسادىي كرىزىسلەرنىڭ قاينىمىدا ئېغىر ئۇھسىنىپ تۇرۇۋېتۇ...

بۇرادەر، ئەر بولغان ئىكەنسىز، ئىلىشقا كۆڭلىڭىز يېتىدى-غان بىرىگە كۆز سېلىڭ. ھېسسىيات دەپلا چىركىن تۇرمۇش قويىنىغا قەدەم قويماڭ. ئىنساننىڭ ئەقلىگە بېقىنمايدىغان قانداق ھېسسىيات بار ئىكەن دۇنيادا؟...

قايتا نىكاھتا لايىق تاللاڭ. ئەمما جەزمەنكى پەزىلەت ـ دىيانەتلىكى بولسۇن، ھايا ـ ئەخلاقىنى ئۆزىگە زىننەت قىلغان

قىز ـ چوكان بولسۇن. ئاياللارنىڭ پۇل ـ بايلىقى، چىرايى ئەمەس، هاياسى، پەزىلىتى زىننەتتۇر. ئەگەر ئالدىنقى قېتىملىق نىكاھ پاجىئەسىنى تەكرارلىماي دېسىڭىز، لايىق تاللاشتا پەزىلەت- نى جەزمەن ئەڭ قاتتىق شەرت قىلىڭ. چىرايىغا، قىياپەتكە ئالدانماڭ. ئاياللارنىڭ ھەقىقىي چىرايى ـ قەلبى، ئىماندۇر. چۈنكى، قوپاللىق بىلەن ئېيتقاندا، چىراقنى ئۆچۈرۈۋەت- سىلا سەت ـ چىرايلىق دېمەستىن ئايال زاتىنىڭ ھەممىسى ئوخشاشتۇر.

يەنە بىر گەپ، لايىق تاللىغاندا قېرىنداشلىرىڭىز كۆز، سۆز قويۇپ بولغان قىز ـ چوكانغا ئېغىز ئاچماڭ. بەلكىم كىم يامان، كىم ساپالىق بولسا، خوتۇننى شۇ ئالىدۇ، دەپ ئويلىشىڭىز مۇمكىن. قىز ـ چوكاننىڭ ئۆزىنىڭ رازىلىقى نىكاھتىكى مۇھىم شەرت بولغانىكەن، سىزنىڭ سەۋدايىلەرچە ئۇرۇنۇشىڭىز ۋە قې- رىنداشلىرىڭىز ئارا مۇناسىۋەتنىمۇ بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ ھاماقەتلەرچە سەكرىشىڭىز ئەخمەقلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەستۇر. قايتا نىكاھتا كەڭ قورساق، ئەپۇچان بولۇشنى ئۆگىنىۋېلىڭ. ئاياللارنىڭ مەلۇم ئاجىزلىقىنى دەپلا ئۇنىڭ باشقا تەرەپلىرىنىڭ ھەممىسىنى چەتكە قاققىلى بولمايدۇ. يەنە كېلىپ بىر ئايالنى قانداق خوتۇن قىلىپ تۇتۇپ تۇرۇش ئەڭ زور دەرىجىدە ئەرلەرگە باغلىق. خوتەنلىكلەردە شۇنداق گەپ بار: «خوتۇن ئالساڭ جالاپ ئال، خوتۇن قىلىش ئۆزۈڭدىن». بەرھەقكى، خوتۇنىڭىزنى ئۆز ئىتائىتىڭىزدىكى مۇلايىم، مېھرىبان خوتۇنغا ئايلاندۇرۇشمۇ ياكى كېيىش، يېيىشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان لاتا ـ پىتە، يەم ـ خەشەك بەندىسىگە ئايلاندۇرۇپ قويۇشمۇ ئەرلەرنىڭ ئەقىدىسى، تۇرمۇش قاراش — ئۆلچىمىگە باغلىق.

قايتا نىكاھتا كۆپ ھالـلاردا ئەر ـ ئايال ھەر ئىككى تەرەپ خېلىلا ئېغىر ـ بېسىق، سالماقلىشىدۇ. بىر ـ بىرىگە يول قويۇشنى بىلىدۇ ۋە بىر ـ بىرىنىڭ ھال ـ ئەھۋالىغا يېتىش، كۆيۈنۈشكە تىرىشىدۇ. ئالدىنقى قېتىملىق نىكاھ پاجىئەسىدىن ئىبرەت، ساۋاق ئالغان، تۇرمۇش، نىكاھ، ئائىلە توغرىلىق قايتىدىن، ئوبيېكتىپ ئويلىنالىغان ئەرلەر قايتا نىكاھتا كۆپىنچە مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايدۇ ۋە بەختلىك ئائىلە قۇرالايدۇ.

بۇرادەر، تۇرمۇشقا يۈزلىنىڭ، خوتۇن، ئائىلىگە قايتىدىن قاراپ چىقىڭ ۋە قايتا يەنە بىر رەت نىكاھ كويىغا چۈشۈڭ. بەلكىم قەلبىڭىزگە ئورناپ قالغان دەرد ـ ئەلەملەرنى يۇيىدىغان ئىللىق، بەختلىك تۇرمۇش سىزنى ساقلاۋاتقاندۇ.

# 91. كونا خاماننى سورىماق

قايتا نىكاھنىڭ ئالدىدا ياكى كەينىدە بولسۇن، قارشى تەرەپ‐
كە سەممىي مۇئامىلە قىلىڭ. ئۇ مەيلى قانچە ئەرگە كەتكەن،
قانداق سەرگۈزەشتىلەرنى باشتىن كەچۈرگەن بولسۇن، ئۇنىڭ
بەختسىزلىكلىرىگە ھېسداشلىق قىلىڭ ۋە ئۇنىڭ دىل يارىسىنى
داۋالاشقا، ئۇنى بەختلىك قىلىشقا تىرىشىدىغانلىقىڭىزنى بىلدۈ‐
رۈڭ. ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ بۇرۇنقى نىكاھىدىكى پاجىئە ـ سەرگۈ‐
زەشتىلىرىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، ئۇنى مازاق ـ مەسخىرە قىلىش
پوزىتسىيىسىدە بولماڭ. ئۇ قانداق ئەرگە تەگكەن، كىملەر بىلەن
قانداق ئارىلاشقان بولسا كارىڭىز بولسۇن. كىم سىزنى ئاجراش‐
سۇن دەپتىكەن؟ كىم سىزنى تۇنجى نىكاھتىن بۇرۇن ئىنتايىن
قاتتىق ئويلىنىپ ئېھتىيات بىلەن قەدەم باسمىسۇن دەپتىكەن؟
قايتا نىكاھ شۇبھىسىزكى، غەشلىك ئىچىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان
خۇشاللىق ئۇرۇنۇشى. چۈنكى سىزنىڭ ئالدىڭىزدىكىسى ئەمدى
«ئانىسى سۆيمىگەن، قولىنىڭ ئۇچىنى ئۇچىنچى يات جىنس
تۇتۇپ باقمىغان، زاتى ئەركەك يېقىنلىشىپ باقمىغان» قىز ئە‐
مەس. ئۇ بەلكىم بىر ياكى بىرنەچچە ئەرگە مانچە يىل خوتۇن
بولغان ۋە ھەتتا بالىلىق بولغان بولۇشى مۇمكىن. بۇنى ھەرقان‐
داق بىر نورمال ئەرنىڭ دەماللىققا قوبۇل قىلالىشى ناتايىن.
چىنۇن چۈشكەن شورپىنى ھېچكىم ئازادىلىك ئىچىدە ئىچەلمەي‐
دۇ. ئەمما ئۇنتۇماڭكى، سىزمۇ ئاللىقاچان چىنۇن چۈشكەن

شورپا. بىزنىڭ سەپسەتىگە ئامراق كىشىلىرىمىز، ئوغۇللار، ئەرلەرنىڭ بۇزۇقچىلىقلىرىنى ئۇنچىۋالا هار ئىلىپ كەتمەيدۇ. ئەمما قىزلار - ئاياللارنىڭ كىچىككىنە سەۋەنلىكىنىمۇ كۆككە كۆتۈرۈپ داۋراڭ سېلىشىدۇ. توغرا، قىز - ئاياللارغا مۇشۇنداق قاتتىق ئۆلچەم بويىچە مۇئامىلە قىلىش كېرەك. ئەمما ئو-غۇل - ئەرلەرنىڭ بۇزۇقچىلىقلىرىنى هار ئالماسلىق، هەتتا «ئوغۇل بالا دېگەن ئۇنچىلىك ئىشلارنى قىلسا نېمە بوپتۇ»، «شۇ ئىشنىمۇ قىلمىساڭ، نەرىڭ ئوغۇل - ئەركەك سىنىڭ» دېگەندەك ناچار ئەخلاق، چىركىن تۇرمۇش ئىقىمىغا يېتەكلەيدىغان بىدئەت تەشەببۇسلار ئەڭ ئالدى بىلەن ئەرلەرنى، ئاندىن شىددەت بىلەن ئاياللارنى يولدىن چىقىرىدۇ، ئەرنىڭ بۇزۇلۇشى، ئاجىزلىششى ئاياللارنىڭ تاپتىن چىقىپ قۇتراپ، جاهاننى رەسۋايى ئەزىم قى-لىشنى بەدەل، شەرت قىلىدۇ. نەتىجىدە جەمئىيەت خاراكتېرلىك بۇزۇقچىلىق ئەۋج ئالىدۇ.

بۇرادەر، سىزمۇ خوتۇنلۇق بولغان. ئۇنىڭ بىلەن ئەپلىشىپ ئۆتەلمىگەن ئىكەنسىز، ئەڭ ياخشىسى قايتا نىكاھ ئالدىدا قارشى تەرەپتىن تولا قۇسۇر ئىزدىمەڭ ۋە نىكاھنىڭ ئالدىدا ياكى كەينىدە بولسۇن ئۇنىڭ بۇرۇنقى تۇرمۇشىنى قەتئىي سۈرۈشتۈرمەڭ، بە-زىلەر سۈرۈشتۈرۈپ، سەمىمىي پاراڭلىشىش ئارىدىكى چۈشىنىش-مەسلىكنى كۆتۈرۈۋېتىدۇ دەپ قارىشىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ بۇرۇنقى ئېرى بىلەن بولغان ئىشلارنى سىز ئەقىل ۋە هېسسىيات كۆزى-ڭىزدىن هېچ ئىش بولمىغاندەك ساقىت قىلىۋېتەلىشىڭىز مۇم-كىن ئەمەس. بىر نورمال ئەركەك هەرگىزمۇ ئۆزىگە خوتۇن بولغۇچىنىڭ يەنە بىر ئەر بىلەن ئۆتكۈزگەن تۇرمۇشى ۋە هەر قانداق مۇناسىۋىتىنى قوبۇل قىلالمايدۇ ۋە ئۇنى يەنە مېهىر بىلەن

www.uyghurkitap.com

سۆيەلمەيدۇ. خوتۇنىنىڭ يەنە بىر ئەر بىلەن ئۆتكۈزگەن تۇرمۇشىدىن خۇشاللىق ھېس قىلىدىغانلار ئارىمىزدا بولمىسا كېرەك. ئەڭ ياخشىسى خوتۇنىڭىزنىڭ كونا خامىنىنى سورىماي، بۈگۈنكى مۇھەببەت زىرائىتىنى ئوبدان پەرۋىش قىلىڭ. بەختسىز ئۆتمۈشتىن سېسىق يىرىڭ تېمىپ تۇرىدۇ. ئۆتمۈشنى ئۇنتۇڭ، خوتۇنىڭىزغىمۇ ئۆتمۈشنى ئەسلەتمەڭ، پۈتۈن كۈچىڭىز بىلەن ئۇنى ئۆزىڭىزگە قارىتىڭ، ھەتتا ئۇنىڭغا ئۆتمۈشنى ئويلىغۇدەك پۇرسەتنىمۇ بەرمەڭ، پۈتۈن كۈچىڭىز بىلەن ئۇنىڭغا كۆيۈنۈڭ ۋە خوتۇنىڭىزنى: «ئېسىت، ئەر دېگەن ئەسلى مۇنداق بولىدىكەنغۇ» دېگۈزۈۋېتىڭ. قايتا نىكاھىڭىزنىڭ بەخت لەززىتىنى شۇ چاغدا تېتىيالايسىز.

## 92. ئۆگەي دادا بولۇپ قالسىڭىز...

قايتا نىكاھتا ئەرلەرنىڭ تاللاش ئىمكانىيىتى ئاياللارنىڭكىدىن كۆپ ۋە كەڭ دېگەندىمۇ، ھامان يىگىتلىكتىكى تاللاشقا يەتمەيدۇ. بۇ ھال ئېنىق ھالدا تۇرمۇشقا بىر ئايالدىن بۆلەك يەنە بەزىبىر قوشۇمچە ئامىللارنى باشلاپ كېلىشى مۇمكىن. قايتا نىكاھتا كۆپ كۆرۈلىدىغان ۋە نۇرغۇن ئائىلىلەردە يەنە يېڭى باش ئاغرىقى پەيدا قىلىپ قويىدىغان مەسىلىنىڭ بىرى — ئۆگەي بالا مەسىلىسىدۇر. تۇرمۇشتا بۇ مەسىلىدىن تولا ھاللاردا قاچىمەن دەپمۇ قېچىش مۇمكىن بولماي قالىدۇ.

بۇرادەر، ئەگەردە قايتا ئالغان ئايالىڭىزنىڭ بالىسى بولسا بۇنىڭغا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىڭ.

1. ئايالىڭىزغا بىر خىل، بالىغا يەنە بىر خىل مۇئامىلە قىلماڭ. گەرچە ئۇ ئۆزىڭىزنىڭ پۇشتىدىن تامغان بالا بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ سىز خوتۇن قىلىپ ئولتۇرۇۋاتقان ئايالنىڭ باغرىنى يېرىپ چۈشكەن ئەزىز جان، يەنە كېلىپ بالا سىز ۋە ئايالىڭىزنىڭ قايتا نىكاھ مۇناسىۋىتى بىلەن ئالاقىسىز ھالدا تۇغۇلغان. بەلكىم ئۇ سىزنى، سىزمۇ ئۇنى دەماللىققا قوبۇل قىلىپ كېتەلمەسلىكىڭلار مۇمكىن. ئەمما، ئەڭ زور دەرىجىدە تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ئۇنىڭغا ئۆز دادىسىدىن كەلمىگەن ئىللىقلىقنى يەتكۈزۈڭ. ئاللاتائالا ئېيتتى: «يېتىمنى خارلىما».

يېتىمغا قىلىنغان مېھرىبانلىق ئىككى ئالەملىك رەھمەتكە ئېلىپ بارىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «يېتىملارغا ھامىي بولغۇچىلار مەن بىلەن جەننەتتە مانا مۇشۇنداق بىللە بولىدۇ» دەپ كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن ئوتتۇرا بارمىقىنى ئېچىپ تۇرۇپ كۆرسەتكەن. يېتىم، ئۆگەي قالغان بالىغا مېھرىبانلىق قىلىش تۆپەيلى، ئايالىڭىزنىڭ ھەسسىلەپ مېھرىبانلىقى ۋە سۆيگۈسىگە ئېرىشىشىڭىزدە گەپ يوق. بالىسىنى چەتكە قاقسىڭىز، يەنە بىر قېتىم يالغۇز قېلىشىڭىز مۇمكىن. چۈنكى، مېھرىبان ئاياللار ئەر بىلەن بالىدىن بىرىنى تاللاشقا توغرا كەلگەندە، ئارتۇق ئىككىلەنمەستىن بالىسى تەرەپكە ئۆتىدۇ.

2. بالىڭىز ئالدىدا ئۇنىڭ ئۆز دادىسىنىڭ يامان گېپىنى قىلماڭ. مەيلى ياخشى ياكى يامان بولسۇن، ئۆز دادىسىنىڭ يامان تەرىپىنى ئاڭلاش ھەرقانداق تىرىك جاننى بىئارام قىلىدۇ. بەلكىم ئۇنىڭ دادىسىنىڭ يامان گېپىنى قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭ قەلبىدە دادىسىغا، ئۆزىڭىزگە، ئانىسىغا، جەمئىيەتكە قارىتا ئۆچمەنلىك تۇيغۇسى ئويغىتىپ قويۇشىڭىز مۇمكىن. زېمىنغا ياخشىلىق ئۇرۇقلىرىنى چاچقۇچى سالىھ بەندە بولۇشكى، كىشىلەر ئارا نىزا تېرىغۇچى زەھەرخەندە مەلئۇنغا ئايلىنىپ قالماڭ.

3. ئۇنى باقىنىڭىزغا ھەرگىز مىننەت قىلماڭ. مىننەت مېھنەتنىمۇ يوق قىلىدۇ. ياخشىلىق قىلغانىكەنسىز، خۇشاللىق بىلەن قىلىڭ. مېھنەت قىلىش قارشى تەرەپنى ئوڭايسىزلىق، ئۇمىدسىزلىك ۋە يىراقلىشىشقا ئېلىپ بارىدۇ. ئېسىل پەزىلىتىڭىز ۋە سەمىمىي مېھرىبانلىقىڭىز بىلەن ئاتا ـ دادا مېھرىگە

قانالمىغان ئاشۇ سەبىينىڭ بېشىنى مېھىر ئالقانلىرىڭىز بىلەن سىيلىسىڭىز، سىزنىڭ ئىشىڭىزمۇ ئەجىر - مۇكاپات بېزەكلىرى بىلەن بېزەلگەي ۋە بەلكىم ئاشۇ پەرزەنتىنىڭ، ئاياللىڭىزنىڭ، جەمئىيەتنىڭ ھەسسىلەپ ھۆرمەت - ئىززىتىگە ئېرىشكەيسىز. ياخشىلىق يېنىپ كېلىپ ياخشىلىق قىلغۇچىنىڭ ئۆزىنى يۆلەيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر مەنبەسى

## 93. بالىڭىز ئۆگەي دادىنىڭ قولىغا قالسىچۇ...

پەرزەنتى بار ئەر - خوتۇنلار نىكاھتىن ئاجراشقاندا، ھامان بالا ئۇلارنىڭ بېشىنى ئەڭ قاتۇرىدىغان تۈپ مەسىلىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. بالىنىڭ دىل سۇنۇقلۇقى ۋە ئۇچرايدىغان روھىي بېسىمىنى دېمىگەندىمۇ، ئەر - خوتۇن بالا مەسىلىسىدە دۇچ كېلىدىغان ئىككى خىل تاللاش بولىدۇ: بالىنى يا ئانىسى ئېلىش ياكى دادىسىغا قېلىش. ئەگەردە قانۇنىي ئاساس ياكى كېلىشىش شەرتى بىلەن بالا بىر تەرەپكە قالغان تەقدىردىمۇ بالىنى يوقلاپ تۇرۇش، ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش يەنە بىر قىيىن مەسىلىگە ئايلىنىدۇ. ئانىسى بويتاق ھالەتتە تۇرغاندىمۇ بالىڭىزنى يوقلاش ئۇنچىۋالا قىيىن بولماسلىقى مۇمكىن، ئەمما ئۇمۇ توي قىلىپ، بالىڭىز يەنە بىر ئۆگەي دادىنىڭ تەربىيىسىگە كىرگەندىچۇ؟...

1. بالىڭىزنى يوقلاڭ، ئەمما بۇرۇنقى خوتۇنىڭىزنىڭ ھازىرقى ئائىلىسىنى يوقلىماڭ. ئامالىنىڭ بارىچە ئۇلارنىڭ ئۆيىگە بارماڭ. بالىنى يوقلايدىغان بىرەر مۇقىم ۋاقىت بەلگىلىۋېلىپ، ئاتا - ئانىسىنىڭ ياكى دوست - بۇرادەرلىرىنىڭ ئۆيىدە كۆرۈشۈڭ. پەقەت بولمىغاندىمۇ ئارىغا ئادەم سېلىپ ئەكەلدۈرۈپ كۆرۈڭ، يوقلاڭ.

2. بالىڭىز بىلەن كۆرۈشكەندە ئانىسىنىڭ، ئۇنىڭ ھازىرقى ئېرىنىڭ، ئۆيىنىڭ ئەھۋالىنى سۈرۈشتۈرۈشتۈرمەڭ. بۇ گەپلەر بالىنىڭ ئۆگەي دادىسىنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ قالسا، بالىڭىزنىڭ ئانىسىغىمۇ، ئائىلىسىگىمۇ، بالىڭىزغىمۇ ياخشى ئەمەس. ئۇلارغا

بېسىم ھېس قىلدۇرۇپ قويماڭ.

3. بالىڭىزغا ئۆگەي دادىسىنىڭ يامان تەرىپىنى قىلىپ بەرمەڭ. ھە دېسىلا «ئۇ ساڭا قانداق مۇئامىلە قىلىدۇ؟ ساڭا ھومايدىمۇ؟ قاتتىق گەپ قىلدىمۇ؟ پۇل بەردىمۇ؟ . . . » دېگەندەك سوئاللارنى سوراپ، بالىڭىزنى بىئارام قىلماڭ ھەمدە ئۆگەي دادىسىنىڭ ھەربىر گەپ - سۆزىدىن يامان مەنە ئىزدەپ، بالىڭىزغا باشقىلارنىڭ ئىش - ھەرىكىتىدىن قۇسۇر ئىزدەيدىغان ئۇسال ئادەتنى ئۆگەتمەڭ. ئىككى ئاردا تۇرغان، ئاتا - ئانىسى ئاجرىشىپ كەتكەن بالىلار نېمىشقا يامان ئۆگىنىپ قالىدۇ؟ سەۋەب، دەل ئاتا - ئانىلارنىڭ قارشى تەرەپنىڭ ھەرىكەتلىرىدىن قۇسۇر ئىزدەپ، كوتۇلداپ بالىلارنىڭ دىلىغا بۇ خىل مەرەز كېسەللىكىنى تۆيدۇرماي يۇقتۇرۇشىدا. ئۆزىڭىز تاپقان بالىنى ئىگە بولۇپ باقالمىغاندىن كېيىن، بېقىۋاتقان تەرەپتىن قۇسۇر ئىزدىمەڭ، كۆيۈنسىڭىز، بالىڭىزغا ياخشى پەزىلەت ئۆگىتىڭ، ئۇنى ئۆز تەربىيىڭىزگە ئېلىڭ. لېكىن ئۆزىڭىزدىكى مەنىۋى كىر - يۇندىلارنى بالىڭىزنىڭ يۇمران، سەبىي، پاكىز قەلبىگە تۆكمەڭ.

4. كۆيۈنمەن دەپ بالىڭىزغا ھە دېسىلا قالايمىقان پۇل بەرمەڭ ھەمدە ئارتۇقچە يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك، ئويۇنچۇقلارنى ئېلىپ بەرمەڭ. بولمىسا بالىڭىز ئەركە، گەپ ئاڭلىماس، مۇتىھەم بولۇۋالىدۇ.

5. بالىڭىز ئۈچۈن پۇل توپلاڭ، پۇل ساقلاپ قويۇڭ. ئۇ چوڭ بولىدۇ، ئوقۇيدۇ، توي قىلىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسىگە پۇل كېرەك. ئۇنى ئانىسىغىلا ۋە ئۆگەي دادىسىغىلا تاشلاپ قويۇپ ھاڭگا ئېشەكتەك كەينىڭىزنى قىلىۋالماڭ. بالىڭىزنىڭ كېلەچىكى ئۈچۈن مۇئەييەن ئىقتىساد جۇغلاڭ.

# 94. ئائىلىڭىزنى پۇلدىن قىسماڭ

ئادەم ماددىي ئېھتىياجىنىڭ قاندۇرۇلۇشىغا موھتاج. شۇنىڭدەك بىر ئائىلىمۇ ماددىي جەھەتتىكى كاپالەتنىڭ ھەل قىلىنىشى ئاساسىدا، ئاندىن ھەر جەھەتتىن خاتىرجەم ياشاش مۇھىتى يارىتىدۇ. مەنىۋى جەھەتتىكى توقلۇق ۋە شۇكۇرچانلىق ھامان ماددىي جەھەتتىكى تويۇنۇشنى تەقەززا قىلىدۇ...

بۇرادەر، ئەرلەرنىڭ زىممىسىدە ئائىلىنىڭ خاتىرجەملىكىنى كاپالەتلەندۈرۈشتىن ئىبارەت بىر ئېغىر يۈك بار. ئۇلارنى مەنىۋى جەھەتتىن خاتىرجەم قىلغاندىن كېيىن، ئەلۋەتتە ماددىي جەھەتتىن توقلىشىڭىز كېرەك. ئۇلارنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىشىڭىز مەجبۇرىيەت جۈملىسىدىندۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بىر كىشىنىڭ ئىشلەتكەن دىنارلىرىدىن ئەجرى ئەڭ كاتتا بولىدىغىنى ئائىلىسىگە ئىشلەتكىنىدۇر» دېگەن.

خوتۇنىڭىزنىڭ خىراجىتىنى بەكلا قويۇۋەتمەڭ، شۇنداقلا ھەددىدىن زىيادىمۇ قىسىۋالماڭ. ئورۇنلۇق سودا چىققاندىمۇ پىخسىقلىق قىلىپ تۇرۇۋالماڭ. پەزىلەتلىك ئاياللار ئېرىدىنمۇ بەكرەك ئائىلىسىنى چىرايلىق، پاكىز تۇتۇشقا تىرىشىپ كۆيۈنىدۇ. ئۇنىڭ بۇ خىل ھەۋىسىنى توغرا چۈشىنىڭ ۋە ئاز - تولا يول قويۇڭ.

خوتۇنىڭىزغا مۇۋاپىق پۇل بېرىڭ. ئۇلار ئۆزىنى بىچارە، قۇل، چاكار، سىزنىڭ ئېشىڭىزنى ئېتىپ، كىرىڭىزنى يۇيۇپ،

ئۆي تۇتۇپلا ئولتۇرىدىغان مەدىكار ھېس قىلىپ قالمىسۇن. ھەر
ئايدا ئۇلارغا مۇۋاپىق پۇل بېرىڭ. ئۇنىڭمۇ ئۆزىنىڭ پۇلى ۋە
ئۆز ئالدىغا، ياخشى يولغا پۇل خەجلەش ھوقۇقى بولسۇن. تەربى-
يىلىك بىر ئايال ھەرگىزمۇ بەتخەجلىك قىلمايدۇ، بەلكى ئىقتى-
سادچىللىق بىلەن ئېرىنىڭ مۈلكىنى تېجەيدۇ ھەمدە ئېرى بەر-
گەن پۇللارنى ئېھتىيات ئۈچۈن ساقلاپ، ئېغىر كۈنلەردە ئېرىگە
يۆلەك بولىدۇ. خوتۇنىڭىزغا ئىشەنسىڭىز، ئۇنىڭ پەزىلىتىدىن
گۇمان قىلمىسىڭىز ئۇنى ئائىلە ئىقتىسادىنى باشقۇرۇش، پىلان-
لاش، چىقىم قىلىشقا قاتناشتۇرۇڭ، بىلسىڭىز، ئاياللار ئەرلەر-
دىن بەكرەك پىلانلىق پۇل خەجلەيدۇ...

بالىلىرىڭىزغىمۇ مۇۋاپىق پۇل بېرىڭ، يەنى ئۇلارنىڭ يېشى-
غا قاراپ ئايلىق، ھەپتىلىك خىراجەت پۇلى بېرىپ ئۇلارنى ئاشۇ
پۇلنى پىلانلىق، ئىقتىسادچىللىق بىلەن خەجلەشكە ئۆگىتىڭ.
پۇل بالىنى بۇزمايدۇ، ئەمما بالىغا بېرىلگەن پۇلنىڭ ۋاقتى،
قىممىتى ۋە بالىنىڭ پۇل قارىشىنى قانداق يېتىلدۈرۈش بالىنى
بەتخەجلىك ۋە قالايمىقان تۇرمۇش ئۇسۇلىغا يېتەكلەيدۇ. بالى-
ڭىزنى پۇلدىن قىسىشمۇ، پۇلغا تويۇندۇرۇۋېتىشمۇ ئوخشاشلا
ياخشى ئەمەس. مۇۋاپىق پۇل بېرىپ ئۇنى مۇددەتلىك ئىشلىتىش-
كە، پىلانلىق سەرپ قىلىشقا ئۆگەتسىڭىز، ئۇنىڭدا مۇستەقىللىق
خاھىشى ھەمدە ساغلام پۇل، ئىقتىساد قارىشىنى يېتىلدۈرەلەي-
سىز. ساغلام پۇل قارىشى يېتىلگەن بالىلار پۇل - بايلىققا
سېتىلىپ كەتمەيدۇ ياكى پۇل تاپسىلا خۇدىنى يوقىتىپ، ئاتا -
بوۋىسىدىنمۇ، ئاتا - بوۋىسى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن ئەقىدىدىنمۇ
كەچمەيدۇ. نامراتلىشىپ كەتسىمۇ تۈگىشىپ كەتمەيدۇ، غۇ-
رۇر - ئىمانىنى ساتمايدۇ.

ئائىلىنى پۇلدىن قىسىش يەنە خوتۇنلارنى باشقىلارنىڭ پۇلىغا، ھەشەمەتكە خۇمار قىلىپ قويۇشى، پىخسىقلىقىڭىز تۇپەيلى خوتۇنىڭىزدىن ئايرىلىپ قېلىشىڭىزمۇ مۇمكىن.

خوتۇنغا يېتەرلىك مېھىر، پۇل، ساداقەت بېرەلمەي تۇرۇپ خوتۇندىن ئىتائەت تەلەپ قىلىش ئەخمەقلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئەرلەر خوتۇنلىرىڭلارغا ئەخمەقلەرچە مۇئامىلە قىلماڭلار، ئالدى بىلەن خوتۇنۇڭلارغا يېتەرلىك بېرىڭلار، ئاندىن ئېلىڭلار، تەلەپ قىلىڭلار، شەرت قويۇڭلار!



www.uyghurkitap.com

## 95. قەرزلىرىڭىزنى ۋاقتىدا تۈگىتىپ مېڭىڭ

تۇرمۇشتا كىشىلەر ئارا ئۆتنە - يېرىم مۇناسىۋىتىدىن ساقلىنىش تەس. ئەمما، ھەرقانداق ئۆتنە - يېرىمنىڭ ۋاقتىدا ئۈزۈلۈپ تۈگەپ ماڭغىنى ئەۋزەلدۇر. بولۇپمۇ ئەر كىشى گەدىنىدە قەرز بار پېتى يۈرسە ياخشى ئەمەستۇر.

بۇرادەر، مەيلى يېقىن - يورۇقلار ياكى ئۇرۇق - تۇغقانلاردىن بولسۇن، ئامالىنىڭ بارىچە قەرز ئالماڭ. يېقىن كىشىلەر ئارا قەرز بېرىش ۋە ئېلىش راستىنى دېگەندە، كىشىلەردە ئاز - تولا خىجىللىق ۋە توساق پەيدا قىلىپ قويىدۇ. سىز قەرزدار بولغان ئادەمگە ئادەتتىكىچە، ئۇدۇل مۇئامىلە قىلالمايسىز، ھامان تىل قىسىلچىلىقىدىن، خىجىلچىلىقتىن قۇتۇلالمايسىز. ئەگەردە قەرزنى ۋاقتىدا قايتۇرالماي قالسىڭىز، يېقىن بۇرادەرلىرىڭىزدىنمۇ يىراقلىشىپ قېلىشىڭىز مۇمكىن.

قەرز ئالغان ئىكەنسىز. قايتۇرۇش ۋاقتىغا كاپالەتلىك قىلىڭ، يالغان سۆزلىمەڭ.

ئالغان قەرزلىرىڭىزدىن خوتۇن - بالىلىرىڭىزنىڭ خەۋىرى بولسۇن. مۇمكىن بولسا، يېنىڭىزدا ئائىلىڭىزنىڭ ئالدى - بەردىلىرى ۋە مال - مۈلۈكلىرى توغرىلىق ئېنىق ھېسابات ۋە ۋەسىيەت بولسۇن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەر قانداق بىر مۇسۇلماننىڭ ۋەسىيەت قالدۇرغۇدەك نەرسىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ۋەسىيىتى پۈتۈلمەي ئىككى كېچىنىڭ ئۆتۈپ كېتىشى لايىق ئە-

مەس» دېگەن. دۇنيا تاسادىپىيلىقلارغا تولغان ھەم ئادەمنىڭ ئۆمرى ئېنىق بېكىتىپ تەقسىملەنگەن ۋە باشلىنىش ـ ئاخىرلى- شىشنىڭ ئېنىق چېكى بېكىتىلىپ ئىنسانغا ئۇلەشتۇرۇلگەن ئە- مەس. پەۋقۇلئاددە كېلىشمەسلىك بولۇپ قالسا، قەرز ئىگىلىرى بىلەن خوتۇن ـ بالىلىرىڭىز ئارىسىغا گۇمان، ئارازلىق ۋە نارا- زىلىق سېلىپ قويىسىز. بالىلىرىڭىزمۇ سىزدىن قالغان دۇنيا- نىڭ دە ـ تالىشىدا قېلىشى مۇمكىن.

قەرزلىرىڭىزنى چوڭ ـ كىچىك دېمەي ۋاقتىدا تۆگىتىۋېتىپ مېڭىڭ. ھەر قانچە كىچىك، ئەرزىمەس بولسىمۇ، ئۇ ھامان كىشىنىڭ ھەققىدۇر. كىشىنىڭ ھەققىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىپ بەرمىگەنلەر ۋە قايتۇرمىغانلار ئاقىۋەتتە ياخشىلىق كۆرمەس. «ھېچ ئادەم ئەتە نېمىلەرنى قىلىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ، ھېچ ئادەم ئۆزىنىڭ قەيەردە ئۆلىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ» (سۈرە «لوقمان» 34 ـ ئايەت). ئەگەردە گەدىنىڭىزدە قەرز پېتى تاسادىپىي ھالدا ئاللانىڭ دەرگاھىغا سەپەر قىلىپ قالسىڭىز، خوتۇن ـ بالىلىرى- ڭىز سىزنىڭ دەردىڭىزنى تارتامدۇ؟ سىزنىڭ قەرزىڭىزنى تۆلەمە- دۇ؟ ئۆزىنىڭ جېنىنى باقامدۇ؟

خوتۇن ـ بالىلىرىڭىزغا يۈك تېپىپ بەرمەڭ، كىشىلەرنىڭ ئالدىدا يۈزىڭىز سارغىيىپ، تىلىڭىز تۇتۇلۇپ قالمىسۇن، ئەڭ ياخشىسى تىرىشىپ ئىشلەڭ، پۇل تېپىڭ. قەرز ئالماڭ، قەرز ئالغان بولسىڭىز، ۋاقتىدا قايتۇرۇۋېتىپ روھىي بېسىم، سىقىلىش، خىجالەتچىلىكتىن خالىي ھالدا ئەركىن ـ ئازادە تىنىپ ياشاڭ. ئاز خەجلىسىڭىزمۇ، ئۆزىڭىزنىڭكىنى خەجلەڭ...

# 96. قوشنىلار ئارا ئەپ ئۆتۈڭ

بىز كىشىلىك تۇرمۇشتا مۇئەييەن ئادەملەر توپى ئارىسىدا ياشايمىز. ئۆزىمىزنى ئوراپ تۇرغان ئادەملەر توپى بىزنىڭ تۇر-مۇش، هاياتىمىزغا ناهايىتى چوڭ تەسىر كۆرسىتىدۇ. بىز قولۇم - قوشنا، ئەهلى - مەهەللە ئارقىلىق قوۋم، مىللەت بولۇپ ئۇيۇشالايمىز هەمدە ئۆزىمىزگە خاس ئەخلاق، مەدەنىيەت ئالاهىدىلىكلىرىنى رويابقا چىقىرالايمىز، بىر مىللەتنىڭ ئەڭ توپ تۇرمۇش ئادەت، مەدەنىيەت ئالاهىدىلىكى قولۇم - قوش-نىلار ۋە ئەهلى - جامائەت ئارا مۇناسىۋەت ۋە مۇراسىم قائىدىلى-رىدە ئەڭ روشەن ئەكس ئېتىدۇ.

بۇرادەر، قوشنىلار ئارا ئەپ ئۆتۈڭ. قوشنىلار سىز بىلەن ئەڭ غەرەزسىز هالدا ئالاقە قىلغۇچىلاردۇر. هەرقانچە يېقىن تۇغقىنىڭىزمۇ بەزى هاللاردا هالىڭىزغا هال، مۇڭىڭىزغا هەمشې-رىك بولۇپ بولالماسلىقى مۇمكىن. بېشىڭىزغا غەم تاغلىرى يىقىلغاندا، سىزنى قوش قوللاپ يۆلەيدىغىنى، قىيىنچىلىق تۇ-پەيلى قەددىڭىز پۈكۈلگەندە، سىزگە سەمىمىي رىغبەت بېرىدىغى-نى ۋە تۇرلۈك ئۆلۈم - يېتىم، توي - تۆكۈن مۇراسىملاردا كېمىڭىزنى تولۇقلاپ، غېمىڭىزنى قىلىدىغىنى قولۇم - قوشنىلاردۇر. شۇڭا دانىشمەنلەر: قوشنىلارنىڭ بىر - بىرىدە تۆت هەققى بار، دەپ قارايدۇ. يەنى، بىر - بىرىنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتماي، ئىناق ئۆتسۇن؛ بېخىللىق قىلمىسۇن؛ تەمەدىن يى-

ـراق بولسۇن؛ بىر ـ بىرىنىڭ ئەھۋاللىرىنى سوراپ، قوللىرىـ
ـدىن كەلگىنىچە ياردەم بېرىپ تۇرسۇن. ئابدۇقادىر داموللام يەنە
«قوشنىلارغا پىشكەللىك يەتسە، ياردەم بەرمەسلىك قوشنا ھەققىـ
ـنى ئادا قىلمىغانلىقتۇر» دېگەن ھېكمەتنى نەقىل كەلتۈردۇ.
دېمەككى، بىر ـ بىرىگە ياخشىلىق يەتكۈزۈش، ئىناق ـ ئىجىل
ئۆتۈش، ياردەم بېرىش، بىر ـ بىرىنىڭ ھالىغا يېتىش قوشنىسىـ
ـنىڭ قوشنا ئۈستىدىكى ھەققىدۇر. تۆمۈر ئىشىكنى مەھكەم
تاقاپ، چىلگ سولىنىپ ئولتۇرۇش، كىشىلەرنى دۇنيادىن، جەمـ
ـئىيەتتىن، ئەل ـ جامائەتتىن يىراقلاشتۇرۇۋېتىدۇ.

جامائەتتىن، قوشنىلىرىڭىزدىن ئايرىلىپ قالماڭ. مەيلى
سىز قانچىلىك جىددىي خىزمەت قىلىڭ ياكى قانداق يۇقىرى
مەرتىۋىلىك بولۇڭ، ھامان قولۇم ـ قوشنىسىز ۋە ئۇلارنىڭ
يۆلىكىسىز ياشيالمايسىز. قوشنىلارنى ھۆرمەتلەڭ، ئىززەتـ
ـلەڭ، باي ـ كەمبەغەل دەپ ئايرىپ مۇئامىلە قىلماڭ، ئۇلارنىڭ
ھال ئەھۋالىنى بىلىپ تۇرۇڭ ۋە قويۇق بېرىش ـ كېلىش قىـ
ـلىڭ، ئەھلى ـ مەھەللىدە بولغان ئىشلاردىن خەۋەردار بولۇپ
تۇرۇڭ. . . ئوينايدىغان، كۆڭۈل ئاچىدىغان دوستلارنىڭ كەينىـ
ـدىنلا سوكۇلدىماي، ئۆلگەندە جىنازىڭىزنى كۆتۈرىدىغان، قەدرىـ
ـڭىزنى قىلىپ تۇپراق بېشىڭىزغىچە ھازا باغلاپ چىقىدىغان يېقىن
سەپداشلىرىڭىزغىمۇ ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىڭ. قوشنىلار ئارا
ئىجىل ـ ئىناقلىق سىزنىڭ تۇرمۇشىڭىزدىكى مۇۋەپپەقىيەت ۋە
بەخت تۈۋرۈكلىرىنى تېخىمۇ بېيىتىپ، سىزنىڭ ھاياتلىق ئىرادىـ
ـڭىزنى تېخىمۇ چىڭىتىدۇ.

## 97. پەرزەنتلىرىڭىزدە مۇستەقىل قاراش يېتىلدۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىڭ

پەرزەنتلەرنىڭ يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ ئۇلار دۇچ كېلىدىغان مەسىلە، تاللاش پۇرسەتلىرى شۇنچە كۆپىيىشكە باشلايدۇ. تۇرمۇشتا بەلگىلىك مۇستەقىل قاراشقا ئىگە باللار قىيىنچىلىق ئالدىدا ئۇنچىۋالا جىددىيلىشىپ ياكى ئۆزىنى يوقىتىپ قويمايدۇ. بەلكى شارائىت، مۇھىت ۋە مەسىلىنىڭ كونكرېت ماھىيىتىگە قاراپ تۇرۇپ ئاقىلانىلىك بىلەن نېمىنى قىلىش، نېمىنى قىلماسلىق مەسىلىسىنى ئوبدان ھەل قىلىپ ماڭالايدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئائىلە، مەكتەپ تەربىيىسىنىڭ توپ روھمۇ باللارغا نېمىنى قىلىش، نېمىنى قىلماسلىق، قانداق قىلىش مەسىلىسىنى ئېنىق ھېس قىلدۇرۇش ۋە غايە يېتىلدۈرۈشتىن ئىبارەت.

بۇرادەر، باللىرىڭىز ئىش بىلگۈدەك بولغاندىن باشلاپ ئۇلاردا مۇستەقىل قاراش يېتىلدۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىڭ.

1. ئالدى بىلەن باللىرىڭىزغا نېمىنى جەزمەن قىلىش، نېمە، قانداق ئىشلاردىن قەتئىي ساقلىنىش كېرەكلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭ ياكى ئۆز ئەمەلىيىتىڭىز ئارقىلىق ھېس قىلدۇرۇڭ. باللار خىيالىغا كەلگەن، ئۇدۇل كەلگەن ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قىلىشنىڭ ئاقىلانىلىك ئەمەسلىكىنى چۈشىنىپ، ھاياتتىكى مۇئەييەن تەرتىپ - مىزانلارغا ئەمەل قىلىپ چوڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بولسۇن.

2. ئۇلارنى ھە دېسىلا يۆلىمەڭ. ئۇلارنىڭ بارلىق قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىپ بەرمەڭ. يىقىلغان بىر بالىنىڭ تەبىئىي ھالدا قايتۇرىدىغان تۇنجى ئىنكاسى ئەتراپىغا قاراش، يەنى يۆلەيدىغان ئادەم ئىزدەش. تايىنىش، ھېسداشلىققا ئېرىشىش بارلىق ئىنساندىكى بىر خىل ئاجىزلىق. بالىڭىزدا كىچىككىدىنلا بۇ خىل روھىي تەمەخورلۇق، يۆلىنىش پسىخىكىسىنى يېتىلدۈرۈپ قويماڭ. يىقىلغان بالا يىقىلغان يەردىن ئۆزى قوپۇشنى ئۆگەنسۇن. بالىلار ئۆزىنىڭ قىيىنچىلىقلىرىنى ئۆزى ھەل قىلسۇن. بالىلارغا رىغبەت بېرىڭ، قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇشنىڭ يوللىرىنى ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئىزدەپ تېپىشىغا ياردەم بېرىڭ، تاپشۇرۇقلىرىنى ئىشلەپ بەرمەڭ...

3. بالىلارنى بەزى مەسىلىلەرگە ئاكتىپلىق بىلەن قارار چىقىرىشقا يېتەكلەڭ، مەيلى بالىلارنىڭ تۇرمۇش، كىيىم ـ كېچەك سېتىۋېلىشى، پۇل خەجلىشى ياكى ئۆينىڭ چوڭ ـ چوڭ ئىشلىرى بولسۇن، بالىلارنىڭ پىكرىنى ئېلىڭ، پىكرىنىڭ توغرا ـ خاتا تەرەپلىرىنى سەمىمىيلىك بىلەن كۆرسىتىڭ، شۇ چاغدىلا بالىڭىزدا ئەتراپلىق ئويلىنىپ، چوڭقۇر مۇلاھىزە يۈرگۈزەلەيدىغان ۋە دادىل، جۈرئەتلىك پىكىر بايان قىلالايدىغان، نەرسىلەرنىڭ ياخشى ـ يامان تەرىپىنى ئايرىيالايدىغان ساپا يېتىلدۈرەلەيسىز.

4. بالىلىرىڭىزنى سودا ـ تىجارەتكە ئەگەشتۈرۈپ ئاپىرىڭ، توي ـ مەرىكە، ئۆلۈم ـ يېتىملەرگە قاتناشتۇرۇڭ. ئۇلارنىڭ قەلبى ھاياتنىڭ كۆلپەت ـ نادامەتلىرى، تەنتەنە ھېسلىرى ۋە ھەرخىل مىجەزلىك كىشىلەرنىڭ رەڭگارەڭ تەبىئىتى بىلەن ئۇچ-

ـراشسۇن، قانداق چاغدا، قانداق كىشىلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلىشنى ئۆگەنسۇن.

5. بالىلار ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇشىنى ئۆزلىرى ئورۇنلاشتۇ- رۇپ، پىلانلاپ باقسۇن. ئۆزىنىڭ مۇئەييەن مۇددەتتە خەجلەيدىـ غان پۇللىرى بولسۇن، سىز ئۇنىڭ شۇ پۇللارنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشىغا يېتەكچىلىك قىلىڭ. مۇئەييەن مۇددەت ئىچىدە قىلىدىغان، بېجىرىدىغان ئىشلىرى بولسۇن. ئۇنىڭ ئاشۇ ئىشلار- نى لايىقىدا پىلانلاپ، جايىدا بىر تەرەپ قىلىشىغا ياردەملىشىڭ بالىلىرىڭىز پىلانلىق، كۆزى ـ قارنى توق چوڭ بولسۇن. مۇس- تەقىل ئاڭ روھىي توقلۇقتىن كۆكلەپ چىقىدۇ.

www.uyghurkitap.com

# 98. بالىلىرىڭىزنىڭ توغرا تاللىشىغا هۆرمەت قىلىڭ

بالىلىرىڭىز چوڭ بولغانىكەن، تەبىئىي هالدا ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدىكى نۇرغۇن ئىشلاردا مۇستەقىل بولۇشقا، ئۆزلىرى قارار چىقىرىشقا ئامراق كېلىدۇ. مەسىلەن: كىيىم سېتىۋېلىش، كەسىپ تاللاش، دوستلىرى بىلەن ئارىلىشىش، كۆڭۈل ئېچىش، هەتتا لايىق تاللاش ئىشلىرىدىمۇ ياشلاردا مۇستەقىللىق خاھىشى ئېغىر بولىدۇ. بولۇپمۇ، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگەشىپ، بالىلاردىكى مۇستەقىللىق خاھىشى ئىنتايىن كۈچىيىپ، هەتتا ئاتا - ئانىسى بىلەن ئاشكارا توقۇنۇش هالىتىگە بېرىپ يېتىۋاتىدۇ. بىز نىكاھ مەسىلىسىدە ئاتا - ئانىسى بىلەن كېلىشەلمەي ئۆيىنى تاشلاپ چىقىپ كېتىۋاتقان بالىلارنىمۇ كۆرىدىغان بولۇپ قالدۇق. تولا ئادەم بۇنىڭدىن قاقشايدۇ، زاماندىن زارلايدۇ. ياشلارنى بۇزۇلدى، دەپ ئاغرىنىدۇ، ئۇلاردىكى ئاغرىنىش، دەرد تۆكۈش مەسىلىنى هەل قىلىشنىڭ تۈپ ئۇسۇلى ئەمەس. ئەسلى مەسىلە بەلكىم ئاتا - ئانىلارنىڭ بالىلىرىدا قىممەت قاراش، ئادەت يېتىلدۈرۈش تەربىيىسىنىڭ ئاجىز، يۈزە، بىر تەرەپلىمە بولغانلىقىدا بولۇشى مۇمكىن. قانداق قىلىش كېرەك؟

1. بالىڭىزدا كىچىكىدىنلا توغرا تاللاش قارىشى يېتىلدۈرۈڭ. بالىلارغا نېمىنىڭ توغرا، نېمە ئۈچۈن توغرىلىقىنى سەمىمىيلىك بىلەن ھېس قىلدۇرالىسىڭىز، بالىلارنىڭ قەلبىدە ھىدا-

يەت گۈللىرى پورەكلەپ ئېچىلىدۇ ۋە سىزنى نارازى قىلىدىغان ئوسال يوللارغا باش تىقمايدۇ. بالىلارغا نېمىنى شاللاش، نېمە ئۈچۈن شاللاش، يېقىن يولىماسلىق كېرەكلىكىنى ئەقىل - ئىسپات بىلەن چۈشەندۈرۈپ ھېس قىلدۇرمايلا، «بۇنى قىلساڭ بولمايدۇ، ئۇنى قىلساڭ بولمايدۇ» . . . دەپ ئەتىدىن - كەچكىچە تۇزۇم خاراكتېرىدىكى بۇيرۇقۋازلىقنى يۈرگۈزۈۋەرسىڭىز، بالىڭىزدا تەبىئىيلا ئاجىز، بىر تەرەپلىمە، تېگى بوش قىممەت قارىشى يېتىلىپ قالىدۇ - دە، چەكلەنگەن نەرسىلەرگە چېقىلىپ بېقىش خاھىشى يېتىلىپ قالىدۇ. توغرا ھەقىقىتى بىلەن چۈشەندۈرۈلمىگەن ئىلىم ئۇڭايلا سەپسەتىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

بالىڭىزغا كىچىكىدىن باشلاپ مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلدۇرۇڭ ۋە ياخشى - يامىنىنى ئايرىشنى ئۆگىتىڭ. ئۇنى ھاياتنىڭ رەڭگا - رەڭ تاللاش - شاللاش مەيدانىغا ئۆزىڭىز بىلەن بىللە ئەكىرىپ ئۇنىڭغا قانداق تاللاش كېرەكلىكىنى بىلدۈرۈڭ. . . مانا بۇ كېيىنكى تۇرمۇشتا بالىلار بىلەن توقۇنۇشۇپ قېلىشتىن ساقلىنىشتىكى ۋە بالىلاردا ساغلام، مۇستەھكەم ئەقىدە - ئېتىقاد يېتىلدۈرۈشتىكى ئۇل قۇرۇلۇش. مۇشۇ ئۇل قۇرۇلۇشى چىڭ تۇتۇلمىسا، پەرزەنتلەر ئەقىدىسى نىمجان، ھەممىلا نەرسىگە ئىشىنىپ كېتىدىغان، كىم بايراق كۆتۈرۈپ قاتتىقراق توۋلىسا ئۇنىڭ كەينىدىن سوكۇلداپ كېتىۋېرىدىغان مەۋقەسىز ئەۋلاد بولۇپ يېتىشىپ چىقىدۇ.

2. بالىلىرىڭىزنىڭ تاللىشىغا توغرا مۇئامىلە قىلىڭ. ئۇنىڭغا ھاياتتا بېلى قاتقان، ئەقىل نەزىرى پىشقان بىر قېرى قاقۋاشنىڭ نەزىرى بىلەن ئەمەس، بەلكى بىر قىزىققان، ھاياجىنى ئۇرغۇپ تۇرغان ياشنىڭ نەزىرى بىلەن قاراڭ ۋە ئۇنىڭ

www.uyghurkitap.com

تاللاشلىرىنى مەسخىرە قىلماستىن، لايىقىدا ئىنكاس قايتۇرۇڭ.
سەمىمىيلىك بىلەن ئۇنىڭ تاللىشىدىكى ئارتۇقچىلىق ـ كەمچى-
لىكلەرنى كۆرسىتىپ بېرىڭ. ئۇنى توغرا يولغا سەمىمىيلىك
بىلەن يېتەكلەڭ. قورقىتىپ ئەمەس، چىن دىلىدىن قايىل قى-
لىپ ھىدايەتكە ئەكىرىڭ.

3. ئۇنىڭ ھەممىلا ئىشىغا ئارىلىشىۋالماڭ. ئەخلاقتىن،
ئېتىقادتىن چەتنىمىگەن ئاساستا ئۇنىڭ كەسىپ، خىزمەت،
دوست تاللىشىغا ھە دېسىلا ئارىلىشىۋالماڭ. كۆيۈنۈش مۇۋاپىق
بولۇش كېرەك. چەكتىن ئاشقان غەمخورلۇق قارشى تەرەپنى
چۈشەپ، بوغۇپ قويىدۇ ۋە قارشى تەرەپنى ئۆزى مۇستەقىل قارار
چىقىرالماس، ئاجىز ھالغا ئەكىلىپ قويىدۇ. ئۇ تاللاپ باقسۇن،
زىيان تارتسا، ئوڭۇشسىزلىقتا ئۇچرىسا مەيلى. مەن دەيمەن،
دادىلار ـ ئانىلار، بالىلىرىڭلارنى مەغلۇپ بولغىلى قويۇڭلار.
ئۇلارنىڭ يۇمران قەلبى ھاياتنىڭ قاتتىق ـ يۇمشاق سىلكىنىشلىرى-
نى بىۋاستە ھېس قىلىپ بېقىشى كېرەك. تۆمۈر ئوتتا تاۋلىنى-
دۇ، ئادەممۇ مەغلۇبىيەتتە، جەڭدە، قىيىنچىلىقتا پىشىدۇ. با-
لىلار يىقىلىپ باقسۇن، ئاندىن ئۆزى ئورنىدىن تۇرۇپ باقسۇن.
شۇ چاغدىلا ئۇلار ھاياتنىڭ قەدىرىگە تېخىمۇ يېتىدىغان، مەسىلى-
لەرگە ئەتراپلىق، چوڭقۇر، ئەقلى كۆز بىلەن قارايدىغان بولى-
دۇ.

4. بالىلارنىڭ تاللىشى ۋە تۇرمۇشىغا ھەددىدىن زىيادە ئارى-
لىشىۋېلىش ياخشى بولمىغىنىدەك بالىلارنىڭ تاللىشى بىلەن قەت-
ئىي كارى بولماسلىق، بالىلارنىڭ ھەر قانداق تاللىشىغا ھۆرمەت
قىلىۋېرىشمۇ ئوخشاشلا ئىنتايىن خەتەرلىكتۇر. كىشىلەر زامان
تەرەققىي قىلىۋاتىدىغۇ دەپلا بالىلارنىڭ ھەر قانداق تاللىشىغا يول

قويۇپ كېتىپ بارىدۇ. توغرا، زامان ئۆزگەردى، دەۋر تەرەققىي قىلدى. تېخنىكا يېڭىلاندى، كىشىلەرنىڭ ئىش تەقسىماتى ۋە جەمئىيەتتىكى ئورنىدا زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. لېكىن ئۇنتۇماسلىق كېرەككى، ئادەمنىڭ تۈپ ماھىيىتى ۋە ئىنسان رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك تۈپ ئەخلاقىي مىزانلار ئۆزگەرگىنى يوق. ئىنسان يەنىلا ئىنساندۇر. جەمئىيەت تەرەققىياتى ئەخلاقىي ئۆلچەملەردىكى بەزىبىر ئادەت خاراكتېرلىك مىزانلارغا مۇئەييەن ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئەخلاق ـ ئېتىقادنىڭ تۈپ مەزمۇنلىرىنى تېخىچە ئىنكار قىلالىغىنى يوق. ئەخلاق ـ ئېتىقاد تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە ئۆزگىرىپ بارىدىغان نەرسە ئەمەس ھەم قانداق بىر ئەخلاق سايمانلار تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ بارىدىكەن، ئۇنداق ئەخلاقنىڭ توغرىلىقى ۋە ساپلىقىدا گۇمان بار. مەن دەۋر ئۆزگەنسېرى ئەخلاققا تېخىمۇ چوڭ، قەتئىي ئۆلچەم قويۇش كېرەك دەپ قارايمەن. . .

باللارنىڭ ئەخمىقانە ئادەت ـ قىلىق، تاللاشلىرىنى ئاتالمىش دەۋرگە ئارتمايلى، بەلكى سەۋەبىنى ئۆزىمىزدىن ئىزدەيلى ۋە روھىي سەرسانچىلىقنى ئاتا ـ ئانىلارنىڭ قىممەت تەربىيىسىنىڭ ناچارلىقىدىن ئىزدەش كېرەك.

بۇرادەر، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزلەرنى پادىچىغا ئوخشاتقان ۋە پادىلىرىمىزنى قوغداشقا بۇيرۇغاندى. پادىلىرىڭىزنى ئۇدۇل كەلگەن يايلاققا قويۇۋەتمەڭ. زەھەرلىك چۆپلەر ئوماق قوزىلىرىڭىزنى زەھەرلەپ قويمىسۇن. شورتاڭ سۇلار ئەركە پاقلانلىرىڭىزنىڭ تۇمشۇقىنى يارمىسۇن، قوتۇر شىۋاق پادىلىرىڭىزنىڭ تەن ـ ئەزايىنى چاقا ـ جاراھەتكە پاتۇرۇۋەتمىسۇن! بولمىسا سىز ياخشى پادىچى بولالمايسىز. ئۆز پادىلىرىنى ياخشى

قوغداپ، ئاسرىيالمىغان پادىچىدىن ھەركىم نارازىدۇر...

بالىلىرىڭىزنىڭ تاللىشىغا چەك قويۇشنى ئۆگىنىڭ. ئىنساننى زالالەتكە ـ قاباھەتكە باشلايدىغان چىركىن يوللارغا كېتىدۋاتقان بالىلىرىڭىزنىڭ يۈگىنىنى تارتىپ قويۇڭ. ھارامغا، زىناغا، بۇزۇقچىلىققا، بىكارچىلىققا، قىمار، زەھەرلىك چېكىمەلىك، ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىق يولىغا كىرىپ كېتىۋاتقان بالىلارنىڭ، ياشلارنىڭ جەزمەنكى ئىگىسى، ئاتا ـ ئانىسى بار، ئاتا تۈزەلسە، ئانا ئوڭشىلىدۇ، بالا تەرتىپكە چۈشىدۇ، ئەخلاق ئىزىغا قايتىدۇ، جەمئىيەت ئىناق، ساغلاملىشىدۇ. دېمەككى، ئەي ئەر، ئەڭ ئالدى بىلەن سېنىڭ بېشىڭنى سىلكىپ، ئۆزۈڭگە تايىنىشىڭ زۆرۈرىيەتلەر ئىچىدىكى ئەڭ بۈيۈك زۆرۈرىيەتتۇر. سەندە توغرا تاللاش ـ شاللاش قارشى بولغاندىلا، ئاندىن باشقىلارنى توغرا تاللىتالايسەن! سەندە ساغلام ئەخلاق بولغاندىلا باشقىلارغا ئەخلاق ھەققىدە ۋەز ئېيتالايسەن...

بالىلىرىڭىزغا تار دائىرىدىن چىقىپ مەسئۇلىيەتسىزلىك بىلەن مۇئامىلە قىلماي، ئومۇمىيلىق نۇقتىسىدىن چىقىپ تۇرۇپ ئەستايىدىل پوزىتسىيە تۇتۇڭ. ئۇلارنىڭ نېمىنى، قانداق تاللىشى بەلكىم سىز ـ بىزنىڭ، مىللىتىمىزنىڭ قانداق مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى بەلگىلەپ قويۇشى مۇمكىن. بالىڭىز ئادالەتنى تاللىسۇنمۇ، قاباھەتنىمۇ؟ سائادەتنى تاللىسۇنمۇ، زالالەتنىمۇ؟ ۋە ياكى ياخشى ـ يامان، ھالال ـ ھارامنى ئايرىماي ئارىلاشتۇرۇپ ئېلىپ مېڭىۋەرسۇنمۇ؟...

## 99. ياشانغاندا جەمئىيەتتىن ئايرىلىپ قالماڭ

ئىنسان مۇقەررەر هالدا بالىلىقتىن ياشلىققا، ياشلىقتىن قېرىلىققا، قېرىلىقتىن يەنە بىر يېڭى تۆرىلىشكە ئۆزايدۇ. بالىلىق، ياشلىق مەزگىلى ئىنساننىڭ تەن ۋە روھ جەھەتتىن جۇشقۇن، جەڭگىۋار دەۋرىدۇر. تەن - ۋۇجۇدتىن كۈچ - قۇۋۋەت تېمىپ تۇرىدىغان مۇنداق مەزگىلدە كىشىنىڭ جىم تۇرغۇسى، ياتقۇسى كەلمەيدۇ. ئەمما ياشانغاندا تەندە ماغدۇر، يۈرەكتە ئۇنداق شاش، جۇشقۇن روھ قالمايدۇ. قېرىلىققا خاس كېسەللەر، ماغدۇرسىزلىق، غېرىبسىنىش. . . قاتارلىق ئالامەتلەر هەرقانداق بىر ياشانغان ئادەمدە تەبىئىي هالدا كۆرۈلۈپ قالىدۇ. . .

ياشانغان بولسىڭىز، ئىلاجىنىڭ بارىچە جەمئىيەت بىلەن كۆپرەك ئۇچرىشىشقا ئەهمىيەت بېرىڭ. پۇت - قولۇمدا ماغدۇر يوق دەپ ئۆيگە سولىنىپ ئولتۇرۇۋالماڭ. ماغدۇر تاماقتا ئەمەس، هەرىكەتتە. سىرتلارنى ئايلىنىڭ، قان ئايلىنىشىڭىز راۋانلىشىپ، تۇرلۇك كېسەللىكلەرنىڭ قوزغىلىپ قېلىشىدىن ئاز - تولا بولسىمۇ ساقلىنالايسىز. يەنە بىر تەرەپتىن، جەمئىيەتنىڭ رىتىمى، كىشىلەرنىڭ هال - ئەهۋالى، ئەتراپىڭىزدىكى ئەڭ يېڭى ئۇچۇرلاردىن خەۋەردار بولالايسىز. بۇ خىل ئۇزۇن قۇلاقلىق تەبىئىيلا سىزنى ياشانغاندا بولىدىغان يالغۇزسىراش، غېرىبسىنىش تۇيغۇلىرىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، روهىڭىزنى كۆتۈرىدۇ. سىرتقى دۇنيا هەققىدىكى خەۋەر - ئۇچۇرلار تەبىئىي هالدىلا

تەپەككۇرىمىزنى ئويغىتىپ مېڭىمىزنىڭ سەگەك، ئەس ـ ھوشى-مىزنىڭ جايىدا تۇرۇشىنى مۇئەييەن كاپالەت بىلەن تەمىن ئېتى-دۇ.

قوشنىلار بىلەن بېرىش ـ كېلىشنى كۆپەيتىڭ. ئەل ـ جامائەت بىلەن يېقىن ئۆتۈڭ. بۇمۇ سىزنى ئەتراپتىكى ئىشلاردىن خەۋەردار قىلىدۇ. ئەڭ مۇھىمى، ياشانغاندا بولىدىغان يالغۇزسى-راش تۇيغۇلىرىدىن خالىي قىلىدۇ.

ياشانغانلارنىڭ كۆڭلى نازۇك، باشقىلاردىن ئوڭاي ئاغرىنى-دىغان بولۇپ قالىدۇ. باللىرىنىڭ يوقلاپ كەلمىگىنىدىن ئاغرى-نىدۇ. تاپا ـ تەنە قىلغاق بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا، ئەڭ ياخشىسى ئۆزىمىزنى بۇ خىل روھىي بېسىمدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن جەم-ئىيەت بىلەن ئاكتىپ ئارىلىشىڭ. كىشىلەرگە ئۆزىمىزنىڭ ھا-يات كەچمىشلىرىنى سۆزلەپ بېرىڭ. گېزىت ـ ژۇرنال كۆرۈڭ، رادىئو ئاڭلاڭ، ھەققەمسايىلار بىلەن پاراڭلىشىڭ. خوتۇنىمىز بىلەن ئۆتكەن گۈزەل كۈنلەرنى ئەسلەڭ. باللىرىمىزنى، نەۋرى-لىرىمىزنى يوقلاڭ. ئىش قىلىپ تارچۇق ئۆيگە بېكىنىۋالماڭ، بېكىنمىچىلىك كىشىنىڭ تەپەككۇرىنىمۇ، روھىنىمۇ سىقىپ، بوغىدۇ. ئەركىن ياشاپ كۆڭگەن ئەر سولاقمىدىن ھەرگىز خوش-لۇق تاپالمايدۇ. ئەڭ ياخشىسى، كەڭ، پايانسىز دۇنيا بىلەن قىزغىن ئالاقە باغلاڭ. . .

# 100. ھاياتىڭىزدىن ھېساب ئېلىپ بېقىڭ

مۇئەييەن ھايات يولىنى بېسىپ بولغان ھەرقانداق بىر ئادەمـ
ـنىڭ ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ قاراپ ئۆزى باسقان ئىزلارنىڭ
ياخشى ـ يامىنىنى تەكشۈرۈپ، سەممىيەت بىلەن خۇلاسە چىقارـ
ـمىقى ئىنتايىن مۇھىمدۇر. مەرھۇم ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەمـ
ـمەتئىمىن ئۆزىنىڭ 60 ياشقا تولغانلىق مۇناسىۋىتى بىلەن يازغان
«ئارىفنامە» ناملىق ئېسىل رىسالىسىدە ئۆزىنىڭ ھاياتى ھەققىدە
ئەستايىدىل ئويلىنىپ، ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك خۇلاسىلەرنى چىقـ
ـارغان ۋە «بىر چاغلاردا تۇتىيا بىلىپ قاتتىق چاڭگاللىۋالغان
نەرسىلىرىنى پىرقىرىتىپ تاشلاشقا پىداكارلىق قىلغان ئەقىدىلىـ
ـرىدىن قاقاقلاپ كۈلۈشكە» باشلىغانلىقىنى سەممىي رەۋىشتە
بايان قىلغانىدى. ئەگەر ئۇ، بۇ ھايات خۇلاسىسىنى 50 ياشتا
ياكى 40 ياشتا يازغان، قىممەت قاراشلىرىنى ئويلىنىپ تۇرۇپ
ئەقىلنىڭ ئەلگەكلىرىگە تاشلاپ باققان بولسا، بىز بۇ ئۇلۇغ
ئالىمدىن تېخىمۇ بۈيۈك ۋە تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك نەتىجىلەرنى
كۆرەلىگەن بولار ئىدۇق. ئەگەر ئۇ ھاياتىمۇ ئۆزى قاتتىق چاڭـ
ـگاللىۋالغان نەرسىلىرىنى پىرقىرىتىپ تاشلىمىغان بولسىچۇ؟
ئۆزىنىڭ مەنىۋى ھاياتى ھەققىدە ئويلانمىغان بولسىچۇ؟. . .

بىزدە ئۇلۇغ ئادەملەر كۆپ ئۆتتى. ئەمما، بىز نۇرغۇنلىرىـ
ـنىڭ ئۆزى ھەققىدە ئېلىپ بارغان ھايات خۇلاسىلىرىنى، ھاياتىـ

www.uyghurkitap.com

نىڭ ئاخىرقى باسقۇچلىرىدا ئۆلۈمنى بېشىغا ئېلىپ تۇرۇپ
سەممىيلىك بىلەن يازغان ئوي ـ خاتىرىلىرىنى كۆرۈشكە مۇۋەپ-
پەق بولالمىدۇق. ئۇلار يازدىمۇ ـ يازمىدىمۇ، ھاياتتىن ھېساب
ئېلىپ بېقىشنى مۇھىم بىلدىمۇ ـ بىلمىدىمۇ، بۇ بىزگە
نامەلۇم... بەلكىم، ئۇلارنىڭ ياشلارنى ئۆزىدىن كېيىنكى ئەۋلاد-
لارنى ساۋابقا، ئىبرەتكە يېتەكلەيدىغان، ھاياتقا سىگنال بولىدى-
غان ئېسىل كەچمىشلىرى بولغىيتتى؟...

مەيلى قايسى ياش باسقۇچىدىكى، قايسى كەسىپ ـ ھۈنەر
بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئادەم بولماڭ، مۇئەييەن مەزگىلدە بىر
ئۆزىڭىزدىن ھېساب ئېلىپ، ھاياتىڭىزدىن خۇلاسە چىقىرىپ تۇ-
رۇڭ. بۇ سىزنىڭ ياخشى ـ يامان يوللار ھەققىدىكى تونۇش ـ
ئىرادىڭىزنى ۋە ھاياتقا بولغان مۇھەببەت ـ ئىرادىڭىزنى تېخىمۇ
كۈچەيتىدۇ. پۇشايمانلىق، قاباھەتلىك ئۆتمۈش سىزنى يامان يول-
لاردىن ئاگاھلاندۇرىدۇ ھەمدە ياخشىلىققا ئۈندەيدۇ. ئەگەردە
قۇربىڭىز يەتسە، ئۆزىڭىزنىڭ ئەخمىقانىلىقلىرىڭىزنى، ئاجىز-
لىقلىرىڭىزنى، بىھاجەت ئىشلار ئۈچۈن قىلغان ئەقىدە ـ ئىخلا-
سىڭىزنى، چىركىن تۇرمۇش ئۈچۈن تۆلىگەن بەدەللىرىڭىزنى،
سىزنى ئەڭ نادامەتتە، ھەسرەتتە، پۇشايماندا قويىدىغان ئىشلىرى-
ڭىزنى يېزىپ قويۇڭ ۋە باللىرىڭىزغا، مۇمكىن بولسا ياشلار-
نىڭ ئىبرەت ئېلىشىغا سۇنۇڭ. ياشلىرىمىز ئىبرەتكە، ئالدىنقى-
لارنىڭ، پېشقەدەم ئاقساقاللارنىڭ ساۋاق ـ تەجرىبىسىگە موھ-
تاج. ياشلار قىزىققان، ئالدىراڭغۇ، ھېسسىياتچان كېلىدۇ،
توغرا بولمىسىمۇ ئېقىمغا ـ ئىزملارغا ئوڭايلا ئەگىشىپ كېتىدۇ،
ئاسان قايمۇقىدۇ. بەزى ھاللاردا توغرا مەۋقەدىمۇ راۋرۇس چىڭ
تۇرالمايدۇ. ياشلارنىڭ گۆدەكلىكى چوڭلارنىڭ، ئاقساقاللارنىڭ

تەربىيىسىگە موھتاج، ياشلارنىڭ تەنتەكلىكى تەنبىھكە موھتاج،
ياشلارنىڭ ئەنئەنە، ئېتىقاد ئالدىدىكى كۆرەڭ، مەغرۇرلۇقى ئە-
مەلىي، ئىلمى، جانلىق يېتەكلەشكە موھتاج. ياشلارنىڭ قارىغۇ-
لارچە ئىستېمال مەدەنىيىتىلا قوغلىشىشى روھىي تاكامۇللاشقان،
بىلى قاتقان، ئەقلى پىشقان مويسىپىتلەرنىڭ سەممىي پىكىر -
پىچىرىگە زارۇ - زار! بىزنىڭ پېشقەدەملىرىمىز، ئاقىللىرىمىز
ياشلارنىڭ، باللارنىڭ گۆدەك - تەنتەكلىكىدىن يەتكۈچە ئاغرى-
نىدىيۇ، نېمىشقا ئۇلارغا ئەمەلىي ساۋات بېرىشنى ئويلاپ قېرى-
مايدۇ؟ ياشلارنى يېتەكلەشتە تەجرىبە كېرەك. ئۇلار سەممىي
رىغبەت - ئىبرەتكە بەكلا ئېھتىياجلىق. ياشلارنىڭ ئەقىلسىز
تەنتەكلىكىنى ھەرگىز توغرا چۈشىنىش، كەچۈرۈۋېتىشكە بولماي-
دۇ. ئەمما، ئۇلارنى تەربىيىسىز تاشلاپ قويۇپ تىللاۋېرىشكىمۇ
بولمايدۇ. ئالدى بىلەن ئۇلارغا توغرا، ساغلام ياشاش يولى ھەق-
قىدە چۈشەنچىنى كۆپرەك بېرەيلى، مۈشكۈلاتلار ئالدىدا نېمە
قىلىش، ئازغۇن نەرسىلەر ئالدىدا قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى
ياشلارغا بىلدۈرەيلى، ئاندىن ئۇلارنىڭ چىن ئىنسانىيلىققا تولغان
رەھمەت يوللىرىغا قايتىپ كېلىشىنى ئۈمىد قىلايلى. تەخەيىنمۇ
ئالدى بىلەن ھارۋىغا ئۆگىتىپ ئاندىن ساپانغا قاتىدىغان، رايىش
ئېشەك قىلىپ ئىشلىتىدىغان گەپ! ئاتىلار، ئالدى بىلەن باللار-
غا ھاياتىڭلار ھەققىدىكى خۇلاسە، ئۆكۈنۈش - پەخىرلىنىش تۇي-
غۇلىرىڭلارنى سۆزلەپ بېرىپ بېقىڭلار، ئۇلارنىڭ قەلبى بىر
ئاتىنىڭ دۇنيا ھەققىتى ئالدىدىكى سەممىي زىكىرلىرىنى
ئاڭلاپ باقسۇن. ئۆز ئاتىلىرى، ئۆز پېشقەدەملىرىنى ئۆكۈندۈر-
گەن، ئەپسۇسلاندۇرغان نادامەت يوللىرىغا ئەقلى ئويغاق، تەربى-
يەتلىك پەرزەنتلەر پۇت تىقمايدۇ. بەلكىم ھايات تەجرىبىلىرىدىن

ئىبرەت ـ ساۋاق ئېلىپ ياخشى يولغا قايتىدۇ، ياخشىلىق ھەققىدىكى ئىخلاسى چىڭىيىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «قىيامەت كۈنى ھېسابات مەيدانىدا بەندىنىڭ قەدىمى تەۋرەنمەي تۇرۇپ تۆت ئىشتىن سوراق قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ھاياتىنى نېمە ئىشلار بىلەن تۈگەتكەنلىكى، ئۆزىنىڭ ئىلمى بىلەن نېمىلەرنى قىلغانلىقى، ئىقتىسادىنى قەيەردىن تېپىپ قەيەرگە ئىشلەتكەنلىكى ۋە ئۆز جىسمىنى قانداق ئىشلاردا چىرىتكەنلىكى (تۈگەتكىلى) توغرىسىدا». ئاخىرەتلىك ھېساباتتىن بۇرۇنراق ھاياتىڭىزنى خۇلاسىلەپ بېقىڭ، ئۆمرىڭىزدە قانچىلىك ياخشى ئىشلارنى، قانچىلىك ئەسكى ئىشلارنى قىلىپسىز؟ كىملەرنى قانداق خۇش قىلىپ، كىملەرنىڭ دىلىغا ئازار بېرىپسىز؟ ئۆزىڭىز نىشانلىغان ھاياتلىق مەنزىلىگە قانچىلىك يېقىنلىشىپسىز؟ ھازىرغىچە سىزنى ئۆكۈندۈرىدىغان نېمە ئىشلارنى قىپسىز؟ ھاياتتىن تاپقىنىڭىز نېمە بولدى؟ نېمىلەرنى يوقاتتىڭىز؟ ئاتا ـ ئانىڭىز، قولۇم ـ قوشنا، ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ بۇرادەرلەرنى قانچىلىك رازى قىلىپ كەلدىڭىز؟ سىز ئۆلسىڭىز سىز ئۈچۈن چىن كۆڭلىدىن چىقىرىپ ياش تۆكىدىغان ياكى سىزنى «رەھمەتلىك، دۇنيالىقىدا ياخشى ياشاپ ئۆتكەن ئادەم ئىدى. ياراتقۇچى، ياتقان يېرىنى رەھمەت نۇرلىرى بىلەن يورۇق قىلغاي» دەپ ھەقىقىي مەنىسى بىلەن تەرىپىڭىزنى قىلىپ ئاخىرەتلىكىڭىزگە ئاقيول تىلەيدىغان ئادەمدىن قانچىسى چىقار؟ كىملەر سىزنىڭ ئۆلۈمىڭىزدىن قايغۇرۇپ، كىملەر سىزنىڭ ۋاپاتىڭىز تۈپەيلى شادلىقتا چۆمەر؟ ۋە ياكى تولا ئادەم ھېچ ئىش بولمىغاندەك نامىڭىزنى ئېپادىسىزلا چۇشۇرۇپ، ئاپىرىپلا چامغۇر كۆمگەندەك كۆمۈۋېتىپ ئەتىسىلا سىزنىڭ بۇ ئالەمدە

مانچە يىل ياشاپ ـ ئۆمىلەپ يۈرگىنىڭىزنىمۇ ئۇنتۇپ قالارمۇ؟...

ئەي، بەندە ئويلىنىڭ. ئەمدى ئويلىنىدىغان، ئاخىرەتتىكى ھېساباتتىن بۇرۇن ئۆزىڭىزدىن ھېساب ئېلىپ باقىدىغان چاغ بولدى. بىر ئىنسان ئۆمرىدە ئۆزىدىن بىرەر قېتىممۇ ھېساب ئېلىپ باقمىسا ۋە ياخشى ـ يامان ئەمەللىرى ھەققىدە چوڭقۇر ئويلارغا پېتىپ باقمىسا شۈبھىسىزكى، بۇ ئىنساننىڭ ھاياتىدىن باشقىلارمۇ خۇلاسە چىقارغۇدەك گەپ تاپالمايدۇ. نەتىجىدە ئۆلگەندىمۇ ئاپىرىپلا، بىر ـ ئىككى ئېغىز رەسمىيەت يۈزىسىدىكى گەپلەرنى قىلىپلا كۆمۈۋېتىپ قايتىپ كېلىدىغان گەپ. ئىنساننىڭ ھاياتى خۇلاسە چىقمايدىغان ئاق دوكلات ئەمەس. ئۇنىڭدا ياخشىلىق ـ يامانلىق، سائادەت، زالالەت خەۋەرلىرى ئارىلىشىپ كەتكەن ھالەتتە مىجىقلىنىپ ياتىدۇ. ياخشى ـ يامان يولنى بايقىماي، باشقىلار كۆرسىتىپ قويغان يول، باشقىلار تۈزۈپ بەرگەن ئۆلچەم ـ مىزانلار بويىچە ياشاپ كۆنگەن بىر ئىنساننىڭ ھاياتى خۇددى قىل ـ توپىغا مىلەنگەن خېمىرگە ئوخشايدۇ. سىز توپىغا، قىل ـ چەللىگە مىلىنىپ بولغان ھاياتلىق زوۋۇلىڭىزنى قايتىدىن يۇغۇرالمايسىز. لېكىن ئۇنىڭدىكى ھارام بالالاردىن، مەينەتچىلىكتىن ئىبرەت ئالالايسىز. كېيىنكى يولىڭىزنى پاكىز، مەنىلىك، ئۆزىڭىز رازى بولغۇدەك باسالايسىز. مەن ئۆلگۈچە توۋا قىلىپ باقماي قارا يەرنىڭ قارنىغا كىرىپ كېتىۋاتقان نۇرغۇن ئادەملىرىمىز ئۈچۈن قايغۇرىمەن، جىمجىت ئەپسۇس ئېيتىمەن. ئادەمنىڭ ھاياتى بىرلا قېتىم كېلىدىغان، ئىنتايىن چەكلىك جەريان. ئۇنى ئويلىشىپ بېسىش كېرەكقۇ؟ ھاياتنى قەدىرلەش ئىنسانىيلىقتىكى ئەڭ ئەقەللىي پەزىلەتقۇ؟! ھاراق ئىچكەن، مەست پېتى ئۆلۈپ كېتىدىغان، سېسىق پۇراق دەستىدىن

www.uyghurkitap.com

ميتىنى يۇيۇشقىمۇ يىقىن يولىغىلى بولمايدىغان، بىر ئۆمۈر خوتۇن ـ بالىلىرىنى، قولۇم ـ قوشنا، ئاتا ـ ئانا، دوست ـ بۇرادەرلىرىنى قاقشىتىپلا ئۆلۈپ كېتىدىغان، قەۋمىنىڭ سەرخىل كۆچلىرىنى سىتىپ خەجلەيدىغان، بىر ـ بىرىنى كۆرەلمەي ھە دېسىلا غەيۋەت ـ شىكايەت، باشقىلارنىڭ كەينىدىن ئۆسەك گەپ تېپىشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان، تىنىقى توختىغۇچە ھاياتتا قىلمىسا، بىجىرمىسە زادىلا بولمايدىغان ئەقىدە، ئەخلاق، ئادەت مىزانلىرىغا سەممىي رەۋىشتە يۈزلىنىپمۇ باقمايدىغان ئەرلىرىمىز، ئادەملىرىمىز قانچىلىك چىقىشى مۇمكىن؟ . . .

ئەمدى بولسىمۇ ئويلىنىڭ، ئويغىنىڭ. مەن كىمدۇر بىرىنىڭ «بىر ئىنسان 60 ياشقا كىرىپمۇ ئىنساننىڭ كەلمىش ـ كەتمىشى ۋە ئۇنىڭغا يوشۇرۇنغان سىر، ئۇچۇر، مەنە، مەجبۇرىيەتلەر ھەققىدە ئويلىنىپ باقمىسا، ئۇنداق ئادەمنى قۇتقۇزۇۋېلىش بەك تەس» دېگەن مەزمۇندىكى گېپىنى ئوقۇغانىدىم. رىۋايەتلەردىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «ئاللا 60 يىل ئۆمۈر تۆۋە قىلىش پۇرسىتى بەرسىمۇ، ئۆزىنى بىلمىگەن كىشىنىڭ ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلمايدۇ» دېگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ. ھەقىقەتەنمۇ ھاياتقا ھەر قانداق ئۆزرە ـ باھانە كار قىلمايدۇ. تۆۋە قىلىش مەغپىرەتكە ئىشىك ئاچىدۇ. ھايات تىنىقىڭىز توختىغۇچە سىزگە تەئەللۇق. ئېغىزىڭىزغا ياسىن سۈيى تېمىتىلىۋاتقاندا ئىمانغا كەلسىڭىزمۇ مەيلى، ئۆزىڭىزگە، ئىنساننىڭ تۈپ ۋەزىپە، مەجبۇرىيەتلىرىگە قايتىڭ، كېچىكىپ ئويغىنىش ھېچبولمىسا قەتئىي ئويغانماي ئۇيقۇلۇق ھالەتتە لەھەتنى تاپقاندىن ياخشى. بەزى ھاللاردا غاپىللارنىڭ ئويغىنىشى ئۇلارنى ئەقىدىسى مۇرەسسەسىز كەسكىن ۋە چىڭ تەقۋادارلارغا ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ. «ئىلىم

ۋە ئىمان ئىزدەشتە كېچىكىش يوق» (ئاپتورنىڭ «شىنجاڭ مەدە-
نىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2006 - يىللىق 2 - سانىغا بېسىلغان
«بىز قەيەرگە بارماقچى» ناملىق ماقالىسىگە قارالسۇن) . ئويغى-
نىشنىڭ ۋاقتى قەرەلسىز، دەرىجىسى چەكسىز. ئاخىرەتتە
مۇنكىر - نەكىرلەر ياقىڭىزدىن تارتىپ، ئەسلى ھاياتنىڭ قانداق-
لىقىنى بىلدۈرۈشتىن بۇرۇن ھاياتنىڭ مەنە - ماھىيىتى ھەققىدە
چوڭقۇر ئويلىنىڭ. ياخشىلىقىڭىز تۆپەيلى ئەۋلادلار سىزنىڭ ئى-
زىڭىزدىن ئەگەشسۇن ۋە سىزگە ئىزگۈ دۇئالار قىلسۇن. كەم-
چىلىكىڭىزدىن كەلگەن ئۆكسۈش سىزنى، ئەۋلادلارنى ھاياتنىڭ
نۇرلۇق ساھىللىرىغا باشلىسۇن!

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# 101. بىزگە ئاقساقاللار بەك كېرەك

بىز ئۇيغۇرلارنىڭ ئاغزاكى ياكى يازما ئەدەبىياتىغا قارايدىغان بولساق، ئۇيغۇرلاردا ئىزچىل داۋاملىشىپ كەتكەن «يۇرت ئاقساقىلى» دىن ئىبارەت بىر سىرلىق كۈچنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە ئۇنىڭ نوپۇزىنىڭ، كىشىلەرنىڭ ھەرىكەت، ئەمەلنى تىزگىنلەش كۈچىنىڭ ئىنتايىن يۇقىرى ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. ھەقىقەتەنمۇ، مەھەللە، قوۋملار ئىچىدىكى ئەقىلدە پىشقان ئاقساقال، بوۋايلار يۇرتنى ئىناقلىقتا، بىرلىككە دەۋەت قىلىپ كەلگەن ھەمدە يۇرتنى بىر پۈتۈن يىمىرىلمەس گەۋدە سۈپىتىدە تۇتۇپ كەلگەن. كىشىلەر چوڭ ـ چوڭ ئىشلارنى ئاقساقاللارنىڭ پىكرى، مەسلىھەتى، باش بولۇشى بىلەن قىلغان. كىشىلەر ئاقساقاللاردىن قاتتىق ھېيىققان، ئۇلارنى ھۆرمەتلەپ كەلگەن، ھەتتا يولدا ئاقساقاللار ئولتۇرسا كىچىكلەر ئۇلارنىڭ ئالدىدىن توغرا ئۆتۈشنى ئەدەپسىزلىك دەپ بىلگەن. يۇرتتىكى قېيىنچىلىق ۋە نامراتلارنىڭ باش ئاغرىقلىرى يۇرت چوڭلىرىنىڭ باش بولۇشى بىلەن بېجىرىلگەن. يۇرت چوڭلىرى بەجايىكى يۇرتنىڭ ئەخلاقى، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدا ساقلاپ تۇرغۇچى تەڭشەكلىك رولىنى ئوينىغان. يۇرت چوڭلىرى يۇرتنىڭ يۈزى، ئىناۋىتى، شەرىپى دەپ قارالغان. . .

ۋەھالەنكى، يۈكسەك دەرىجىدىكى شەھەرلىشىش، بازارلىشىش، ئىجتىمائىيلىشىش بىزدىكى بۇ خىل يۇرت تەڭشىكىنى

ئاستا - ئاستا سىقىپ چىقاردى. كىشىلەر ئەمدى بىر - بىرىنى ئۆنچىۋالا چوڭ بىلىپ كەتمەس، ئۆينىلا ئەلا بىلىدىغان بولدى. شەخسىنىڭ قارىشى، نوپۇزى كۆچەپ تەكىتلەندى - دە، ئومۇمىي بىرلىك يەردە قالدى. دېمەككى، ئاقساقاللار، يۇرت چوڭلىرى تۆردىن چۈشتى. كىچىكلەرگە ئىززەت، چوڭلارغا ھۆرمەت يوق بىر ھېسسىز ئال بىزدە ئەۋج ئېلىشقا باشلىدى. ۋەھالەنكى، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللام بىزنى ئا-گاھلاندۇرۇپ شۇنداق دەيدۇ: «كىچىكلىرىگە رەھىم قىلمىغان، چوڭلىرىنىڭ ھۆرمىتىنى تونۇمىغان كىشىلەر بىزلەردىن ئەمەس» . . .

ئەمما، جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ئۇيۇشۇش كۈچى ۋە كى-شىلەر ئارا ئەخلاق، باراۋەرلىك نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بىزگە ئاقساقاللار بەك كېرەك. بۈگۈنكى ئاقساقاللار ئۆتمۈشتىكى ئاقساقاللارغا ئەلۋەتتە ئوخشىماسلىقى مۇمكىن. بۈگۈنكى ئاقساق-لار كوسا، يەكتەكسىز بولۇشى مۇمكىن، يېشى كىچىك بولۇشىمۇ مۇمكىن، مەلۇم بىر يۇرت دائىرىسىدە ئەمەس، مەلۇم جەمەت، ئىدارە، شىركەت، مەھەللە ياكى قورۇلاردىمۇ ئاقساقاللىق نوپۇز-غا ۋەكىللىك قىلغۇچى بىرەر شەخسىنىڭ بولغىنى ياخشى.

بىرنەچچە يىللاردىن بېرى، ئۆزلۈكىدىن ئۇيۇشۇپ، جەمئى-يەتتىكى ئوقۇشسىز قېلىۋاتقان نامرات بالىلارنى ئىزچىل يۆلەپ كېلىۋاتقان «مېھرىبان ئانىلار» ھەربىر تەپەككۇرى ئويغاق ئادەم-نى چوڭقۇر ئويلاندۇردى، كىشىلەرگە مېھرىبانلىقنى، كۆيۈنۈش-نىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى، بىزنىڭ نېمىلەرنى قىلىشىمىز كېرەكلىكىنى مۇئەييەن نۇقتىدا تۇرۇپ تونۇتتى. مەن ئۇلارنىڭ ھەربىر ساخاۋىتىگە چەكسىز ئاپىرىن ئېيتىپ، ئەجىر تىلەپ

تۇردۇم. ئەمما شۇ چاغدا يەنە ئويلاپ قالدىم. جەمئىيەت قۇرۇش، جەمئىيەتنىڭ بەختەرلىكىنى كاپالەتلەندۈرۈش، يېتىم - يېسىر، ئاجىز - مىسكىنلەرنىڭ بېشىنى سىلاش ئەڭ ئالدى بىلەن ئەرلەرنىڭ ئىشى، ۋەزىپىسى. ئەمما ئاشۇ ياشىسىرىغان كۆز، يېتىمسىرىغان قەلب، تىترىگەن تەنلەرنى نېمىشقا ئەرلەرنىڭ كۆزى كۆرمىدى؟ كۆرگەن بولسا نېمىشقا ئەرلەر ئالدى بىلەن «مېھرىبان دادىلار» ياكى «يۆلەك ئاتىلار» بولۇپ مەيدانغا چىقالمىدى؟ . . . شۇبھىسىزكى، تەن ئالماي تۇرالمايمىزكى، ئەرلەردىكى مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ئاجىزلاپ كەتتى. ئەرلەر جەمئىيەتتىكى نەق مەسىلىلەرگىمۇ كۆزىنى يۇمۇۋالىدىغان بولۇپ قالدى. . .

مەن ئەرلەر قىلالمىغان ئىشنى باتۇرلۇق بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ جانپىدالىق بىلەن ياخشىلىق قىلىۋاتقان ئاشۇ «مېھرىبان ئانىلار»نى ۋە ساخاۋەتلىك، قەلبى ئىنسانغا رەھمەت ۋە مېھرىبادلىققا تولغان ھەرقانداق بىر زاتى ئىنساننى «ئاقساقال، يۇرت چوڭى» قاتارىدا كۆرىمەن. ئەسلى بىزگە مانا مۇشۇنداق ئاقساقاللار كېرەك ئىدى. باشقىلارنىڭ تەڭقىسلىقىنى كۆرگەندە مەيدە كېرىپ چىقالايدىغان، قېرىنداشقا ياخشىلىق يەتكۈزۈشنى بۇرچۇم دەپ بىلىدىغان، يامانلىق ئۈستىدىن شىكايەت قىلالايدىغان، ياخشىلىقنى غەرەزسىز، تەمەسىز تەرغىب قىلىدىغان ھەر قانداق بىر ئىنسان ھۆرمەتكە، ئىززەتكە سازاۋەر ئاقساقال، چوڭام، قابىل، پازىل ئىنساندۇر.

ئاقساقاللارنىڭ پەزىلىتىنى ئۆزلەشتۈرۈڭ. ئۇلار ئەڭ ئالدى بىلەن ئومۇم ئۈچۈن ئويلىغان، جەمئىيەتنىڭ ساغلاملىقىنى مۇھىم بىلگەن، كىشىلەر ئارا ئەدل - ئادالەتنى باشتىن - ئاخىر

تەرغىپ قىلغان، كىشىلەرنى ئالدىمىغان، ئۆز قوۋمىغا كېلىۋات-
قان ھەرقانداق بىر خەۋپنى بار كۈچى بىلەن توسقان. ئۇلاردا
ئەڭ ئالدى بىلەن ساغلام، چىڭ ئەقىدە بار. شۇڭا ئۇلار ھەر
ئىشتا كەسكىن، پوزىتسىيىسى ئېنىق، جاۋابى كەڭ، چوڭقۇر،
مۇئامىلىسى سىلىق، ئەپچان. ئۇلاردا ئۆزلىرى قەتئىي ئەمەل
قىلىدىغان ئەخلاقىي مىزان، تۇرمۇش پرىنسىپى بار. شۇڭا ئۇ-
لاردىن ھەممە تارتىنىدۇ، ھېيىقىدۇ، ئاشكارا ـ يوشۇرۇن بۇ-
زۇقچىلىقتىن ساقلىنىدۇ، ئۇلارنىڭ سۆزىنى شەرتسىز ئاڭلايدۇ،
پىكرىگە كىرىدۇ. قىلما دەپ قويۇپ ئۆزى قىلىۋېرىدىغان سەپسەتە
بەندىلىرى ئەمەس. ئۇلار باشقىلارنى ئىشقا توۋلاپ قويۇپ ئۆزى
ئىشلىمەي ياتقۇچى، تىلى بىلەن دىلى زىت رىياخورلاردىن ئە-
مەس. ئۇلار «بىلىش» نى «قىلىش» تىن ئەۋزەل بىلگۈچى
نەزەرىيە، كىتاب خالتىلىرى ئەمەس. ئۇلار بىلگىنىگە، دېگىنىگە
ئەڭ ئالدى بىلەن ئۆزى ئەمەل قىلغۇچى پازىل بەندىلەردۇر. شۇڭا
ئۇلارنىڭ سۆزى ئوق، ھۆكۈمى شەمشەر بولغان. كىشىلەر ئۇلار-
نىڭ مۇنداقلا قارىشىدىنمۇ ھوشىنى تېپىش كېرەكلىكىنى چۈشى-
نىپ يېتەلىگەن. . .

بۈگۈنىمىز ئاقساقالغا تېخىمۇ موھتاجدۇر. ئاقساقاللارنىڭ
پەزىلىتىنى ئۆزىڭىزگە مۇجەسسەملەشكە تىرىشىڭ. بىر ئەرنىڭ
ھايات يولى ۋە كامالەت يولى ئەمەلىيەتتە ئاقساقاللار ھازىرلىغان
ۋە ھازىرلىشى كېرەك بولغان پەزىلەتلەر بىلەن پەرق قىلمايدۇ.

بىلىڭ، بىلگىنىڭىزگە جەزمەن رىئايە قىلىڭ، باشقىلارنى
ياخشىلىققا دەۋەت قىلىڭ، ئەمما ئالدىدا ئۆزىڭىز باشلاپ مېڭىڭ.
ھەرقاچان شەخسىي تۇرمۇشىڭىزنىلا ئەمەس، ئائىلە، مىللەت،
دۆلەتنى تۇتقا قىلىپ تۇرۇپ ئويلىنىڭ. مەسىلىلەرگە ھەرگىزمۇ

www.uyghurkitap.com

ئارىسالدىلارچە، قىچىرلارچە مۇئامىلە قىلماڭ. دۇنيادا جاۋاب ئىككى: ھەئە ياكى ياق! بۇزۇقچىلىق ۋە يالغان ـ ياۋىداق نەزەردىيە، مەپكۇرىلەرنىڭ كىشىلەر ئارىسىدا توسقۇنسىز ئېقىپ يۈرۈشىگە سۈكۈت قىلماڭ. ئەقىدە ـ ئېتىقادنىڭ ساپ، كامىللىقىنى قوغداڭ، ئايالىڭىز، بالىلىرىڭىزنى خاتىرجەم قىلىڭ، ئۇلارنىڭ تەلپىي، ئېھتىياجىنى قاندۇرۇڭ. ئۆز تەۋەيىڭىز دائىرىسىدىكى مۇھىم ئىشلارغا ئاكتىپلىق بىلەن ئاۋاز قوشۇڭ، پىكىر قاتناشتۇرۇڭ.

كىشىلەر پەزىلىتىڭىزدىن ئۈلگە ئالسۇن، ياخشى خىسلەتلىرىڭىز كىشىلەرنى ھىدايەتكە ئۈندىسۇن. ھاياتىڭىز ھەقىقىي مەنىدىكى پاك، راھەتبەخش، رازىمەنلىك تۇيغۇسىغا لىپمۇ لىق تولسۇن. مەڭگۇ ئۇنتۇماڭكى، ئەرنىڭ ئەرلىكى لامزەللىلىك، بىكارچىلىق، بۇزۇقچىلىق، ئەخلاقسىزلىق، بوشاڭلىق، مەسئۇلىيەتسىزلىكتە، گادايلىقتا ئەمەس، بەلكى جۇشتا ـ ھۇشتا، مەسئۇلىيەت ـ مەجبۇرىيەت ئۈستىدىكى تىنىمسىز ئىزدىنىش، بوشاشماي كۈرەش قىلىشتا! ئەرلەرنىڭ كۈچى ـ سۈرىدىن ئايال لار ھېيىقسۇن، ئەرلەرنىڭ تۇرغان تۇرقىدىنمۇ بالىلار تارتىنسۇن ۋە ئايالىلار، بالىلار ئىپتىخار، پەخىر ھېس قىلسۇن. ئەرلەرنىڭ قەتئىيەتكە تولغان بەردەم قەددەم ساداسىدىن ياخشىلىق ـ ھىدايەتنىڭ ئۈنى كەلسۇن، زالالەتنىڭ يۈرىكى تىترىسۇن. ئەر تىك تۇرسۇن، ئايال يۆلەنسۇن. ئەرنىڭ بارىدىن ئەندىشىسىز خاتىرجەملىك ئىلكىدە مېھىر گۈلخانلىرىغا ئايلانسۇن. ئەرنىڭ تۇرقىدىن پەرزەنت غۇرۇرلانسۇن، تومۇرىغا قان، يۈرىكىگە جان ئالسۇن.

# تۈگەنچە

ئەرلەرنىڭ كامالەت يولىدىكى تەلقىن - تەۋسىيەلەر بۇنىڭ بىلەنلا كۇپايىلەنمەسلىكى مۇمكىن. ئەرلىك ئىنتايىن چوڭ مەجبۇرىيەتتۇر. مەجبۇرىيەت ئۈچۈن ئۇنى كۆتۈرگۈدەك بەل كېرەك. بىز ئاشۇ چىدامىلىق بەلنى قانداق يېتىلدۈرۈش ھەققىدە ئاز - تولا توختالغان بولدۇق. ئەمما بۇلار مۇئەللىپنىڭ تېخى تولۇق پىشمىغان، تاكامۇلىغا يەتمىگەن قاراشلىرىنىڭ ئاز - تولا خاتىرىسىدۇر. شۈبھىسىزكى، ئۇ تېخى تەنتەكلىك، گۆدەكلىكتىن خالىي ئەمەس. ئەمما ئۇ بىر جەمئىيەتنىڭ ساغلاملىقى، بىر مىللەتنىڭ راۋۇرۇس مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى، ئايال كىشىنىڭ تەربىيىلىك، مەرھەمەتلىك مەلىكە، خوتۇن - خانىشقا ئايلىنىپ، ئەرنىڭ ئىتائەتىدىكى پازىل ئايال، مېھىرلىك خوتۇن، لاياقەتلىك ئانا، ساپالىق پۇقرا بولۇشى، پەرزەنتلەرنىڭ زامان زالالەتلىرى ئالدىدا تەمتىرىمەي، ھودۇقماي، ئازماي ساغلام، دادىل چوڭ بولۇشىدا ئەرنىڭ، ئەرلەرنىڭ ۋەزىپىسى ئەڭ چوڭ، ئەرلەرنىڭ رولى ئەڭ ھالقىلىق، ئەرلەرنىڭ مەجبۇرىيىتى ئەڭ مۇقەددەس دەپ قارىغىنى ئۈچۈن، ئەرلەرگە خىتاب قىلىشنى بۇرچ دەپ بىلدى ۋە ئۆز ئويلىرىنى ئايانماي بايان قىلىشنى توغرا تاپتى. ئاقساقال پازىللار تۇرغان يەردە ئۇنىڭ شۇمتەكلەرچە كىشىلەرگە ئەقىل ئۆگىتىشى بەلكىم ئەدەپ ۋە ئىلىم جۇملىسىدىن ئەمەستۇر. ئەمما نېمىلا بولمىسۇن، ئۇنىڭدا ئەرلەرنىڭ قەددىنى تىك-

www.uyghurkitap.com

شى، جەمئىيەت ئۈچۈن ئاكتىپ كۈچ چىقىرىشى، ئائىلە، ئايال، بالىلارنى ئۆز مەنىسى بىلەن ئىتائىتىگە ئېلىشىغا بولغان ئىنتايىن كۈچلۈك تەشەببۇس، ئىستەك بار. بۇنى ئاشۇ ئوتلۇق ئىستەكلەرنىڭ بىر قىسمى دەپ بىلىڭ. ئەمما بۇلار بىر ئادەمنىڭ خۇسۇسىي قارىشى بولغاچقا، ئۇنىڭغا نوقۇل ئەگىشىۋېلىش، چۈشۈنۈشتىن خالىي بولۇڭ، بەلكى تېخىمۇ ئاقىلانە، مۇكەممەل ئۇسۇل ـ چارىلەرنى تېپىپ چىقىپ، ئەرلىك نوپۇزىڭىز، كۈچىڭىز، قۇدرىتىڭىزنى نامايان قىلىش ئۈچۈن دەستەك قىلىڭ. كامىل ئەر بولۇڭ. كامىل، قابىل ئەرلەر قانچە كۆپەيسە شۇ مىللەت، شۇ دۆلەتنىڭ مەۋجۇتلۇق قىممىتى شۇقەدەر يورۇق ـ نۇرلۇق بولىدۇ. ئەرلەر ئاجىزلىغان، پەرۋاسىز، شەخسىيەتچى بولۇۋالغان ئايال مىجەزلەشكەن، مەسئۇلىيەتسىزلەشكەن جەمئىيەتتىن سائادەت تۆت پۇتلاپ قاچىدۇ.

بىزگە قانداق ئەر كېرەك؟ سىز قانداق ئەر بولماقچى؟
دۇنيا بار كۈچى بىلەن: «ئەر» دەپ ۋارقىرىماقتا؛
ئەقىدە ـ ئەخلاق ئەرلەر ئۈچۈن چوڭقۇر ئاھسىنماقتا؛
قىز ئاياللار جان ـ جەھلى بىلەن «ئەركەكلەر، قېنى سىلەر» دەپ ئاچچىق سۈرەن سالماقتا؛
بالىلار: «دادىلار، سىلەر نەدە» دەپ تېنەپ ـ تەمتىرەپ ھەريان تەلمۈرمەكتە؛
ئەرلەر، زاتى ئەركەكلەر، قېنى سىلەر؟… جاھانغا ئەردەك ئەر كېرەك! كۆزۈڭنى ئاچ، ئۆزۈڭنى تاپ! كامالەت يوللىرى سېنى ساقلاپ ياتىدۇ...

2006 ـ يىل 27 ـ سېنتەبىر. ئۈرۈمچى

# ئەمىن كىتابچىلىقى نەشرگە تەييارلىغان كىتابلار

1. ئەدەب ـ ئەخلاقتىن تەۋسىيىلەر 12(يۈەن)
2. خوتۇنلارغا 101 تەكلىپ 12 (يۈەن)
3. مەدەنىيەتىمىزگە تەسىر كۆرسەتكەن مەشھۇر شەخسلەر 25 (يۈەن)
4. بىز ئۇنۇتقان ھېكايىلەر ـ (1 ـ 3) 30 (يۈەن)
5. مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتى 34 (يۈەن)
6. مۇسۇلمانلار دۇنياسى 19.8 (يۈەن)
7. ئىسلامىيەتنىڭ ياشلىق دەۋرى (1) 22 (يۈەن)
8. ئىسلامىيەتنىڭ ياشلىق دەۋرى (2) 22 (يۈەن)
9. ئىسلامىيەتنىڭ ياشلىق دەۋرى (3) 22 (يۈەن)
10. ئىسلامىيەتنىڭ قىران دەۋرى(1) 22 (يۈەن)
11. ئىسلامىيەتنىڭ قىران دەۋرى(2) 22 (يۈەن)
12. ئەتراپىمىزدىكى شىپالار 12 (يۈەن)
13. سەھىھ ھەدىسلەر 13.5 (يۈەن)
14. ئىسلامىيەتنىڭ ئىقتىساد ئىدىيىسى 18 (يۈەن)
15. تالانتلىق بالا مۇنداق تەربىيىلىنىدۇ 20 (يۈەن)
16. بۆركۆت سايىسى 15 (يۈەن)
17. ئۆمۈرلۈك دەسمايە 15 (يۈەن)
18. سۆيگۈ ۋە قىساس 13 (يۈەن)
19. ئارتىبالىق ھەققىدە قىسسە 18 (يۈەن)
20. ئورۇقلاش جېڭى 19.8 (يۈەن)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

21. ۋېناسچە ئىستىراتېگىيە 13 (يۈەن)
22. باشقىلارنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماڭ 13 (يۈەن)
23. ئاياللار ئاجىزلىقى 16 (يۈەن)
24. ئەرلەر داۋائىي غىزالىرى 12 (يۈەن)
25. ئاياللار ۋە قان تىپى 7 (يۈەن)
26. ئەرلەرنىڭ ئاياللارغا بىلدۈرۈشنى خالىمايدىغان سىرلىرى 15 (يۈەن)
27. ئەرلەر دەستۇرى 17.6 (يۈەن)
28. سىز نېمە ئۈچۈن كەمبەغەل بولۇپ قالدىڭىز 10 (يۈەن)
29. مەدەنىيەتلەرنىڭ بىللە مەۋجۇتلۇقى 20 (يۈەن)
30. تۇزانلىق يوللار(پوۋېست) 10 (يۈەن)
31. كارل ۋىتېرنىڭ پەرزەنت تەربىيىسى 16.8 (يۈەن)
32. ئۇيغۇر تېبابىتىدە كۆز ئەتراپى قورۇقىنى يوقىتىش 10 (يۈەن)
33. 100 كېسەلگە 1000 رېتسېپ(1 ـ 2) 32 (يۈەن)
34. ئاياللار بىلىشكە تېگىشلىك پەرھىزلەر(1، 2، 3، 4) 40 (يۈەن)
35. ئەرلەرگە 101 تەكلىپ 16 (يۈەن)
36. قىز ـ ئاياللار مەخپىيىتى 14 (يۈەن)
37. مىڭ دەردلەر دەۋاسى 15 (يۈەن)
38. لابى شاۋشىن(ياپونىيە باللار كارتون كىتابى)(1—32) 196(يۈەن)
39. ئۇۋۇلاپ كېسەل داۋالاش 16 (يۈەن)
40. ساراڭ بولۇۋالغان ئوغرى 12 (يۈەن)
41. ياقىدىغان ۋە ياقمايدىغان يېمەك ـ ئىچمەكلەر 12 (يۈەن)
42. «قارابادىن تاللانما رېتسېپلىرى» 14 (يۈەن)
43. قىزلىق دوقمۇشىدىن ئانىلىق سەپىرىگىچە 19 (يۈەن)
44. ئۇيغۇر تېبابەت داۋالاش دەستۇرى 72 (يۈەن)

45. تەربىيىلىنىشتىكى 99 پاراسەت 16 (يۈەن)
46. سەرخىل ئەسەرلەردىن جەۋھەرلەر 42 (يۈەن)
47. نەۋائىي دەۋرى تېبابىتى 18 (يۈەن)
48. ئاياللارنىڭ 10 خىل تۇرمۇش ھەقىقىتى 18 (يۈەن)
49. ئاياللار گۈزەللىك رېتسىپلىرى 16 (يۈەن)
50. تېببىي ھېكايەتلەر 14 (يۈەن)
51. تېببىي خۇلاسىلەر 16 (يۈەن)
52. ئەجدادلاردىن قالغان مەخپىي رېتسىپلار 12 (يۈەن)
53. تەربىيەتلىك بايانلار 14 (يۈەن)
54. كىشىلىك ھاياتتىكى 120 ئاگاھلاندۇرۇش 18 (يۈەن)
55. بوۋام ئېيتقان ھېكمەتلەر 16 (يۈەن)
56. بالىلار تەربىيىسىگە دائىر 1001 ھېكمەت 16 (يۈەن)
57. مەن ۋە مېنىڭ خەلقىم 14 (يۈەن)
58. ئىزگۈلۈك مالائىكىسى 14 (يۈەن)
59. مەن ئۆزۈمنىڭ دوختۇرى 16 (يۈەن)
60. ياش ـ ئۆسمۈرلەر بىلىشكە تېگىشلىك 100 ھەقىقەت 16 (يۈەن)
61. ياشانغانلار ساغلاملىق يېمەكلىكلىرى 14 (يۈەن)
62. ئۇيغۇرلارنىڭ شىپالىق ئۇماچلىرى 12 (يۈەن)
63. پەزىلەت غۇنچىلىرىغا سۆز 14 (يۈەن)
64. ياش كېلىن — كۈيئوغۇللارغا 18 (يۈەن)
65. ئىككى كىشىلىك دۇنيادىكى سىرلار 14 (يۈەن)
66. چوغدەك يۈرەك تىلەيمەن 14 (يۈەن)
67. يۇلتۇزۇڭ بولايمۇ، يىلتىزىڭمۇ؟ 12 (يۈەن)
68. جۇڭيى تېبابىتىدىن تاللانما رېتسىپلار 14 (يۈەن)

www.uyghurkitap.com

## ئەرلەرگە 101 تەكلىپ

# كۆزۈڭنى ئاچ، ئۆزۈڭنى تاپ ئەركەكلەر

ئاپتورى: نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۇچقۇن
پىلانلىغۇچى: ئەزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن
مەسئۇل مۇھەررىرى: يالقۇن ئابدۇسالام
مەسئۇل كوررېكتورى: زۆھرە سىدىق
* * *
نەشر قىلغۇچى: شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى
نەشرىيات ئادرېسى: ئۈرۈمچى بۇلاقبېشى كوچىسى 66 - قورۇ
پوچتا نومۇرى: 830004 تېلېفون نومۇرى: 2832440 (0991)
باسقۇچى: ئۈرۈمچى ئالتۇن يارۇق باسما زاۋۇتى
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
نەشرى ۋە بېسىلىشى: 2006 - يىل 9 - ئاي 1 - نەشرى
ئۆلچىمى: 850×1168 مم، 32 كەسلەم، 11.625 باسما تاۋاق، 185 مىڭ خەت
سانى: 1—10000
* * *
ISBN 7—5372—4231—3
باھاسى : 18.00 يۈەن